

ئانتونى سامپسون (ئەنگلىيە)

# ماندېلانىڭ تەرجىمھالى

# MANDELA

1

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بىر ئۆمۈر ساقلاشقا ئەرزىيدىغان مەشھۇر شەخسنىڭ تەرجىمىھالى

# ماندېلانىڭ تەرجىمىھالى

MANDELA

1


**ئانتونى سامپسون** (ئەنگلىيە)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەزرىتى ئەلى بارات
قۇدرەت بارات



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

曼德拉传. 维吾尔文 / (英) 桑普森著 ; 赫孜热提艾力·巴拉提译.
— 乌鲁木齐 : 新疆人民出版社, 2015.3
ISBN 978-7-228-18339-5

Ⅰ. ①曼… Ⅱ. ①桑… ②赫… Ⅲ. ①曼德拉, N.R.(1918~2013)
— 传记 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①K834.787=6

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第046678号

Originally published in the English language by Harper Collins *Publishers*
under the title
Mandela: The Authorised Biography © Anthony Sampson 1999
Updated material by John Battersby 2011 © Harper Collins *Publishers* 2011

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 热依汗古丽·库尔班 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿不里米提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆希望印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 35.875 |
| 插　　页 | 32 |
| 版　　次 | 2015年6月第1版 |
| 印　　次 | 2015年6月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 90.00 元 (上、下) |



ئاددىيغىنا سىلىنغان يومىلاق كەپە، ماندېلانىڭ باللىق دەۋرى توققۇز يېشىـ
ـدىن باشلاپ مۇشۇ يەردە ئۆتكەن



ماندېلانىڭ ياش ۋاقتىدىكى
ئاساسلىق ھامىيسى جونگىن تابا
دارىندايبو



ماندېلانىڭ 19 ياش ۋاقتى



1944 ـ يىلى ماندېلا بىلەن ئېفرىن ماس يوھاننىسبۇرگتا نىكاھ قەسىرىگە قەدەم قويدى



ماندېلا تامبو بىلەن بىللە ئولتۇرىدىغان ئىشخانىسىدا



1950 ـ يىللىرى يوھاننىسبۇرگتا قارا تەنلىكلەر ھەرىكەتتى ئەۋج ئالدى





ماندېلا ۋالتېر سىسۇلۇ، ماكس، رۇس پرۇسىت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش دولقۇنىغا ئىشتىراك قىلدى.



جېررىي مورىي قاتارلىق بوكس چېمپىيونلىرى بوكس ماھارىتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرماقتا



1952 ـ يىلى مەنستىمەسلىك ھەرىكىتىدە ماندېلا مۇتەئەسسىپ زات دوكتور موروكا ھەمدە كوممۇنىزمچى دوكتور دادۇ بىلەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلماقتا



1958 ـ يىلى ماندېلانىڭ
ئىككىنچى ئايالى ۋىننى بىلەن
ئۆتكۈزگەن توي مۇراسىمى



1961 ـ يىلى ماندېلا، ۋىننى
ئەر ـ ئايال ۋە ئۇلارنىڭ
ئىككىنچى قىزى جىندىز



كېلىشكەن ماندېلا ۋە ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق ئايالى ۋىننى



1958 ـ يىلى ماندېلا دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتقا
تارتىلدى



1960 ـ يىلى شارپۋېل چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ماندېلا ئۆزىنىڭ يول
خېتىنى كۆيدۈرۈۋەتتى



1962 ـ يىلى ماندېلا ئېفىئوپىيەدىكى بىر يىغىندا سۇرگۇندە تۇرۇۋاتقان ئولىۋېر تامبو بىلەن كۆرۈشتى



ماندېلا بىلەن روبېرت رىسا ئالجىرىيەگە جايلاشقان ھەربىي ئىشلار باش ئىشتابىدا ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ھەققىدە ئۇلارنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى



1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا
ماندېلا لوندوندا



1962 ـ يىلى كوسا شاھزادىسى
ماندېلا قەبىلىسىنىڭ بەلگىسىنى
بويىنغا ئېسىپ سوتقا چىقتى



1964 ـ يىلى رىۋونىيە سوتىدا ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان سەككىز كىشى



1964 ـ يىلى ماندېلانىڭ ئانىسى پرېتورىيەدە ئۆز ئوغلىنىڭ سوتىغا قاتناشتى ھەمدە ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تۆت يىلدىن كېيىن، ماندېلانىڭ ئانىسى روببېن ئارىلىغا ئوغلىنى يوقلاپ بېرىپ بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ ۋاپات بولدى

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

ئانتونى سامپسون (1926 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋاپات بولغان) جەنۇبىي ئافرىقىلىق مۇخبىر، يازغۇچى ۋە ئالىم؛ ئىزچىل تۈردە جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان. 1951 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ «دۇمباق» ناملىق ژۇرنىلى، ئەنگلىيە «كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. «دۇمباق» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، سوۋېتودا ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «مەنىستمەسلىك ھەرىكىتى»گە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان نېلسون ماندېلا بىلەن تونۇشقان.

1995 ـ يىلى ئانتونى سامپسون ماندېلانىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ماندېلانىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ئېتىراپ قىلىدىغان رەسمىي تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىققان. ماندېلا يەنە ئاپتورنى ئۆزىنىڭ يوھاننىسبۇرگدىكى تۇرالغۇسىغا بىللە ناشتا قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ماندېلا ئاپتورغا: «بىز ئۇزاق يىللىق دوستلاردىن، سىزگە ئىشىنىمەن» دېگەن ۋە ھالقىلىق مەسىلىلەردە ئاپتور بىلەن مۇزاكىرىلەشكەن، شۇنداقلا ئاپتورغا مۇناسىۋەتلىك خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىقىش ھوقۇقىنى بېرىپ، تەرجىمىھالنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلغان. بۇ كىتابنىڭ ئۆزى ھوقۇق

بەرگەن بىردىنبىر رەسمىي تەرجىمىھال بولۇشىنى روياپقا چىقارغان.

ئانتونى سامپسون يەنە «دۇمباق: ئافرىقىدىكى تەۋەككۇلچىلىك خاتىرىسى»، «ئەنگلىيەنى ئوپېراتسىيە قىلىش» (بازارلىق كىتاب)، «يەتتە ئاچا - سىڭىل»، «قارا ۋە ئالتۇن»، شۇنداقلا «شىركەت قۇرغۇچى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

# كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئاتىسى دەپ ھۆرمەتلەنگەن. ئۇ مەھبۇسلۇقتىن ئەركىنلىك جەڭچىسىگە، ئازادلىقنى نىشان قىلغان جەڭچىدىن يارىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان شىجائەتلىك ئەربابقا، بىر پارتىيەنىڭ رەھبىرىدىن بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتىغا ئايلانغان؛ دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە مۇساپىسى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىدا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئادالەت ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بۈيۈك نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن، دەۋرىمىزدىكى كىشىنى ئەڭ ئىلھاملاندۇرىدىغان مەشھۇر زاتلاردىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

1995 ـ يىلى ئاپتور ماندېلانىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ماندېلانىڭ ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق تەرجىمىھالىنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئاپتور بۇ تەرجىمىھالنى يېزىش ئۈچۈن ماندېلانىڭ قەدەم ئىزى تەگكەنلىكى جايىنىڭ ھەممىسىگە بارغان، ئۆز بايانلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ماندېلانىڭ رېۋايەتكە تولغان ھاياتىنىڭ مۇكەممەل كارتىنىسىنى نامايان قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئاپتور ماندېلا چوڭ بولغان ترانسكېيدىكى مۇقەددەس جايىنى زىيارەت قىلغان، شۇنداقلا ماندېلانىڭ گۇنۇ كەنتىدىكى يېڭى تۇرالغۇسىغىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان. ئاپتور بۇ جەرياندا ماندېلانىڭ قەدىناس دوستلىرىنى، كونا خىزمەتداشلىرىنى زىيارەت قىلغان. شۇنداقلا ماندېلانىڭ

ئىلگىرىكى رەقىبلىرى بىلەنمۇ پىكىرلەشكەن: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇندىپايلار، ئەمەلدارلار، يەنە كۆپلىگەن سىياسىيونلارمۇ بار ئىدى. ئاپتور يەنە سابىق پىرېزىدېنت بوتا، سابىق پىرېزىدېنت دى كلارك ۋە سابىق دىپلوماتىيە مىنىستىرى پىك بوتا قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلغان. ئاپتور تەلىيىگە ماندېلانى زىيارەت قىلغان ئاۋازلىق ماتېرىيالغا ئېرىشكەن، ماندېلانىڭ ئەزەلدىن ئېلان قىلىنىپ باقمىغان تۈرمە خاتىرىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا ماندېلانىڭ قول يازمىلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى، خەت ـ چەكلىرىنى كۆرۈپ چىققان؛ تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىپ باقمىغان دىپلوماتىيە ئاخباراتلىرىغا ئېرىشكەن. ئاپتور سىرتقى دۇنياغا ماندېلانىڭ رەڭدارلىققا تولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ھاياتىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە، تارىخنى ئۆز ئەسلىي بويىچە ئىپادىلەشكە، تارىخ كەينىگە يوشۇرۇنغان بۇ سىرلىق شەخسنىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولغان ھاياتىنى نامايان قىلىپ بېرىشكە تىرىشقان.

پىرېزىدېنت ماندېلا بۇ كىتابنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن زور ياردەم بەرگەن: ماندېلا ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئاپتورنىڭ كۆپ قېتىملىق زىيارىتىنى زېرىكمەستىن قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا بۇ تەرجىمىھالنىڭ تۈنجى ئارگىنالىنى تولۇق ئوقۇپ چىققان. كىتابتا بايان قىلىنغان بەزى تارىخىي ئەمەلىيەتلەرگە ۋە تەپسىلاتلارغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن باشقا، ئاپتورنىڭ شەخسىي باھالىرىغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىگەن؛ شۇنداقلا پىرېزىدېنتنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان باھالىرى ئەسلىي ئارگىنالغا باشقىچە تۈس قوشتى. شۇ قەدەر بۈيۈك تارىخىي شەخس بىلەن بۇ دەرىجىدە يېقىن ئارىلىقتىن ئالاقە قىلىش بۇ كىتابنى تەڭداشسىز چىنلىق ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە كىتابنى ئابىدە خاراكتېرلىك بۈيۈك ئەسەرگە ئايلاندۇرغان.

# كىتابقا بېرىلگەن باھا

بۇ — ئوخشاش تۈردىكى تەرجىمىھال ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ... بۇ ماندېلا توغرىسىدىكى دەرسلىك خاراكتېرىگە ئىگە نادىر ئەسەر. بۇ ئەسەر ماندېلاغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا ئۇ تەرجىمىھاللار ئارىسىدىكى ئېنسكلوپېدىيە دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ... بۇنىڭدىن ئىلگىرى ماندېلانىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان ئاپتورلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سامپسون تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىپ، باش تېما ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ تەپەككۇر يۈرگۈزگەن. تېخىمۇ كەڭ نەزەر بىلەن ماندېلانىڭ ھاياتىغا تەپسىلىي قاراپ چىققان... ئەسەردە ماندېلا بىلەن ۋىننىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە ئائىت ۋەقەلىكلەرنىڭ بايانى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەرجىمىھاللاردا كۆرۈلمىگەن. ئۇنىڭ تەسۋىرلىرى تولىمۇ نەپىس، سەممىي ۋە ئىنچىكە.

— يوھاننىسبۇرگ «يۈلتۇز گېزىتى»

بۇ — كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان كىتاب ... سامپسوننىڭ سۆز ـ جۈملىلىرىدە ئورۋېلچە ئاددىيلىق ۋە روشەنلىك مەۋجۇت ... سامپسون كۆپلىگەن شەخسىي خەت ـ چەكلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، بەزى مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنى زىيارەت قىلغان، بۇ باشقا ئاپتورلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز بىر ئەھۋال... سامپسون مۇشۇ ئاساستا چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىق قىلغان... بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغىنىڭىزدىن كېيىن، ئەگەر بىر

كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق بىر ئادەمنى چۈشەنگىلى بولىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا قېنى ۋە جېنى بار ماندېلانىڭ كىتابتا جانلىق گەۋدىلەنگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتىسىز.

— جون خېگىن «ئىرېلاندىيە ۋاقىت گېزىتى»

بۇ — مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخسلەردىن بىرسى بولغان ماندېلانىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق، تەپسىلىي، قىممەتلىك بايانلارنىڭ خاتىرىسىدۇر ... مەن ھەرقانداق بىر تەرجىمىھال ئەسىرىنىڭ بۇ كىتابنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— جاستىن كاترېت «يەكشەنبىلىك تېلېگراما خەۋەرلىرى گېزىتى»

بۇ كىتاب تولىمۇ رىتىملىق، تەپسىلاتلىرى ئېنىق يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا كىشىنى بىزار قىلىدىغان تايىنى يوق مەزمۇنلار ئۇچرىمايدۇ؛ كىتابتا ئەمەلىي ئەھۋال توغرا ئىگىلەنگەن بولۇپ، بىزنى دائىم ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ كىتابنى «ماندېلانىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرەلىگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

— رونالد سىگېر «كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى»

بۇ — بىر چوڭقۇر تەتقىقات خاراكتېرلىك نادىر ئەسەر. كىتابنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كىتاب ئاپتورى ئانتونى سامپسون ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان مەزمۇنلاردىن ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ھالدا ئۆزىنى چەتكە ئالغان ... ئاپتور جەنۇبىي ئافرىقا ئەركىنلىك ھەرىكىتىدىكى ماندېلانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە دۈشمەنلىرى بىلەن بىۋاسىتە پىكىرلەشكەن.

— ئانگوس كارد «شوتلاندىيە يەكشەنبىلىك گېزىتى»

سامپسوننىڭ تۇتقان يولى سىرلىق تاشقى پەردىنى بۆسۈپ ئۆتۈش بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق شەكلىي ھالدىكى ماندېلانى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بىر ئىنساننى تەسۋىرلەپ بەرگەن ... ئاپتور مۇشۇ نىشانغا يېتىش جەريانىدا چۈشىنىشلىك، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن ... ماندېلانىڭ 27 يىللىق تۈرمە ھاياتى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلەنگەن ... سامپسون ئاللىقاچان رىۋايەتتىن ھالقىپ كەتكەن بۇ بۈيۈك ئىنساننى بىزگە تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

—— گىليان سلوف «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»

بۇ —— مەن ئوقۇغان ئەڭ ياخشى سىياسىي تەرجىمىھال ... سامپسون پارچە ـ پارچە بۆلەكلەرنى شاھانە كىمخاب قىلىپ چىققتى. بۇ ئەسەرگە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار، دوستلار، دۈشمەنلەر، مەھبۇسلار، ھەتتا پىرېزىدېنتلارنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى كىرگۈزۈلگەن. ماندېلانىڭ تۈرمە ھاياتى ھەققىدە ئاپتور ئۆزىگە خاس چۈشەنچىگە ئىگە: ئاپتور: «مەيلى ئادەتتىكى كىشى ھېسابلانغان ماندېلاغا نىسبەتەن بولسۇن ياكى سىياسىيون ماندېلاغا نىسبەتەن بولسۇن، ئاشۇ يىللار ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك» دەپ قارايدۇ.

—— رىچارد دودىن «tablet»

ئىنچىكە پىكىر يۈزگۈزۈلگەن نادىر ئەسەر ... جەنۇبىي ئافرىقا ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرى ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى بەش يىللىق تارىخىنى چۈشەنمەكچى بولغان ئوقۇرمەن بۇ كىتابنى ئوقۇسۇن ... بۇ كىتاب كەلگۈسىدە ماندېلا ھەققىدە يېزىلغان تەرجىمىھاللار ئىچىدە ئەڭ نادىر، ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالىدۇ.

— شۇرا ماكس «تايمس گېزىتى ئالىي
مائارىپ قوشۇمچە سانى»

بۇ — ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان سىياسىي تارىخ، پىشقان بىر سىياسىيونغا ئوقۇلغان مەدھىيە، شۇنداقلا ماندېلانىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان يۈكسەك جاسارىتىنىڭ رېئال كارتىنىسى.

— «كېكىس كىتاب باھاسى»

بۇ — تولىمۇ قالتىس كىتاب ... كىتابتىكى ۋەقەلىكلەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ... سامپسون ئەڭ نوپۇزلۇق تەرجىمىھال يازغۇچىسى.

— بلەين روستران «كونا ئۈستىخان»

# كىرىش سۆز

مەن بۇ كىتابنى يېزىش شەرىپىگە ئېرىشكىنىمدىن قاتتىق ھاياجانلاندىم، شۇنداقلا زىممەمگە چۈشكەن مەسئۇلىيەتنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى ھېس قىلدىم. 1995 ـ يىلى مەن پىرېزىدېنت ماندېلاغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان ئاساستا، ھۆكۈمەت تەرەپ ئېتىراپ قىلىدىغان نوپۇزلۇق بىر پارچە تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم. پىرېزىدېنت ماندېلا خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مېنى ئالايىتەن يوھاننېسبۇرگتىكى تۇرالغۇسىغا بىللە ناشتا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق قەدىناس دوستلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى، ئۆزىنىڭ ماڭا ئىشىنىدىغانلىقىنى ھەم بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە چاقچاق قىلىپ: «بىزنىڭ تۇنجى قېتىم يەر ئاستى قاۋاقخانىسىدا كۆرۈشكەنلىكىمىزنى تىلغا ئالمىسىڭىزلا بولىدى» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى. پىرېزىدېنت يەنە 1962 ـ يىلى سوراق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندا، مەن يازغان «ئەنگلىيەنى ئوپېراتسىيە قىلىش» ناملىق كىتابنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ھالقىلىق مەسىلىلەردە مەن بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا، تارىخي پاكىتلارنىڭ ئىمكانقەدەر توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە قىلدى ھەمدە مېنىڭ مۇناسىۋەتلىك خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى كۆرۈشۈمگە ئالاھىدە ھوقۇق بەردى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە مېنى ئۆز ئالدىمغا ھۆكۈم چىقىرىشقا، ئۆز باھالىرىمنى ئوتتۇرىغا

قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ: «بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز — خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىش» دېدى ھەمدە «مەن پەرىشتە ئەمەس» دېگەن گەپنى يېنىش - يېنىشلاپ تەكىتلىدى.

مەن 1951 - يىلى يوھاننېسبۇرگتا ماندېلا بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە ئېرىشكەندىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ماندېلا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان پەيتلەرگە، ئۇ تۈرمىگە قامالغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارغا تەڭ شاھىت بولدۇم. ماندېلا بىلەن قەدىناسلاردىن بولۇپ قېلىشىمنى يەنىلا ئۆزۈمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ «دۇمباق» ناملىق ژۇرنىلىغا باش مۇھەررىر بولغان ۋاقتىمدىن باشلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. قارا تەنلىكلەرنىڭ «دۇمباق» ناملىق ژۇرنىلى يوھاننېسبۇرگتىكى سانسىزلىغان قارا تەنلىك تالانتلىق يازغۇچىلار، مۇزىكانتلار ۋە سىياسىيونلار ئۈچۈن ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان بىر دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. 1948 - يىلى ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەت تەختكە چىققاندىن تارتىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقىشقا باشلىدى، «دۇمباق» ناملىق بۇ ژۇرنال بۇ ھەرىكەتلەرنى يېقىن ئارىلىقتىن تۇرۇپ كۆزىتىش، چۈشىنىش ۋە بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. 1952 - يىلى مەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «مەنسىتمەسلىك ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇش قارارىنى ماقۇللاش توغرىسىدىكى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، ماندېلانىڭ بىرىنچى شۆبە پىدائىيلار قوشۇنىنى قۇرغانلىقىغا شاھىت بولدۇم؛ 1954 - يىلى ماندېلانىڭ سوفىياتاۋننى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قوزغىغان ئاممىۋى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سوفىياتاۋن بىر نامراتلار گەمىسى بولۇپ، ئۇ يەردە ئوخشىمىغان ئىرقتىكى نامرات خەلقلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. مەن ئۇ يەردە بىرقانچە كۆڭۈللۈك ئاخشاملارنى ئۆتكۈزگەنىدىم.

1957 - يىلى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىگە سوت ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە ماندېلا بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىم تېخىمۇ كۆپەيدى، كېيىن مەن يەنە مۇشۇنى تېما قىلىپ بىر پارچە كىتاب يازدىم. 1960 - يىلى «كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سالاھىيىتىم بىلەن شارپۋېل كىرىزىسىنى خەۋەر قىلدىم ھەمدە چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن سوۋېتودا ماندېلانى زىيارەت قىلدىم. ماندېلانى تۈرمىگە تاشلىنىشتىن بۇرۇن، يەنى 1964 - يىلى پرېتورىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن رىۋونىيە سوتىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆردۈم. مەن شۇ قېتىملىق سوتقا سىرتتىن قاتناشقانىدىم، شۇ چاغدا ماندېلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلەيدىغان نۇتۇققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ماندېلانىڭ 27 يىللىق تۈرمە ھاياتىغا شاھىت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن بىر مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇشۇ ئارىلىقتا جەنۇبىي ئافرىقىنى كۆپ قېتىم ساياھەت قىلىپ، ماندېلانىڭ لوندون ۋە باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىنغان سەپداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. 1980 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى توقۇنۇش ئۈزۈكسىز ئەۋجگە چىقتى. مۇشۇ مەزگىلدە مەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ لوندوندا تۇرۇۋاتقان رەئىسى ئولىۋېر تامبو بىلەن كۆپرەك ئالاقىلەشتىم ھەمدە ئۇنى ئەنگلىيەنىڭ سودا ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن يەنە ۋىننى ماندېلا بىلەن تېلېفوندا دائىم ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. قارا تەنلىكلەر سىياسىيسى ۋە سودا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن «قارا ۋە ئالتۇن» ناملىق كىتابىمغا ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن 1985 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە داۋاملاشقان كىرىزىس مەزگىلىدە، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى مېنىڭ چېگرادىن كىرىشىمنى چەكلىگۈچە بولغان ئارىلىقتا يوھاننېسبۇرگقا قايتا - قايتا باردىم. كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى مېنىڭ چېگرادىن كىرىشىمنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى،

شۇنىڭ بىلەن 1990 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماندېلا قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن جەنۇبىي ئافرىقىغا يەنە باردىم ۋە ئۇنى سوۋېتودىكى ئۆيىگە ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم يوقلاپ بېرىپ تۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت يىلدا ماندېلا بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشۈش شەرىپىگە نائىل بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن بەزىدە لوندوندا كۆرۈشتۇم. لوندوندىكى پۇل توپلاش زىياپەتلىرىدە ئۇ مەندىن ئۆزىنى زىياپەتكە كەلگەن مېھمانلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. يەنە بەزىدە يوھاننىسبۇرگتا كۆرۈشتۇم. مەن يوھاننىسبۇرگقا دائىم باراتتىم، مەن دەل ئاشۇ يەردە 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.

خام ماتېرىيال تەييارلاش باسقۇچىدا ئايالىم سارىنىڭ ھەمراھلىقىدا نەچچە قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىغا باردىم. بىزنىڭ قەدەم ئىزىمىز ماندېلا بارغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ يەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەھۋاللاردا ئۆزگىرىش بولدى، نۇرغۇن ئىشلار ئەسلىي ھالىتىدەك بولماي قالغانىدى. لېكىن، ھەر قېتىم بىر جايغا بارغان چېغىمىزدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم، شۇنداق تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتىم. بايان قىلىپ بەرگەنلىرىم بىلەن باغلىغان مۇناسىۋەتلىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كۆز ئالدىدا ماندېلانىڭ رىۋايەتكە تولغان ھاياتىنىڭ مۇكەممەل كارتىنىسىنى نامايان قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەن پىرېزىدېنت ماندېلانىڭ ئوخشىمىغان دەۋر ۋە سورۇندىكى سىماسىنى كۆردۈم: ماندېلانىڭ پرېتورىيە ۋە كېيپتاۋندىكى ئىشخانىسى ۋە تۇرالغۇسىدا، خوفتوندىكى ئۆيىدە، روببېن ئارىلىدا، كەچلىك زىياپەتلەردە، كېيپتاۋندا ئېچىلغان يىغىنلاردا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نيۇيوركتىكى باش ئىشتابىدا ياكى لوندونغا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى ئۈچۈن كەلگەن چېغىدا كۆرۈشتۇم. مەن يەنە ماندېلا كىچىك ۋاقتىدا ئۆسۈپ، چوڭ بولغان جايغا — ترانسكېيدىكى

«مۇقەددەس جاي» غا، گۇنۇ كەنتىدىكى يېڭى تۇرالغۇلارغا باردىم. زىيارەت داۋامىدا ماندېلانىڭ نۇرغۇن قەدىناس دوستلىرىنى، خىزمەتداشلىرىنى زىيارەت قىلدىم؛ ئۇنىڭ بۇرۇنقى رەقىبلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇم: ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرمە گۇندىپايلىرىمۇ، ئەمەلدارلارمۇ، سىياسىي داھىيلارمۇ بار ئىدى. مەن «قاقاسلىق» قا بېرىپ سابىق پىرېزىدېنت بوتانى زىيارەت قىلدىم، كېيىپتاۋندا سابىق پىرېزىدېنت د. كلاركنى كۆردۈم، ترانسۋالغا بېرىپ سابىق دىپلوماتىيە مىنىستىرى پىك بوتانى يوقلىدىم.

1994 ـ يىلى ماندېلانىڭ سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئىلھام بېغىشلىغان تەرجىمىھالى «ماندېلانىڭ ئەركىنلىك يولى» نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا ماندېلانىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتى ھەققىدىكى خاتىرە ۋە بايانلىرى تەسۋىرلەنگەندى، بۇنى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور كىتاب دېيىشكە بولاتتى. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا «ماندېلانىڭ ئەركىنلىك يولى» ناملىق كىتابنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى رىچارد ستېنگېل ئەپەندىمنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتىم. ماڭا ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ماندېلا ئەپەندىم بىلەن قىلىشقان ئۇنتۇلغۇسىز زىيارىتىنىڭ زور ياردىمى بولدى. مەن يەنە ماندېلانىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان تۈرمە خاتىرىلىرىنى ئوقۇدۇم، قول يازمىلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆردۈم. ماندېلانىڭ تەرجىمىھالى ئۇ پىرېزىدېنتلىققا سايلانغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدە نەشر قىلىنغانىدى. ئەينى چاغدا بۇ كىتابنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قىممىتى ناھايىتى زور ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماندېلا تولىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا نۇرغۇن بوشلۇق ئاتا قىلغانىدى. بىزنىڭ كۆرمەكچى بولغىنىمىز «ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قانداق ئادەم ئىدى، ئۇ دوست ۋە دۈشمەنلىرى بىلەن قانداق ئۆتەتتى؟» دېگەندەك تېخىمۇ ئىستېرېئولاشقان كارتىنا ئىدى. ئۇنى ئەينى چاغدىكى خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈش

ئۇستىگە قويغان چېغىمىزدىلا ئاندىن ئۇ تېخىمۇ ئىستېرېئولۇق، تېخىمۇ جانلىق يوسۇندا نامايان بولاتتى.

ماندېلا رىۋايەتكە تولغان ئەزىم ھاياتىدا ئادەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. شۇڭا، بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا مەن سىرتقى دۇنيانىڭ كۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ رىۋايەتكە تولغان ھاياتىنى تېخىمۇ رەڭدار تەسۋىرلىمەكچى بولدۇم؛ ئەينى چاغدىكى جىمى تەپسىلاتلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇشقا ۋە قايتا نامايان قىلىشقا تىرىشتىم. بۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە ماندېلانىڭ تۈرمىدىكى ئوبرازىنىڭ قانداق قىلىپ كۈنسېرى بۈيۈكلەشكەنلىكىنى ۋە ئەڭ ئاخىردا دۇنياۋى تەسىر كۈچىنى قانداق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەينى چاغدا مەھبۇسلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ماندېلانىڭ قانداق قىلىپ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى جانلىق بايان قىلدىم.

ماندېلانىڭ ئۇزاق تۈرمە ھاياتى مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىمدىكى بىر مۇھىم نۇقتا بولغاچقا، ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە زىيارەت قىلدىم، ئەزەلدىن سىرتقا ئاشكارىلىنىپ باقمىغان خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىقتىم. ماندېلانىڭ تۈرمە ھاياتىدا نامايان قىلغىنى ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە كىشىلىك خاراكتېرىگە بولغان بىر زور سىناق ئىدى. بىر تەرجىمىھال يازغۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كەچۈرمىش ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە: ئۇ بىزگە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەيدان ئاشكارا ئويۇننى ئەمەس، بەلكى بىر شەخسىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ؛ ماندېلانىڭ دوست ـ يارەنلىرى ۋە تۈرمە گۈندىپايلىرى بىلەن بولغان بۇرۇنقى مۇناسىۋىتى دۇنيا جامائىتى تەرىپىدىن تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئافرىقىنىڭ سىياسىي قاتلىمىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. ماندېلانىڭ تۈرمىدە ئۆتكەن ھاياتى ھەمىشە ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ ئۈزۈلمە قاتلىمى دەپ قارىلىدۇ.

لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، ماندېلانىڭ تۇرمە ھاياتى ماندېلانىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. دەل ئاشۇ تۇرمە ھاياتى ماندېلادا جاھىل، بويۇنى قاتتىق خاراكتېرنى پەيدا قىلغان؛ ئۇنىڭ ئۆز پىكرىدىن ئالدىراپ يانمايدىغان پائالىيەتچىلىك خاراكتېرىنى كۈنسېرى پىششىپ يېتىلدۈرگەن. نەتىجىدە ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئۆزى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىدىغان، ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان دۇنياۋى سىياسىيون بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ماندېلانىڭ خەت ـ چەكلىرىنى ئوقۇش، تا ھازىرغىچە سىرتقا ئاشكارىلانمىغان دىپلوماتىيە ئاخباراتلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق ماندېلانىڭ كەچۈرمىشلىرىنى دۇنياۋى ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىغا قويۇپ چۈشىنىشكە تىرىشتىم. كىتابتا مەن غەرب دۇنياسىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ ، 70 ـ يىللىرىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئىچىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان كرىزىسقا بولغان خاتا چۈشەنچىسىنى، ئۇلارنىڭ بۇ كرىزىسنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى خاتا ئۇسۇللىرىنى ھەمدە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇرىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ ماندېلا ۋە ئۇنىڭ دوست ـ يارەنلىرىگە بولغان خاتا تونۇشىنى بايان قىلدىم. كىتابتا يەنە ماندېلانىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىن بىر مەزگىل غايىب بولغانلىقىنى، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى بايان قىلدىم. تاشقى دۇنيادىكىلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان كۆزقارىشى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ۋە پەرقلىق ئىدى: دەسلەپتە كىشىلەر جەنۇبىي ئافرىقا پات ئارىدا قانلىق قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ دەپ قاراشتى؛ كېيىن بۇ يەر ماندېلانى مەركەز قىلغان ھالدا سۆھبەتلىشىش ۋە ياراشتۇرۇلۇشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. كىتابتا مەن مۇشۇلارنى تولۇقى بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلىدىم.

بۇ مۇشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا پىرىزىدېنت ماندېلا ماڭا غايەت

زور ياردەم قىلدى: ئۇ ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، مېنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىشىمغا ماسلىشىپ بېرىپلا قالماي، يەنە كىتابنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ بەردى. بەزى تارىخىي پاكىت ۋە تەپسىلاتلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن باشقا يەنە ماڭا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆز باھايىمنى بەرگەن جايلارغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىدى. شۇنداقلا پىرىنسىپلىرىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان باھالىرى ئەسلىي ئارگىنالغا باشقىچە تۈس قوشتى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، بۇنچە زور تەسىرگە ئىگە بىر تارىخىي شەخس بىلەن ھايات ۋاقتىدا يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ ئالاقە قىلىش كىشىگە ئۇنچە ئاسان نېسىپ بولمايتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە ماندېلانىڭ سىرداش دوستلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مەن بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇشقانىدى. ئەخمەد كاترادا ماندېلانىڭ تۈرمىدىكى سەپدىشى بولۇپ، ماندېلا بىلەن تۈرمىدە 25 يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتنى بىللە باشتىن كەچۈرگەنىدى. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا كاترادا ماڭا باش مەسلىھەتچى بولدى، مېنى نۇرغۇن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. مەن ئۇنىڭ ياردىمىدە ماندېلانىڭ ھىم يېپىلغان دەرۋازا كەينىدىكى شانلىق دۇنياسى ۋە سىرلىق تارىخىنى ئەھلى جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىپ بەردىم. بۇ كىتابنى تەييارلاش جەريانىدا سىسۇلۇمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، مەن بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ ئىلھامىمنى قوزغىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا قاتنىششتىكى ئۆزگىچە چۈشەنچىلىرى ۋە 50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرىنى كىرگۈزدى. ماك ماخاراج ئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ، ئۆز ئۆيىدە ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان تۈرمىنىڭ ئىچى ـ تېشى ھەققىدىكى تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەرنى

ئاشكارىلاندى. پىرېزىدېنت ۋە ئىچكى كابىنېت باش ۋەزىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور جەكس گېرۋېلمۇ مېنى ئۆزى ياخشى چۈشىنىدىغان ماندېلا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەمىنلىدى. نادىن گوردىمېر مەن بىلەن ئەڭ ئۇزاق باردى ـ كەلدى قىلغان، شۇنداقلا مەن ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئاق تەنلىك دوستۇم ئىدى، يوھاننىسبۇرگتىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە يۈرەتتىم. ئۇ پىرېزىدېنتنىڭ قەدىناس دوستى بولغاچقا، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. نادىن گوردىمېرنىڭ مېنىڭ مۇشۇ تارىخلارغا بولغان ئۆزگىچە كۆزىتىشلىرىم ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىمغا بولغان تۆھپىسىمۇ زور ئىدى. ئادېلەيد تامبو ئولىۋېر تامبونىڭ يەسىرەسى بولۇپ، مېنىڭ لوندون ۋە يوھاننىسبۇرگتىكى ۋاقتىمدىكى دوستۇم ئىدى. ئۇ تەمىنلىگەن ئەسلىمىلەر ۋە خەت ـ چەكلەر بىزنى ماندېلا ئەر ـ ئايال بىلەن تامبو ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشىمىزنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگەنىدى. جورجى بىزۇس ماندېلانىڭ تۇنجى ۋاكالەتلىك ئادۋوكاتى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم رىۋونىيە سوتىدا كۆرۈشكەنىدىم. كېيىن مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەتتىم. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، بىزۇسنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلارغا بولغان جانلىق ئەسلىمىلىرى مەزكۇر كىتابنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ماندېلانىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان ئىككى يازغۇچىمۇ پىرېزىدېنتنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستلىرى ئىدى. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئۇلارمۇ ماڭا مەردانىلىك بىلەن ياردەم قىلدى، قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بەردى، مېنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مەرى بېنسون لوندوندىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ

كونا بىر ئەۋلاد تەشەببۇسچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ماندېلا جەمەتىنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۆزگىچە خاس چۈشەنچىلىرى بار ئىدى. 50 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئاللاھىدە ھالقىلىق پەيتلەردە ماندېلانىڭ يېنىدا فاتىمە مىل ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا فاتىمە مىلمۇ مېنى قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىر ۋە ھۆججەت ـ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. قەدىناس دوستۇم جوئى مېنىل بۇرۇن ماندېلا ھەققىدە بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىگەنىدى. ئۇ ھەتتا بۇ كىتابنى يېزىشىمنى قوللاش ئۈچۈن مېنى زور مىقداردىكى زىيارەت ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى.

نۇرغۇن يېڭى دوستلىرىممۇ ماڭا خالىسانە ياردەم قىلدى، مەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گېيل گېبخارتقا ئاللاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. گېبخارت تولىمۇ بىلىملىك ئايال ئىدى. ئۇ باش مۇھەررىرلىكنى ئىشلىگەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر سىياسىيسى توغرىسىدىكى «قارشىلىق كۆرسىتىشتىن جەڭ ئېلان قىلىشقىچە» ناملىق بەش توملۇق تارىخىي ئوقۇشلۇق تارىخ ئۆگەنمەكچى بولغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى ئىدى. گېبخارت ماڭا نۇرغۇن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىپلا قالماي، يەنە مېنى نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن تەڭ بەھرىمەن قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان نۇرغۇن ھۆججەتلىرى ۋە زىيارەت خاتىرىلىرى بار ئىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نۇرغۇن كىتاب ۋە ئارخىپ باشقۇرغۇچىلارمۇ ماڭا ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلدى: ئۇلار مېنى كىشىلەرگە تېخى ئاشكارىلانمىغان قىممەتلىك ئارخىپ ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ماڭا ياردەم بەرگەن كۈتۈپخانا ۋە مەن پايدىلانغان ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە: يوھاننىسبۇرگتىكى بۇرانسېست كۈتۈپخانىسى، ۋىتۋاتېرسرەند ئۇنىۋېرسىتېتى كالۇن كۈتۈپخانىسى، يوھاننىسبۇرگ بېكىرخائۇس ۋە فورتخاير

ئۈنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئائىت ئارخىپلار، گىراخامستون رودس ئۈنىۋېرسىتېتى كېررى كۈتۈپخانىسى، كېيپتاۋن ئۈنىۋېرسىتېتى ھېنرى ئوبېنھايىم كۈتۈپخانىسى، غەربىي كېيىپ ئۈنىۋېرسىتېتى ئارخىپخانىسى، يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يۇلتۇز گېزىتى» ۋە «كېيىپ ۋاقىت گېزىتى» دە بېسىلغان قىممەتلىك خەۋەرلەر. بۇنىڭدىن باشقا، ئەزەلدىن ناھايىتى سىرلىق تۇس ئالغان ھۆكۈمەت ماتېرىيالخانىسىمۇ ماڭا ئالاھىدە ئېچىۋېتىلدى. ئامېرىكا ۋاشىنگتون دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئارخىپخانىسىمۇ مېنىڭ ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال مەنبەيىم بولدى.

زېھنى ئۆتكۈر، پەم - پاراسەتلىك ياردەمچى تەتقىقاتچىم دوكتور جامۇس ساندىسنىڭ ياردىمىدە خىزمىتىم خېلى ئوبدانلا يەڭگىللىدى. لوندون، ۋاشىنگتون، پرېتورىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئارخىپخانىلاردىن كەلتۈرۈلگەن دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللارنى ساندىس بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، جەۋھەرلىرىنى ئايرىپ چىقتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تەكشۈرۈشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ، يېڭى - يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ تۇردى. ساندىسنىڭ بۇ كىتابقا قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى.

بۇ كىتاب نەشردىن چىقىشتىن بۇرۇن، مەن خارپىر كوللىنىستىن كەلگەن بىر نەشرىيات گۇرۇھىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ھەمكارلىقىغا ئېرىشتىم. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش تەكلىپىنى سىتۇئارت پرۇفىل ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولاتتىكى، ئۇ بولمىغان بولسا بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىقمىغان بولاتتى. 1998 - يىلى سىتۇئارت پرۇفىل خارپىر كوللىنىستىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ كىتاب يەنە نەشرىيات گۇرۇھىنىڭ رەئىسى ئەيدى بېلىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە بۇ كىتابقا ئەجىر

سىڭدۈرگەن جاپاكەش مۇھەررىر رىچارد جونسون، روبېرت رېيىس، نەشرىيات گۇرۇھى تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى خەيلۈن ئېرىسقا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار بۇ كىتابقا ناھايىتى جىق ئەجىر سىڭدۈردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئايالىم سارىغا رەھمەت ئېيتىمەن، مەن قەيەرگە زىيارەتكە بارسام ئايالىمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ تەڭ باردى، شۇنىڭ بىلەن سەپىرىم ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرەلىدىم.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كىتابىمغا تەنقىدىي ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. بۇ كىتابىمدا بەزى مەسىلىلەر ۋە خاتالىقلار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيەتنى كەمىنە ئاپتور تولۇق ئۈستۈمگە ئالىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قانداق پىكىر ـ تەكلىپلىرى بولسا ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئانتونى سامپسون

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاي، لوندون

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم  1918 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە


1. سەھرادىكى ئۆسمۈر (1918 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە) ...... 3
2. بۇرچ (1934 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە) .................. 25
3. چوڭ شەھەر (1941 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە) ........... 55
4. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ۋە ئافرىقىلىقلار
(1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە) ........................... 85
5. مىللەتچىلىك ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە
(1950 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە) ........................... 109
6. قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى (1952 ـ يىلى) ......... 127
7. ئادۋوكات ۋە ئىنقىلابچى
(1952 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە) ........................... 148
8. ئەركىنلىكنىڭ ئەھمىيىتى
(1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە) ........................... 166
9. دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ۋە ۋىننى
(1956 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە) ........................... 194
10. كۈچلۈك دۈشمەن
(1957 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە) ........................... 218
11. ئۆمرى قىسقا ئىنقىلاب (1960 ـ يىلى) .................. 240
12. زوراۋانلىق ھەرىكىتى (1961 ـ يىلى) ..................... 264
13. ئەڭ ئاخىرقى بىر زەربە (1962 ـ يىلى) .................. 298
14. جىنايەت ۋە جازا (1963 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە) ... 332

## ئىككىنچى بۆلۈم 1965 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە


15. ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش
(1964 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە) ........................ 367
16. جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلىنىش
(1971 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە) ........................ 406
17. ئايال غوجايىنلىقتىن ئايال جەڭچىلىككىچە
(1962 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە) ........................ 435
18. سايىدەك مەۋجۇتلۇق
(1964 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە) ........................ 455
19. قارا تەنلىكلەرنىڭ ئويغىنىشى
(1976 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە) ........................ 484
20. تۈرمىنىڭ سېھرىي كۈچى
(1976 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە) ........................ 504
21. ۋەيران بولغان ئائىلە
(1977 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە) ........................ 534
22. قەپەس ئىچىدىكى قەپەس
(1978 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە) ........................ 551
23. توپىلاڭ (1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە) ............ 577
24. ھۆكۈمەتسىزلىك (1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە) ... 613
25. قولدىن كەتكەن رەھبەرلىك
(1983 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە) .................... 637
26. چوڭ خاتالىق (1987 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە) ....... 665
27. مەھبۇس بىلەن پرېزىدېنتنىڭ كۈچ سىنىشىشى
(1989 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە) .................... 679


## ئۈچىنچى بۆلۈم 1990 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە


28. ئىلاھ ۋە ئادەم ........................................ 727

29. ئىنقىلابتىن ھەمكارلىشىشقىچە ........................ 760
30. ئۈچىنچى خىل كۈچ ................................ 790
31. خەير ـ خوش ۋىنىنى ................................ 808
32. مۇشەققەتلىك تىنچلىق سۆھبىتى ........................ 827
33. سايلام ................................................ 868
34. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ................................ 906
35. شەرەپ چوققىسى ...................................... 928
36. كەچۈرۈم ............................................ 956
37. ئوڭۇشلۇق پەيتتە خىزمەتتىن چېكىنىش ................ 982
38. گراسا ................................................ 1008
39. ماندېلانىڭ دۇنياسى ................................ 1024
40. ماندېلانىڭ دۆلىتى ................................ 1050
41. ئوبراز ۋە رېئاللىق ................................ 1072
خاتىمە  ئۆچمەس رىۋايەت، ئۆلمەس داھىي ................ 1087

# بىرىنچى بۆلۈم

# 1918 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە

# 1. سەھرادىكى ئۆسمۈر

(1918 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە)

جەنۇبىي ئافرىقىدا ترانسكېي شەھەرگە ئەڭ يىراق جاي ھېسابلىنىدۇ. ترانسكېي يوھاننېسبۇرگنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 600 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەمما ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە تاغ تىزمىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، دەل ـ دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن، يۇمىلاق كەپە ـ ئالچۇقلار زېمىنغا گويا يۇلتۇزدەك تارالغان، پادىچى بالىلار بىلەن چارۋىچىلار قوي ـ كالىلىرىنى ھەيدىشىپ كەپە ـ ئالچۇقلارنىڭ ئارىسىدا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، قاتار كەتكەن سۈرەتتەك گۈزەل دالا مەنزىرىسى كىشىگە گويا مەڭگۈلۈك بېھىشباغلارنىلا ئەسلىتىدۇ. لېكىن، گۈزەللىك پەقەت بىر تاشقى كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس: بۇ زېمىندا نوپۇس ھەددىدىن زىيادە ئارتىپ كەتكەن. ئەسلىدىنلا ئۇنۇمسىز تۇپراق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولۇپ، قوۋۇرغىلىرىنى سانىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئورۇقلاپ كەتكەن قوي ـ كالىلارنىڭ ئوتلىشىدىن باشقىغا يارىمايدۇ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۇنۇپ قالىدىغان كۆممىقوناق تۇرىدىكى زىرائەتلەردىن باشقىسى ئۇنمەيدۇ.

بۇ ــ نىلسون ماندېلا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جاي، كېيىن ئۇ بۇ جايغا ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىنى سالغان، ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇ مۇشۇ جايغا كېلىپ تۇراتتى، پېنسىيەگە

چىققاندىن كېيىنكى ھاياتىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇ — ئىسپانىيە ئۇسلۇبىدىكى ئەگمە ئىشىكلىك، قىزىل خىشتا سېلىنغان ئۆي بولۇپ، دۇربان بىلەن كېيپتاۋىن ئارىسىدىكى ئاساسلىق كوچىغا يانداش سېلىنغانىدى، ترانسكېيدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئۇمتاتانىڭ جەنۇبىغا بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەرگە جايلاشقانىدى. بۇ ئۆي سىبو يولىنىڭ ئۇ بېشىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، تۆت ئەتراپىغا قورۇق تام قوپۇرۇلغان بولۇپ، قويۇق چاتقاللىقلار بىلەن پۈركەنگەن ھويلا بۇ ئۆينى كەڭ كەتكەن يېزىدىن ئايرىپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ ئىسخېمىسىنى ماندېلا تۈرمە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلىدا لايىھەلەپ چىققانىدى. تۈرمىدىكى گۈندىپاينىڭ تۇرالغۇسى بىلەن ماندېلانىڭ تۈرمىدىكى تۇرالغۇسى بىر تۇتاش سېلىنغان بولۇپ، ماندېلا بۇ ئۆينىڭ تەكشىلىكتىكى ئىسخېمىسىنى سىزىپ چىقىشتا گۈندىپاينىڭ ئۆيىدىن ئىلھام ئالغانىدى. ماندېلا تاللىغان بۇ ئورۇندا تۇرۇپ ئۇنىڭ يۇرتى گۇنۇ كەنتىنى كۆرگىلى بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئادەم قەيەردە تۇغۇلغان بولسا، تۇغۇلغان شۇ جايغا بېرىپ كۆز يۇمىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ماندېلانىڭ ھەقىقىي تۇغۇلغان يېرى ئەمەلىيەتتە جەنۇبقا بىر نەچچە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە، يەنى ئەگرى - بۈگرى ئاقىدىغان باشى دەرياسى بويىدىكى مۋېزو دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك كەنت ئىدى، ماندېلانىڭ دادىسى شۇ يەرنىڭ ئاتا مىراس ئاقساقىلى ئىدى (ماندېلانىڭ يۇرتىدىكى كەپىلەر توپى كالار① دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئورنى ھازىر ئۇ يەردە ئەمەس. 1988 - يىلى تۈرمىدە يېتىۋاتقان ماندېلا شۇ يەرلىك بىر ئادۋوكاتقا بۇ كەنتنىڭ بۇرۇنقى ئورنىنى ئىزدەپ تېپىشنى ھاۋالە قىلغان، لېكىن ئىزىنى تاپالمىغان). رولى خىلاخىلا ماندېلا 1918 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مۋېزودا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ كېيىنكى

① كالار — جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قاشالانغان قىشلاقلىرىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن.

ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ چاغدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشاي دەپ قالغان بولۇپ، رۇسىيەدە بولشېۋىكلار ئىنقىلابى تازا ئەۋج ئالغانىدى. يېڭى قۇرۇلغان جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بىر نەپەر ۋەكىلنى ئەنگلىيەگە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ هوقۇق - مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. بۈيۈك بىرىتانىيە كېيىپتاۋىننى مۇستەملىكە قىلىپ، 1910 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىگە كىرگۈزۈۋالغان، بۇ زېمىندا يەنە بىر قىسىم ترانسكېيلىق يەرلىك ئاهالىلەرمۇ بار ئىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، «ئەسلىي تۇرۇشلۇق ئاهالىلەر يەرلىك قانۇنى» نەچچە مىڭلىغان قارا تەنلىك دېهقانلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ترانسكېيغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى، چۈنكى بۇ يەردە زېمىن كەڭرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافرىقىلىقلار پەقەت مۇشۇ يەردىلا ئۆز زېمىنىغا ئىگە بولالايتتى. شۇڭا، ترانسكېيدىن چىققان قارا تەنلىك رەهبەرلەر جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشقا هەرقانداق جايلىرىدىن كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رەهبەرلەر ئەنە ئاشۇنداق مۇهىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى.

رولى خىلاخىلا ماندېلانىڭ دادىسى هېندىرى ماندېلامۇ قوغلاپ چىقىرىلغان. ماندېلا تۇغۇلۇپ ئىككىنچى يىلى بىر قەبىلە ئەزاسى بىر بۇقا سەۋەبلىك ئۇنىڭ بىلەن ئازارلىشىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان، هەممە يەردىكى ئاق تەنلىك سوتچى هېندىرىنى سوتخانىغا كېلىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا چاقىرغان. هېندىرى رەت قىلغانلىقتىن شۇ هامان بويسۇنماسلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئاقساقاللىق هوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان، شۇنداقلا يەنە كۆپ قىسىم چارۋا ماللىرى، يەرلىرى ۋە ئىقتىسادىي كىرىملىرى تارتىۋېلىنغان. ئۇلار ئائىلىسى بىلەن مۇۋىزۇدىكى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقىپ، قوشنا كەنت گۇنۇغا كۆچۈپ بارغان. ماندېلا دەل ئاشۇ گۇنۇ

كەنتىدە نەچچە يىل باللىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن. گەرچە مال ـ مۈلكى ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ماندېلا ئائىلىسىنىڭ كۆڭلىرىنى ناچار دېگىلى بولمايتتى. ھەر قېتىم يېمەكلىككە ئېرىشكەندە ياكى خۇشاللىق ئىشلار يۈز بەرگەندە ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغاچقا ماندېلا ئەزەلدىن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇ يەنىلا ئەينى چاغدىكى كوللېكتىپلىق كۆزقارىشى ۋە ئورتاق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئەسلەيتتى. ئۇ چاغدا غەربنىڭ رىقابەت ئېڭى ۋە شەخسىيەتچىلىك پىكرى ئېقىمى تېخى سىڭىپ كىرمىگەنىدى.

ماندېلانىڭ دادىسى ھېندىرى ماندېلا ناھايىتى كەسكىن، تۈرگۈن ئادەم ئىدى، شۇڭا ماندېلا ئۆزىنىڭ تەرسا، جاھىل مىجەزىنى دادىسىدىن ئۇدۇم قالغان دەپ ھېس قىلاتتى. ھېندىرى ھېچقانداق مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنىدى، دىنىي ئېتىقادى يوق بولۇپ، ئۇ بويى ئېگىز، بەستلىك، سۈرلۈك ئادەم ئىدى، تېرىسى ئوغلىنىڭكىدىنمۇ قارا ئىدى، ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاق تەنلىكلەردىن تۆۋەن كۆرمەيتتى. ئۇ تۇرغان كەنت ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيتتى، شۇنداقلا يەنە بۇ كەنتنىڭ بېكىتىلگەن ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ تۆت خوتۇنى بار بولۇپ، ماندېلانىڭ ئانىسى نوسكىن فانى ئۇنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنى ئىدى. ھەربىر ئايالىنىڭ كالاردا ئۆز ئالدىغا ئۆيى بار ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ ئۆيمۇ ئۆيگە ئېچىتقان ھاراقلارنى ساقلايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھامان بىر بوتۇلكا بىراندى بار بولۇپ، ئىشكاپتا ئۈچ ـ تۆت ئايغىچە تىزىپ قويۇلاتتى. ئۇ قەبىلىسىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. بالىسى تۇغۇلسا ئۆچكىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ ئۆيگە مۇڭگۈزىنى تىكلەپ قويۇاتتى.

ھېندىرى ئەزەلدىن خىرىستىيان دىنىغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىرقانچە خىرىستىيان دوستى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ

خىرىستىيان دوستى پوپ تانسىن ماكۋېيىن ئالىملارغا خاس سالاپەتكە ئىگە مەھەللە ئاقساقىلى بولۇپ، ترانسكېيدىكى سەرخىل ئەزالارنىڭ بىرسى ئىدى. ھېندىرى يەنە مۇبكارالىق ئاكا ـ ئۇكا جورجىلار بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تەۋە قەبىلە ئامانفىنگو ياكى «فىنگو» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ توپ كوسالاردىن مۇستەقىل بولۇپ چىققاندىن باشقا يەنە دىن تارقاتقۇچىلار ۋە غەربچە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. نۇرغۇن فىنگولار ئوقۇتقۇچى، پوپ ۋە ساقچى بولغانىدى. مۇبكارالىق ئاكا ـ ئۇكىلار ماندېلانىڭ ئاپىسىنى مېتودىستقا كىرىشكە قايىل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ماندېلانىڭ ئانىسى ئەنئەنىۋى كوسا كىيىمىنى ئۆزگەرتىپ، غەربچە كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشكە باشلىغان. ماندېلا مېتودىست مۇرىتى سالاھىيىتى بىلەن چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلغان. كېيىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ماندېلانىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوغلىنى شۇ جايدىكى دىنىي جەمئىيەت ئاچقان مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىشكە نەسىھەت قىلغان. بۇ ماندېلا جەمەتىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.

ماندېلانىڭ سىڭلىسى مابىل بىلەن لىيابى گۇنۇ كەنتىدە ئۆتكەن ئاددىي ـ ساددا بالىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلىگەندە، ھەمىشە ناھايىتى شاد ـ خۇراملىققا چۆمىدۇ. ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى كالاردىكى يۇمىلاق كەپە ئۆيى ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، بىر ئېغىزى ھۇجرا، بىر ئېغىزى ئاشخانا، يەنە بىر ئېغىزى بولسا ئاشلىق ساقلايدىغان قازناق ئىدى، ئۆينىڭ سىرتى ياغاچتىن ياسالغان رېشاتكىلار بىلەن قاشالانغانىدى. بۇ ئۆينى ئۇلارنىڭ ئاپىسى سېغىز توپىدىن قۇيۇلغان خام كېسەكتە سالغانىدى؛ ئۆيدىكى ئاددىيغىنا كەلگەن ئورۇندۇق ـ ئۇستەللەر بىلەن ئاشخانا ئىشكاپلىرىمۇ لايدىن ياسالغانىدى؛ ئوچاقمۇ يەرگە ئورەك كولاپ ياسالغانىدى. ئۆيدە كارىۋات، ئۇستەل، كۆرپە ـ سېلىنچىلار يوق ئىدى؛ ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئارغامچا بىلەن چىڭ قىلىپ باغلانغان

شال پاخلى بىلەن يېپىلغانىدى. كالارنىڭ ئىچىدىكى گەمىدە قوناق ساقلىناتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشتىكى ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىدى. كۈندۈزلىرى ئوغۇللار سىرتقا پادا باققىلى چىقىپ كېتەتتى، قىزلار ئۆيدە قېلىپ، چوڭ ئاياللار بىلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ يېمەكلىك تەييارلايتتى، ئۇلار قوناقنى تاشنىڭ ئارىسىغا قويۇپ يانجىيتتى ـ دە، ئۇنى قارا رەڭلىك ئۈچ پۇتلۇق مېتال قازانغا سېلىپ پىشۇراتتى، ئاندىن ئۇنى قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇراتتى. كەچقۇرۇن بىر ئائىلە كىشىلىرى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بىر قاچىغا تەڭ قولىنى تىقىپ تاماق يەيتتى، بۇ ئۇلارنىڭ رەسمىي زىياپەت تامىقى ئىدى.

ھىندىرىنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدىن يەنە ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ماندېلا ئاچا ـ سىڭىللىرىغا قارىغاندا ئەركىنلىكتىن تېخىمۇ كۆپرەك بەھرىمەن بولاتتى. ئۇ ئانىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئىدى، لېكىن دائىم دادىسىنىڭ يەنە بىر خوتۇنى بىلەن بىللە تۇراتتى، ئۇنىڭ ماندېلاغا ئاتا قىلىدىغان مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن بىخەتەرلىك تۇيغۇسى فانىدىن قېلىشمايتتى. ماندېلانىڭ ھاياتىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئاياللار بىلەن، بولۇپمۇ كۈچلۈك ئاياللار بىلەن بىللە تۇرسا بەكرەك ئەركىن بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز، چۈنكى بۇنداق دوستلۇق ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ مېھىر ئاتا قىلاتتى. بۇ ماندېلانىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ماندېلا خەت ـ چەك ۋە ئەسلىمىلىرىدە ھەمىشە يېزىدا ئۆتكەن بالىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلەيتتى. تۇرمىدىكى ۋاقتىدا ئۇ يۇرتىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى، كۆلچەكلەردە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغان خۇشال دەملىرىنى، ئىنەكنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىپ سۈتىنى بىۋاسىتە شورىۋالغانلىقلىرىنى، قوناق پوچۇلاپ يېگەنلىرىنى ناھايىتى جانلىق تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. نۇرغۇن دۇنياۋى

رەھبەر ۋە شەخسلەر مەركىزىي شەھەرگە كېلىپ زوراۋانلىق ۋە سىياسىينىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقاندىن كېيىن، رومانتىك سەھرا تۇرمۇشىنى سېغىناتتى. ئالايلۇق، لاۋېد جورجى ۋېرىشتىكى كەنتىنى يوقلىغان؛ لىندۇن جونسون تېكساس ئىشتاتىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىغان. لېكىن، پىرېزىدېنت ماندېلا ئۆزىنى سەھرا بالىسى دېيىشتە چىڭ تۇراتتى، چۈنكى سەھرادىكى ئۇنداق خاتىرجەملىك، ناھايىتى ئاددىي - ساددىلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش ئۇنىڭ سىياسىي ئىشەنچىنىڭ تۇرغۇزۇلۇش جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

ئابا - ئەجدادلىرىغا بولغان تونۇشى ماندېلاغا ناھايىتى زور ئىلھام بولغانىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى نۇبانكۇكا تېمبۇ سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك پادىشاھى بولۇپ، 1832 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە بۈيۈك بىرىتانىيە ترانسكېينىڭ جەنۇبىدىكى بۇ زېمىننى قەتئىي بويسۇندۇرالمىغان. تېمبۇ ئاقسۆڭەكلىرى گۇمرانلىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاق تەنلىكلەرگە بېقىنىش كېرەك دەپ قارىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئەجدادلىرىنىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ، ترانسكېيدا ئالاھىدە يۇكسەك ئوبرازىنى قوغدىغان. ماندېلا كىچىك ئاقسۆڭەك ئىدى، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن شاھلىق تەختىنىڭ ۋارىسى ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيتتى. ئۇ پەقەت پادىشاھ نۇبانكۇكانىڭ ئاخىرقى ئەۋلادىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىرەم تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىدى. شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغىنى پادىشاھ دارىن دايىبو ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسى دارىن دايىبونىڭ ئوغلى چونجىرىسۋى ئىدى. ماندېلانىڭ دادىسى دارىن دايىبونىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ۋە سىرداش دوستى ئىدى، مەرتىۋىسى ۋەزىرگە توغرا كېلەتتى، شۇڭا ماندېلا بالىلىق دەۋرىدە ئۇرۇقداشلىرىنىڭ ئىززەت - ئىكرامىغا ئېرىشكەنىدى.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇشتى دەپ قارىلىدىغان بۇ ئائىلە ئەمەلىيەتتە، ئىشغالىيەتچى ئارمىيەنىڭ كونتروللۇقىدا سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. نۇبانكۇكانىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىغان: دەسلەپتە بۈيۈك بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىغان، 1910 ـ يىلىدىن كېيىن يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ترانسكېي پادىشاھى بىر تەرەپتىن ئۆز خەلقىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرمىسا بولمايتتى. تېمبۇ ئوردىسى ھېلىھەم ئۆز غۇرۇرى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىرىتانىيەلىكلەر بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى بىلەن بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ياش ماندېلا تۇنجى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ سىرتقى دۇنياغا قەدەم باسقاندا، شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ شىپىستون پورتى، پادىشاھ ۋىليام شەھىرى، ئېلىزابېت پورتى، ئەلىس شەھىرى دېگەندەك ئەنگلىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانلىقىنى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈگەنىدى.

ماندېلا بىلەن بىر دەۋردە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان نۇرغۇن بالىلارغا ۋىللىنتون، جېكىنا، ئادلېرد، ۋىكتورىيە دېگەندەك ئەنگلىيە ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىرى قويۇلغانىدى. ماندېلاغا يەتتە ياش ۋاقتىدا يېڭى ئىسىم قويۇلۇپ، رولى خىلاخىلانىڭ ئالدىغا قويۇلغان. «ھازىردىن ئېتىبارەن، سېنىڭ ئىسمىڭ نېلسون بولدى» دېگەنىدى ئۇنىڭ مۇئەللىمى. ماندېلانىڭ ئانىسى بۇ ئىسىمنى «نالسېل» دەپ ئاتايتتى، كېيىن باشقىلار ئۇنى دىنىي نامى بىلەن «دالىبانگا» دەپ چاقىرىدىغان بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەردە تونۇشقان دوستلىرى ئۇنى «نېلسون»

ياكى «نىل» دەپ چاقىرغان. ئۇنى بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىش تاكى ئۇنىڭ ئۆز ئۆرۈقىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشقاندى.

1927 ـ يىلى توققۇز ياشلىق ماندېلا شاھ ئوردىسىغا بىر قەدەم يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ دادىسى سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئىزچىل ماندېلانىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى. دادىسىنىڭ دوستى، تېمبۇنىڭ نائىب پادىشاھى جونگىنتابا ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ماندېلانىڭ سىڭلىسى مابېل دادىسىنىڭ نائىب پادىشاھقا: «ئالىيلىرى، ئوغلۇمنى ئۆزلىرىنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇردۇم. قارىسام، ئوغلۇمنىڭ غايىسى بەك يۈكسەكتەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىزچىل بوشاشماي تىرىشتى. ئۇنىڭغا كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا. ئۇ سىلىنى ھۆرمەت قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى، نائىب پادىشاھنىڭ: «مەن رولى خىلاخىلاغا ياخشى غەمخورلۇق قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھېندىرى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مېيىتى بىرىنچى خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىلدى. مۇبكارا ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇنى خىرىستىيان دىنى بويىچە دەپنە قىلدى، ئاخىردا ئۇنىڭ مېيىتى شۇ يەردىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىققا قويۇلدى.

ھېندىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسى ماندېلانى ئېلىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، گۇنۇدىن مېكخى كەيسېر ۋېيىندىكى «مۇقەددەس جاي» غا كەلدى. بۇ يەر نائىب پادىشاھ تۇرىدىغان جاي ئىدى، ئەينى چاغدىكى شاھلىق تەخت ۋارىسى ساباتا بەكلا كىچىك بولغاچقا جىمى ئىشلار نائىب پادىشاھنىڭ ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانىدى. جونگىنتابامۇ مادىبا ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۇنىڭ نائىب پادىشاھ بولۇشى ماندېلانىڭ دادىسىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بولغانىدى، ئۇنىڭ ماندېلانى قىلچە ئىككىلەنمەستىن بېقىۋالغانلىقى ۋە

يېقىن ئادىمى قاتارىدا كۆرگەنلىكى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. لېكىن، يېزا رايونىدا ئۇرۇق كۆزقارىشى ئەسلىدىنلا شەھەر ـ بازار رايونلىرىدىكىدىن كۈچلۈك ئىدى، ماندېلا بۇ ھالدىن تولىمۇ خۇرسەن بولاتتى. ئۇ تۈرمىدە: «ئوخشاش بىر ئەجدادنىڭ ئەۋلادلىرى بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىدۇ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشالايدۇ» دەپ يازغانىدى.

مېكخى كەيسېر ۋېيىندىكى «مۇقەددەس جاي» بىلەن ياۋروپادىكى شاھ ئوردىسىنىڭ ئارىلىقى بەكلا يىراق ئىدى. بۇ يەر ھازىرمۇ يەنە شۇنداق يىراق، چەت بولۇپ، ماشىنا بىلەن بېرىش ناھايىتى تەس. زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر كۆرەلەيدۇكى، ئۇ يەردىكى مۇنبەت زېمىندا بىر ئەگرى ـ بۈگرى پاتقاق چىغىر يول شەكىللىنىپ قالغان، يولدا ماشىنا چاقىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غول يولنىڭ يېنىدا بىر چىغىر يول ھاسىل بولغانىدى. ئېتىز ـ داللارنى، قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنى ۋە تاشلار چېچىلىپ ياتقان دەريا بويىنى، ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدىغان ئۆي ـ كەپىلەرنى، بىر تاشلاندۇق ۋوگزالنى كېسىپ ئۆتكەن بۇ يول ئاخىرلاشقاندا، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بىر قورۇ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بۇ قورۇ ئىككى ئېغىز رەسمىي ئۆي بىلەن بىرنەچچە ئېغىز كەپە ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، رەسمىي ئۆي بىلەن كەپە ئۆي ئوتتۇرىسىدا بىر ھويلا بار ئىدى، ھويلا قويۇق چاتقاللار بىلەن پۈركەنگەنىدى، نېرىراقتا بىر مەكتەپ بار ئىدى. ئۆيدىن ناھايىتى سالاپەتلىك، ئېسىلزادە بىر كىشى چىقىپ كەلدى، ئۇ ئۆزىنى جونگىنتابانىڭ نەۋرىسى، شۇ يەرنىڭ ئاقساقىلى دەپ ئاتايتتى. ئۇ ماندېلا ئەينى يىللىرى تۇرغان كەپە ئۆينى بىزگە كۆرسىتىپ قويدى. ئۆينىڭ تېمىغا بىر پارچە سۈرەت ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، سۈرەتتە جونگىنتابانىڭ قاملاشقان چىرايى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى چىرايىدىن تۇرگۇنلۇك چىقىپ تۇرغان يىگىت دەل ماندېلا ئىدى، بۇ ماندېلانىڭ ياش ۋاقتى ئىدى.

ھازىر غەربتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئاتالمىش «مۇقەددەس جاي» نى ئالىقانچىلىكلا يەر ئىكەنغۇ دېيىشىدۇ. لېكىن، 1927 ـ يىلىدىكى ماندېلا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ دېگەن دۇنيانىڭ مەركىزى، گۈنۈلارنىڭ كەپىسى، مېكخى كەيسېر ۋېيىن بولسا پايتەختى ئىدى. ماندېلانىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى مۇشۇ يەردە شەكىللەنگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن پادىشاھلىق ھوقۇق كۆزقارىشى يېتىلگەنىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم نائىب پادىشاھنىڭ موتوسىكلىت مىنىپ كەلگەن ئاشۇ دەقىقىنى، ئۇنى كۈتۈۋالغىلى چىققان خەلقنىڭ «ھەي، جونگىنتابا !» دەپ ئالقىشلىغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايتتى (70 ـ يىللاردىن كېيىن ماندېلا «ھەي، دالىبانگا !» دېگەن ئالقىش ساداسىغا كۆمۈلگەن چاغدا، ئەينى چاغدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭىباشتىن نامايان بولاتتى). ئۇ چاغدا مېكخى كەيسېر ۋېيىن ناھايىتى ئاۋات ئىدى، ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى ئاساسىي جەھەتتىن قامدىيالايتتى. نائىب پادىشاھمۇ ئۇ يەرنىڭ رەھبىرى بولۇپ، قەبىلە ئەزالىرى تېمبۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كېلەتتى.

توققۇز ياشلىق ماندېلا مېكخى كەيسېر ۋېيىنغا كەلگەن چېغىدا، ئۇچىسىدا كونا كۆڭلەك بار ئىدى، كاچىچە كالتە ئىشتىنى دادىسىنىڭ كونا گەلەپى ئىشتىنىدىن ئۆزگەرتىلگەنىدى، بېلىگە كەمەر ئورنىدا بىر تال ئىنچىكە شوينا باغلىۋالغانىدى. ماندېلادىن تۆت ياش چوڭ نەۋرە ئاكىسى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ماندېلا ئەينى چاغدا ئۆزى تەنھا ھالەتتە قورقۇنچ ئىچىدە ياشايتتى، كۆپ گەپ قىلمايتتى، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا جونگىنتابا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئوغلى گارتىس ماندېلا بىلەن ئاپپاق سىرلانغان بىر ئېغىزلىق ئەپچىل كەپە ئۆيدە بىللە تۇردى، ئۆيگە ئىككى كارىۋات، بىر ئۇستەل ۋە بىر جىنچىراغ قويۇلغانىدى. جونگىنتابا ئۆز پەرزەنتلىرى نومافۇ، ناكىساك ۋە چوڭ ئوغلى

ساباتا، يەنى تەخت ۋارىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىنغان بولسا ماندېلاغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنى ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك كۆرەتتى. ماندېلامۇ ئۆزىنى شاھ ئوردىسىنىڭ بىر ئەزاسى قاتارىدا كۆرەتتى، بۇ يەردىكى تۇرمۇش گۈنۇ كەنتىدىكى تۇرمۇشتىن ھەشەمەتلىك ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئائىلىگە پۈتۈنلەي مەنسۇپمۇ ئەمەس ئىدى، مۇشۇ نۇقتا ئۇنىڭغا ئىلھام بولاتتى.

نائىب پادىشاھ جونگىنتابا، يەنە بىر ئاتىلىشى داۋىد دارىن دايبو ماندېلانىڭ قەلبىدە يېڭى دادىسىنىڭ ئوبرازىغا ئايلانغانىدى. ئۇ تەقى ـ تۇرقى قامالاشقان، سالاپەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان كىشى ئىدى. جونگىنتابا ناھايىتى ئىخلاسمەن مېتودىست (مېتودىست چېركاۋى) مۇرىتى ئىدى، ھاراقىقا ئامراق بولسىمۇ، ھەر كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى چېركاۋغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى. چېركاۋنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئۇنىڭ تۇغقىنى ماتىئولو باستېر ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى گارتىس ماندېلادىن تۆت ياش چوڭ ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە گارتىس ماندېلانىڭ چوقۇنغۇچىسىغا ئايلاندى، ئۇ تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاش جەسۇر ۋە كېلىشكەن يىگىت ئىدى، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرەتتى، قىزلار ئۇنى ناھايىتى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. گارتىس كۆپ ئىقتىدارلىق يىگىت ئىدى، پالاق توپ، پۇتبول ۋە زەيتۇن توپ دېگەندەك كوللېكتىپ تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى ماھىر ئىدى. ماندېلانىڭ ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش ئىقتىدارى گارتىسقا يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ بوكس ۋە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتەك يالغۇز كىشىلىك تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە ماھىر ئىدى. ماندېلانىڭ گارتىس بىللەن چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتى بار بولۇپ، سۈرەتتە گارتىسنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىدىن ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقى، جەڭگىۋارلىقى چىقىپ تۇراتتى. ياش ماندېلا بولسا ئۇنىڭدەك ئۆزىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇ گارتىسنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىشكە تىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گارتىس قانداقلا بولمىسۇن قەبىلە باشلىقىنىڭ

ۋارىسى ئىدى، ماندېلا بولسا نائىب پادىشاھقا تايىنىپلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايتتى.

ئاشۇ يىللاردا مېكخى كەيسېر ۋېيىننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا شاد - خۇراملىق ھازىرقىدىن كۆچلۈك ئىدى، بۇ ماندېلانىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ئالايلۇق، ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ئوينايتتى ياكى گوسا قىزلىرى ئېيتقان ناخشىلارغا جور بولۇپ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. لېكىن، ماندېلا باشقا بالىلارغا قارىغاندا تۇرگۇن، چىدامىلىق ئىدى، شۇ يەردىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ماندېلا دەرستە ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى، ئىنگلىز تىلىنى ئۇ «خان ئوردىسى ئىنگلىز تىلى ئوقۇشلۇقى» دىن ئۆگەنگەنىدى. ئۇ سۆزلۈكلەرنى شىبەن تاشقا يېزىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناھايىتى ئاستا سۇرئەتتە ئوقۇيتتى، تەلەپپۇزىغا يېزا تەلەپپۇزى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، بۇ تەلەپپۇز كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولدى.

مېكخى كەيسېر ۋېيىندا ئاق تەنلىكلەر كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى، ئۇچرىدى دېگەندىمۇ يولدىن ئانچە - مۇنچە ئۆتۈپ قالاتتى. ماندېلانىڭ سىڭلىسى مابىلنىڭ ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق ئېسىدە: بىر قېتىم ماندېلا ساۋاقدىشى بىلەن كېتىۋاتقاندا، بىر ئاق تەنلىك كىشى ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ، ئۇ كىشىنىڭ موتوسىكلىتى بۇزۇلۇپ قالغان بولۇپ، ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىدا گەپلىشىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش مابىلدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. لېكىن، مابىل ماندېلادىن سەل قورقاتتى. مابىل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىغۋاگەرچىلىككە يولۇقۇشتىن بەكلا بىزار ئىدى. ئەگەر سىز ئۇنىڭ چىشىغا تەگسىڭىز، ئۇ سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتى يوقلۇقىنى ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭدا رەھبەرلەرگە خاس بىر خاراكتېرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.»

نائىب پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كۆرگەن - بىلگەنلىرى

ماندېلا ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى مۇھىم تەربىيە قىممىتىگە ئىگە ئىدى. تېمبۇلار قەرەللىك ھالدا پىيادە ياكى ئاتلىق ئۇزاق يول بېسىپ، قەبىلىلەرنىڭ يىغىنىغا قاتنىشاتتى. جونگىنتابانىڭ يىغىنىدا نامايان قىلغان شاھلىق سالاپىتى ماندېلانى قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. يىغىندا بارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەزالىرى يۇقىرىسى پومېشچىكلاردىن تارتىپ، تۆۋىنى ئەمگەكچىلەرگىچە نائىب پادىشاھقا بولغان نارازىلىقلىرىنى ئۇدۇللا دېيەلەيتتى ياكى دەردۇھالىنى يۇزمۇيۇز بايان ئەيلەيتتى. ماندېلا نائىب پادىشاھنىڭ نەچچە سائەتكىچە قىمىرلىماستىن ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە سۈكۈت ئىچىدە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ھالىتىگە ئەڭ ئامىراق ئىدى، ئەنە شۇ تەرزدە كۈن ئولتۇرۇپ كېتەتتى، ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ، قارشى نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقاتتى. كېيىن، ماندېلا تۇرمىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىر بۈيۈك رەھبەر ئۆزىدە پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرالايدىغان ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىشى كېرەك. مەيلى ئەنئەنىچىلەر بولسۇن ياكى ئىسلاھاتچىلار بولسۇن، كونسېرۋاتىپلار بولسۇن ياكى لىبېراللار بولسۇن، ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى، بەزىدە كۆزقاراش بىلەن كۆزقاراش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن توقۇنۇشلار بولىدۇ. مېكخى كەيسېر ۋېيىن سوتخانىسى ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىدى، نائىب پادىشاھ بارلىق كۆزقاراشلىرىنى مېكخى كەيسېر ۋېيىن سوتخانىسىدا ئۆز ئاۋازىنى ياڭرىتالىغانلىقى ئۈچۈن پۈتكۈل قەبىلىگە رەھبەرلىك قىلالىغان.

ماندېلا بىر پىرېزىدېنت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىچكى كابىنېتتا شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ جونگىنتابانىڭ: «رەھبەر بولغۇچى پادىچىلارغا ئوخشاش پادىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىشى، ۋائىزلىق قىلىش ئىقتىدارىنى

ھازىرلىشى كېرەك. ئەگەر بىرەر ـ ئىككى تۇياق چارۋا مېلى قېچىپ كەتسە، سەن مال پادىسىنى قويۇپ قويۇپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشىڭ كېرەك» دېگەن گېپىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ئۇ يەنە: «سىياسىيدا بۇ دەرس ناھايىتى مۇھىم» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ماندېلاغا كىچىكىدىنلا «مەملىكەت ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قېرىنداش» دېگەن ئىدىيە سىڭگەنىدى، بۇ ئىدىيە «ئۇبانتۇ» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ — ئافرىقىدىكى ئەنئەنىۋى كۆزقاراش بولۇپ، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە مەسئۇل بولۇشى، بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلارنىڭ مۇنداق بىر ماقال ـ تەمسىلىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئۇ بۇ ماقال ـ تەمسىلنى «ئادەم بىلەن ئادەم» ياكى «باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋالغانىدى. بۇ كۆزقاراش دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئافرىقىلىقلارنىڭ قەلبىگە بەكرەك ئورناپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇ ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىدىكى شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە خاتىرجەم بولالماسلىق روھىي ھالىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۇرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا «ئۇبانتۇ» ئىدىيەسى ئافرىقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنىدى. 1986 ـ يىلى تۇتۇلارنىڭ چوڭ پوپى «ئۇبانتۇ» غا مۇنداق تەبىر بەرگەن: ئۇبانتۇ كىشىلەرگە سەممىي، كەڭ قورساقلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، باشقىلارغا ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇئامىلە قىلىشنى خالايدۇ، سەل ئاجىز خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، ھاياتنىڭ باشقىلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ياشاش ئىكەنلىكىنى مىزان قىلىدۇ.

ماندېلا «ئۇبانتۇ»نى خەلققە مۇلازىمەت قىلىش روھىنىڭ بىر

قىسمى ئورنىدا كۆرەتتى. ماندېلانىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە ئۇ ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرىدىكەن، بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزى بۇنى بىر خىل ئىقتىدار دەپ قارايتتى: «بىزگە ئوخشاش سەھرادا چوڭ بولغان باللار كىچىككىدىنلا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشقا ئادەتلەنگەن.» لېكىن، ئۇ: «بۇنداق خاراكتېر ئىقتىدار بىلەن سۈنئىي پىلاننىڭ بىرىكمىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەننى ئېتىراپ قىلاتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ خىل خاراكتېر ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى مۇھىم بىر مىزانىغا ئايلانغانىدى: «ئادەم بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرەلىگەندە باشقىلار بۇنىڭدىن ئىلھام ئالىدۇ.»

پېشقەدەم قەبىلە باشلىقى، ئاقساقاللارنى زىيارەت قىلغاندا ماندېلا كوسالارنىڭ بەزى تارىخلىرىنى ئۆگىنىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن قەبىلىسىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە دېموكراتىيەسىگە بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. ئۇ زىيارەت قىلغان قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنىدى. لېكىن، ئۇلار ئەنئەنىنى ئاغزاكى بايان قىلىش ئۇستىلىرى ئىدى، ھومېر دەۋرىدىكى جاھانكەزدى شائىرلارغا ئوخشاش ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇش يىللىرىدىكى تارىخنى سۆزلەپ بېرەتتى. قەبىلە باشلىقى جوي ھېكايە سۆزلەشكە ئەڭ ماھىر كىشى ئىدى. ئۇ ماندېلاغا ئوخشاش پادىشاھ نۇبانكۇكانىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇ ماندېلاغا ئاق تەنلىكلەرنىڭ كوسالارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تىنچلىقىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى، كوسالارنى ئېچىنىشلىق بۆلۈنۈش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى، يۇرت ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى، ئۇلارنىڭ «ئۇبانتۇ»سىمۇ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ماندېلا كاللىسىدا ھەمىشە ئافرىقىدىكى قەبىلە جەمئىيىتىنى ئىدېئاللاشتۇرۇش كارتىنىسى سىزىپ چىقاتتى. 1962 ـ يىلى تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن

سۆزلىگەن بىر قېتىملىق ئۇزاق نۇتقىدا ئۇ مۇنداق دېگەن:

ئۇ چاغدا، خەلقىمىز ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق دېموكراتىك ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا تىنچ - خاتىرجەم ياشايتتى، بىزنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مېڭىش - تۇرۇش پائالىيەتلىرىمىز ئەزەلدىن ئەركىن ئىدى، ھېچقانداق چەكلىمىگە، توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايتتۇق. ئۇ چاغدا بۇ دۆلەت بىزگە مەنسۇپ ئىدى، بىزنىڭ نامىمىز بىلەن ئاتىلاتتى، دۆلەتنى ئۆزىمىز باشقۇراتتۇق. بىز مەزكۇر دۆلەتنىڭ يەر - زېمىنلىرى، دەل - دەرەخلىرى ۋە دەريا - ئېقىنلىرىغا ئۆزىمىز ئىگىدارلىق قىلاتتۇق؛ يەردىن چىققان كان مەھسۇلاتلىرىمىز ۋە بۇ گۈزەل ۋەتىنىمىزدىكى جىمى بايلىقلىرىمىز بىزگە مەنسۇپ ئىدى. ھۆكۈمىتىمىزنى ئۆزىمىز قۇرۇپ ئۆزىمىز باشقۇراتتۇق، ئارمىيە، سودا - سېتىق ۋە تىجارەتنى ئۆزىمىز كونترول قىلاتتۇق.

ماندېلانىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر سىنىپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش، ئادالەتسىزلىك مەۋجۇت بولمىغان ئالتۇن دەۋر ئىدى، ئۇ دەۋردىكى قەبىلە كومىتېتلىرىنى دېموكراتىيەنىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتاشقا بولاتتى.

كومىتېتتىكى دېموكراتىيە ناھايىتى مۇكەممەل ئىدى، جىمى قەبىلە ئەزالىرى سودا كېڭىشىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالايتتى. قەبىلە باشلىقى بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئاۋام - پۇقرا بولسۇن، پالۋانلار بولسۇن ياكى تېۋىپ - ئەمچىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك كۈچى ئارقىلىق ھەل قىلغۇچ قارارنىڭ چىقىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. كومىتېت تولىمۇ كەسكىن ۋە تەسىر كۈچى بار ئاپپاراتلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قەبىلىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ھەرقانداق مۇھىم ھەرىكەتلەرنى قوللىنالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كوسالارنىڭ تارىخى ماندېلانىڭ بالىلىق دەۋرىدە شۇ قەدەر يېڭى ۋە جانلىق ئىدى. ئۇ چاغدا ياشانغانلار كوسالارنىڭ گۈمران بولۇش ئالدىدىكى يىللارنى ھېلىھەم ئەسلىيەلەيتتى.

ترانسكېيدىكى كوسا تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر — تېمبۇ، پېندو، فىنگو ۋە كوسالارنىڭ ئۆزلىرىمۇ توپتوغرا بىر ئەسىرلىك مەغلۇبىيەت ۋە قۇل بولۇشتەك خورلۇقلارغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى غۇرۇر - ئىپتىخارى ۋە دېموكراتىيەسىنى ساقلاپ قالغانىدى. بەزى كوسالار كويكويلار (شۇ جايدىكى ئاق تەنلىك كۆچمەنلەر ئۇلارنى «خوتتېنتوت» دەپ ئاتايتتى) قاتارلىق يات قەبىلىلەر بىلەن توي قىلغاچقا، كوسالارنىڭ تەقى - تۇرقىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى: ماندېلانىڭ تەقى - تۇرقى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كۆزلىرى قىسىق، مەڭىز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققانىدى، بۇ جەزمەن كويكويلارنىڭ قان سىستېمىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغانىدى. لېكىن، كوسالارنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتى ۋە تىلى ساقلىنىپ قالغانىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىردا نۇرغۇن ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر كوسالار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇس بولۇش، چىرايىدىن ناھايىتى زېرەكلىكى چىقىپ تۇرۇشتەك تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى، يەنە ئۇلارنىڭ دېموكراتىك مۇنازىرە مېخانىزمى ۋە ھۆكۈمىتىنى ئېسىدە تۇتۇۋالغانىدى. ئەنگلىيەلىك دىن تارقاتقۇچى ۋىليام خوردون 1866 - يىلى مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى يېزىپ قالدۇرغان: «ئۇلارنىڭ ئۆز قانۇنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشكەندە، ئۇلار ھەرقانداق ئەنگلىيەلىك ئادۋوكاتقا ئۇتتۇرۇپ قويمايدۇ.» 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئەنگلىيە باش قوماندانى هاررى شىمىس: «كوسا پادىشاھى شىنشا بىچارە جورجى Ⅳ نىڭ چوقۇنغۇچىسى» دېگەن. لېكىن، نەچچە يۈز يىل ئىچىدىكى توققۇز قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئاستا - ئاستا كېيىپتاۋنىدىن شەرققە قاراپ يۆتكەلگەن، كوسالارنىڭ زېمىنى ۋە مۇستەقىللىقى ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارتىۋېلىنغانىدى. 1835 - يىلى هاررى شىمىس كەي دەرياسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ترانسكېيدىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. 1848 -

يىلىغا بارغاندا ئۇ كوسالارنىڭ قەبىلە باشلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەنگلىيەچە تۈزۈمىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىغان، ئۇلاردىن زېمىنلىرىنى ناھىيە، بازار ۋە يېزا دەپ بۆلۈشنى ھەمدە ئۇلارغا ئىنگلىزچە ئىسىم قويۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. «مەن سىلەر ئۈچۈن مەكتەپ قۇرۇپ بېرىمەن، مەكتەپتە چوقۇم ئىنگلىز تىلى دەرسى تەسىس قىلىنىشى كېرەك ... سىلەر ئەمدى قىپيالىڭاچ يۈرىدىغان ياۋايى ھالەتتىڭلاردىن قۇتۇلىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئەمگەك قىلمىساڭلار، تىرىشمىساڭلار، مەڭگۈ مەدەنىيلىشەلمەيسىلەر» دېگەنىدى. 1850 - يىلى 8 - قېتىملىق كوسا ئۇرۇشى پارتلاپ ئىككى تەرەپ قاتتىق ئۇرۇشقانىدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ پۈتۈن كۈچى خوراپ تۈگەپ، ئېغىر دەرىجىدە ھالسىرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىردا كوسالارنىڭ قەبىلە باشلىقىنى ئۇلارنىڭ تاغ ئارىسىدىكى ئىستىھكامىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، «بىرىتانىيە كافرارىيە» نى، يەنى كېيىنكى سىسكېينى ئىشغال قىلىۋالغانىدى.

بۇ قېتىمقى بالايىئاپەت ۋە خورلۇقتىن كېيىن، كوسالار 1856 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئۆز - ئۆزىنى گۇمران قىلغانىدى. ياش ئايال بېشارەتچى نوڭئائۇس كوسالارنى جىمى ئۇلاغ - چارۋىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قايتىدىن گۈللىنىشنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇغان، سىسكېيلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەنە شۇ سەۋەبلىك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. 1878 - يىلى 9 - قېتىملىق كوسا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كوسادىكى ئىككى چوڭ ئۇرۇق ئېنگوجىكا بىلەن گېكالىكا گۇمران بولغان ۋە قوغلاپ چىقىرىلغانىدى، كەي دەرياسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرلانغانىدى. كېيپتاۋىنىنىڭ باش گۇبېرناتورسى، گىراف جورجى گىرېي پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىككى ئۇرۇقنىڭ تارىختىن بۇيانقى قەبىلە باشلىقلىرىنى كېيپتاۋن ئەتراپىدىكى روببېن ئارىلىغا ئەكەلدۈرگەنىدى، «ھەربىر مۇھىم قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ چوقۇم تەسلىم بولۇشى تەلەپ قىلىنغانىدى. ئەگەر ئۇلار جاھىللىق قىلسا دەرھال مەنسىپىدىن

قالدۇرۇلغانىدى.»

ترانسكېينىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پوندولاند 1894 ـ يىلىلا ئاندىن كېيپتاۋىننىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەنىدى. لېكىن، 1910 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاق تەنلىك يەرلىك سوتچىلار كوساغا بولغان رىجىمنى كۈچەيتكەنىدى. ماندېلا ئاق تەنلىكلەرنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى كونترول قىلىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قەبىلىلەردىكى ئۇرۇقداشلارنى باستۇرماقچى بولغانلىقىنى، ئەنە شۇنداق قىلىپ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئورنىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى تەدرىجىي بايقىغانىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىمالدىكى يەنە بىر چوڭ قەبىلە — زۇلۇلارنىڭ ئاق تەنلىكلەر ۋە باشقا يات ئۇرۇقلار ئارىسىدىكى نام ـ شۆھرىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ، كوسالارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. زۇلۇلار باتۇر، جەڭگە ماھىر دېگەندەك خەۋەرلەر تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ باتۇر پادىشاھى شاكا 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى جەنۇبتىكى بارلىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان ۋە بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى. زۇلۇلارنىڭ جەڭگە ماھىر بولۇشتەك شان ـ شۆھرىتى 1879 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تىكلەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا ئەنگلىيە شاكانىڭ ۋارىسى سېتىۋايو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قوزغىغانىدى. يىساندىرۋانا ئۇرۇشىدا سېتىۋايونىڭ لەشكەرلىرى ئەنگلىيەنىڭ 1200 كىشىلىك پۈتۈن ئارمىيەسىنى گۇمران قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ياردەمچى ئارمىيە ئەۋەتكەن، ھەتتا لۇيى ناپالېئوننىڭ ۋەلىئەھدىسىنىمۇ قوشۇپ جەڭگە ئاتلاندۇرغانىدى. لېكىن، ياردەمچى قوشۇن يۆتكىتورمە قوشۇنغا دۈچ كەلگەن، ۋەلىئەھد زۇلۇلارنىڭ نەيزىسى ئاستىدا ئۆلگەنىدى (دېسلىرى: «زۇلۇلار ئادەتتىكى قەبىلە ئەمەس ئىكەن. ئۇلار گېنېراللىرىمىزنى مەغلۇپ قىلىپ، باش ئېپىسكوپىمىزنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ پادىشاھلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى» دېگەن.)

يىساندىرۋانادىكى نومۇس ئەڭ ئاخىرى 7 ـ ئايدا يۇيۇلغان، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ۋۇلۇندى ئۇرۇشىدا سېتىۋايونى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغانىدى، زۇلۇلار گۇمرانلىققا يۈز تۇتقانىدى؛ لېكىن، زۇلۇلارنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭگە ماھىرلىقى مەڭگۇ تارقالغانىدى.

كوسالارنىڭ ئاقساقىلى زۇلۇلارغا ئوخشاش جەڭگە ماھىر، قەيسەر ئەمەس ئىدى. كوسا ئۇرۇشىدىن كېيىن كوسالارنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىر سۇنغان پېتى ئىككىنچىلەپ ئەسلىگە كەلمىگەنىدى، بەزىدە تېخى دەردىنى ھاراقتىن ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى خارابىلىكلەردە باشقىچە بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەت يوشۇرۇن بىخلانغان، ئۇ بولسىمۇ دىنىي مەكتەپ ۋە خىرىستىيان مەدەنىيىتى ئىدى. ياش ئوغۇل ـ قىزلار ئۇنىڭ تەسىرىدە ئىنتىزامچان، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد كوسا سەرخىللىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇلار غەرب ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا بولغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ لىبېرالىزملىق ئەنئەنىسى كېيىپتاۋنىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، دىن تارقىتىش بازىلىرى ئۆزۈكسىز كېڭەيگەنىدى، قارا تەنلىكلەرمۇ سايلامدا بېلەت تاشلاش سالاھىيىتىگە ئېرىشىشكە باشلىغانىدى. مائارىپ تەربىيەسى ئالغان كوسا ياشلىرى ھازىر قانۇنىي دەلىل ـ ئىسپات، تەھلىل ۋە مۇنازىرە قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ. كوساغا دەسلەپكى مەزگىللەردە كەلگەن ئاق تەنلىكلەر ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىقتىدارىغا دىققەت قىلغانىدى. بۇ يول ئۇلارنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى قارا تەنلىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي ھەرىكەتكە باشلىغانىدى، بەزىدە ئۇ 10 ـ قېتىملىق كوسا ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتالغانىدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش بۇ كوسا ياشلىرى ئاخىر روبېن ئارىلىغا يولغا سېلىپ قويۇلغانىدى. لېكىن، ئۇلار قورال كۈچى بىلەن

ئەمەس، بەلكى ئاغزىغا تايىنىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

شوتلاندىيەلىكلەر بىلەن ئامېرىكا ئىندىيانلىرى قاتارلىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مىللەتلەرگە ئوخشاش، كوسالارمۇ ئۆز تارىخىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ كۆپىنچىسى ئاغزاكى ساقلانغان بولغاچقا، تاشقى دۇنيادىكىلەر ئاسانلا سەل قارىغانىدى. ماندېلاغا دەرس بەرگەن ز. ك. مارتىيو ئىسىملىك بىر ئافرىقىلىق پىروفېسسور: «ياۋروپالىقلار بىزگە ئۇلار ئۆزلىرى توقۇپ چىققان تارىخنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولىدۇ»، «بىزدىن ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلارغا، بىزنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە بولغان باھاسىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداق قىلىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەيدۇ ماندېلا پۈتۈنلەي غەرب مائارىپىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز تارىخىنى ئاغزاكى بايان قىلىشنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنىدى، ئاقساقاللار سۆزلەپ بەرگەن كوسالارنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئىلھام ئالغانىدى. «مەن قەبىلىمىزدىن قەھرىمانلارنىڭ كۆپ چىققانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، مەندە ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىدى. ئەمما، بۇ تارىخنى قانداق تارقىتىشنى بىلمەيتتىم. لېكىن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مەن بۇ تارىخنى چىڭ خاتىرىلىۋالدىم.» كۆپ ساندىكى ئاق تەنلىك تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، كوسالارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشلىرى ئۆتمۈشتىكى ئىش، ئۇ غەربنىڭ ھەربىي يۇرۇشلىرى ۋە تېخنىكىسىنىڭ شەپقەتسىزلىك لوگىكىسى بىلەن تولغان. لېكىن، ماندېلا ۋە باشقا مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن كوسالارنىڭ قارىشىچە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ كوساغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقى تېخى يېقىندىلا بولغان ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماندېلا شۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايتتىكى، ئۇ تۇغۇلۇشتىن 100 يىل بۇرۇن ئاتا ـ ئەجدادلىرى پۈتكۈل رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

## 2. بۇرچ

### (1934 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە)

1934 ـ يىلى 16 ياشلىق ماندېلا تېمبۇلۇق 25 بالا بىلەن بىللە نائىب پادىشاھنىڭ ئوغلى گارتىسقا ئەگىشىپ باشى دەرياسى ساھىلىدىكى جىلغىغا كەلدى. بۇ ــ كەلگۈسىدە تېمبۇلارغا پادىشاھ بولىدىغانلار خەتنىسىنى قىلدۇرىدىغان ئەنئەنىۋى سورۇن ئىدى. بۇ مۇراسىمغا قاتناشمىغان كوسالار ۋەزىپىگە تەيىنلىنەلمەيتتى. ماندېلا ئوغۇللارنىڭ چوڭ بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇ مۇراسىمنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىدە، ئەينى چاغدىكى مەنزىرە كۆز ئالدىدا ئېنىق نامايان بولاتتى: ئۇلار ئاۋۋال ھېلىقى «دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن» جايدا بىرنەچچە كۈن تۇردى. مۇراسىمدىن بىر كۈن بۇرۇنقى ئاخشىمى ئۇلار شۇ جايدىكى ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ناخشا ـ ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئەتىسى سۇبھى مەزگىلدە ئۇلار دەريادا يۇيۇندى، ئاندىن كىگىزگە ئورىنىپ سەپكە تىزىلىپ، چوڭلار ۋە نائىب پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، بۇ باللار ئۆزلىرىنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتىنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلدى.

ياشانغان خەتنە ئۇستىسى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى. ھەربىر بالا ئۆزىگە نۆۋەت كەلگەندە: «مەن دېگەن باتۇر !» دەپ قاتتىق توۋلىشى كېرەك ئىدى. ماندېلا تۇرۇپ جىددىيلەشسە، تۇرۇپ خەتنىسىنىڭ تېزرەك قىلىنىپ بولۇنىشىغا تەشنا بولاتتى. ئۇ شۇ چاغدىكى ئىشنى ئەسلەپ: «خەتنە ئۇستىلىرى

خەتنىلىكىمنى كەسكەندە قوغۇشۇن ئېرىتمىسى تومۇرلىرىمدا ئاققاندەك تۇيغۇدا بولدۇم» دەيدۇ. ئۇ بېشىنى پاخال ئىچىگە تىقىپ تۇرغان شۇ قىسقىغىنا پەيتتە ئۆزىنىڭ نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى، بىردەمدىن كېيىنلا ئاندىن: «مەن دېگەن باتۇر!» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما باتۇر ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى: «مەن باشقا ئوغۇللارغا ئوخشاش قاۋۇل، بەستلىك ئەمەس ئىدىم.»

مۇراسىم ئاياغلاشتى، ئۇلار خەتنىلىكىنى كۆمۈپ بولۇپ، يۈزلىرىنى ئاق رەڭدە بويىغاندىن كېيىن يەنە دەرياغا چۈشۈپ يۇيۇندى. ماندېلا ئۆزىنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتىدىن قالتىس پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭغا دالىبانگا دەپ يېڭى ئىسىم قويۇلدى، بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى پارلامېنت ئاساسچىسى دېگەنلىك بولاتتى. ئۇ ئەمدى مەيدىسىنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭى خىرىسلارغا يۈزلىنەلەيتتى. ماندېلا ھېلىھەم ئۆزىنى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر قەبىلىنىڭ ئەزاسى، دەپ ھېس قىلاتتى. شۇڭا، قەبىلە ئاقساقىلى مېرىگىچىرى بالىلارغا: «سىلەر ئەمدى مەڭگۈ ھەقىقىي باتۇر بولالمايسىلەر، چۈنكى سىلەر گۇمرانلىققا يۈز تۇتقان بىر مىللەتكە تەۋە. سىلەر ئەمدى ئۆز دۆلىتىڭلارنىڭ زېمىنىدا پەقەت قۇللۇق تۇرمۇشىنىلا كەچۈرەلەيسىلەر» دېگەندە، ماندېلا ناھايىتى ھەيران قالغانىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ماندېلا بۇ ئاقساقالنى ئالفرېد شۇما، يوسېف دادۇ، جامۇس فىلىپىس ۋە مايكول ھامورلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى، ئۇنىڭ ناھايىتى جەسۇر سىياسىيونغا خاس پىشۋا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇ ئاشۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ ئەرلىك سالاھىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەۋزەللىك مەرتىۋىسىدىن ئىپتىخارلىنىپ يۈردى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە دوستىنىڭ خەتنە قىلىش مۇراسىمغا قاتناشمىغانلىقىنى تاسادىپىي يوسۇندا ئۇقۇپ قېلىپ

قاتتىق ھەيران قالدى. تاكى كېيىن يوھاننېسبۇرگتا سىياسىي سەھنىگە يۈرۈش قىلغان چېغىدىلا، ئاندىن ياش ۋاقتىدىكى بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشتىن ھوشىنى تېپىپ، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ماندېلا تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل بولغان بىر قېتىملىق بۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈردى، يەنى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇغىلى كەلدى. نائىب پادىشاھ ئۇنىڭغا ياخشى مەكتەپ تەربىيەسى ئالدۇرۇپ، ئۇنى كەلگۈسىدىكى پادىشاھ ساباتانىڭ ۋەزىرى قىلماقچىدى. نائىب پادىشاھ ماندېلانى مېتودىستلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كلاركبۇري مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى. ماندېلا ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياتاقلىق مەكتەپ تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇ مەكتەپ باشى دەرياسىنىڭ يەنە بىر قىرغىقىدا بولۇپ، نائىب پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى گارتىسمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساباتامۇ مۇشۇ يەردە ئوقۇماقچىدى. كلاركبۇري مەكتىپىنىڭ تېمبۇ خان ئوردىسىدىكى نامى ناھايىتى ياخشى ئىدى: بۇ مەكتەپ 1825 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ماندېلانىڭ بوۋىسى پادىشاھ نۇبانكۇكا مېتودىستنىڭ پېشۋاسى ۋىلىيام شاۋ بىلەن كۆرۈشكەن، ۋىلىيام شاۋ ئۇنىڭ زېمىنىدا بىر دىنىي جەمئىيەت تەسىس قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن. مەكتەپنى رىچارد خارتى ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى قۇرغان. مەكتەپ پادىشاھ تۇرىدىغان جايدىن نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا بولۇپ، مەكتەپ ئەنگلىيەلىك مەشھۇر تېئولوگىيە ئالىمى ئادام كىراچ دوكتورنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىدى.

مېتودىست مۇرىتلىرى دىن تارقاتقۇچىلار ئىچىدە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش روھى ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىگە كەلگەنىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار تۇرۇپ بىرلەشسە، تۇرۇپ بۆلۈنۈپ تازا چىقىشىپ كېتەلمىگەنىدى. نۇرغۇن كوسا

ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ قارىشىچە، دىن تارقاتقۇچىلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ۋاكالەتچىسى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا رىقابەتلىشىۋاتقان قەبىلە ئاقساقاللىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇلارنى قورالىرىدىن ئايرىۋەتكەنىدى: تروتىسكىيچى يازغۇچى نوسىبو ماچېك 1952 ـ يىلى مېتودىست دىن تارقاتقۇچىلار «ھەر ۋاقىت ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىشقا تەييار تۇراتتى»، ئۇلارنىڭ يەنە پادىشاھ شىنشانى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۇنىڭغا تىغ كۆتەرگۈزۈش ئىقتىدارىمۇ بار ئىدى، دەپ يازغانىدى. لېكىن، دىنىي جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلىرى ھەمىشە ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ، كوسا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇستەقىل رول ئويناپتتى. تاكى 1935 ـ يىلىغىچە پۇتكۈل جەنۇبىي ئافرىقىدىكى دىنىي جەمئىيەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىغان ئافرىقىلىق ئوقۇغۇچى 342 مىڭ 181 گە يەتكەنىدى. تارىخشۇناس لېيوناردو تامپسوننىڭ خاتىرىلىشىچە، دىنىي جەمئىيەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئافرىقىدىكى بارلىق قوغدىنىش رايونلىرىنى تولۇق قاپلىغانىدى.

ماندېلا دىنىي جەمئىيەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇ مەكتەپنىڭ ئائىلە باشلىقى ھۆكۈمرانلىقى شەكلىدىكى ئىستىلى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى ئەيىبلىگەن. «بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئەنگلىيەنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدۇق» دەيدۇ ئۇ: «چۈنكى، بۇ دۆلەتنىڭ مائارىپى دەل ئەنگلىيەلىك لىبېرالىزمچىلار ۋە دىن تارقاتقۇچىلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.» مەكتەپتىن ئايرىلىپ 60 يىلدىن كېيىن ماندېلا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى قارا تەنلىكلەر مائارىپىغا تېخى يېقىندىلا ئەھمىيەت بېرىشكە

باشلىدى. مەكتەپنى دىنىي ئورگانلار قورۇپ بەرگەن، ئەسلىھەلىرىنى ئۇلار تەمىنلىگەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنىمۇ ئۇلار تارقاتقان، شۇڭا دىن بىزنىڭ قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن.» تۇرمىدىكى ۋاقتىدا ئۇ ماچېك ئىدىيەسىنى قوللايدىغان تروتىسكىيچىلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، تاشقى دۇنيادىن خەۋەر ۋە ئىلھام ـ مەدەت ئېلىپ كېلىدىغان باستېرلارنىمۇ قارشى ئالغان. ئۇ ئىلگىرى دىنىي جەمئىيەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئوقۇتقۇچىسىغا خەت يېزىپ، ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ رەھمىتىنى بىلدۈرگەن. ئۇ قەبىلە باشلىقلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ سىياسىي تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتكەن: «مېنىڭ قارىشىمچە، ئىككى تەرەپنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى تەسىر كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەن» دەپ يازىدۇ ئۇ: «دەل شۇ ۋەجىدىن، مەن ئۇلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغاندا ئېھتىياتچان بولۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىدىم.»

1934 ـ يىلىغا كەلگەندە ماندېلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ۋاقتىدا، كلاركبۇري مەكتىپى تېمبۇدىكى ئەڭ چوڭ مائارىپ مەركىزىگە ئايلانغانىدى، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەنگلىيەلىك دىن تارقاتقۇچىلار ئىدى. مەكتەپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغان بولۇپ، تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قاتار ـ قاتار كەتكەن ئۆيلەر تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئىنستىتۇتى، بىر ئوتتۇرا كەسپىي ئىنستىتۇت، بىر ئەمەلىيەت دەرسى تەربىيەلەش بازىسى بار ئىدى. مەكتەپ قورۇسىدا يەنە قىز ـ ئوغۇللار ياتىقى، تەنھەرىكەت مەيدانى ۋە چويلا توپ مەيدانى بار ئىدى، پۈتكۈل مەكتەپ رايونى ئانكىبو رايونىدىكى بىر يالغۇز تاغ ئېتىكىگە جايلاشقانىدى. مەكتەپ گەرچە تاشقى دۇنيا بىلەن مۇستەقىل ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى، كىشىگە ناھايىتى ئىللىق تەسىر

بېرەتتى. ھالبۇكى، 1953 ـ يىلى بانتۇ مائارىپى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئىككىنچى سىلىشتۇرغاندا، كلاركبۇرىي مەكتىپىنىڭ بۇرۇنقى نەتىجىلىرى بەكرەك كۆزگە چېلىقاتتى. قايسىبىر يىلى قوللاش مەبلىغى پۈتۈنلەي توختاپ قېلىپ، پەقەت بىرلا كىچىك ئىنستىتۇت ۋە بىر ئېغىزلىق مېتودىست چېركاۋى بىر پارچە خارابىلىك ئىچىدە سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئوقۇغۇچىلار ترانسكېيدىكى بانتۇستان ھۆكۈمىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ جىمى بىنالىرى ۋە ياتاقلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، ھازىرقى كلاركبۇرىي پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلانغان بولۇپ، ئىنتايىن ۋەيرانە قىياپەتتە كۆزگە تاشلىنىدۇ. لېكىن، خارابىلىك ئىچىدە قېلىپ قالغان نەرسىلەر بۇ مەكتەپنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنەتىگە شاھىت بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر مەكتەپ رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا بەزى ئۆيلەر قايتىدىن قۇرۇلماقتا. بىر باستېر چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ مەكتەپتە كەلگۈسىدە كوسالارنىڭ يالغۇز خىزمەت ئىزدەش ئىقتىدارىلا ئەمەس، يەنە تېخى ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىمۇ تەڭ يېتىلدۈرۈلىدۇ. ماندېلا شۇ يەردىكى ئاھالىلەرگە كىچىك جايلاردىمۇ ئۇلۇغ رەھبەرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ماندېلا ھازىرمۇ كلاركبۇرىي مەكتىپىنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ مەكتەپنى ئىپتىخارلىق ئىلكىدە تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئەسلىمىلىرىدە يازىدۇ.

1934 ـ يىلى كلاركبۇرىي مەكتىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئەينى چاغدىكى باشقۇرغۇچى سېيشىل ھارس ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى ئىدى، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى، كوسالار مەھەللىسى ۋە يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. نائىب پادىشاھ ماندېلاغا: «ھارسنىڭ قەلبى تېمبۇلارغا مايىل، ئۇنى ھۆرمەت قىل» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا ھارس بىلەن

ھېيىقىش ئىلىكىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنىدى. ئۇ ماندېلانىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى ئىدى. ھارىس كلاركبۇري مەكتىپىنى ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرغانىدى، شۇڭا ئۇنى بىر مەكتەپ مۇدىرىغا ئەمەس، بەلكى بىر ئۇرۇش قوماندانىغا بەكرەك ئوخشىتىشقا بولاتتى. ئۇنىڭدا ئاقسۆڭەكلەرگە خاس بىر خىل سۈلەت بار ئىدى، يول ماڭغاندا ھەربىيلەرگە خاس سالاپەت بىلەن ماڭاتتى، چۇنكى ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدى. «ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بەك قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ئازراقمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلمايتتى» دەيدۇ ماندېلا ئەسلەپ. لېكىن، ھارىسنىڭ گۈللۈكىدە ئىشلەۋاتقاندا ماندېلا ھارىس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ناھايىتى مۇلايىم، دوستانە تەرىپىنىمۇ كۆرگەنىدى. كۆپ يىللاردىن كېيىن، ماندېلا تۈرمىدە ھارىسنىڭ قىزى ماۋس كىناپىنىڭ ئادرېسىنى ئىزدىگەن. ماندېلا كلاركبۇري مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ يېشى تېخى كىچىك ئىدى.

ماندېلا ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇ خان ئوردىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى مەكتەپنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. لېكىن، دەل ئەكسىچە، بىر قىز ساۋاقدىشى ئۇنى مەسخىرە قىلغان. چۇنكى، ئۇ سەھرا تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى، دەرس ۋاقتىدا ئىنكاسى ئاستا ئىدى، يۇتىغا يېپىپىڭى ئۆتۈك كىيىپ مېڭىشلىرى بەئەينى باغلاپ قويۇلغان ئاتنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ رايوندىكىلەرنىڭ مەرتىۋىگە ئەمەس، تۆھپە ـ ئۆتۈق ۋە پەم ـ پاراسەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. لېكىن، ماندېلا تۇنجى قېتىمدىلا زەربىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى. ئۆزىنىڭ قالتىس ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئىككى يىل ئىچىدىلا تۆۋەن دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ يەنە ئۆمۈرلۈك ياخشى دوستلارنى تۇتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بۇلۇكىبارا بار ئىدى، بۇ كىشى كېيىن قالتىس

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دوختۇر بولغان ھەمدە ترانسكېي ئۆكتىچىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۈرمىدىكى ماندېلا بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويمىغانىدى؛ ئاسىن دامانى، بۇ كىشى كېيىن رادىكال ژۇرنال «قوغدىغۇچىلار گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بولغانىدى، 1960 ـ يىلى ماندېلا بىلەن بىرلىكتە پرېتورىيەدە تۈرمىگە كىرگەنىدى؛ خىدېن خىدىيۆي بولسا كلاركبۇري مەكتىپىنىڭ بىر داڭلىق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، بۇ كىشى كېيىن مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىققان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇبىن مۇفاكىنمۇ بار ئىدى، بۇ كىشى ئىلزابېت پورتىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپلىرىدىن ئىدى، ئۇمۇ ماندېلاغا ئوخشاشلا رۇببېن ئارىلىغا ئاپىرىۋېتىلگەنىدى.

ماندېلا كلاركبۇري مەكتىپىنىڭ تەبىقە تۈزۈمىنى، تاماقلىرىنى، تاماقلىرىنىڭ مىقدارىنىڭ بەك ئازلىقىنى، بەتتەملىكىنى ئاندا ـ ساندا تەنقىد قىلىپ قوياتتى. لېكىن، بۇ تۇنجى ئانا مەكتىپى ئۇنىڭغا ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇتقان ھەمدە ئۇنى تېمبۇدىنمۇ كەڭ بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەنىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يوھاننېسبۇرگ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلاردىن كېلەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش ئىدى. چۈنكى، كلاركبۇري مەكتىپى ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەر بىلەن ئوخشمايتتى، بۇ مەكتەپ قىز ـ ئوغۇللارنى ئارىلاش قوبۇل قىلاتتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ماندېلا يەنىلا كۆڭلىدە ئۆزىنى تېمبۇلارغا تەۋە دەپ قارايتتى، خان ئوردىسى جەمەتىگە سادىق بولۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايتتى ھەمدە «يىلتىزىم دېمەك ـــ تەقدىرىم دېمەكتۇر» دېگەن گەپكە قاتتىق ئىشىنەتتى.

ماندېلا كلاركبۇري مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ چوڭ بىر دىنىي جەمئىيەت

باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ خىلدتوۋىنغا ئەۋەتىلدى، بۇ قېتىممۇ ئۇ ئوخشاشلا نائىب پادىشاھىنىڭ ئوغلى گارتىسقا ئەگىشىپ بۇ مەكتەپكە كەلگەندى. خىلدتوۋىن مەكتىپى كلاركبۇرىي مەكتىپىگە ئوخشاشلا ناھايىتى چەت يەرگە جايلاشقانىدى: بوفبېرگدىن يولغا چىقىپ، ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىنى بويلاپ ئون ئىنگلىز مىلى مېڭىپ، بىرنەچچە جىرالاردىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ۋىكتورىيە ئۇسلۇبىدىكى بىرمۇنچە چىرايلىق قۇرۇلۇشلار كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولاتتى. ھازىرقى خىلدتوۋىن مەكتىپى كلاركبۇرىي مەكتىپىگە ئوخشاش زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. لېكىن، بۇرۇنقى ئاۋات مەركىزى رايون، جۇملىدىن ھەشەمەتلىك قوڭغۇراقلىق مۇنار كوكاكولا شىركىتىنىڭ ياردىمىدە قايتىدىن قەد كۆتۈردى؛ لېكىن، زور كۆپ ساندىكى ياتاق بىنالىرىنىڭ دېرىزىلىرى چېقىلىپ، كاھىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىچى قۇپقۇرۇق، بوران ئۇچۇپ تۇراتتى، تاشقىرقى ھويلىسىدا شىۋاق ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن، پۈتكۈل مەكتەپ رايونى تولىمۇ غېرىبانە ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

خىلدتوۋىن مەكتىپى كلاركبۇرىي مەكتىپىدىن 30 يىل كېيىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى تېخىمۇ ئەگرى ـ توقايلىققا تولغانىدى. 1855 ـ يىلى سېر ھاررى شىمىس ئەتراپىدىكى كوسا قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغانىدى، خىلدتوۋىن مەكتىپى ئەينى چاغدا ئۇرۇش بولغان جاينىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرگەنىدى. مەكتەپ رايونى كوسالار جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پاناھلانغان جايغا ــ ئاماتولادىكى قىيانىڭ ئاستىغا جايلاشقانىدى، بوفبېرگ، فورتخاير ۋە فورتبىراۋىندىن ئىبارەت ئىلگىرى ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ چېگرا پورتى تەرىپىدىن قورشىلىپ تۇرغانىدى، بۇ يەر بۇ ھالىتى بىلەن بەئەينى ئەنگلىيەنىڭ بىر ئالدى قاراۋۇلخانىسىغا ئوخشايتتى. خىلدتوۋىن سېپى ئۆزىدىن بىر مېتودىستلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى

مەكتەپ بولۇپ، جامۇس شىرلىدنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىدى. جامۇس شىرلىد ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ، مەشھۇر مېتودىست مۇرىتى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىلدتوۋن مەكتىپى ئەمەلىي مەشغۇلات ئارقىلىق فىنگودىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سانائەت جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى باش مەقسەت قىلغانىدى. بىرىنچى قېتىملىق تەجرىبە مەغلۇپ بولغانىدى، لېكىن خىلدتوۋن مەكتىپى ئوقۇتۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش مەكتىپىگە، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر ئوتتۇرا ۋەزىپىدىكى مەكتەپكە ئايلانغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا خىلدتوۋن مەكتىپىدىكى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 800دىن ئاشقانىدى. بۇ مەكتەپ لىۋ دېل، سان مارتىيو ۋە فورتخاير قاتارلىق دىنىي جەمئىيەت باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ مەركەزلىرىگە يېقىن ئىدى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ياخشى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەتراپقا يىغىلغانىدى.

كلاركبۇرىي مەكتىپىگە ئوخشاش، خىلدتوۋن مەكتىپىدىمۇ پۈتۈنلەي ئەنگلىيەچە مائارىپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، كوسا مەدەنىيىتىگە پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك ئورۇن قالمىغانىدى. دىنىي جەمئىيەت بىلەن ئىمپېرىيالىزم ئەنئەنىسى ھەر دائىم قوشۇلۇپ كېتىشتەك ئەھۋاللار بولۇپ تۇرغان. بولۇپمۇ يەكشەنبە كۈنلىرى قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك، قارا چاپان كىيىپ، زىغىر رەڭ بىلەن سىرىق رەڭ ئارىلاش گالىستۇك تاقاپ، رەتلىك تىزىلىپ چېركاۋغا كىرەتتى. ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقى چىقىرىلغاندا ئۇلار مەكتەپ ئوركېستىرى چالغان مۇزىكا ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ «تەڭرى پادىشاھىمنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ»، «جەنۇبىي ئافرىقام ئامان بولسۇن» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتاتتى، يېقىن جايلاردىن كەلگەن سایاھەتچىلەر رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە ياندا كۆرۈپ تۇراتتى. مىسسىيونېر ئاسېن

ۋىللىڭتون 1927 ـ يىلىدىن باشلاپ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ تولىمۇ جاھىل ئەنگلىيەلىك ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋاتېرلۇ ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغۇچىلار ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ قان سىستېمىسىدىن پەخىرلىنەتتى. ۋىللىڭتون مەكتەپتە ئەنگلىيەلىك خىزمەتچى ـ خادىملارنىڭ ياردىمىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئەنگلىيە تارىخى ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرىنى سىڭدۈرگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەنگلىيەلىك مەشھۇر شەخسلەرنى مەكتەپكە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان، مۇشۇ ئارقىلىق مەكتەپنى تەشۋىق قىلغانىدى. ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئارىسىدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باش گۇبېرناتورى كلارېندونمۇ بار ئىدى. ماندېلا خىلدتوۋىن مەكتىپىگە كېلىشنىڭ ئالدىدا كلارېندون مەكتەپنىڭ يېڭى ياتىقى ۋە ئاشخانىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ئىدى.

ۋىللىڭتون زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر، ئۆز بېشىمچى ئادەم ئىدى، ئۇ خىلدتوۋىن مەكتىپىنى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ مائارىپ ئاپپاراتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى جاكارلىغانىدى (ئەمەلىيەتتە لېۋدېل مەكتىپى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىدى.) ئۇ يەنە خىلدتوۋىن مەكتىپىدە ھاراق ئىچىشنى چەكلىگەنىدى. قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى «گىراف» دەپ ئاتايتتى، ئۇنى بىر دىنىي سىياسىيون ئورنىدا كۆرەتتى. 1932 ـ يىلىدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش مەكتىپىنى جېك دۇگارد ئىسىملىك بىر كىشى باشقۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ: «ۋىللىڭتوننىڭ قولىدا ئىلگىرى ۋەيران بولغان ئوقۇتۇش رايونى ناھايىتى تېزلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مائارىپ مەركىزىگە ئايلاندى» دەپ يازغانىدى.

خىلدتوۋىن مەكتىپى بىلەن كلاركبۇرىي مەكتىپىنىڭ مېتودىست ئەقىدىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ماندېلانىڭ دىنىي ئېتىقادىغا زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. ئۇ مەڭگۈ بىر

ھەقىقىي مۆرىت بولالمايتتى. ئۇنىڭ كېيىن ئارىلاشقان نۇرغۇن دوستلىرى، ھەتتا ئۇنىڭ ھازىرقى ئايالىمۇ مېتودىست تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغانىدى. لېكىن، مەكتەپتىكى پرىتىسسىئانىزم كەيپىياتى، قاتتىق ئىنتىزام، ئادەم پىسخىكىسىنى تاۋلاش ئۇسۇللىرى، مېتودىست دىنىي جەمئىيىتى دائىم تەكىتلەيدىغان «ئىدىيەدىنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى تاللىۋېلىش كېرەك» دېگەن ئەقىدە ماندېلاغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئىزچىل تۈردە هاراقكەشلىك ۋە ئەپسانە گەپلەرنى قىلىشقا قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى. ياتاقلىق مەكتەپ مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن مۇستەقىللىق روھىمۇ ئۇنى تېخىمۇ قەيسەر قىلىۋەتكەنىدى.

ماندېلانى جەلپ قىلغىنى يالغۇز مېتودىست كەيپىياتى بولماستىن، يەنە ئەنگلىيەنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيەسىمۇ بار ئىدى. 50 يىلدىن كېيىن، ئۇ تۈرمىدە كىراسكادىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مەن سەھرالىق بالا بولسامۇ، لېكىن، لوندون ۋە كىراسكاغا بولغان تونۇشۇم كېيپتاۋىن بىلەن يوھاننېسبۇرگقا بولغان تونۇشۇمدىن كەم ئەمەس» دېگەنىدى. ئۇ خېتىدە شوتلاندىيەلىك ۋەتەنپەرۋەر ۋىلىيام ۋاللاسسى، روبېرت بىرۇس ۋە گىراف ئاگلىنى تىلغا ئالغان. لېكىن، ماندېلا «ئەنگلىيەلىك نېگىر» بولۇشنى خالىمايتتى. تارىخ دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىمىنىڭ تەسىرىدە ماندېلا كوسا مەدەنىيىتىدىن چوڭقۇر ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلغان. ئۇنىڭ تارىخ مۇئەللىمىنىڭ ئىسمى ۋېفىر نيۇۋانا بولۇپ، ماندېلا بۇ مۇئەللىمگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇ ماندېلا پىششىق بىلىدىغان كوسا ئۇرۇشى ھەققىدىكى تارىختا ئۆزىنىڭ ئاغزاكى بايانىدىن نۇرغۇن مەزمۇنلارنى قوشۇۋەتكەنىدى. 1938 ـ يىلى ماندېلا كوسا ئەڭ ياخشى نەسر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، مەشھۇر كوسا شائىرى كران مۇكۋاي ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە كەلگەنىدى. بۇ شائىر

ئۇچىسىغا جەنۇبىي ئافرىقىچە جىلىتكە كىيىپ، قولىدا ئىككى تال نەيزە تۇتقىنىچە كوسالارنىڭ داستانىنى دېكلاماتسىيە قىلغانىدى.

ماندېلا بىرقانچە كوسالىق باللار بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى، كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ئافرىقا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇنىڭ ئىچىدە كىم نونۇيېمو بار بولۇپ، ماندېلا كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يوھاننىسبۇرگتا ئاچلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ سىنىقىنى تەڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. كىم كېيىن دوختۇر بولدى. ئۇ ــ ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ يادرولۇق تەشەببۇسچىسى ئىدى. ماندېلا يەنە سوتو قەبىلىسىگە تەۋە ساگارىيا مالېيتقا ئوخشاش باشقا قەبىلىلىك باللار بىلەنمۇ دوستلاشتى. ئۇ كېيىن يوھاننىسبۇرگتىكى ئالكساندىرا رايونىدا ماندېلاغا ناھايىتى زور ياردەم قىلدى. سوتو قەبىلىسىگە تەۋە يەنە بىر ئادەممۇ ماندېلادا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ئۇ بولسىمۇ مىسسىيونېر سىرانسىس مۇكتىم ئىدى. ئۇ كېيىن مېتودىست چېركاۋىدىكى تۇنجى قارا تەنلىك پوپقا ئايلاندى. مىسسىيونېر مۇكتىم ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تامىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن نەچچە قېتىم ئۆزگىرىش قىلىپ باقتى.

خىلدتوۋن مەكتىپىدىكى ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچىلار قارا تەنلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئۇچراشمايتتى، ئۇلار ئايرىم تاماق يەيتتى. ئىلگىرى بىر ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچى قارا تەنلىكلەر بىلەن بەك يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، باشقا ئاق تەنلىك خىزمەتداشلىرىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان ۋە ئەڭ ئاخىر خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. فېرىس نىتانتارا ئىلگىرى: «خىلدتوۋن مەكتىپى ئەزەلدىن ئىرقچىلىق ئەۋج ئالغان جاي ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق!» دەپ يازغانىدى. فېرىس نىتانتارا ئىلگىرى خىلدتوۋن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ 1935 ـ يىلى خىلدتوۋن مەكتىپىدىن

ئايرىلغان، ئۇنىڭ ئوغلى پارو جوردان كېيىن ماندېلانىڭ ئىچكى كابىنېتىغا كىرگەن. شۇنداق بولسىمۇ بىرنەچچە ئاق تەنلىك ياش ئوقۇتقۇچىلار قارا تەنلىك خىزمەتداشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دوستلاشقان. خىلدتوۋن مەكتىپىمۇ كلاركبۇرىي مەكتىپىگە ئوخشاش قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاش قوبۇل قىلاتتى، لېكىن سىنىپتىن چىققان هامان قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئايرىۋېتىلەتتى، ئەگەر قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار پاراڭلىشىپلا قالسا مەكتەپتىن قوغلىناتتى. لېكىن، 1935 - يىلىغا كەلگەندە مىسسىيونېر مۇكتىم هەر يەكشەنبە كۈنى قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئارىلىشىپ تاماق يېيىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ كۈنى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسە بولاتتى. باي رايونلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار نەزەر دائىرىسى سەل كەڭ بولغاچقا ئۇلارغا نىسبەتەن بۇنداق كۈنىنىڭ كېلىشى ناهايىتى ياخشى پۇرسەت هېسابلىناتتى. فېرىس نىتانتارا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كەچلىك تاماقتا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى كىشىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتەتتى.» لېكىن، ئادەتتىكى ئائىلىلەردە چوڭ بولغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياۋروپاچە ۋىلكا - پىچاقلارنى ئىشلىتىش قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ ئۆزى بىر خىل بېسىم ئىدى. ماندېلا بۇنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تاماق ئۈستىلىدىن قورسىقىمىز زادىلا تويمىغان هالدا، بىئارامچىلىق ئىلكىدە ئايرىلاتتۇق.»

ئۇ چاغلاردا كىنەز ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرى تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلەرنىڭ كەلگۈسىدە قارا تەنلىكلەرنىڭ رەهبىرى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. تاماقنىڭ سۈپىتى بەك ناچار بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار پات - پاتلا قارشىلىق كۆرسىتەتتى ياكى دەرس تاشلايتتى. بۇ ئىش كىنەز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى

قەبىلە، شەھەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشقا ئارتىپ قوياتتى. 1936 - يىلى «ھېرتزوگ قانۇن لايىھەسى» نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي كۆرەشلەر بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. «ھېرتزوگ قانۇن لايىھەسى» قارا تەنلىكلەرنىڭ بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان، يەنە تېخى يەرلىك فىنگولارنىڭ قولىدىكى يەر خەتلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچىنى بىكار قىلغانىدى. دىنىي جەمئىيەت خادىملىرى فىنگولارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئامالسىز قالغان. شۇ ۋەجىدىن، فىنگو ئاھالىلىرىنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بىراقلا بەربات بولغان، لېكىن ئاشۇ ۋاقىتتا ماندېلانىڭ قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىسى بەكلا مۈجمەل ئىدى. ئۇ خىلدتوۋن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا 1912 - يىلى قۇرۇلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانىدى. تېمبۇ پادىشاھى 30 تۇياق كالا بەدىلىگە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ئۆز قەبىلىسى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن. لېكىن، ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئۇ ناھايىتى كەتتە كىشىنىڭ ئەس - خاتىرىسىدە ئۇزاققىچە خىرە - شىرە ساقلىنىدىغان بىر كۆلەڭگە ئىدى.» دىنىي جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلىرى بارلىق سىياسىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى «كوممۇنىزمنىڭ قۇتراتقۇلۇقى»غا ئارتىپ قويۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئادەتتىكى قارا تەنلىكلەر جامائىتىگە ئوخشىمايدىغان بىر تۈركۈم سەرخىللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇق» دەپ ئويلايتتى. بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئۇلارغا ھەۋەس قىلغان ھالدا: «ئۇلارنىڭ ئىشلەۋاتقىنى ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مۇنبەت تۇپراق، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى قارشى تۇرۇۋاتقىنى ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتىكى، پاچاقلىغىلى بولمايدىغان قورام تاش» دېگەنىدى.

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن

ئەنگلىيەنىڭ ئىككى خىل كۆچى ئوتتۇرىسىدا مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغانىدى: بۇ ئىككى خىل كۆچ كوسالارنى بويسۇندۇرغان ھەربىي زوراۋانلىق بىلەن ئەنگلىيەچە ئەركىن مەدەنىيەت مائارىپى ئىدى. ماندېلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شائىر مۇكاۋاي ئۆزىنىڭ «ئەنگلىيە شاھزادىسى» ناملىق شېئىرىدا بۇ ئىككى خىل كۆچ ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى ياخشى خۇلاسىلىگەن. بۇ شېئىر 1925 - يىلى شاھزادە ۋالېسنىڭ سىسكېينى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ يېزىلغان:

ئاتا قىلدىڭلار بىزگە ھەقىقەت، ھەم بۇلاپ كەتتىڭلار بىزدىن ھەقىقەت،
ئاتا قىلدىڭلار بىزگە ھاياتلىق، ھەم بۇلاپ كەتتىڭلار بىزدىن ھاياتلىق؛
ئاتا قىلدىڭلار بىزگە نۇر - زىيا، ئەمما قۇياش پارلىغان چىڭقىچۇشتە
تىترەپ ئولتۇردۇق، زۇلمەت قوترىغان، مۇدھىش قاپلىغان قاراڭغۇ تۈندە.

1938 - يىلى ماندېلا خىلدتوۋىن مەكتىپىنى پۈتكۈزدى، كېيىنكى يىلى فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن خىلدتوۋىننىڭ ئارىلىقى نەچچە ئىنگلىز مىلى كېلەتتى، مەشھۇر چېركاۋ مەكتىپى لىۋۇدېلغا ئاران بىر ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى. ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى نىتوم بىزۇداۋا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ فورتخايردا ئەقىل - پاراسەتتە ماندېلانى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم يوق ئىدى.»

فورتخايرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىردىنبىر قارا تەنلىكلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولغىنى بىلەن، كەلگۈسى ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى بولۇش تەقدىرىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنىدى. 1939 - يىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قۇرۇلغىنىغا تېخى 23 يىلمۇ بولمىغانىدى. بۇ مەكتەپنى باش ۋەزىر لۇيىس بوتا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۆز قولى بىلەن تەسىس قىلغانىدى. ئۇنجى نۆۋەتلىك مەكتەپ مۇدىرى ئالېكساندىر كېلىنىڭ پەرىزىچە، بوتا ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى تىكلەش مەقسىتىدە بۇ مەكتەپنى ئۇرۇش

مەزگىلىدىكى قارا تەنلىكلەرگە بولغان بىر تەسەللى سۈپىتىدە تەسىس قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن، چۈنكى ئۇ چاغدا ئاق تەنلىكلەر «يەرلىكنىڭ ئىش چىقىرىشىدىن» ناھايىتى ئەندىشە قىلاتتى. لېكىن، 20 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىگە بولغان پوزىتسىيەسى قاتتىقلاشتى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. يېڭى باش ۋەزىر جامۇس سىموس گېنېرال بۇ مەكتەپتە يوشۇرۇن ئىنقىلاب كۈچىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىدىن ئەزەلدىن غەم يېمەيتتى. ئۇ فورتخايىر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۆز سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى ئورنىدا كۆرەتتى. 1938 ـ يىلى، يەنى ماندېلا بۇ مەكتەپكە كېلىشتىن بىر يىل ئاۋۋال، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «ياۋروپالىقلار ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار دىن تارقاتقىلى كەلگەن، لېكىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يەرلىك خەلقنى قۇتۇلدۇرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت چوقۇم جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆزىدىن كېلىشى كېرەك» دەيدۇ.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت يېڭى قۇرۇلغاندا ناھايىتى چۆلدەرەپ قالغانىدى، بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش ئىمتىھانىغا ئاران 20 ئوقۇغۇچى قاتناشقانىدى. ماندېلا بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندە، بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار 200 گىمۇ يەتمەيتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 67 ئوقۇغۇچى كوسا تىلىدا سۆزلىشەتتى)، بۇ 200 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنى ھىندىستانلىق، قالغىنى رەڭلىك ئىرقتىكىلەر ئىدى. لېكىن، فورتخايىرنىڭ تەسىر كۈچى ئۆزىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەتراپتىكى مەكتەپلەرنىڭ قولىلىشى ئارقىسىدا بۇ مەكتەپ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىك سەرخىللار توپلىنىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالدى. فورتخايىر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خان ئوردىسى ۋە دىنىي

جەمئىيەت ئائىلىلىرىدىن كېلەتتى، دەل شۇ ۋەجىدىن مەكتەپتە ھەم ئاقسۆڭەكلەر تۇسى، ھەم رەھبەرلىق تالانتى بار ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى يالغۇز ئاق تەنلىك مىسسىيونېر بولۇپلار قالماستىن، يەنە گاباۋىل، ماكۋىن ۋە بوكۋىل قاتارلىق ئاۋانگارت دىن تارقاتقۇچىلار جەمەتىدىن چىققان قارا تەنلىك مائارىپچىلا ئىدى. بۇ جەمەتلەرنىڭ ھەممىسى نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇراتتى. جون تانگو گاباۋىل مەشھۇر ئوقۇتقۇچى ئىدى، شۇنداقلا قارا تەنلىكلەر ژۇرنىلى «Imwo»نىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى گىل بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۇنجى قارا تەنلىك پىروفېسسورى ئىدى. گىل مىسسىيونېر تانسون ماكۋىننىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان، كېيىن ز. ك. مارتىيو ئۇنىڭغا پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بەرگەن. مارتىيو كىمبېرلېيدىكى كان ئىشچىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «ئافرىقا ئىنسانىيەت، ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ يېڭى تۇرى» دەپ ئاتايتتى. مارتىيونىڭ ئايالى فىرىدا بوكۋىلمۇ ئوخشاشلا كاتتا نام ـ ئابرۇيلۇق مىسسىيونېر ئائىلىسىدىن ئىدى.

فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا دەسلەپتىلا قىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپ مۇدىرى دەسلەپتە بۇنىڭغا قارشى تۇرغان. لېكىن، ئافرىقىلىقلار: «بىز شۇنچە زېھنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئوغۇللارنىلا تەربىيەلىسەك، لېكىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى خوتۇنلىرى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ھەمراھى، ئىتتىپاقدىشى بولۇشقا ماس كەلمىسە، ئۇنداقتا بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟» دېگەن. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ماندېلا ئوقۇشقا كىرگەندە فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرى بەكلا ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن

ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، كونىراپ كەتكەن بىر دېھقانلار تۇرالغۇسىدىن ئۆزگەرتىلگەن مېھمانخانىدا تۇراتتى. لېكىن، بۇ قىز ئوقۇغۇچىلار قارشى ئېلىنىشقا سازاۋەر بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەتتە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردىن ئەقىللىكرەك ئىدى. بۇ هال ماندېلانى قاتتىق هەيران قالدۇرغانىدى. لېكىن، ماندېلا شۇنى ئوبدان بىلەتتىكى، كوسالارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇقىنى بەرپا قىلغۇچى قالتىس ئاياللارمۇ چىققانىدى. «قەبىلىمىزنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ جاپالىق مەزگىللەردە بىزنىڭ پادىشاهىمىز ۋە رەهبەرلىرىمىز ئاياللار ئىدى» دەيدۇ ماندېلا چۈشەندۈرۈپ.

فورتخاير بىلەن لېۋدېلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورغۇنلىرىنىڭ ترانسكېيدىكى رەهبەرلار ئائىلىسى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆچلۈك ئائىلە مۇناسىۋەت تورى رول ئوينايتتى، بۇ ئائىلىلەر ئادەتتە كۆچلۈك خىرىستىيان دىنى قىممەت قارىشىغا ئەمەل قىلاتتى. ئالايلۇق، ئۇلار ناهايىتى ئىنتىزامچان ئىدى، مەي ـ شارابقا يېقىن يولىمايتتى. بۇ هال كىشىگە ئىختىيارسىز ۋىكتورىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كىلارپىنغا ئوخشاش ئەنگلىيە جەمەتلىرىنى ئەسلىتەتتى. گىل گاباۋېلىنىڭ قىزى نونى ئىلگىرى ئەنگلىيەدە بىرنەچچە يىل تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ چوڭ ئائىلىسىنىڭ «كەڭرى مۇناسىۋەت تورى» فورتخاير بىلەن لېۋدېلىنىڭ سىرتىغىچە كېڭەيگەنىكەن، بۇ ئۇنىڭغا ئەنگلىيەنىڭ «مەكتەپداشلار مېهرى» نى ئەسلىتىدىكەن. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئەۋج ئالغان يىللاردا، سىياسىي زىيانكەشلىك ۋە قوغلاپ چىقىرىلىش تۇپەيلىدىن، بۇ خىل مۇناسىۋەت چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن. لېكىن، دىن روهىنى ئۆزلىرىگە تىرەك قىلغان قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە مەڭگۈ گۇمران بولمايتتى هەم ئۇنىڭغا سەل قارىغىلىمۇ بولمايتتى. بۇ، گانا ۋە ئۇگاندا قاتارلىق ئافرىقىدىكى باشقا رايونلاردىمۇ ئوخشاش ئىدى.

بۇ ئائىلىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بىر قىسىملىرى، جۈملىدىن فېرىس نىتانتارا، ئا. س. جوردانىنىڭ ئوغلى پارو جوردان ۋە شەرقىي پوندلەند پادىشاھىنىڭ قىزى ستېرا خىگالكا قاتارلىقلار 1994 ـ يىلى نېلسون ماندېلا ھۆكۈمىتىگە قوشۇلغانىدى.

ماندېلا ئەزەلدىن بۇ سەرخىل زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدىكى يادرولۇق شەخس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىرقانچە دوستى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىدە ئىدى. ماندېلا ئىزچىل تۇغقىنى مارتىيوغا ھۆرمەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى بولۇپ، بويى ئېگىز، بەستلىك، ئات يۈز كىشى ئىدى. ئۇ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ چىققانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ مۆتىدىل سىياسىي پوزىتسىيەسى نۇرغۇن ئىسيانكارلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىيالمىغانىدى. لېكىن، ئۇ زاكونلىشىش ۋە مۇنازىرىدە مۇلايىم پوزىتسىيە تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 50 ـ يىللاردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، ماندېلانىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشقانىدى. 1970 ـ يىلى مارتىيو ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ماندېلا ئۇنىڭ يەسىرەسىگە خەت يېزىپ : «بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئېھتىياتچان پوزىتسىيەسىدىن نارازى بولىدىغانلار ھامان چىقىدۇ، ئۇلار سارالڭ بولۇپ قالدىمىكىن، ھېچ چۈشەنمىدىم» دېگەنىدى.

1939 ـ يىلى ماندېلا مەكتەپكە كىرگەن چاغدا فورتخاير ناھايىتى ئاددىي بىر كىچىك مەكتەپ ئىدى، مەكتەپ ياتاقلىرى ئىتالىيە پاسونىدا سېلىنغان بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق مۇدىرى ئالېكساندىر كېل ئىدى. ئۇ مەكتەپ باشقۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق قول، ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا شوتلاندىيەلىك كىشى ئىدى، ئەزەلدىن ئاممىۋى

ئىختىلاپ ئارىسىغا چېتىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى، پەقەت ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلمىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكىلا تىرىشاتتى، بۇ كىشىدە ئىرقچىلىق كۆزقاراش يوق ئىدى. مارتىيو: «ئۇ بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، ئىرق ئايرىمىسىنى ئۇ ئەزەلدىن ئىشلارغا ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالمايتتى» دېگەنىدى. كېل ئەنگلىيە تىل - ئەدەبىياتى دەرسىنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۆتەتتى، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەنگلىيە ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ شېكىسپېرغا بولغان قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرەتتى.

كېل ۋە ئافرىقىلىق ئىككى پىروفېسسور — گابال بىلەن مارتىيونىڭ شۇ قەدەر ئەستايىدىل، مېھرىبان ئالىملارغا خاس سالاپىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلابىي قەدىمىگە پۇختا ئاساس سالغانىدى. فورتخايردا يالغۇز ئارغۇنلار ۋە ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ يەرلىك بىرقانچە ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى، لېكىن مۇتلەق كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار يەنىلا ئافرىقىلىق ئىدى. 1938 - يىلى ئافرىقىلىقلار پۇشتىدىن بولغان ياش ئالىم رالىف بانچ — كېيىنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى فورتخايرنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە: «يەرلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرقانداق بىر ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچى ياكى رەڭلىك ئىرق ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قورقماي تەڭلىشەلەيدۇ» دەپ جاكارلىغانىدى.

ماندېلا فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىدىن ناھايىتى پەخىرلىنەتتى، نائىب پادىشاھمۇ ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ مەزكۇر مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەنلىكىنى كۆرۈشنى بەكمۇ خالايتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا: «سىلەر مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى رەھبەرلىرى» دەيتتى. شۇڭا، 21 ياشلىق ماندېلا فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەندە ئۆزىدىن چوڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغانلىقى ۋە ئۆزىگە

ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى بەك تۆۋەن چاغلاپ قالدى. ئۇنىڭ دوستى گارتىس خىلدتوۋىندا قىلىپ قالدى، لېكىن ماندېلا يېڭى ھەمراھتىن بىرنى — كەيسار ماتانزىمانى تاپقانىدى، ئۇ ماندېلانىڭ جىيەنى بولۇپ، ئۇمۇ تېمبۇ خان ئوردىسى جەمەتىدىن كەلگەنىدى. ماندېلاغا ئوخشاش كەيسارمۇ نۇبانكوكا پادىشاھىنىڭ ئەۋلادى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قان سىستېمىسى تېخىمۇ ساپ بولۇپ، «ھەقىقىي خان ئوردىسى» غا تەۋە ئىدى، كەلگۈسىدە پادىشاھ ياكى ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. كەيسار ماندېلادىن چوڭ ئىدى. ئۇ رەھبەر ھەم ئالىم بولغاچقا ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى: ئۇ تۇنجى بولۇپ ئۇنۋانغا ئېرىشىدىغان قەبىلە رەھبىرى ئىدى. ئۇ ماندېلاغا ئۇستاز بولدى، ماندېلانى كەلگۈسىدە پادىشاھقا مەسلىھەتچى بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاغا ـ جىيەن ئىككىيلەن سىياسىي سەھنىدىكى رەقىبلەردىن بولۇپ قالدى. لېكىن، فورتخايردىكى كۈنلەردە ئۇلار يەنىلا ئەڭ ياخشى دوستلاردىن ئىدى. ھەر ئىككىلىسى چىركاۋ مېھمانخانىسىدا تۇراتتى، چىركاۋغا بىللە باراتتى، بىللە توپ تېپەتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى، ھاراقتا ھەرگىز يېقىن يولىمايتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بويى ئېگىز ئىدى، ئىش ـ ھەرىكەتتە سالاپەتلىك ئىدى، كىيىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. «ھەر ئىككىلىمىزنىڭ چىرايى ناھايىتى قاملاشقان ئىدى» دەيدۇ كەيسار ئەسلەپ: «قىزلار بىزگە بەك ئامراق ئىدى.» ئۇلار بىر ـ بىرىنى خەتنىسىنى قىلغان ۋاقتىدا قويۇلغان ئىسمى — دالىبانگا ۋە دالىۋانگا دېگەن ئىسىم بىلەن چاقىراتتى، بۇ ئىسىملارنى ئاڭلىغان كىشى ئۇلارنى قوشكېزەكمىكىن دەپ قالاتتى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىردا ترانسكېيدىكى «مۇقەددەس جاي»دا، كەيسار ئۆزلىرىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى دوستلۇقىنى ھاياجان ئىلكىدە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلماي بىللە يۈرەتتۇق؛ باشقىلار مېنى يالغۇز كۆرۈپ قالسا

‹نېلسون قەيەرگە كەتتى؟›، دەپ سورايتتى. ئۇ چاغدا ئىككىمىز قەلبداش ئىدۇق.» ماندېلا تېخى كەيسار ئۇچۇن ئەلچىمۇ بولۇپ باققانىدى، ئۇنىڭغا قەبىلە باشلىقى سان گونىنىڭ قىزى ئاگرىنىسنى تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى. بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەنئەنىسىنى چۆرۈپ تاشلىغان كەيسارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىش تولىمۇ مۇھىم ئىدى. گەرچە كېيىن ئىككىيلەننىڭ سىياسىي كۆزقارىشىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ماندېلا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كەيسار ماتانزىماغا بولغان بۇرۇنقى ھۆرمىتىنى ئىنكار قىلمايتتى. 1985 ـ يىلى تېخىچە تۈرمىدە يېتىۋاتقان ماندېلا فاتىمە مىلغا يازغان خېتىدە: «دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئۇ بۇرۇن مېنىڭ چوقۇنغۇچۇم ئىدى» دېگەنىدى.

ماندېلانىڭ مەرتىۋىسى كەيسارغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغىمۇ شاھزادە ئورنىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. فورتخايردىن ئىبارەت بۇنداق ئىلىم چەمبىرىكى ئىچىدە خان جەمەتى ئەزالىرى ئالاھىدە مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى، بۇ ئۇلارنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نەپرەتمۇ قوزغايتتى. «كوسا خان ئوردىسى ئەزالىرى بۇ دۇنيانى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق دەپ قارايتتى» دەيدۇ پىروفېسسورنىڭ ئوغلى، ماندېلاغا ئەگىشىپ فورتخايرغا بىللە كىرگەن جون مارتىيو: «بەزىلەر ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلمايدۇ. يول ماڭغاندا ھەتتا باشقا قەبىلە ئەزالىرىنى تېپىپ ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر سېنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىڭغا ئىشەنمەيدۇ.» لېكىن، ماندېلا ئەزەلدىن ھاكاۋۇرلۇق قىلمايتتى، ئۆزىدىن ئەقىللىك ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ باللىرىغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرەتتى، لېكىن ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى شاھزادە ئورنىدا كۆرۈشىگە كۆنۈپ قالغانىدى.

ماندېلانىڭ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ناھايىتى تېز بولدى. ئۇ ئاماتولا تېغى ئېتىكىدىكى

تۇمۇ دەرياسى بويىغا جايلاشقان گۈزەل مەكتىپىنى قالتىس ياخشى كۆرەتتى. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەينى يىللىرى ئەگرى - بۈگرى كەتكەن تۆمۈريولنى بويلاپ سەيلە قىلغان چاغلىرىنى، ئۆپچۆرىسىدىكى سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىنى — باراقسان ئۆسكەن چاتقاللارنى، زىلال سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، كۆز يەتكۈسىز پايانسىز يايلاقنى، تەڭگە داۋا بولمىش ساپ ھاۋانى دائىم ئەسلەيتتى. ماندېلا كەڭ دالادا بەسلىشىپ يۈگۈرۈشكە، بوكسقا ماھىر ئىدى، شۇڭا ئۇ تەنھەرىكەتچىلەرگە، زىيالىيلارغا چوقۇناتتى. كېيىن تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئۇ بۇرۇن يۈگۈرۈشتە ئۆزى بىلەن بەسلىشىدىغان رەقىبى سوتىنى موكىگكونىنى سورىدى. قارا تەنلىكلەر توپلاشقان بۇ جايدا ماندېلا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشتىكى نۇرغۇن دوستلار بىلەن تونۇشتى. «قارىسىڭىز شۇنى كۆرەلەيسىز، ھەرقايسى قەبىلىلەر ھازىر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ يېڭى بىر دۆلەت شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ» دەيدۇ نونى گاباۋىل ئەسلەپ: «قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئاشۇ ئالقىش سادالىرىغا، ئۇلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ھەر خىل تەلەپپۇزدا سۆزلەشلىرىگە قۇلاق سالسىڭىزلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نەقەدەر كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.»

ئۇ چاغدا ماندېلانىڭ بىرقانچە دوستلىرىنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى پائالىيەتلىرى بەكلا جانلىنىپ كەتكەنىدى: پاۋلو ماھابان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سابىق رەئىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇرۇن ماندېلا بىلەن نۇرغۇن بايراملارنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدى؛ نىيات كونچىسا باش ۋەزىر سىموسنى ئىرقىي ئايرىمىچى، دەپ تەنقىدلىگەن ھەمدە ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ ئەنگلىيەنى مەغلۇپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئافرىقىلارنىڭ ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى

ئاشكارا بايان قىلغانىدى. بۇ پىكىرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇۋەتكەنىدى؛ لىنكولىن مۇكىننىتانى ترانسكېيدىكى مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قوشۇلغان، كېيىن تۈرمىگە قامالغان؛ ئولىۋېر تامبو ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت جەھەتتە ناھايىتى قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئالىم بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئەمەلىي كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي مۇنازىرىچى ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا ماندېلانىڭ سىياسىي ئېڭى تېخى ئويغانمىغانىدى. ئۇ تامبو بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيتتى، ھەم ماھابان قاتارلىق دوستلىرىنىڭ ئىسيانكار روھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئارزۇسى سوتخانىدا تەرجىمان بولۇش ئىدى. يېزا رايونلىرىدا بۇ ناھايىتى ئابرۇيلۇق كەسىپ ئىدى، ناھايىتى زور تەسىر كۈچكە ۋە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئىدى: «ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەش ناھايىتى ئابرۇيي ھېسابلىناتتى، ئۇ چاغدا مەنمۇ شۇ ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدىم» دەيدۇ ماندېلا. ئۇ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېغىزچە تەرجىمانلىق، قانۇن، يەرلىك مەمۇرىيەت، سىياسىي ۋە ئىنگلىز تىلى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ چاغدا ماندېلانىڭ قارىشىچە، ئۇنىۋان — سىياسىي رەھبەرلىك مەرتىۋىسىگە تۇتىشىدىغان بوسۇغا ئەمەس، بەلكى مەھەللىدە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالىغۇدەك بىر كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۆتكىلى ئىدى.

فورتخايردىكى كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار سىياسىي بىلەن ئانچە كۆپ ھەپىلىشىپ كەتمەيتتى، ئولتۇرسا - قوپسا پەقەت ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇشنىلا ئويلايتتى. بۇ ھال ئۇنىۋېرسىتېت باشقۇرۇش كومىتېتىنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالاتتى. 1940 - يىلى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا: «ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇشنىلا ئويلايدۇ، ئوقۇتقۇچىلىق ئىش

ئورنى شۇنچە جىق ئادەمنى سىغدۇرالمايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. فورتخاير تارىخىدا ئىنقىلاب كەيپىياتى بىر مەزگىل ناھايىتى ئەدەپ كەتكەنىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ياش كوممۇنىست ئەيدى لۇكىس مەكتەپ ئەتراپىدىكى تاغدا چېدىر تىكىپ ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيەسىنى تونۇشتۇرۇپ، گوۋىن مىسىكى قاتارلىق نۇرغۇن ئافرىقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلغانىدى؛ لېكىن، ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك ماكس يېگىن مىسىكىغا دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمدىن تەلىم بەرگەنىدى. لېكىن، ماندېلا فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى. لېكىن، 1939 - يىلى ستالىن بىلەن گېتلېر شەرتنامە ئىمزالىغاندىن كېيىن قىزىل يۇلتۇزنىڭ نۇرلىرىمۇ ئاجىزلاپ قالغانىدى. ماندېلا فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەنگلىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، باش مىنىستىر شىموس دەرھال جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئەنگلىيەگە ئىتتىپاقداش بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سىموس فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك، جۈملىدىن ماندېلامۇ ئۇنىڭ نۇتقىنى ئالقىشلىغانىدى، لېكىن ئۇ شىموسنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى ناچار ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇنىڭدىن خېلى ئوبدانلا يېنىكلەپ قالغانىدى. ماندېلا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئەنگلىيەنى قوللايتتى، گېتلېرغا قارشى تۇراتتى، ۋىنىستون چېرچىلغا قاتتىق ھەۋەس قىلاتتى. 50 نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ چېرچىلنىڭ قىزى مارى سۇمىسقا ئۆزىنىڭ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا چېرچىلنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى رادىيو نۇتقىنى قانداق قىزىقىپ ئاڭلىغانلىقىنى، بۇئېر ئۇرۇشى مەزگىلىدە چېرچىلنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق

تەنلىكلەرنىڭ قولىدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى ئەسلەپ بەرگەنىدى. لېكىن، ماندېلا 22 ياش ۋاقتىدا ئۇرۇش بىلەن سىياسىينىڭ ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان دائىرىدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇ چاغدا ماندېلا بىر دۆلەت مەمۇرى بولۇشنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلاتتى، شۇنداق بولغاندا ئىستىقبالى ناھايىتى پارلاق بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسيانكارلىقى گۈزەل ئىستىقبالىنى بەربات قىلىپ تاشلىدى. بۇنىڭ سىياسىي بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، ئۇنىڭدىكى ئىسيانكار كەيپىياتنى قوزغىغۇچى سەۋەب تاماق سۇپىتىنىڭ زىيادە ناچارلىقىغا بىۋاستە چېتىلاتتى. فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تامىقى سىپارتاكچە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافرىقىلىق ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ۋە مۇنازىلىشىش ئۈچۈن رولد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندا، ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىدىن خېلىلا ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇلار تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 2 - يىللىقىدا ماندېلا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ نامزاتلىقىغا سايلانغانىدى، لېكىن بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاز قاتناشتى، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار سايلامدىن ۋاز كېچىپ، مەكتەپنىڭ تاماق سۇپىتىنى ياخشىلاپ بېرىشنى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا بىلەن بەش نەپەر سايلام ۋەكىلى ئىستېپا بەردى. زېرەك مەكتەپ مۇدىرى دوكتور كېل يېڭى بىر نۆۋەتلىك سايلامنىڭ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتناشماسلىقىغا ئىلاجى قالمايتتى. لېكىن، بۇ قېتىم پەقەت ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارلا بېلەت تاشلىدى، سايلامدا يەنىلا شۇ ئەسلىدىكى ئالتە كىشى سايلانغانىدى. ماندېلادىن باشقا، قالغان بەش

ئوقۇغۇچى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا قىلىپ قىلىشقا قوشۇلغانىدى. لېكىن، ماندېلا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ پىكرى بىلەن كارى بولمىسا تازا قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى كەيسار ماتانزىمانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، كەيسار ماتانزىمامۇ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

دوكتور كېل ماندېلانى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن، ئەگەر يەنە مۇشۇنداق قارشىلىشىۋەرسە مەكتەپتىن قوغلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ماندېلا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى، ئۆز ئىرادىسى بىلەن ساۋاقداشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى ئارىسىدا ئۇزاققىچە ئارىسالدى بولدى. ئۇ كېيىن ئەسلەپ: «مەن قورقانىدىم، كەيسارغا بولغان قورقۇنچىم دوكتور كېلغا بولغان قورقۇنچىمدىن ئېشىپ كەتكەنىدى» دەيدۇ. ئەتىسى ماندېلا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا كىرمەيدىغانلىقى ھەققىدە قايتىدىن ئىلتىماس سۇندى، دوكتور كېل ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق پۇرسەت بەرگەندىن كېيىن ئۇنى دەرسكە كىرگۈزۈۋەتتى. ماندېلا دوكتور كېلنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالدى دەپ قارىغاچقا، بۇ قېتىممۇ رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا مەكتەپتىن قوغلاندى. ئۇ مەكتەپتىن قوغلانغاندىن كېيىن «مۇقەددەس جاي» غا قايتىپ كەلدى. نائىب پادىشاھ ئۇنىڭ ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئۇقۇپ قاتتىق ئاچچىقلاندى ھەمدە ئۇنى كەچۈرۈم سوراپ، فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن، ماندېلا جاھىللىق قىلىپ مەكتەپكە قايتمىدى. «ئۇ بەك جاھىل بولغاچقا، مەكتەپكە قايتىپ بارغىلى ئۇنىمىغانىدى» دەيدۇ ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى نىتوم بىزوداۋا.

نائىب پادىشاھ ناھايىتى تېزلا بىر تال بومبا تاشلاپ، ماندېلا

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئۆتكۈرلەشتۈرۋەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئۇزاق قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا، ماندېلانى ئوغلىغا ھەمدەمچى قىلىپ قويغۇسى بار ئىدى، ھەمدە ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ماندېلا ناھايىتى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى: نائىب پادىشاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن تاللىغان قىز بەكلا سېمىز ئىدى، ئۇنىڭ ئازراقمۇ مەيلىنى تارتالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا بۇ قىزنىڭ گارتىسقا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. «مەن ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشنى خالىمايتتىم، ئۇمۇ ماڭا باغلىنىپ قېلىشنى خالىمايتتى.» دەل مۇشۇ ئىشتا ماندېلا بىلەن نائىب پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى. ماندېلا نائىب پادىشاھنىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى، ئۇنى بېقىۋالغانلىقىنى، ئۆز بالىسى قاتارىدا كۆرگەنلىكىنى، ئۇنى ئوقۇتقانلىقىنى، نائىب پادىشاھنى كېسەل ئاسارىتى چىرمىۋېلىپ بىرسىنىڭ ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشىغا موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى: ئۇ گارتىس بىلەن ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىپ، يوھاننىسبۇرگقا بېرىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

«تۇرمۇشتا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارار چىقىرىشى ئۈچۈن ئامال دېگەن ھامان تېپىلىدىكەن» دەپ يازغانىدى ماندېلا. ئۇنىڭ بۇ قارارى ئۆز قەبىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوقۇش ئىشلىرىنى تۇيۇقسىزلا بىر ئىزىدا توختىتىپ قويغانىدى: «گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم تۇرۇپلا توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. قولۇمغا كېلەيلا دەپ قالغان ئولجا قار - مۇزلارغا ئوخشاش يازنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا ئېرىپ كەتتى.» لېكىن، شۇ چاغدا ئۇ بۇ تاللىشىنىڭ ئۆزىگە تەسەۋۋۇر قىلىدىنمۇ كۆپ نەتىجە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى. 40 يىلدىن كېيىن ماندېلا تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا قورتخاير

ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرىغا قارشى تۇرمىغان بولسام، ھاياتىم تولىمۇ خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، ئۆتمۈشتىكى بۇ 30 يىللىق قان ھىدىغا تولغان كەچمىشلەرگە يولۇقماسلىقىم مۇمكىن ئىدى.» ماندېلا ھەقىقەتەن تېخىمۇ خەتەرلىك ئوكيانغا سەكرىگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى دەل شۇ سەۋەبلىك كېڭەيدى. «مەن ئەنە شۇنىڭدىن ئۆز مىللىتىمنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى كۆردۈم. ئۇ — پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى.»

# 3. چوڭ شەھەر

(1941 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە)

1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 22 ياشلىق ماندېلا گارتىس بىلەن بىللە «مۇقەددەس جاي» دىن ئايرىلىپ يوھاننېسبۇرگقا كەلدى. ھەر يىلى كۈرمىڭلىغان قارا تەنلىك ئىشچى يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ بۇ «ئالتۇن شەھىرىگە» كېلەتتى، ماندېلامۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇلدۇر ـ كېپەن بولۇپ، مۇشۇ يەردە كان ئىشچىسى، چاكار ياكى مەدىكار بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. يوھاننېسبۇرگتىكى ئاق تەنلىكلەر بۇنداق مەنزىرىنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانىدى. ئەينى چاغلاردىكى «كىمنىڭ يوھاننېسبۇرگتىكى قان ـ ياشلىق تارىخى»، «سۆيۈملۈك ۋەتىنىم» دېگەندەك كىنو ۋە رومانلاردا مانا مۇشۇنداق كۆرۈنۈشلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. مەركىزىي ئاۋات شەھەرگە نامرات ۋە چەت جايلاردىكى قەبىلىلەردىن بىراقلا كىرگەن بۇ قارا تەنلىكلەر ئالاھىدە مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى، قەبىلىلەردىن چىققان بۇنداق قارا تەنلىكلەر كۆزىڭىزگە ماڭدامدا بىر چېلىقىپ تۇراتتى. چىرايىغا ئېسەنگىرەش، ھەيرانلىق ئالامەتلىرى تېپىپ چىققان بۇ قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەر شەھىرىدىكى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقۇدەك ئېگىز بىنالارغا، ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتتە موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆزنى چاقىدىغان چىراغلىرىغا تىكىلىپ قارايتتى. لېكىن، بۇ

مەنزىرىسىنىڭ خاتا يېتەكلەش رولى بار ئىدى: يىراق - چەت جايلاردىن كەلگەن ئافرىقىلىقلار شەھەرلەرگە كەلسە بارار جايى يوق شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئېنىق نىشانغا ئىگە بولاتتى، لېكىن كېيىنكىسى بۇنداق ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى ئورۇنلۇق ئىش قاتارىدا كۆرەتتى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى سەھرالىق تومپايلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ھەم ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ياشلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلاردا بۇنىڭدىن كېيىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى ئورۇن - مەرتىۋىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغۇدەك ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالمايتتى.

ئەينى چاغدا يوھاننىسبۇرگ ئاران 55 يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان ئافرىقىنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. بۇ شەھەرنىڭ مەركىزى ناھايىتى ئاۋات ئىدى، نۇرغۇن ئالىي مېھمانسارايلار مۇشۇ يەرگە يىغىلغانىدى، يەنە تېخى تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر چېركاۋمۇ بار ئىدى؛ شەھەر ئەتراپىمۇ ناھايىتى باياشات، ئاۋات ئىدى. نوپۇس كۆپ بولۇپ، شىمال تەرەپكە قەدەر سوزۇلغانىدى، يەنە تېخى غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر - بازارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەنۇبىي ئافرىقا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى سانائەت مەركەزلىرىگە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەنىدى: ئىمپورتنىڭ ئازىيىشى يەرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولدى، نۇرغۇن ئاق تەنلىكلەر چەت ئەلدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قارا تەنلىك ئەمگەك كۈچلىرى ئىگىلىگەنىدى. 1936 - يىلى ۋە 1946 - يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشنى سېلىشتۇرغاندا، جەنۇبىي ئافرىقا شەھەرلىرىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ سانى ئېشىپ 51% گە يېقىنلاشقان، 1 مىليون 142 مىڭ كىشىدىن 1 مىليون

689 مىڭ كىشىگە كۆپەيگەنىدى. ئافرىقىدىكى قەبىلىلەر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا، يوھاننىسبۇرگقا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆپ ئادەملەر دولقۇنى ئېقىپ كىرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت بىر قاتار قانۇنلارنى ماقۇللاپ، نوپۇسنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى كونترول قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. زور مىقداردىكى سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن قارا تەنلىك ياشلار بۇنىڭدىن پۇرسەت ۋە ئۈمىدنى، شۇنداقلا ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان يېڭىچە سىياسىي ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنىمۇ كۆرۈپ يەتكەنىدى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى قارا تەنلىكلەرگە موھتاج بولغانىدى، جەمئىي 120 مىڭ ئافرىقىلىق ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقتىكى كىشىلەر ئارمىيەدە شوپۇر، ياللانما ئىشچى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى دېگەندەك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. ئۇلاردا قورال يوق ئىدى، پەقەت ئۇزۇن نەيزىلا بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ناتسىستلار ۋە ئىرقچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى جەڭچىگە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ھۆكۈمەت ھەتتا ئۇزاق مۇددەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى بوشاتقانىدى، قارا تەنلىكلەر بۇرۇنقىغا ئوخشاش مەخسۇس شەھەر ـ بازارلارغا، مەكتەپلەرگە ياكى ئاپتوبۇسلارغا قامىلىپ قالمايدىغان بولغانىدى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سۆزلەنگەن بىر قېتىملىق مۇھىم نۇتۇقتا باش مىنىستىر شمۇس: «ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئارزۇسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، چۈنكى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرى ئەكسىچە يۈنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتى ئۆتمۈشكە ئايلاندى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق بەربات بولدى. قارا تەنلىكلەرنىڭ شەھەرگە ئېقىپ كىرىشىنى توسۇش بىھۇدە ئىش بولۇپ قالدى. ئىشەنمىسەڭلار، دېڭىز تاشقىنىنى سۈپۈرگە بىلەن توسۇپ باقساڭلارلا بىلىپ

قالىسىلەر» دېگەن.

لېكىن، ئافرىقىلىق كۆچمەنلەرنىڭ ئېقىپ كىرىشى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى مىللەتچىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى قارا تەنلىكلەرنىڭ رىقابەت تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلغانىدى. ئۇلار تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن نامايىش تەشكىللەپ، ئاتالمىش «قارا رەڭلىك تەھدىت» كە قارشى تۇرۇپ، تېخىمۇ رادىكال بولغان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئۇلار بۇنى «ئايرىش» — خەت مەنىسى «بۆلۈش» دەپ ئاتىۋالغان. شىمۇس قارا تەنلىكلەرگە يول قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى، ئۇنداق قىلسا بىر قىسىم ئاق تەنلىك سايلىغۇچى ئاممىنىڭ مىللەتچىلەر لاگېرىغا قوشۇلۇپ كېتىشىگە تۈرتكە بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار ئىدى. «ئەگەر بىز ئاجىزلار توپىغا ئەدلى - ئادالەت بەرسەك، پۈتكۈل تەشكىلاتلارنى، جۈملىدىن ئاجىزلار توپىنى خەتەرگە ئىتتىرىپ قويغان بولىمىز.» ئۇ 1943 - يىلى 6 - ئايدا دوستىغا يازغان خېتىدە: «بۇنىڭ پۈتكۈل دۆلەتكە نېمە پايدىسى بار؟» دېگەن.

ماندېلا بىلەن گارتىس ئاۋۋال ئالتۇن كانچىلىق كەسپىدىن خىزمەت تاپتى. كانچىلىق كەسپى يوھاننېسبۇرگ ئىقتىسادىدا مەركىزىي ئورۇندا تۇراتتى، ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى، كان ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا قارا تەنلىكلەر مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ياتاق - تامىقى يېپىق شەكىلدە بولاتتى، سىرتقى شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى چورتلا ئۈزۈپ تاشلانغانىدى. كان مەھسۇلاتى شىركەتلىرى يېزا رايونلىرىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ كەلگەنىدى. چۈنكى، قەبىلە باشلىقلىرى ئۇلارنى ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى، ئىشچىلارنىڭ ئىنتىزام ۋە ساداقەتمەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمى قەبىلىلەرگە ئوخشاش دەرىجە ۋە

تارماقلارغا ئايرىلغانىدى. بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا نائىب پادىشاھ گارتىسقا ئەڭ چوڭ، ئەڭ كونا داڭلىق بىر كانچىلىق شىركىتىدىن خىزمەت تېپىپ قويغانىدى. گارتىس ئىش بېشىغا دەپ يۈرۈپ، ماندېلاغا ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن سەللا تۆۋەن تۇرىدىغان كان رايوندا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدىغان بىر خىزمەت تېپىپ بەردى. ماندېلا كېچىلىرى بىر مەزگىل قاراۋۇللۇق قىلىش جەريانىدا كانغا كىرىش ئېغىزىدىن ئىچكىچە بولغان ئارىلىقتا چارلاۋېتىپ، كاننىڭ ئىچىگە «يەرلىكلەرنىڭ كىرىشىگىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئەينى چاغدا كان ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا خىزمەت شارائىتى ۋە ئىش ھەققى مەسىلىسىدە نارازىلىق ساداسى ئەۋج ئالغان — بۇ ئاخىر بېرىپ توپلىشىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكە تەرەققىي قىلىپ، 1946 - يىلى كان ئىشچىلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىش تاشلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ماندېلا كېيىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا ئىمكانقەدەر سىياسىيغا يېقىن يولىمىغانلىقىنى، لېكىن كان ئىشچىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

ماندېلانىڭ گۇنۇدىكى مەرتىۋىسىنىڭ قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يوھاننىسبۇرگقا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ نائىب پادىشاھنى ئالداپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ماختىنىپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇزاققا قالمايلا ئاۋارىچىلىككە پېتىپ قالغان. ئۇ گارتىس بىلەن بىللە خىزمىتىدىن بوشىتىلغان، يۇقىرىدىن ئۇلارغا يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشكەنىدى. ماندېلانىڭ قەتئىيلا يۇرتىغا قايتىپ كەتكۈسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ بىر كىشىلىك خىزمەتكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. بىر تۇغقىنى ئۇنى قارا تەنلىك زېمىن ۋاستىچىسى ۋالتېر سىسۇلۇغا تەۋسىيە قىلىپ

قويغانىدى. ئەينى چاغدا يوھاننىسبۇرگتا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ئۇنچە قاتتىق يۈرگۈزۈلمىگەن بولغاچقا، سىسۇلۇنىڭ شەھەر مەركىزىدە بىر ئىش بېجىرىش ئورنى بار ئىدى.

سىسۇلۇ 28 ياشتا بولۇپ، بوي ـ تۇرقى ۋىجىك، ئەمما زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر يىگىت ئىدى. تېرىسى ئۇنچە بەك قارا ئەمەس ئىدى، كۆز ئەينەك تاقىۋالاتتى، ھە دېسىلا كالپۇكىنى چىشلەشكە ئامراق ئىدى. بوي ـ تۇرۇقى ئۇنچە كېلىشكەن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى، ئۇ بۇنى «پەۋقۇلئاددە ئۆزىگە ئىشىنىش» دەپ ئاتايتتى، كېيىن ئۇ ماندېلانىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ شەخسلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇمۇ ماندېلاغا ئوخشاش ترانسكېيدىكى نامرات رايوندىن كەلگەنىدى، يۇرتى ئانگىكوبو رايونىدا ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ماندېلاغا ئوخشاش سالاھىيىتى ۋە مەرتىۋىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئاق تەنلىك سوتچى بولۇپ، ئىسمى ۋىكتور دىگىنسون ئىدى، ئانگىكوبودىكى ۋاقتىدا ئۇ سىسۇلۇنىڭ ئانىسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى تاشلىۋەتكەنىدى. ۋالتېر سىسۇلۇنى ئانىسى ۋە تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭ تاغىسى قەبىلە باشلىقى بولۇپ، ناھايىتى تەقۋادار كىشى ئىدى، ئاق تەنلىكلەرگە ھۆرمىتى چوڭقۇر ئىدى. سىسۇلۇ «ئىنجىل» ئوقۇشقا ئامراق ئىدى، لېكىن دىنىي جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ مۇتەئەسسىپ پوزىتسىيەسىگە كۈچلۈك قارشى تۇراتتى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا: «ئاق تەنلىكلەر سېنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىشىڭگە يول قويماسمىكىن» دېگەنىدى.

سىسۇلۇ 16 ياش ۋاقتىدا مەكتەپتىن چىقىۋالدى، دەسلەپتە كۆنلىرىنى كالا بېقىش بىلەن ئۆتكۈزدى، كېيىن يوھاننىسبۇرگقا باردى. ئۇ يوھاننىسبۇرگتىكى بىر ئالتۇن كاندا تۆت ئاي ئىشلىدى، لېكىن ئۇ يەردىكى شەپقەتسىز تۇزۇمدىن قاتتىق نەپرەتلەندى، شۇڭا لوندوننىڭ شەرقىگە بېرىپ ئاشپەز

بولۇش جەريانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمىگە قىزىقىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يوھاننىسبۇرگقا قايتىپ كېلىپ، ئانىسى بىلەن بىللە تۇردى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئائىلىسىدە كىر ـ قات يۇيۇپ بېرىپ جېنىنى جان ئېتىۋاتاتتى. سىسۇلۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاكاۋۇرلۇقى ۋە بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن بىرقانچە زاۋۇتتىن ئىشتىن بوشىتىلدى. ئۇ بىر قەبىلە باشلىقىدىن كوسالارنىڭ تارىخىنى ئۆگەندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنى كەمسىتمەيدىغان بولغانىدى. بۇ قەبىلە باشلىقى شىناشىنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، ماندېلامۇ ئۇنىڭ رىغبىتىگە ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىسۇلۇنىڭ نەزەر دائىرىسى ئېچىلدى ۋە تېخىمۇ كەڭ جاھانغا يۈزلىنىشكە تەييارلىق قىلدى. بانكىدا ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، بەش دوستى بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ يەر ـ زېمىن ۋاستىچىلىك شىركىتىنى قۇردى ۋە مۇشۇ ئارقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە بولدى (لېكىن، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ شىركىتى بىر ئاق تەنلىك ئاچقان شىركەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كەتتى).

سىسۇلۇنىڭ ئاق تەنلىك دادىسى ۋىكتور دىگىنسون ئۇ چاغدا يوھاننىسبۇرگتىكى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىدە سوتچىلىققا تەيىنلەنگەنىدى. سىسۇلۇ بەزىدە ئىسىمشەرىپىنى ئاشكارىلىماي ئۇ يەرگە بېرىپ دادىسىنى كۆزىتەتتى. ۋىكتور ئۆي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى. سىسۇلۇنىڭ شىركىتى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئۇ ۋىكتوردىن ياردەم سوراپ بارغانىدى. سىسۇلۇ ۋىكتورغا ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمىدى: ئۇ دادىسىغا بىر پۇرسەت بېرىشنى ئۈمىد قىلغانىدى، ئۇنىڭغا «مېنىڭ مۇنداقمۇ بىر ئوغلۇم بار ئىدى» دېگەننى ئەسلەتكۈزمەكچى ئىدى. لېكىن، دادىسى ئۇنى قىلچە تونۇمىدى. سىسۇلۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ۋىكتور قارىماققا خېلى دۇرۇس، قىزغىن، سەمىمىي ئادەمدەك قىلاتتى، لېكىن ئۇ

سىسۇلۇغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېچقانداق ياردەم قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىسۇلۇ ئاشۇ قېتىملىق ئازابلىق يۈز كۆرۈشۈش تىلغا ئېلىنسىلا جىمىپ كېتەتتى. دىگىنىسون ئۆز ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەرلىرىنىڭ بىرسى بولىدىغانلىقىنى زادى بىلەمدىغاندۇ ــ بىلمەمدىغاندۇ؟

ماندېلا ناھايىتى تېزلا سىسۇلۇنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلىشىگە مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئۇ سىسۇلۇنى چوقۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان دەپ قالغانىدى. ئەكسىچە، سىسۇلۇ ماندېلادىكى رەھبەرلارگە خاس سالاپەتكە مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. ئىككىيلەننىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ مۇناسىۋەت ماندېلانىڭ كېيىنكى سىياسىي ھاياتىدا ھالقىلىق رول ئوينىدى. ماندېلا سىسۇلۇنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە قابىل ئۇستاز ۋە ياخشى دوست بولالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرمايدىغانلىقىغا، شاھلىق تەختىگە ئۆزى چىقماي، پادىشاھنىڭ ھىمايىچىسى بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماندېلانىڭ شەھەر كەسپىي ھاياتىدىكى بىر ۋاستە بولۇش سىسۇلۇنىڭ قىسمىتىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنىدى. كېيىن ماندېلا: «ئۇ ـــ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ قىيىن كۈنلەر ئىدى» دەپ يازىدۇ.

ماندېلانىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئادۋوكات بولۇش ئىدى. شۇڭا، سىسۇلۇ ئۇنى رازار خىدىرىسكى بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئاپاردى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ماندېلا ئازراق پۇل يىغىپ ئولدسموبىل ماركىلىق بىر ماشىنا سېتىۋالدى. بىر قېتىم ئۇ خىدىرىسكىنىڭ روھى چۈشكەن ھالدا بىر ئاپتوبۇس بېكىتىدە ماشىنا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ماشىنىسىغا چىقىرىپ

ئۆيگە ئاپىرىپ قويدى. ئەتىسى ماندېلا ئەينى چاغدا ئالغان قەرزىنى تۆلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 50 پوندلىق پۇل چېكىنى سېلىۋەتتى. 40 يىلدىن كېيىن، رازار خىدىرىسكى قىزى بىلەن تۇرمىگە ماندېلانى يوقلاپ كەلدى. ئۇ چاقچاق قىلىپ ئەينى يىلى ماندېلانى سىياسىي سەھنىدىكى ئىشلارغا ئارىلىشىشقا يول قويمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «ئەينى چاغدا گېپىمگە كىرگەن بولساڭ، بۇنداق هالغا چۈشۈپ قالمايتتىڭ» دېدى.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماندېلا سىياسىيىنىڭ مۇهاسىرىسىدىن قېچىپ چىقالمىدى. ئۇ نايت برۇگمان ئىسىملىك بىر ياش ئاق تەنلىك ئادۋوكات بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتى. ئۇ رازار خىدىرىسكىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئىدى، شۇنداقلا يەنە «غەم ـ ئەندىشىسىز كوممۇنىزمچى» ئىدى، بۇ گەپنى ئۇ كېيىن ئۆزىنى باهالاپ دېگەنىدى. ئۇ ماندېلانى باشلاپ كوممۇنىزم لېكسىيەسىنى ئاڭلىغىلى ئاپاردى، هەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەر قەدەم تەشرىپ قىلغان يىغىلىشلارغا قاتناشتۇردى. ئاشۇ يەرلەردە ماندېلا بەزى دوستانە ئاق تەنلىك ئۇچىلار، جۈملىدىن ياش كوممۇنىزم يازغۇچىسى مايكول هامور بىلەن ئۇچراشتى. هامور ناهايىتى زېرەك يىگىت ئىدى، لېكىن تۇرمۇشتا ناهايىتى ئاددىي ـ ساددا ئىدى، گالىستۇك تاقاشنى ياخشى كۆرمەيتتى، بۇ ماندېلانى هەيران قالدۇردى. كېيىن ئۇلار سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىدا رازار خىدىرىسكى ماندېلانى قارا تەنلىك كوممۇنىست گول رادىبىتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكى هەققىدە ئاگاهلاندۇردى، ئۇمۇ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ هە دېسىلا كىشىلەرگە قۇرۇق گەپ سېتىشقا ئامراق ئىدى، هە دېسىلا ئافرىقىدا يېڭىدىن كان ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى قۇرۇشقا كۈچەيتتى. شىركەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ رادىكال كۆزقاراشلىرىنى قىلچە يوشۇرماستىن بازارغا سالاتتى. «گول رادىبىتىن يىراقراق تۇر» دېدى بىر خىزمەتدىشى

ماندېلاغا: «ئۇ سېنىڭ ئىدىيەيىڭنى چىرىتىۋېتىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ دۇنياۋى ئىنقىلاب قوزغاشنى پىلانلايدۇ». لېكىن، گول رادىب ماندېلاغا ناھايىتى يېقىنچىلىق قىلاتتى ھەمدە ئاق تەنلىك غوجايىنغا ماندېلانىڭ ھەقىقىي بىر رەھبەر دەپ تونۇشتۇرۇپ: «سەن خۇنپەرلەر ياۋروپادىن كېلىپ بىزنىڭ زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋالدىڭلار، بىزنى قۇل قىلدىڭلار. قارىغىنا، سەن غوجايىنلاردەك كېرىلىپ ئولتۇرىسەن، مېنىڭ رەھبىرىم بولسا سېنىڭ ئالدىڭدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ھامان بىر كۈنى بىز سەنلەرنى تۇتۇپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىمىز» دېدى. گول رادىب ماندېلاغا كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولۇشقا نەسىھەت قىلدى. لېكىن، ماندېلا ئەينى چاغدا قانۇن ئىمتىھانى ئۈچۈن كېچە ـ كېچىلەپ جاپالىق ئۆگىنىش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىشقا چولىسى تەگمەيتتى. 20 يىلدىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئورنى يۆتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى: گول رادىب ئۆسۈمگە قەرز بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقتىن، 1942 ـ يىلى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ئەمما، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كوممۇنىزمنى ھىمايە قىلدى.

ئۇ چاغدا ماندېلا ئالېكساندىردىكى 8 ـ كوچا 46 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە تۇراتتى، ئۇ قارا تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايون ئىدى. ئۇ ئىجارىگە ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسى مابۇدو ئىسىملىك بىر باستېر ئىدى. ئالېكساندىرنىڭ مۇھىتى قالايمىقان، توكمۇ تارتىلمىغانىدى، شۇڭا «قاراڭغۇ شەھەر» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەردە نەگىلا قارىسا كېسەك ئۆي ۋە ئاددىي كەپە ئۆيلەر كۆزگە چېلىقاتتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە يېزىدىن كەلگەن مەدىكارلار بىلەن تولغانىدى. ئالېكساندىرنىڭ مۇھىتى مەينەت، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغانىدى، ئېچىرقاپ كەتكەن لالما ئىتلارنى ھەممىلا يەردە

ئۇچراتقىلى بولاتتى — بىرلا تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئېسىل داچىلىرى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ يەردە يېزىلاردىلا بولىدىغان جۇشقۇنلۇق ۋە كوللېكتىپلىق تۇيغۇ بار ئىدى، بۇمۇ ئاق تەنلىكلەر رايونىدا يوق ئەھۋال ئىدى. رادىكال ئۇنسۇر مايكول دىجاك: «ئۇ يەر قارا تەنلىكلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ۋە تالانتلىقلىرىنىڭ ئوچىقى ئىدى، شۇنداقلا قارا تەنلىكلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنىڭ شاھىتى ئىدى» دەپ يازغانىدى.

ئالېكساندىردا ماندېلا ئەڭ نامرات كىشىلەر توپىغا تەۋە ئىدى، ئۇنىڭ شىركىتى شەھەر مەركىزىدە بولۇپ، ئۆيى بىلەن شىركەتنىڭ ئارىلىقىدىكى بېرىپ - كېلىش مۇساپىسى 12 ئىنگلىز مىلى كېلەتتى. بەزىدە ئۇ قاتناش ھەققىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئىشقا پىيادە بېرىپ - كېلەتتى. ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، قىزلار ئۇنىڭ يىرتىق كىيىملىرىگە دىققەت بىلەن قارىغاندا ئۇ ناھايىتى خىجىل بولغانىدى. ئۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان «ئامېرىكانچە» ياشلارغا بەكلا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا قاتۇرۇپ كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا كەڭ گەردىشلىك شىلەپە كىيىۋالاتتى، قولىغا ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرىدىغان سائەت تاقىۋالاتتى. بۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئوغرىلانغانلىق ئېھتىمالى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بايۋەتچىلەرگە خاس تەلەپپۇزدا سۆزلەشلىرى كىشىگە بۆلەكچە غەيرىي تۇيۇلاتتى. لېكىن، ماندېلا ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپلا قوياتتى - يۇ، ئەنگلىيەچە پاسوندا كىيىنىش ئادىتىنى ئۆزگەرتمەيتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان دوستى دائىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. كېيىن ئۇ «باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىدىم» دەپ قاتتىق ئۆكۈنەتتى.

ماندېلا ناھايىتى تېزلا بۇ شەھەردە پۇت دەسسەپ تۇرۇپ قالدى، ئۆزىنى باقالايدىغان، نائىب پادىشاھنىڭ قولىغا قاراپ قالمايدىغان بولدى. ئەمما، ئۇزاق يىل ئۇنىڭغا ئۆز دادىسىدەك

مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن نائىب پادىشاھ بۇ چاغدا ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. 1941 ـ يىلى نائىب پادىشاھ ماندېلانى يوقلاپ كەلدى، ماندېلانىڭ بۇرۇن ئۆزگە قىلغان ئاسىيلىقىنى تەرگەپمۇ يۈرمىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن نائىب پادىشاھ ۋاپات بولدى، ماندېلا ترانسكېيغا بېرىپ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى؛ نائىب پادىشاھنىڭ ئۆزگە كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىغا جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇ دەسلەپتە ئۇنىڭدىن ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن دەيدىغان كۆزقاراش ۋە ئەركىنلىك ھەرىكىتى مەسىلىسى ھەققىدە سورىيالىغان بولسا ئىشلارنىڭ باشقىچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ھالا بۈگۈن ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدى كوسا چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. لېكىن، قەبىلىسىگە مەسئۇل بولۇش ۋە چوڭ شەھەرلەردە ئېرىشىدىغان پۇرسەت ئالدىدا ئۇ يەنىلا ناھايىتى ئارىسالدى بولۇپ قالغانىدى.

ماندېلا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇپ، باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۇنۋانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تۇتىشىدىغان بىردىنبىر يول ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى: «ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگەنگەنلىرىم مەن تۇرۇۋاتقان يېڭى مۇھىت بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن مۇناسىۋەتسىز ئىدى» دەيدۇ ئۇ. فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن قايتىدىن باردى، مەكتەپكە ئۇ سىنىۋلۇدىن قەرز ئالغان پۇلغا سېتىۋالغان يېڭى كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسىنى كىيىپ باردى. ئۇنىڭ جىيەنى كەيسار ماتانزىما شۇ چاغدا قەبىلە باشلىقلىقا تەيىنلىنىشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ماندېلاغا ترانسكېيغا قايتىپ كېلىپ ئادۋوكات بولۇش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن ماندېلانىڭ قىزىقىشى ئاللىقاچان خەلقئارا سەھنىگە كېڭەيگەنىدى.

ئۇ ناھايىتى تېزلا ئالېكساندىردىن ئورلاندوغا كۆچۈپ باردى، ئۇ يەر بىلەن يوھاننېسبۇرگنىڭ ئارىلىقى 12 ئىنگلىز مىلى

كېلىدىغان بولۇپ، شەھەر ئەتراپىغا تەۋە ئىدى. 1930 ـ يىلى قارا تەنلىكلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ ئايرىۋېتىلىپ، «دەرىجىسى سەل يۇقىرىراق يەرلىكلەر» نىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن تەمىنلەپ بېرىلگەنىدى. ئورلاندونىڭ زېمىنى كەڭ كەتكەن ئېتىزلارنى قاپلىغان بولۇپ، ئېتىزلىقلاردا ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ غايەت زور مۇنارلىرى ۋە قاتار كەتكەن ئىككى ئېغىزلىق تورۇسى يوق ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئورلاندو ئالېكساندىرغا قارىغاندا پاكىز ئىدى، لېكىن ئالېكساندىرغا ئوخشاش قىزغىن كەيپىيات يوق ئىدى. ماندېلا دائىم: «ئالېكساندىردا ئۆيۈم يوق، لېكىن ئائىلەم بار. لېكىن، ئورلاندودا بولسا ئۆيۈم بار، ئائىلەم يوق» دەيتتى. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇ سىنىپلىق بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. كېيىن ئانىسى بىللە بىلەن سىياسىي كەيپىيات ناھايىتى قويۇق رايوندا تۇردى. لېكىن، ئورلاندو بارلىق جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارغا ئۈچۈن بىر باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

ماندېلا يەنىلا داۋاملىق ئوقۇشقا موھتاج ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ ئادۋوكاتلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتاتتى. 1943 ـ يىلى ئۇ ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىغا تىزىمغا ئالدۇردى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت يوھاننېسبۇرگنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغقا جايلاشقانىدى. مەكتەپ دەھلىزىدىكى قويۇق ئورمانچىلىقنى قەد كۆتۈرگەن تۈۋرۈكلەر ناھايىتى كۆركەم ئىدى. ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوخشىمايتتى، ئاز بىر قىسىم قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. لېكىن، چويلا توپ مەيدانى بىلەن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى قاتارلىق تەنتەربىيە سارايلىرى قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارغا ئېچىپ بېرىلمەيتتى. بەزى ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە

پىروفېسسور خالومۇ بار ئىدى، ئۇ گېرمانىيە تەۋەلىكىدىكى يەھۇدىي ئادۋوكات ئىدى. ئۇ، قانۇن ـــ بىر ئىجتىمائىي پەن، لېكىن قارا تەنلىكلەر ۋە ئاياللاردا زۆرۈر بولغان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تەجرىبە كەمچىل، شۇڭا ئۇلار قانۇن ئۆگىنىشكە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، جۇلىيس رۇيىن لىكىس ۋېرسقا ئوخشاش يەنە بىر قىسىم قانۇن ئوقۇتقۇچىلىرى كۆكسى ـ قارنى كەڭ لىبېراللىستلاردىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن نۇرغۇن ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلار ئىرقچىلىققا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جوئې سىلوۋو ۋە ئۇنىڭ ئايالى رۇس پرۇست، تونى ئودىد ۋە خارولد ۋورپ قاتارلىق كوممۇنىزمچىلارمۇ بار ئىدى. رۇس پرۇست كېيىن ماندېلانىڭ يېقىن ھەمراھى ۋە خىزمەتدىشى بولۇپ قالدى. بۇ ئايالنىڭ نەزىرىدە ماندېلا تەقى ـ تۇرقى ناھايىتى قامالاشقان، مەغرۇر ۋە سالاپەتلىك، مىجەزى ئوسالراق، ناھايىتى سەزگۈر، ئۆزىنى سەل چوڭ چاغلايدىغان ئادەم ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ ماندېلانىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خورلۇقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغانىدى. جوئې سىلوۋونىڭ قارىشىچە، ماندېلا ھاكاۋۇر، كەم سۆز قارا تەنلىك ئىدى، ئۆزىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگىگە بەك سەزگۈر ئىدى، ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئىش قىلغاندا ئاق تەنلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمىدىغان بۇنداق كۆزقاراشتىن ئۇ ئىنتايىن نارازى ئىدى. رۇسنىڭ يېقىن دوستى ئىزمىرمىلىنىڭ قارىشىچە، ماندېلا ئۆزىگە ئانچە ئىشەنمەيدىغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلار سىياسىيسىدىن يىراق تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ: «ماندېلا مەكتەپتىكى ھەرقانداق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىنى خالىمايتتى، ئۇ بەكلا ئېھتىياتچان ئىدى» دەيدۇ.

ماندېلا ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1943 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ئالتە يىل تۇردى، بۇ مەزگىلدە مەكتەپتىن قاچمىدى. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بەك ياخشى ئىدى،

لېكىن ئۇ يەنە پىراكتىكانت ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنىمۇ تەڭ قىلىۋاتاتتى، بىر تەرەپ قىلىدىغان سىياسىي ئىشلىرىمۇ كۆپ ئىدى، شۇڭا ئۇ ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇيتتى. پىروفېسسور خالو ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن: «سەن مۇشۇنى ماقالە دەۋاتامسەن؟»، «مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندىڭمۇ؟» دېدى. دەرسلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماندېلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. ئۇ پىروفېسسور خالوغا بەزى دەرسلەردىن قايتا ئىمتىھان بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ دائىم كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن ئولاندوغا كېلەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئاچلىق ۋە ھېرىپ ـ چارچاش دەستىدىن زېھنىمنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىشقا ئامال قىلالمىدىم ... ئەگەر تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتى بولغان بولسا نەتىجەم تېخىمۇ ياخشى چىقاتتى» دېدى. لېكىن، پىروفېسسور خالو ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ئادەم بولغاچقا، ماندېلانىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا ئاخىر ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا قانۇن پەنلىرى بويىچە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلمىدى. بۇ ئىش بەك تەسىر قىلغاچقا ئۇنىڭدا بىر خىل مەغلۇپ بولۇش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالدى.

ماندېلا ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ناھايىتى كۆپ خورلۇققا ئۇچرىدى. ئۇ قانۇن ئىلمى كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇشىغا، شۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغان يەنە بىر ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچى دەرھال باشقا جايغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن قەھۋەخانىغا كىرگەندە قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزۈلمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «كافىر»[1] بار ئىدى؛ ئۇ ئىككى ھىندىستانلىق بىلەن ئاق تەنلىكلەر مەخسۇس چىقىدىغان بىر تراموۋايغا چىققاندا، بېلەت

---

① كافىر (Kaffir) — جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەر كەمسىتىلىپ شۇنداق دېيىلەتتى.

ساتقۇچى ئۇنى ئۇلارنىڭ «كافىر دوستۇڭلار» دەپ ئاتىدى ھەم ئۇلارنى سوتقا ئەرز قىلدى. لېكىن، ماندېلا بۇنى بەكمۇ ھار ئېلىپ كەتمىدى. 50 يىلدىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پرېزىدېنتى بولغان ماندېلا ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلارنىڭ 46 - نۆۋەتلىك يىغىلىشىغا قاتناشتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا: «مېنى ھۆرمەتلىگەن، ماڭا ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا مېنى كەمسىتكەن، ماڭا ناچار مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار بولغاچقىلا مەن ھازىرقىدەك ھالەتكە كېلەلىگەن» دېدى.

ئورلاندوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماندېلا بايۋەتچە دەپ قارىلىپ، قىزلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. كۆپ قىسىم ۋاقتىدا ۋالتېر سىسۇلۇ ۋە ئانىسى بىلەن ئورلاندودىكى كىچىك ئۆيدە بىللە تۇردى. 1944 - يىلى ۋالتېر سىسۇلۇ ئالبېرتىنا تىتايۋېل ئىسىملىك بىر ياش سېسترا بىلەن توي قىلدى. ئالبېرتىنا ترانسكېيدىن كەلگەن بولۇپ، كاتولىك دىنى تەلىمى ئالغانىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا «ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى» گە ئايلاندى. بۇ — سىسۇلۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. ئالبېرتىنا ناھايىتى قابىلىيەتلىك، بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئانا، ھەم سىياسەتۋازنىڭ رولىنى ئالالايدىغان ئايال ئىدى. ئالبېرتىنا ماندېلادىن ئىبارەت بۇ قامالاشقان سەھەرالىق يىگىتكە بىر خىل ھىمايە قىلىش ئىستىكىدە مۇئامىلە قىلاتتى، ماندېلانىڭ ئالېكساندىردا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىشىدىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا «يامان كىشى» لەرگە يالىنىپ قېلىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشقا ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

لېكىن، ماندېلا ناھايىتى تېزلا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىغاندەك قىلاتتى. بىر كۈنى، سىسۇلۇنىڭ ئىللىق ئۆيىدە ماندېلا سىسۇلۇنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئىفرىن ماس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىفرىن ماسمۇ ترانسكېيدىن كەلگەن بولۇپ،

ماندېلادىن تۆت ياش كىچىك ئىدى، ئۇ يوھاننېسبۇرگتا سېستىرالىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قوشنىسى يىسچىرىيا موفېل كېيىن ئىفرىن ماسنى تەرىپلەپ : «ئىفرىن ماس ناھايىتى كىچىك پېئىل قىز ئىدى، خۇمار كۆزلىرىدىن ھەمىشە ھايالىق كۈلۈمسىرەش كەتمەيتتى» دەيدۇ. ماندېلا ناھايىتى تېزلا ئىفرىن ماسنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىككىيلەن رەسمىي يۈرۈپ قالدى، بىر ئايغا بارمايلا ماندېلا ئىفرىن ماسقا توي تەكلىپى قويدى. 1944 ـ يىلى ئۇلار ئاددىيغىنا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، چېركاۋغىمۇ بارمىدى، توي زىياپىتىمۇ بەرمىدى.

«بىزنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىڭلارغا بەك ماس كەپسىلەر دەيتتى» دەيدۇ ئىفرىن ماس ئەسلەپ. ئۇ ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۆينى بىر قوللۇق سىيرىپ ـ سۈپۈرەتتى، گۈل باقاتتى، تاماق ئېتەتتى، ماندېلانى ناھايىتى ياخشى كۈتەتتى. ماندېلا: «ئۇ يۈرۈش ـ تۇرۇشى تولىمۇ نازاكەتلىك، سىپايە ئايال، ئائىلىسى ۋە يولدىشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىدى» دەيدۇ. ئىفرىن ماس دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ماندېلادىنمۇ تەقۋادار ئىدى. ماندېلانىڭ سىڭلىسى لىيابى كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر مەزگىل تۇرغانىدى. ئۇ ئىفرىن ماسنىڭ سىياسىيغا قىلچە قىزىقمايدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. لېكىن، ئىفرىن ماس ماندېلانى ناھايىتى قوللايتتى. ئۇلارنىڭ ئورتاق دوستى فېرىس نىتارا: «ئىفرىن ماس بىلەن بىللە ياشىغان ئاشۇ يىللار ماندېلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە سىياسىي سەھنىدىكى ئۇتۇقلىرى كۆزگە كۆرۈنگەن مەزگىلى ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ بۈگۈن مىللەتنىڭ قەھرىمانى بولالىدى» دەپ يازغانىدى.

توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئىفرىن ماس ئوغلى تايمۇبىنى تۇغدى. ئۇلار ۋاقىتىنچە ئورلاندونىڭ شەرقىدىكى 719 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كۆچۈپ باردى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئورلاندودىكى 8115 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كۆچتى. ئۇ — تېپىك

سەرەڭگە قېپى شەكلىدىكى بىنا ئىدى، بۇنداق ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۆيلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى، توك تارتىلمىغانىدى، ھەتتا ئۆيدە يۇز يۇيۇش ئەسلىھەسىمۇ ئورنىتىلمىغانىدى. ماندېلانى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەر، جۈملىدىن ئۇنىڭ جىيەنى ماتانزىما ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇلار دائىم داق پولىنىڭ ئۇستىدىلا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئىككىنچى يىلى ئىفرىن ماس يەنە بىر قىز تۇغدى، قىزىغا ماكازۋېل دەپ ئىسىم قويۇلدى، لېكىن بۇ بالا توققۇز ئايلىق بولغاندا ئۆلۈپ كەتتى.

ماندېلانىڭ ئانىسى دائىم ترانسكېيدىن كېلىپ، ئىفرىن ماسقا ياردەملىشەتتى. قېيىنئانا بىلەن كېلىن ناھايىتى ئەپ ئۆتەتتى. ماندېلا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشتەك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ياردەملىشەتتى، بەزىدە تېخى تاماقمۇ ئېتەتتى. نۇرغۇن ئاياللار ئىفرىن ماسقا ھەۋەس قىلاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ يولدىشى — ماندېلا ئۆيگە بەك كۆيۈنەتتى، بازاردىن ئۆيگە نەرسە - كېرەك ئالغاچ باراتتى.

يوھاننېسبۇرگتا تۆت يىل ياشىغاندىن كېيىن ماندېلا ترانسكېيدىكى سەھرا تۇرمۇشىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتتى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇدى، ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن خىزمەت تاپتى، ئۆي - ئوچاقلىق بولدى، قىستا - قىستاڭ شەھەردە قانداق جان بېقىشنى بىلىۋالدى، رەھىمسىز رىقابەتلىك مۇھىتلاردا پۇت دەسسەپ تۇرالىدى. لېكىن، ئۆزىنى يەنىلا سەھرالىقتەك ھېس قىلاتتى، ئىنگلىز تىلى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان شەھەرلىكلەر بىلەن سېلىشتۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سەھرا قىممەت قارىشى ۋە تەربىيە ئۇنىڭغا يۇرتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلاتتى، ھەمدە ئۆزىنىڭ شاھ ئوردىسىدىن چىققانلىقىنىمۇ ئېسىگە سالاتتى. «مەيلى نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ شاھ ئوردىسىدا قەبىلە باشلىقى ياكى مۇھىم شەخسكە ئايلىنىشنى ئويلايتتى»، «سىياسىي سەھنىدە پۇت دەسسەپ تۇرسىمۇ ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق

خىيالدا بولاتتى» دەيدۇ سىسۇلۇ.

لېكىن، ماندېلا يەنىلا سىياسىي ھەق ـ ناھەق ئارىسىغا پېتىپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا تېخىمۇ مول مەزمۇن قوشتى، نىشانىمۇ بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى. ئۇ بىر مەغرۇر ئاقسۆڭەك بولسىمۇ، لېكىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ شەھىرىدە ياشايدىغان بىر قارا تەنلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن خىلمۇخىل ئوڭۇشسىزلىق ۋە خورلۇقلار دۇچار بولاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مىليونلىغان قارا تەنلىكلەرنىڭ ئېچىدىكى بىرسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇتاتتى. ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى؛ ئۇ ناھايىتى تېزلا يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن ئافرىقىلىق مىللەتچىگە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇقەرەر ھالدا ئۇنىڭ پىسخىكىسىغا بىر خىل زەربە بولۇپ، كەيپىياتى بۇزۇلۇپ غەزەپلىنەتتى، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىلا ئاندىن كەيپىياتىنى كونترول قىلالايتتى.

ئالېكساندىردا ماندېلانى تۇنجى قېتىم سىياسىي بىلەن ئۇچراشتۇرغىنى ئۇنىڭ شىركەتتىكى دوستى گول رادىب ئىدى. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەھەرنىڭ ئاممۇۋى ئاپتوبۇسىنىڭ كىرا ھەققى بەش پېنىستىن ئالتە پېنىسقا ئۆستۈرۈلگىنى ئۇچۈن گول رادىب ناھايىتى زور كۆلەمدە بايقۇت قىلىش پائالىيىتى تەشكىللىدى. ماندېلا بايقۇت قىلىش پائالىيىتى ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك نامايىشىغا قاتناشتى. ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا دەلمۇدەل توققۇز كۈن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئەڭ ئاخىر ئاپتوبۇس كىراسى ئەسلىدىكى باھاغا چۈشۈرۈلدى. كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان بۇ دەرس ماندېلاغا بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇردى.

بۇمۇ ماندېلانىڭ تۇنجى قېتىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى — قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاساسلىق سىياسىي ئاپپاراتى بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئارىلىقتىن ئۇچرىشىشى ئىدى. ئەينى

چاغدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغىنىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى زۇلۇ قەبىلىسىدىن چىققان ئادۋوكات، دوكتور پىكىسرى كاسەيىم 1912 ـ يىلى قۇرغانىدى، بۇ مەخسۇس 1910 ـ يىلى قۇرۇلغان جەنۇبىي ئافرىقا تەشكىلاتىغا قارىتىلغانىدى. پىكىسرى كاسەيىم بىر قېتىملىق ئاشكارا نۇتقىدا: «ئافرىقا تەشكىلاتلىرى ئىچىدە بىزنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش جەھەتتە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمىز يوق، باشقۇرۇشقا تېخىمۇ قاتنىشالمايمىز» دېگەن. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسى زۇلۇ قەبىلىسىدىن چىققان پېداگوك، دوكتور جون دۇب، تۇنجى نۆۋەتلىك كاتىپى سول پىلاتكى ئىدى، ئۇ كىمبىرلىتتىن كەلگەن بولۇپ، تەرجىمان ھەم يازغۇچى ئىدى، لېكىن كاسسىرلىققا پىكىسرى كاسەيىم تەيىنلەنگەنىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاق تەنلىكلەر سوپېرماتىزمچىلىرى (ئاق تەنلىكلەر ئەلاچىلىقى)نى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى، شۇڭا ئۇلار تۈرلۈك ۋەكىللەر ئۆمىكى، كۈچ كۆرسىتىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىدى، لېكىن زور كۆلەملىك ھەرىكەت ۋە توقۇنۇشتىن ئەنسىرەيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مۇتەئەسسىپ، ئېھتىياتچان ئاپپارات ئىدى، ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى خان ئوردىسىدىن چىققانلار ئىدى، پارلامېنتقا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسى ئىچىدىن سايلىنىپ چىقاتتى. ماندېلانىڭ نەزىرىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ھەرخىل رامكىلىرى بىلەن تولغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ناھايىتى تېزلا ھۆكۈمەت ئورگىنى تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى: كېيپتاۋندىكى ئافرىقىلىقلار سايلام ھوقۇقىنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرى «يەرلىك ۋەكىللەر كومىتېتى» غا قاتنىشىشقا قوشۇلدى. ئافرىقا خەلقى ئەسلىدە

كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئۇلار ناھايىتى تېزلا كومىتېتنىڭ بىر «ئويۇنچۇق تېلېفون» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھېچقايسى جەھەتتە ئۇتۇق قازىنالمىدى. تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ، ئۇنىڭ بايقۇت قىلىش پائالىيەتلىرىمۇ كوممۇنىزمچىلار ۋە تروتىسكىيچى ئۇنسۇرلارنىڭ كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا خىرەلىشىپ سەلتەنەتىنى يوقاتتى. ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ قورقۇق ۋەدىلىرىگە بەكلا ئىشىنىپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىدىن قالدى.

1940 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىقتىدارى تېخىمۇ يۇقىرى بىر رەئىسنى سايلاپ چىقتى، ئۇنىڭ ئىسمى ئالفىرېد شۇما ئىدى. ئۇ دوختۇر بولۇپ، بوي ـ بەستى ۋىجىك ئادەم ئىدى، ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك ئايالغا ئۆيلەنگەنىدى. دوكتور ئالفىرېد شۇما ناھايىتى تېزلا ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ئەزالىق تۈزۈمى يوق، مۇھىم ئىشلار خاتىرىسىمۇ يوق، مالىيەسىمۇ قۇرۇق ئىدى» دەيدۇ ئۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ جاي ـ جايلىرىغا شۆبە ئاپپاراتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن باردى ھەمدە ترانسىۋال شۆبىسىنى ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇردى، ئۇ يەرگە زور كۆلەمدە قارا تەنلىكلەر كۆچۈپ كىرىپ يېڭى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قەبىلىلەر شۆبىسىنى بىكار قىلدى ھەمدە قەبىلە باشلىقلىرى مەجلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلاشتۇردى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرى ئاساسلىقى يەنىلا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت ئافرىقىلىقلارلا قاتنىشالايتتى، شۇڭا ئۇ

ئاممىنىڭ تازا قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. ئالفرېد شۇما ئۆزىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىغا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇنىڭ ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرقانچە ئاق تەنلىك دوستى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپ، ئالفرېد شۇما بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئاممىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتقان ياش رەھبەرلارنىڭ ئاممىنى قۇتراتىپ قويۇشىدىن ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ قېلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيتتى.

1943 - يىلى ماندېلا سىسۇلۇنىڭ ئورلاندودىكى ئۆيىدە زۇلۇ قەبىلىسىدىن چىققان ياش، جاسارەتلىك رادىكالىزمچى ئانتون رۇنبىد بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئەينى چاغدا رۇنبىد ئاران 29 ياشتا ئىدى، ئۇ تېخى يېقىندىلا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، دوكتور پىكېسرى كاسەيىمنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئانتون رۇنبىدنىڭ دادىسى دېھقان ئىدى، ئۆزى ناھايىتى ئىخلاسمەن خىرىستىيان ئىدى، شەھەرلىكلەرنىڭ ئەخلاقتا گۇمراھلىققا يۈز تۇتقانلىقىدىن ناھايىتى قايغۇرغان ۋە تەشۋىشكە چۈشكەنىدى. شۇڭا، ئۇ قارا تەنلىكلەر چوقۇم ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى، ئاق تەنلىكلەر ۋە ھىندىستانلىقلارغا تايانماسلىقى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ پىلانلىق ھالدا يات مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مىللەتچىلىك خاھىشىغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنى يوقىتىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىغا ھەمدە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياشلاردىن ئەڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئانتون رۇنبىدنىڭ خەلقچىللىق ئىستىلى نىسبەتەن روشەن ئىدى. «بىر جۈپ ئاياغنىڭ قىممىتى شېكىسپىرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى سېتىۋېلىشقا يېتىدۇ» دەيتتى ئۇ. لېكىن،

ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر زىيالىي ئىدى، ئەنگلىيە ئەدەبىياتى مەستانىسى (جۇملىدىن شېكىسپىرغا مەستانە ئىدى) ئىدى، ماركۇس گاۋىل، ۋىبىر دۇبوۋا قاتارلىق ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك رەھبەرلەرنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. «مېنىڭ روھىم ھېلىھەم ئافرىقىنىڭ پارلاق ئۆتمۈشىنى ئەسلەيدۇ» دەيدۇ رۇنبىد: «لېكىن، مەن يېڭى ئافرىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇچۇن تىرىشىپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەركىن ھەم ئۇلۇغ بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقمىسام بولمايدۇ.» ماندېلا رۇنبىدنىڭ ئاقىلانە، كەسكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رۇنبىدنىڭ ھاياتىي كۈچكە ناھايىتى باي ئىكەنلىكى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىگە بەك قايىل بولاتتى.

رۇنبىد ئاز بىر قىسىم قارا تەنلىك ياشلارنىڭ رەھبىرىگە ئايلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە سىسۇلۇ بىلەن ماندېلامۇ بار ئىدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇپ چىقماقچىدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئالىكساندىردىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىدەك چوڭ تىپتىكى ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللىغىنى بىلەن، ئالفىرېد شۇمانىڭ نەيرەڭۋاز سىياسىتىگە قارشى تۇراتتى. پاۋلو موساكا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئافرىقا دېموكراتىك پارتىيەسىمۇ ئۇلارغا خىرىس ھېس قىلدۇرغانىدى. ئافرىقا دېموكراتچىلار پارتىيەسى تېخى يېڭىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە تەمتىلەپ مېڭىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئەنگلىيە پۈشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار گېتلىرغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا نامايان قىلغان ئىدېئالىزم ئىدىيەسى، بولۇپمۇ چېرچىل بىلەن روزۋېلت 1941 ـ يىلى ئىمزالىغان «ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسى» دا ئېنىق

گەۋدىلەندۈرۈلگەن رادىكالىزم ئىدىيەسى ئۇلارغا زور ئىلھام بولغانىدى؛ نىزامنامە ئاتانتا دۆلەتلەرنىڭ «بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىلىي شەكلىنى ئۆز ئالدىغا سايلاپ چىقىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى» غا تۈرتكە بولغانىدى. لېكىن، چېرچىل ناھايىتى تېزلا نىزامنامىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۈرۈش روھىغا خىلاپلىق قىلدى. ئۇ ھىندىستانلىقنىڭ پۈشتىدىن بولغان دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى رىيو ئېمورىغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇ تىلغا ئالغان «خەلق ئاممىسى» نىڭ نېگىرىيە ۋە شەرقىي ئافرىقىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنى، شۇنداقلا يەھۇدىيلارنى پەلەستىنىدىن قوغلاپ چىقارغان ئەرەبلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لېكىن، ماندېلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى پەقەت «ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسى»نىڭ يۈزەكى مەنىسىنىلا كۆرگەنىدى ھەمدە چېرچىلنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە ئايلانغانىدى. ھالبۇكى، شۇنىڭ بۇ نىزامنامىنى ئافرىقىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ 1941 ـ يىلى ياپونىيە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ياپونىيەنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپلا ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مارتىيو باشچىلىقىدا مەخسۇس كومىتېت قۇرۇپ «ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسى» نى تەرجىمە قىلدى. بۇ كومىتېت «جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار باياناتى» دېگەن نامدا بىر پارچە ھۆججەت تاپشۇردى، ھۆججەتتە خەلقنىڭ مۇستەقىل سايلاش ھوقۇقى قايتا تەلەپ قىلىنغانىدى. ھۆججەتتە ئۇلارنىڭ ئاۋۋال نىزامنامىنى ئافرىقىدا قوللىنىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا قارايدىغانلىقى، بۇ ــ نىزامنامىگە بولغان قاتتىق سىناق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغانىدى.

ئەينى چاغدا ماندېلا 25 ياشقا كىرگەنىدى، 1943 ـ يىلى ئۇ رۇنبىد رەھبەرلىكىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئەزا بولغانىدى،

بۇنىڭدىن مەقسەت — ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى سوفىياتاۋن كىتابخانىسىدا ئولتۇرىدىغان دوكتور ئالفرېد شۇماغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇمانىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىگەندە تەلەپپۇزدا بەكلا مۇبالىغە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تايىنىۋالىدىغانلىقىنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇما بولسا ياش زىيالىيلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى، «كىچىك دوستلار»نىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشىدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلاتتى. لېكىن، شۇما ئۇلارغا: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زور كۆلەملىك ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش پىلانى يوق» دېگەنىدى. ھالبۇكى، ماندېلا، سىسۇلۇ ۋە باشقا ئەزالار يەنىلا ۋاقىتلىق كومىتېت قۇرۇپ، داۋاملىق ھەرىكەت قىلدى، يوھاننىسبۇرگ شەھەر رايونىنىڭ روسىنبۇرگ دېگەن يېرىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورىدىكى قاراڭغۇ ئىشخانىسىدا بىر پارچە خىتابنامە يېزىپ چىقتى.

1944 - يىلى 4 - ئايدا ياشلار ئىتتىپاقى يوھاننىسبۇرگتىكى بانتۇ ئىجتىمائىي مەركىزىدە رەسمىي قۇرۇلدى، رۇنبىد رەئىسلىككە تەيىنلەندى، سىسۇلۇ، تابو ۋە ماندېلا ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. رۇنبىدنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ كۆزقاراش جەھەتتىكى پەرقلىرىنى تەسۋىرلىشى ئارقىلىق كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان خىتابنامىنىڭ مۇقەددىمىسى رەسمىي ئېچىلدى:

ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئالەم خۇددى غايەت زور ماشىنىدەك ھاۋا بوشلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ؛ بارلىق مەۋجۇداتلار بەئەينى لەيلىگەككە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ ...

قارا تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئالەم بىر بىرىكمە گەۋدە، ئورگانىك بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ، ئۇزۇكسىز يۇقىرى قاتلامغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ ۋە ئىناق - ئىتتىپاق بولىدۇ. ھەربىر يەككە ئادەم بۇ

خىتابنامە ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەرنىڭ مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشىغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ، دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بەردى ھەمدە «ھازىردىن باشلاپ ئافرىقىلىقلار ئۆز كۆچىگە تايىنىپ كەلگۈسى ھەققىدە قارار چىقىرىشى كېرەك» دېگەننى ئېلان قىلدى. خىتابنامىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللاش ئېپادىلىنىپ، يېڭى قۇرۇلغان ياشلار ئىتتىپاقى «ئافرىقا مىللەتچىلىرىنىڭ ئەقىل ئامبىرى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكى» دەپ تەرىپلەندى.

ماندېلانىڭ قارىشىچە، بۇ ئافرىقا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تۈنجى قېتىم ئۇچۇق بايان قىلىنىشى ئىدى. لېكىن، سىياسەت تېخىچە قارار قىلىنمىغانىدى. ئۇلار رادىكاللار دېگەندەك ئاق تەنلىكلەرنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئەڭ ئاخىردا تېخىمۇ مۆتىدىل بىر كۆزقاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ماندېلامۇ بۇ كۆزقاراشنىڭ قوللىغۇچىسى ئىدى: باشقا ئىرقتىكى ئاھالىلەر جەنۇبىي ئافرىقىدا قېلىپ قالسا بولىدۇ، لېكىن ئاق تەنلىكلەر سۇپېرماتىزمى چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

ئۈرۈش قالايمىقانچىلىقى مەزگىلىدىن بۇيان، يەنە بىر سىياسىي تەشكىلاتنىڭمۇ ساداسى ئۆلغايغانىدى ئۇ دەل ماندېلا ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1921 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاز بىر قىسىم يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ۋە دۆلەت دىنىغا ئىشەنمەيدىغان ئەنگلىيەلىكلەر رەھبەرلىك قىلاتتى. 20 يىللىق قالايمىقانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۇ پارتىيە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئافرىقىغا كېڭەيگەن ھەمدە موسكۋا

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغانىدى. جەنۇبىي ئافرىقا كانچىلىق كەسپى كاپىتالى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنلىكتىن، نۇرغۇن ماركسىزمچى ئالىملارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە لېنىنمۇ بار ئىدى. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىنى ئىقتىسادشۇناسلىق ئىمپېرىيالىزمى ۋە مونوپول كاپىتالىزمنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تەتقىق قىلاتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرى سىنىپ ۋە ئىرقىي توقۇنۇشتىن گاڭگىراپلا قالغانىدى. دەسلەپتە كوممۇنىستلار ئافرىقا كوممۇنىستلىرى ۋە رەھبەرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمىگەنىدى 1922 ـ يىلىدىكى «ئاق تەنلىكلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىسى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەن شوئار ئاستىدىكى كانچىلىق كەسپىدىكى ئىش تاشلاشتا ئۇلار پۈتۈنلەي ئاق تەنلىكلەر ئىشچىلار پارتىيەسىنى قوللىغانىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئاق تەنلىكلەر ئىشچىلار پارتىيەسى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا مىللەتچىلىك ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ، سىنىپىي ئىتتىپاقنى يولغا قويدى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئاق تەنلىك ئىشچىلار پارتىيەسى بىر ـ بىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى. 1926 ـ يىلى مەزكۇر پارتىيە يەنە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ «قارا تەنلىكلەر جۇمھۇرىيىتى» ھەققىدىكى يېڭى يولىيورۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىرمۇنچە ئاق تەنلىك ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا كوممۇنىستىك پارتىيە تېخىمۇ كۆپ قارا تەنلىك ئەزالارنى قوبۇل قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئىقتىدارلىق، ياش رادىكالىزمچىلاردىن ماكىس بىلەن مورش كوۋتىنى بار ئىدى. ئۇلار موسكۋا لېنىن ئىنستىتۇتىدا تەربىيەلىنىپ، دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن قارا تەنلىكلەر ئىتتىپاقىنى قۇرماقچى بولغانىدى. 1939 ـ يىلى

كوممۇنىستىك پارتىيە گىتلېر بىلەن ستالىن ئىمزا قويغان شەرتنامىگە ھۆرمەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. لېكىن، 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گىتلېر رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلدى، رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىتتىپاق تۈزدى، كوممۇنىستىك پارتىيە قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا مايىل بولۇشقا باشلىدى.

ماندېلا نەيتي برۇگمان ۋە مايكول ھامور قاتارلىق ئاق تەنلىك دوستلىرى ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك مىللىي روھىنى كۆرۈپ يەتتى. قارا تەنلىكلەر باراۋەر سالاھىيەتتە ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئۇچراشقانىدى. كېيىن، ماندېلا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كوممۇنىستىك پارتىيە بولسىلا ئافرىقىلىقلارغا ئۆزى بىلەن باراۋەر ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشتىن ھەقىقىي ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. ئۇلار بىز بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى، سۆھبەتلىشىشنى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ. ئۇلار ئافرىقىلىقلار ئۈچۈن سىياسىي ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان بىردىنبىر تەشكىلات.» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە نۇرغۇن كوممۇنىستلار بار ئىدى، لېكىن كۆپ ساندىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى ئۇلارنى تەھدىت ئورنىدا كۆرمەيتتى. 1936 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش كاتىپى، باستېر جامۇس كاراتا «كوممۇنىزمنىڭ بىرەر تەسىر پەيدا قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئافرىقا خەلقىنىڭ تىرىكچىلىكى يەنىلا باغلانما سىستېما ئاساسىغا قۇرۇلغان، شەخسلەر ئائىلە، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. «كوممۇنىزم بىر نوقۇل ماتېرىيالىزملىق سىستېما، ئافرىقىلىقلار ئۇنى ئېزىلىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارىۋالمىسىلا، ئۇ ئافرىقىلىقلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالالمايدۇ.»

لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ياشلار ئىتتىپاقىدىكى مىللەتچى ئەرەبلار كوممۇنىستىك پارتىيەگە ناھايىتى كۈچلۈك دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ ــ ئافرىقا مىللەتچىلىكىنى چىرىتىدىغان تاشقى كۈچ ئىدى. رۇنبىد كوممۇنىستىك پارتىيەنى قاتتىق سۆكتى ھەمدە بىر قېتىملىق نۇتقىدا ناھايىتى ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن ئورلاندودا ئېچىلغان بىر قېتىملىق كوممۇنىستىك پارتىيە يىغىنىنى توختىتىپ قويدى. ماندېلا (گەرچە ئۇنىڭ كوممۇنىست دوستلىرى بار بولسىمۇ) تامبو ۋە رۇنبىدقا ئوخشاش كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئىشەنمەيتتى. ئۇچەيلەن ئىلتىماس يېزىپ، «ھەرقايسى سىياسىي تەشكىلات ئەزالىرى»نى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن چېكىنىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ مەملىكەتلىك قۇرۇلتايدا رەددىيەگە ئۇچرىدى، لېكىن ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى پائالىيەتلىرى يەنىلا داۋاملاشتى.

بۇ توقۇنۇش مىللەتچىلىك بىلەن كوممۇنىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ بىر قىسمى ئىدى، لېكىن ئەينى چاغدىكى چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاسىيا ـ ئافرىقا لىبېرالىزم ھەرىكىتىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىدى، بۇ ھەرىكەت ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. مىللەتچىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، خەلققە يېڭى غۇرۇر ۋە ئىززەت ئاتا قىلدى. كوممۇنىزمچىلار بولسا ئۇرۇشتا غالىب كەلگۈچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەبلىغى يېتەرلىك ئىدى، جاھانگىرلىككىمۇ ئىلمىي باھا بېرەلەيتتى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقا ئالاھىدە بىر ئىدېئولوگىيە جەڭگاھى ئىدى. «ئۇلار ھە دېسىلا مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىدۇ» دەيدۇ گوۋىن مىبېكى: «بىز بولساق ئەركىنلىك ھەققىدە سۆھبەتلىشىمىز. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.» جەنۇبىي

ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى بارلىق ئىرقچى پارتىيەلەرنى بىردىنبىر ئۆزىگە قوبۇل قىلغۇچى ئىدى. باشقا رايونلاردىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەرگە سېلىشتۇرغاندا جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەقىقىي كۆپ مەنبەلىك مىللەتچىگە تېخىمۇ بەكرەك ئوخشايتتى. ماندېلا مىللەتچىلىك بىلەن كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ماگنىت قۇتۇپىغا تەڭلا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى.

# 4. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ۋە ئافرىقىلىقلار

(1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە)

ماندېلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تەشنا بولۇۋاتقان ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچ دۇنيا ناھايىتى تېزلا خام خىيالغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى بەربات قىلغىنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى بولماستىن، بەلكى ئۇرۇش مەزگىلىدە چېرچىلغا سادىق بولۇش، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان سودا ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ قوللىشىدىكى شىموس بىرلەشمە پارتىيە ھۆكۈمىتى ئىدى. 1946 ـ يىلى ئانتانتا دۆلەتلەر ياپونىيە ئۈستىدىن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئاي ئۆتمەيلا شىموس ئىككى قېتىم شەپقەتسىز ھەرىكەتنى قوزغاپ، ئافرىقىلىقلار بىلەن ھىندىستانلىقلارنىڭ كۈرىشىنى ئويغىتىۋەتتى، ئىشلاردا ئورتاق ھەمكارلاشمىسا بولمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

بىرىنچى قېتىمدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئافرىقا كان ئىشچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسى ماندېلانىڭ دوستى گول رادىب ئىدى. 1942 ـ يىلى رادىبنىڭ ۋەزىپىسىنى ماكس ئۈستىگە ئالدى، ئۇ ناھايىتى مەردانە ئافرىقىلىق كوممۇنىست بولۇپ، بۇرۇن موسكۋادا ئوقۇغانىدى. كانچىلىق شىركىتىنى ھۆكۈمەت قوللايتتى، ئۇلار مىلتىقنىڭ

ئىشتىكى بىلەن ئىشچىلارنى كان قۇدۇقىغا چۈشۈپ ئىشلەشكە مەجبۇرلىدى، ھەرىكەت داۋامىدا توققۇز ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نەچچە يۈز ئادەم يارىلاندى. ئون كۈندىن كېيىن، 50 نەپەر باشلامچى ئىش تاشلاشقا كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن ئەرز قىلىنغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچىسىنىڭ جىنايىتى بېكىتىلىپ، جەرىمانە قويۇلغان ۋە تۈرمىگە سولانغانىدى.

كۆپ ساندىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش تىنچىتىلغاندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەھدىتى ئاشكارىلىقا يۈز تۇتقانىدى. بۇ قېتىملىق باستۇرۇش ئۇلارغا قارىتىلغان زۆرۈر تەدبىر ئىدى. شىموس لوندونغا باردى، «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»گە بېسىلغان تەشكىلاتىنىڭ ماكس قاتارلىق باشلامچىلىرى سۆكۈپ يېزىلغان «زۇلۇنىڭ نۇتقى ۋە بىمەنە تەلەپ» ناملىق ماقالىگە ئۇ ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى. جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دوكتور شۇماغا ئوخشاش مۇتەئەسسىپلەر كوممۇنىستلارنىڭ نىزا پەيدا قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زىيادە بالدۇر بىلدۈرۈپ قويدى، لېكىن ياشلار ئىتتىپاقى شۇمانىڭ ئىش تاشلاشقا ھېسداشلىق پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇش رۇنبىدنىڭ بۇرۇن «قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئىسپاتلاپ بەرگەندەك قىلاتتى. ماندېلا ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ جاسارىتى ۋە ئىتتىپاقلىقىدىن تەسىرلەندى، ئۇ ماكس بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىزم ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتى ھەم ئۇنىڭ يۇمۇرىستىكلىقى ۋە كەمتەرلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. ماكس ماندېلانى ئاشقۇن مىللەتچى دەپ قارايتتى، لېكىن ئۇ بۇ باسقۇچنىڭ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «پېشقەدەم قوغدىغۇچىسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بەكلا

سەۋرچان ئىدى، شىموسقا زىيادە ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى، لېكىن بۇ قېتىمقى كان ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇلارغا قىلىنغان بىر خىل مەسخىرە ئىدى. كومىتېت ئەزالىرى قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە كومىتېتنىڭ ئۆزىنى بايقۇت قىلمىدى. ھالبۇكى، شىموس «مارتىيوغا ئوخشاش كەمتەر زىيالىيلار» نى ئىشىك سىرتىدا يېتىم قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە مارتىيو باشچىلىقىدىكى كومىتېت ئەزالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تەسەللى بەرمەكچى بولدى. شىموس ئۇنىڭ ھەمىشە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭكىدەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشلىرىنى دوراپ : «دەسلەپكى گۆدەك جەنۇبىي ئافرىقا ھازىر پىشىپ يېتىلدى، كونا كىيىملىرى ئەمدى ماس كەلمەس بولۇپ قالدى» دېگەنىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى تېشىغا چىقىرالماسلىقتەك پوزىتسىيەسىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، يەنە تېخى كومىتېتنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، كومىتېتقا سايلانغان ئەزالارنىڭ ھەممىسى قارا تەنلىكلەر ئىدى، ئۇلار يەنە قانۇنلۇق قارا تەنلىكلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىققانىدى. مارتىيو بۇنىڭدىن گۇمانلاندى ھەمدە قارا تەنلىكلەرنىڭ كومىتېتقا نىسبەتەن ئىشەنچىنى يوقاتقانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، شۇ يەرلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئوخشاشلا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ھېچقانداق ئىش تەۋرىتەلمىدى.

شىموسنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلارنى ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇشتەك ۋەھشىيلىكى ماندېلاغا ناھايىتى ئۇزاققىچە تەسىر قىلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا 300 مىڭ ھىندىستانلىق ناتالغا كەلدى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خورلۇققا ئۇچراش ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش تارىخى بار ئىدى. 1911 ـ يىلى ئۇلار مەشھۇر رەھبىرى گەندىدىن تىنچ كۆچ كۆرسىتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇ ــ گەندىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا ئادۋوكات بولۇپ يۈرگەن ۋاقتىدىن باشلاپ قوللانغان

پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىسى ئىدى. تىنچ كۈچ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلار نەچچە مىڭ ھىندىستانلىقنى ناتالدىن ترانسۋالغا ئېلىپ كەلدى. 1919 ـ ۋە 1939 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقلارمۇ مۇشۇ خىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى سىناپ كۆردى، لېكىن ھەممىسى ئەڭ ئاخىر بىرىپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ چاغدا ھىندىستانلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر باي سودىگەرلەرگە ئايلانغانىدى، ئۇلار قارا تەنلىكلەر بىلەن ئارىلىق ساقلايتتى، ئۇرۇشتىن كېيىن مۇئامىلىسىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، 1946 ـ يىلى شىمۇس ھۆكۈمىتى ئاسىيا ـ ئافرىقىلىقلارنىڭ يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇن لايىھەسى، ھىندىستانلىق نامرات ئاھالىلەر قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە شۇ ئارقىلىق ھىندىستانلىقلارغا يەر ـ زېمىن سېتىشنى چەكلىدى. بۇ قانۇن لايىھەسى ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن ھىندىستانلىقلارغا نىسبەتەن بىر ئەجەللىك زەربە بولدى. ئۇلار دەل ئىككى يىل ئۇلۇغ رەھبىرى گەندىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللاندى، پاسسىپ ھالەتتە قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاق تەنلىكلەرگە قالدۇرۇپ قويۇلغان يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى. ئەڭ ئاخىر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن دوكتور مونتى نىكىر ۋە يۇسۇپ دودنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2000 دىن ئارتۇق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر تۈرمىگە تاشلاندى.

ماندېلا بۇ چاغدا ھىندىستانلىقلار بىلەن خېلىلا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ۋە زور كۆلەملىك ھەرىكەت قىلىش ئىرادىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. بۇ ماندېلاغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ھىندىستانلىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرى ھەرىكەتكە باشلامچىلىق قىلاتتى، بەزىلىرى ماسلىشىپ بېرەتتى،

لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىش ۋە قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە ئىدى، ماندېلا بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالدى، شۇنداقلا ھىندىستانلىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بۇ ئىككى رەھبىرىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى. ئۇ يوھاننېسبۇرگتا نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتتى. يوھاننېسبۇرگ شەھەر مەركىزى كوچىسىدىكى 13 ـ نومۇرلۇق كىلۋاد بىناسىدىكى بىر ئۆي ھەر خىل ئىرقتىكى ئەرباblar يىغىلىدىغان مۇھىم سورۇنغا ئايلاندى. كېيىن بۇ ئۆيدە بارلىققا كەلگەن ئازادە كەيپىياتتا ماندېلا ئىزمىر مىل، رۇس فورسىت، يوسېف كاچارىيا ۋە باشقا نۇرغۇن ھىندىستانلىق ۋە ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ دائىم ئامىنا پاھاد (ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئاچىس بىلەن يىسوپ كېيىن ماندېلا ھۆكۈمىتىگە قېتىلدى)نىڭ ئۆيىگە تاماق يېگىلى، قەھۋە ئىچكىلى باراتتى، ھەممەيلەن تاماقنى قولىدا يەيتتى. بۇ ماندېلاغا جونگىن تابادىكى «مۇقەددەس جاي» دا ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىتىپ قويدى. ماندېلا دەسلەپتە ئامىد كاترادا بىلەن بىللە ئىشلىدى، كېيىن بۇ ھىندىستانلىق كوممۇنىست بىلەن 25 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى بىللە ئۆتكۈزدى.

مۇشۇ ھىندىستانلىق دوستلىرى بولغاچقا ماندېلا ھىندىستان تارىخى، گەندى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى جاۋاخارلال نېھرۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە قىزىقىپ قالدى. ئەينى چاغدا ھىندىستان مۇستەقىل بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. «بىز قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىغان چاغدا، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى قاتلامدىكى باشلامچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ھېچقانداق پايدىلىنالمىغاندۇق» دەيدۇ ئۇ ئەسلەپ: «چۈنكى، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى يېزىق ھالىتىدە خاتىرىلەپ قويۇلمىغانىدى، لېكىن گەندى بىلەن نېھرۇنىڭ كەچۈرمىشى خاتىرىلەنگەنىدى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلاردىن ئۆلگە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى، ئۇلارنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى بەكلا زور

ئىدى.» نېھرۇ تىنچلىقپەرۋەر ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ماندېلاغا بولغان تەسىرى گەندىدىن يۇقىرى ئىدى. «ئەگەر ھەرقانداق ئادەم ئۇنى چەكلىمەكچى بولسا، ئۇ ئۇلارنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. بىز ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمىزكى، ئۇ بىزگە يول كۆرسەتتى، بىزنى ئېزىۋاتقان كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتى. لېكىن، گەندى پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكىر بايان قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ناھايىتى مۇلايىم ۋە سىپايە ئىدى. ئۇ خورلىنىشقا ئۇچراشقا رازى بولسىمۇ، لېكىن قايتۇرما زەربە بېرىشكە رازى ئەمەس ئىدى.»

1946 ـ ۋە 1947 ـ يىللى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق پاسسىپ قارشىلىق كۆرسەتكۈچى زاتلار ماندېلا ۋە باشقا ئافرىقىلىق سىياسىيونلارغا مۇھىم بىر دەرس ئۆتۈپ بەردى. 1947 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى دوكتور شۇما دوكتور مونتى نىكىر ۋە يوسېف دادۇ بىلەن بىرلىكتە ئاتالمىش «دوكتور» كېلىشىمىگە ئىمزا قويىدى، كېلىشىمدە جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىككى ھىندىستانلىق بىلەن قۇرۇلتايدا ھەمكارلىشىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قانۇنى»غا قارشى تۇرۇش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش سىېپىگە قېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شۇما ھىندىستانلىق ۋەكىل نەيدونىڭ ھەمراھلىقىدا نيۇيوركتا ئېچىلغان بىرىنچى قېتىملىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ۋە شۇ ئارقىلىق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدى. كېيىن ماندېلا بۇ كېلىشىمنى بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىرقلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ئەندىزىسى قىلدى. نۇرغۇن ھىندىستانلىق ياشلار ئىرقلار ئارا ھەمكارلىقنىڭ ئىستىقبالىدىن زور ئىلھام ئالدى. كېيىن ماندېلا ھۆكۈمىتى سۇ

ئىنشائات تارمىقىنىڭ مەسئۇلى قادىر ئاسمار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كېلىشىم بىز ۋە بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە بۇنىڭ دەل جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.»

لېكىن، ئاشۇ ۋاقىتتا ماندېلا ھىندىستانلىقلار بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەمكارلىشىشقا قارشى تۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەقەت مۇستەقىل پارلامېنت بولغاندىلا ئاندىن ئامىنى ئۇنۇملۇك سەپەرۋەر قىلغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ھىندىستانلىقلار بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ياكى كونترول قىلىۋېلىپ، ئافرىقا مىللەتچىلىك كۆزقارىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئافرىقىلىقلارنىڭ بەختسىزلىكلىرى ۋە ئالاھىدە سالاھىيىتىگە قارىتا ماندېلا ھېلىھەم بىر خىل كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئىتتىپاقداشلىق كۈچلۈك، نەزەر دائىرىسى كەڭ ھىندىستانلىقلارنىڭ ئالدىدا مەيلى يەككە ئادەم ياكى سىياسىي دائىرىلەر ئۈچۈن ئېتىقاندا بولسۇن، ماندېلادا بىر خىل تەييارلىق پىسخىكىسى پەيدا بولغانىدى.

1946 ـ يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق ھەرىكەت ئەڭ ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئافرىقىلىق كان ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى تارقىتىۋېتىلدى، تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن قايتىدىن قۇرۇلدى. لېكىن، ھىندىستانلىقلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالدى. بۇ خىل ئوڭۇشسىزلىق ماندېلا ۋە باشقا ياش سىياسىيونلارغا قاتتىق زەربە بولدى. شۇ يەرلىك ۋەكىللەر كومىتېتىنى سىمۋول قىلغان ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە مۇراجىئەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ كونا دەۋردىكى مۇھاپىزەتچىلىرى خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالدى. لېكىن، ھىندىستانلىقلار

بىلەن كوممۇنىستلار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ قەيسەر، جاسارەتلىك يولباشچىلار بارلىققا كەلدى.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھىندىستان مۇستەقىل بولدى. بۇ — جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئافرىقىدىكى باشقا دۆلەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئۈچۈن بىر ئۈلگە بولدى، ئۇلارغا ھازىر قۇرۇلۇپ بولغان ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئىتتىپاقلاشقانلىقى، تەشكىللىك ئاممىۋى ھەرىكەتلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. ھىندىستاننىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتى نېھرۇ 1927 ـ يىلدىن باشلاپ ھىندىستانلىقلار بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ ھەمكارلىقىغا مەدەت بېرىپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېزلا ئىككى دۆلەت پارلامېنتىنى مۇستەھكەم ئىتتىپاقداشلارغا ئايلاندۇردى. بۇ نۇقتىدا ماندېلا ئىزچىل نېھرۇدىن مىننەتدار ئىدى.

ئۇ چاغدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ياشلار ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىزمغا بولغان تىغ ئۇچىنى يىغىشتۇرۇۋالغانىدى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرغۇچىسى — 32 ياشلىق ئانتون رۇنبېد تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىرقانچە سائەت ئىلگىرى ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماندېلا قاتتىق ھەيران قالدى. لېكىن، رۇنبېدنىڭ ۋارىسى پېتېر مۇدانىڭ سىياسىي پىكىر يولى تېخىمۇ ئوچۇق ۋە تەسىر كۈچى تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى. مۇدا كوسالىق بىر موزدۇزنىڭ بالىسى بولۇپ، كاتولىك دىنى تەربىيەسى ئالغانىدى، چۈنكى بۇرۇن ئوقۇتقۇچى ۋە ئادۋوكات بولۇپ باققاچقا، ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە بىلىم جۇغلانمىسى بار ئىدى.

ماندېلا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە تارماق ئاپپاراتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇ دائىم بىلەن بىرلىكتە ناتال ۋە

كېيپتاۋن قاتارلىق دىرانشۋانىڭ سىرتىدىكى رايونلاردىن ئەزا قوبۇل قىلدى. ئۇ ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئافرىقىدىكى مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئۇ يوھاننېسبۇرگتىكى سان پېتېر ئۇنىۋېرسىتېتى، يەنى ئولىۋېر تامبو دەرس ئۆتىدىغان يەرگە زىيارەت قىلغىلى باردى ۋە ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلەشنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، مەكتەپ مۇدىرى دارلىڭ ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن بىر سورۇن سۈپىتىدە پايدىلىنىشىغا يول قويمىدى. مۇدانىڭ فورتخايردىكى ئەھۋالى بەكلا ياخشى ئىدى. ئۇ ياش ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى لېكتورى گودفرېي پىكىنى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تارمىقىنى قۇرۇپ چىقىشقا ھەمدە يوھاننېسبۇرگتىكى باش ئىشتاب بىلەن قول تۇتۇشۇپ مېڭىشقا قايىل قىلدى. پىكىنىڭ پىروفېسسورى مارتىيو ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ «ئوقۇش تارىخى رەتكە تىزىلىش» ئەنئەنىسىگە گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسى تۇتتى، لېكىن ئۇ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ماكانغا ئايلىنىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي مەجلىسىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى.

مۇدا ئۆزىنىڭ قارىشى تۇرۇۋاتقىنىنىڭ ئاق تەنلىكلەر بولماستىن، بەلكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئىپادىلىدى. لېكىن، ئۇ يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ئاق تەنلىكلەرگە ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن ۋاقىتتا، ئافرىقىلىقلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزلىرى تەرەپتە تۇرۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇ ياشلار ئىتتىپاقى خىتابنامىسىنى قايتىدىن يېزىپ چىقتى. بۇ خىتابنامىنىڭ ئەدەبىيلىكى رۇنبىدىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن تەھلىل جەھەتتە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىدى،

شۇڭا ماندېلانىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشتى. يېڭى نۇسخىدىكى خىتابنامىدە، ئافرىقا مىللەتچىلىكىگە «بىر خىل ھەربىي ئىشلار ئارزۇسى، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئۇزاق مەزگىللىك، جاپالىق، ئېگىلمەي ـ سۇنماي ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشى» دەپ تەبىر بېرىلگەنىدى. خىتابنامە ئافرىقا خەلقىگە «ياۋروپالىقلاردىن مەدەت ياكى سىياسىي كۈرەش جەھەتتىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىق» نى ئاگاھلاندۇردى. لېكىن، خىتابنامىدە ھىندىستانلىقلارغا كەڭ قورساق پوزىتسىيە تۇتۇلدى، ئۇلارمۇ ئېزىلگەن مىللەت، ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىغا بويسۇندۇرغۇچى ياكى تاجاۋۇز قىلغۇچى سالاھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچرىغۇچى سالاھىيىتىدە كەلگەن، دەپ قارالدى.

گەرچە ماندېلانىڭ نۇرغۇن ھىندىستانلىق دوستلىرى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا ھىندىستانلىقلارنىڭ ترانسۋالدىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى كونترول قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مايكول سكوت يوھاننىسبۇرگتا «خەلق يىغىنى» ئېچىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ سايلامغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى، يىغىندا «ئومۇم خەلق بىلەت تاشلاش ھوقۇقى» ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلدى. ھىندىستان بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مىسلىسىز دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتتى. جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي مەجلىسىنىڭ ترانسۋالدىكى قىسمىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. ماندېلا خەلق يىغىنى نۆۋەتتىكى ھەر خىل ئاپپاراتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارىدى، دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن، ۋالتېر سىسۇلۇ ئافرىقىلىقلار بارلىق ئىتتىپاقداشلارنى ئۆزىگە تارتىشى كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ماندېلا تامبو ۋە سىسۇلۇلار بىلەن ھىندىستان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر يىغىنىغا قاتناشتى، ئىككىيلەن سىسۇلۇنىڭ ھىندىستاننى قوللايدىغان كۆزقارىشىنى ئۇققاندىن كېيىن ناھايىتى غەزەپلەندى، يىغىندىن كېيىن

سىسۇلۇ بىلەن پاراڭلىشىشنى رەت قىلدى ھەمدە ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا ماڭدى.

ماندېلا 1947 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ترانسىۋالدىكى ئىجرا كومىتېتىغا ئەزا بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئاپپاراتقا ئىنتايىن سادىق بولدى. كومىتېت رەئىسى كونىستانتىن رامخانوي ماندېلاغا ئىنتايىن دوستانە پوزىتسىيەدە بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئالاقىنى قانداق ساقلاشنى ئۆگىتىپ قويدى. كونىستانتىن رامخانوي ھىندىستان كومپارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن كۆپ سانلىق كىشىلەر، جۈملىدىن ماندېلا بۇنداق قىلىشقا قارشى ئىدى. كونىستانتىن رامخانوي كۆپ سانلىق كىشىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز ئالدىغا قارار چىقارغان ۋاقىتتا ماندېلا ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، ئولىۋېر تامبو ماندېلاغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دەھشەتلىك بىر يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولدى ھەمدە كونىستانتىن رامخانوينىڭ ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ماندېلا ئىزچىل: «بىر تەشكىلاتقا سادىق بولۇش شەخسكە سادىق بولۇشتىنمۇ مۇھىم» دەپ قارايتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىلدا ماندېلا بۇ تەۋرەنمەس پرىنسىپتا چىڭ تۇردى، ئوخشىمىغان پىكىردىكى كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبلىك بەدەل تۆلىدى. ماندېلا ئۆزى ھەرىكەت تەشكىللەشنى قارار قىلغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى.

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە كۈچلۈك تەنقىدىي پىكىردە بولۇۋاتقان نۇرغۇن زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشتى، بولۇپمۇ كېيپتاۋندىكى تروتسكىيچىلار «بىرلەشمە ھەرىكەت» تەشكىللىدى، ھەرىكەت نۇرغۇن ئافرىقىلىق ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقلىق ئالىملارغىچە چېتىلدى، ئۇلار تامامەن ھەمكارلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى. 1948 ـ يىلى ماندېلا تۇنجى قېتىم كېيپتاۋنغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇردى. ئۇ

تەكلىپكە بىنائەن بىرلەشمە ھەرىكەتنىڭ مەشھۇر ئەزاسى لېكتور جوردانىنى زىيارەت قىلدى. جوردان «قەدىمكى روھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى» ناملىق بىر پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتاب ئۇنىڭ تېمبۇلۇق دوستلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. جوردانىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ماندېلاغا قاتتىق تەسىر قىلدى. جوردان بىلەن بىر يولدىكى ئىساكا تاباتا بىرلەشمە ھەرىكەتنىڭ قوزغاتقۇچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا تارىخى تولىمۇ رەڭدار ۋە قالتىس ئىدى. لېكىن، ئۇ ماندېلانىڭ جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قاتناشماسلىقى كېرەكلىكى ھەققىدە بىرمۇنچە كايىدى. ماندېلا تاباتادىن سەل قورقۇپ قالدى: «ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرسام، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشۇم تەسكە توختايتتى ... مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرگۈم يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ مۇنازىرىدە مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.» ئۇ تاباتانىڭ جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان دۈشمەنلىكىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. كېيىن تاباتا ماندېلاغا ناھايىتى ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرەيلەننىڭ دۈشمەن بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۇنىڭ پىرىنسىپ بويىچە دەرھال ھەرىكەت قوللىنىپ، قارشى يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلدى. لېكىن، ماندېلانىڭ قارىشىچە، تروتىسكىيچىلارنىڭ ھەمكارلاشماسلىقتا چىڭ تۇرۇشى پەقەت ئۇلارنىڭ بىر باھانىسى ئىدى. كېيىپتاۋىن ھەرىكىتى ماندېلاغا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى كۈچلۈك ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدىكى، پەقەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەبىلىسىنى زور كۆلەمدىكى ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولاتتى.

گەرچە ماندېلا شىمۇس ھۆكۈمىتىدىن ھېچقانداق ئۈمىد

كۆتمىسىمۇ، لېكىن ئۇرغۇن دوستلىرىغا ئوخشاش ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاق، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ لىبېرالىزمىغا قارىتا بەزى ئۈمىدلەرنى كۆتكەنىدى. 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جورجى VI خانىش بىلەن چىرايلىق ئىككى مەلىكىسى ــ ئېلىزابېت بىلەن مارگارىتنى ئەگەشتۈرۈپ، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىككى ئاي ئاشكارا زىيارەتتە بولدى، بۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ مەقسىتى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىدى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەنگلىيەلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار سېر ئېفرىن بارىن لوندونغا جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلەرگە ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. خان ئۆردىسى ئەزالىرى ئاق رەڭلىك مەخسۇس ماشىنىغا چىقىپ، 35 كۈندە پۈتۈن دۆلەتنى ئايلىنىپ چىقتى. شىموس سەپەرنىڭ كۆپ قىسمىغا مەسئۇل بولدى ھەمدە مەلىكە ئېلىزابېتنىڭ 21 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە پۈتۈن مەملىكەتتە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ تەبرىكلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئېلىزابېت دەل ئەنگلىيەنىڭ كېيىنكى ئايال پادىشاھى ئىدى، ئۇ ھەممىشە شۇ قېتىملىق زىيارەتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەسلەيدۇ. تەبرىكلەش پائالىيىتى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى، جۇملىدىن ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بايقۇت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھەرىكەت قىلىشتىن ئىلگىرى ياشلار ئىتتىپاقى ماندېلانىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ مۇزاكىرىلەشتى.

زىيارەت مەزگىلىدە شىموس ھۆكۈمىتى ئافرىقىلىقلارنىڭ جورجى VI بىلەن ئۇچرىشىشىنى قاتتىق چەكلىدى. قارشى ئېلىش مۇراسىمىدا پادىشاھ قارا تەنلىكلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولمايتتى. لېكىن، قارا تەنلىك تاماشىبىن ئامما يەنىلا خان ئۆردىسى ئەزالىرىنى ئالقىشلىدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسىنىڭ رەئىسى دوكتور شۇما پادىشاھنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەتتا زۇلۇلاندا يۇگۇرۇپ باردى. كېيپتاۋندىكى ئوك قانات ژۇرنال «قوغدىغۇچىلار گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى ئافرىقىلىقلارنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقىغا نارازى بولۇپ مۇنداق دېدى: «ئافرىقا مىللەتلىرىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇشۇ ئاشكارا فېئودال ۋاستىلەر تۈپەيلى خاسلىقى تۆۋەنلەپ كېتىپ قالسا، ئۇ ھالدا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان جەڭگاھنى قايتۇرۇۋېلىش تەسكە توختايدۇ.» ماندېلانىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى خان ئوردىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ماندېلا، ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر تۈزۈلمە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە كوسالارنىڭ ئاقساقىلىنىڭمۇ جورجى VI گە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. بىر كوسا شائىرى شۇ چاغدىكى مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى قەبىلە باشلىقى ۋالىرىي ساندىرىنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئالدىدا بېلىنى يادەك ئېگىپ توققۇز تەزىم قىلىپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ: «ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆملىگىلى تاسلا قالدى» دەپ يازىدۇ. ماندېلا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن، مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن ئىدى.»

1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى سايلامدىن بۇرۇن شىموسنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك ئەمەسلەرنىڭ ئارىسىدىكى قوللاش نىسبىتى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئاق تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان سايلام رايونىدىكىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، قارا تەنلىكلەرگە يول قويماسلىقنى بەك ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دوكتور دانىل مالەن رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر مىللىي پارتىيەسى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويدى

ھەمدە «قارا تەنلىكلەر كىرىزىسى» ۋە «قىزىل رەڭ كىرىزىسى» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئافرىقىلىقلارنىڭ شەھەرلەردە بارغانسېرى جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر مىللىي پارتىيەسىنىڭ قوللاش نىسبىتىمۇ ناھايىتى تېز يۇقىرىلىدى. ئورلاندودا مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەر جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تەربىيە كۆرمىگەن مەدەنىيەتسىز ئاق تەنلىكلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇلار مالەننى قوللىغۇچىلار ئارىسىدا مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى. «بىز تونۇيدىغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى ترامۋاي شوپۇرى، بېلەت ساتقۇچى ۋە ساقچىلار ئىدى» دەيدۇ ماندېلانىڭ دوستى ئەسمى ماتتىسكىسا: «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇلار بۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ناتسىستلار گېرمانىيەسىدە ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق.»

چوڭ سايلامدا دوكتور مالەننىڭ مىللىي پارتىيەسى بىلەن نىسبەتەن كىچىكرەك بولغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر پارتىيەسى ئىتتىپاق تۈزدى. گەرچە ئاران سەككىز تال بېلەت پەرقى بىلەن ئۇتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەزكۇر دۆلەتنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك مىللەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا يېتىپ ئاشاتتى. شىموسنىڭ ئابرۇيى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ ۋاپات بولغاندا، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ئۇنىڭغا سىياسىيون ۋە ئۇرۇش رەھبىرى دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى. لېكىن، ئۆز دۆلىتىدە بولسا ئۇ يەتكۈچە تەنقىدلەندى. چۈنكى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرگە سەل قارىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ داۋاملىق سايلىنىشىغا بولغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى: بىر سىياسىيون ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايتتى.

مالەننىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستىقبالىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتىۋەتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى 17 ـ ئەسىردە گوللاندىيەدىكى كالۋىن دىنى مۇرىتىدىن بولغان كۆچمەنلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن ئارىسىدا مەدەنىيەت پەرقى بولغاچقا، كېيىن كەلگەن ياۋروپا لىبېرالىستلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى ئاز بولغانىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنى باستۇرۇشى ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدىكى بول ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك مىللەتچىلىك خۇسۇسىيىتى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار ئارىسىدا شەكىللەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز دىنى ۋە تارىخى بار ئىدى، ھەم ئەنگلىيەگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتاتتى. 1910 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندا، ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىنى كۆپ سانلىقتا ساقلاپ، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىشىش كەيپىياتىنى ئاستا ـ ئاستا پەسەيتكەنىدى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشقان، ئۇلارنىڭ نىسبەتەن نامرات ھالىتى ۋە ئېزىلىشكە ئۇچراش ھالىتى ئۇلاردا مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى ئويغاتقانىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر تۇنجى تۇركۇمدىكى ھەقىقىي ئافرىقا مىللەتچىلىرى ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ئافرىقىلىق قارا تەنلىك مىللەتچىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانىدى، چۈنكى قارا تەنلىكلەر ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە زومىگەرلىك ھوقۇقىغا تەھدىت پەيدا قىلغانىدى. كېيىن، ماندېلا بۇ 40 قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بەلكىم دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ پېشانىسىگە مۇشۇنداق يۇقىرى بەدەل تۆلەش پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. چۈنكى، تارىخ بىزگە ئىككى

مىللەتنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئىككى مىللەت 20 - ئەسىردىكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئوخشاشلا مۇھىم مىللەتلەردۇر ... چۈنكى، بۇ ئىككى مىللەت ئوخشاش بىر زېمىننى — بىزنىڭ ئورتاق ماكانىمىز جەنۇبىي ئافرىقىنى تالاشتى. شۇڭا، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى كۈرەش دەھشەتلىك بولىدىغانلىقى بېكىتىلىپ كەتكەن.»

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۆلگۈنچىلىك سىياسىتى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر دۆلىتىنى قۇرۇش ئارزۇسىنى قىلچە پەردازلاپ ئولتۇرمىدى. «بىرلەشمە ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن بۇيان» دەيدۇ دوكتور مالەن: «جەنۇبىي ئافرىقا تۇنجى قېتىم بىزگە تەۋە بولدى.» لېكىن، دەسلەپتە ئەنگلىيەلىك كۆپ ساندىكى سىياسىيونلار ۋە تەقرىزچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن ئانچە ئەندىشە قىلىشمۇ كەتمىدى. «دوكتور مالەننىڭ ئەۋزەللىكى ھەقىقەتەن ئۇنچىۋالا كۆرۈنەرلىك بولۇپ كەتمىدى» دەيدۇ ئىقتىسادشۇناسلار: «تېخى شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى.» لوندون ئىشچىلار پارتىيەسى ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ ئاسارىتىگە چىرمىلىپ قالغان بولغاچقا، جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئۇران كانى تېپىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى، شۇڭا مالەن ھۆكۈمىتىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى، مالەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتراپىتىكى سۇۋازىلەند، باسۇتولەن ۋە بېكۇۋانلەندىن ئىبارەت ئەنگلىيەنى قوغدايدىغان بۇ ئۈچ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشىدىن قورقاتتى.

نۇرغۇن ئافرىقىلىقلار، جۈملىدىن ئولىۋېر تامبو مالەن سىياسىي پارتىيەسىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، چۈنكى مالەن سىياسىي پارتىيەسى ئۇلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمىنى ئىدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا قارا تەنلىكلەرنى بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلاتتى. لېكىن، ماندېلا بۇ ھەقتە « نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى، ئالاقزەدە بولۇپ خاتىرجەم

بولالمايتتى.» 12 يىلدىن كېيىن ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: قارا تەنلىكلەرنىڭ بېسىمى بارا ـ بارا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنى سايلام دائىرىسىنى پۈتكۈل خەلق ئومۇمىيۈزلۈك سايلاشقا كېڭەيتىشكە مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مالەن ھۆكۈمىتى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ خىل ئېھتىماللىق يوققا چىقتى. ئۇ باشقا قارا تەنلىكلەرگە ئوخشاشلا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىرقىي ئايرىمىچىلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا بولغان ئىرادىسىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قالغانىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا شۇنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلەيتتىكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى 40 يىلدا مىللىي پارتىيە ھۆكۈمىتى كەينى ـ كەينىدىن قانۇن ـ نىزاملارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قارا تەنلىكلەرنى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەتتى، ئۇلارنى تۇرمىگە سولايتتى ياكى ئۇلارنى باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىۋېتەتتى.

بۇ يېڭى تەھدىت ئالدىدا ئافرىقىلىقلار ئانچە تېز بىرلەشمىدى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رىقابەتتىكى رەقىبى ئافرىقا ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن بىرلەشمە يىغىن چاقىردى. ئافرىقا ئەھدى تەشكىلاتى تروتىسكىچىلارنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ماندېلانىڭ رەقىبى ئىساك تاباتامۇ بار ئىدى. دوكتور شۇما قارا تەنلىكلەرنى «ئوخشاش پىكىر قىلىش» قا چاقىرىق قىلدى. ماركس: «بىز تېخىچە تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار ھەققىدە ئايىغى چىقماس مۇنازىرىلەر بىلەن بەند بولۇۋاتىمىز، لېكىن ئاۋامنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇۋاتىمىز» دېگەنىدى. يىتىر مۇدا ئىتتىپاق چوقۇم ئافرىقا مىللەتچىلىرىدىن تەركىب تېپىشى كېرەك، دېگەندە چىڭ تۇردى. لېكىن، تاباتا بولسا بارلىق غەيرىي ياۋروپالىقلارنى تامامەن ھەمكارلاشماسلىقنى پىرىنسىپ قىلغان ئاساستا بىرلىشىشكە

چاقىرىق قىلدى. بۇنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋەكىللىرى قوبۇل كۆرمەيتتى. يىغىن قىلچە نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. تۆت ئايدىن كېيىن يىغىن قايتا ئېچىلىپ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىندى.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دۇرباندا توپىلاڭ يۈز بەردى، زۇلۇلار غەزىپىنى باسالماي ھىندىستانلىقلارغا ھۇجۇم قىلدى، ساقچى ۋە ئارمىيە بۇ ئىشقا ئارىلاشتى، 142 ئادەم ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش ئېھتىياجى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ماندېلا بۇ قېتىملىق قانلىق ۋەقەنى «دوكتور ئەھدىنامىسى» دۇچ كەلگەن سىناق، دەپ قارىدى. ئۇ شۇنى ھەيرانلىق بىلەن بايقىدىكى، دوكتور نېكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تىنچ ۋەزىيەت ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ 30 يىلدىن كېيىن: «1949 ـ يىلىدىكى ۋەقە بىر ئۆمۈر ئىرقىي ئىناقلىقتا مايىللىق بىلدۈرۈپ كەلگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنتۇلماس بىر يىل بولدى» دەپ يازدى. دوكتور شۇما توپىلاڭنىڭ سەۋەبىنى ھۆكۈمەتنىڭ بۆلگۈنچىلىك سىياسىتىگە يىغىنچاقلىدى ھەمدە «قانۇن ـ نىزاملار توپلىمى»نى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. قارا تەنلىكلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرەتلىك كەيپىياتى يوھاننېسبۇرگقىچە تۇتاشتى؛ يوھاننېسبۇرگتىكى بەزى ھىندىستانلىق رەھبەرلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئاۋامنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى بېسىقتۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئامىد كاترادا ھېنىرى نىشۇمارو ئىسىملىك بىر مۇخبىر بىلەن بىللە ماندېلانىڭ ئورلاندو شەھىرىدىكى ئۆيىگە كېلىپ، ماندېلانى بىرلىشىش باياناتىنى قوللاپ بېرىشكە قايىل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھىندىستانلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن يەنىلا ئەنسىرەيتتى، شۇڭا ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشىنى قوللىدى.

1949 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالەن ھۆكۈمىتى قاتتىق

قانۇن ـ نىزاملارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بارلىق پۇقرانى ئىرقىي ئايرىلىشقا ئاساسلىنىشى، ھەر خىل ئىرقلار شەھەر ئىچىدىكى تۇرمۇش رايونلىرىدا قاتتىق ئايرىۋېتىلىشى، ئىرقلار ئارا نىكاھلىنىشنى چەكلەشتەك ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشنى پىلانلىدى. ياشلار ئىتتىپاقى ئىچىدىكى ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەزالار بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەيلا قالدى. رەئىس پىتېر مۇدا «ھەرىكەت پروگراممىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ كۆلەمدە ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلدى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قوللاش نىسبىتى بارغانسېرى يۇقىرىلاشقا باشلىدى ھەمدە زىيادە ئېھتىياتچان دوكتور شۇماغا بولغان سەۋر ـ تاقىتىمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىللىق يىغىنى ئېچىلىشتىن بىرنەچچە ھەپتە بۇرۇن مۇدا، سىسۇلۇ، ماندېلا ۋە تامبولار بىللە بىرلىكتە سوفىياتاۋنغا دوكتور شۇمانى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى گەندى ھىندىستاندا ياكى ئۇچ يىلنىڭ ئالدىدا ھىندىستانلىقلار جەنۇبىي ئافرىقىدا قوللانغاندەكتەك پاسسىپ قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى تەقلىد قىلىپ، زور كۆلەملىك ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. دوكتور شۇما پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە زور كۆلەملىك ھەرىكەت ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تارقىتىۋېتىشكە مەجبۇرلايدۇ، دەپ قارىدى. ياشلار ئىتتىپاقى شۇمانى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر ھەرىكەتنى قوللىمىسا قۇرۇلتايدا بىلەت تاشلاپ ئۇنىڭ رەئىسلىك ئورنىنى ئېلىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇما بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇلارنى سىلەر ياشلار قىزىققان، ھېچكىمنى نەزىرىڭلارغا ئىلمايسىلەر، دەپ تەنقىدلىدى ۋە ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.

شۇنىڭ بىلەن ياشلار ئىتتىپاقى يېڭى رەئىس تاللاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئاۋۋال پىروفېسسور مارتىيونىڭ پىكرىنى ئالدى. مارتىيو ئۇلارنى بەك ساددا، پىششىپ - يېتىلمىگەن، گەپ - سۆزدە قىزىققان دەپ قاراپ، ئۇلارنى رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياشلار ئىتتىپاقى يەڭگىلتەك قاراردىن بىرنى چىقىرىپ، دوكتور جامۇس مولوكانى ئىزدەپ باردى. مولوكا تولىمۇ سالاپەتلىك، تۇرمۇشتا نىسبەتەن باياشات ئافرىقىلىق دوختۇر ئىدى. ئۇ ئورلاندىتىكى ئەركىن ئىشتاتتا ئازراق مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغانىدى. بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۇنىڭ بوۋىسى، قەبىلە ئاقساقىلى مولوكا جەنۇبىي ئافرىقىلىق كۆچمەنلەرنىڭ پېشۋاسىنى قارشى ئالغانىدى، لېكىن كېيىن بۇ بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانىدى. مولوكا تولىمۇ سىپايە مۆتىۋەر كىشى ئىدى. دوكتور شۇماغا ئوخشاش ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى ۋە بىمارلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاق تەنلىكلەرمۇ بار ئىدى. 1936 - يىلىدىكى «ھېرتزوگ قانۇن لايىھەسى»گە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە مولوكا قالتىس باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تروتسكىيچىلارغا ئوڭ كۆزدە قاراشقا باشلىدى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەقىبى ئافرىقا ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسىگە ئايلانغانىدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ گەرچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ (ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى «ئافرىقا مىللىي كومىتېتى» دەيدىغان خاتا قاراشتا ئىدى)، لېكىن ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رادىكال ھەرىكەت پىروگراممىسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە شۇماغا قارشى تۇرۇشقا قوشۇلدى.

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇھىم يىغىنى بلومفونتېيىندا چاقىرىلىش ھارپىسىدا، ياشلار ئىتتىپاقى ئۆز ئالدىغا قۇرۇلتاي چاقىردى، قۇرۇلتاي بوش ئاۋازدا مۇناجات ئېيتىلىپ باشلاندى:

تەڭرىم، سەن بىزنى كەينى ـ كەينىدىن بىلىمسىزلىكنىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ. سەن بۇ «زۇلمەت باسقان ئافرىقا» نىڭ تون كېچىدىكى نىقابىنى ئېچىپ تاشلىدىڭ.

ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مودا، سىسۇلۇ، ماندېلا ۋە تامبو باشچىلىقىدىكى كىچىك تەشكىلاتقا يىغىندا ئېنىق قىلىپ «رەئىسنىڭ ھىمايىچىلىرى» دەپ تەبىر بېرىلدى. بۇ كىچىك تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بەزى ئىختىلاپلار بار ئىدى: مودا يەنىلا تەۋرەنمەس ئافرىقا مىللەتچىسى ئىدى، ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن ئىدى؛ سىسۇلۇ باشقا ئىرقلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن پوزىتسىيە تۇتاتتى؛ تامبو بولسا مۇھىم نۇقتىنى يەنىلا دىپلوماتىيە ئۈستىگە قوياتتى. لېكىن، ئۇلار بىرلىكتە زور كۆلەملىك ھەرىكەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

ھالبۇكى، بىر دىراماتىك ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىللىق يىغىنىنى جەنۇبىي ئافرىقا تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ئالدىدا خىرەلەشتۈرۈپ قويدى: پرېتورىيە سىرتىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ئەجدادلار خاتىرە سارىيى ئېچىلدى، ئېچىلىش مۇراسىمىغا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باش مىنىستىرى مالەن رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك زور كۆچۈش خاتىرىلەندى، خاتىرە مۇراسىمىغا قاتناشقان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا باش مىنىستىر مالەن: «پەيتى كەلدى، بېشھتىن چىققان قۇياش نۇرى تاش قەبرىلەرنى يورۇتتى» دېدى.

دوكتور شوما پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قارشى تۇردى. ئۇ بلومفونتېيىن مەركىزىدىكى مەيداندا نۇتۇق سۆزلەپ، جەنۇبىي ئافرىقا ئەجدادلار خاتىرە سارىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ياۋروپالىقلار بىلەن ئافرىقىلىقلار ئارىسىدىكى ئىرقىي توقۇنۇشنى كېيىنكى

دەۋردىكى كىشىلەرگە ھەر دائىم ئەسلىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. لېكىن، ئاق تەنلىكلەرنىڭ مېدىيا ۋاسىتىلىرى ئۇنىڭ بايانلىرىغا قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى.

شۇما رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ، قايتىدىن قوللاشقا ئېرىشمەكچى بولدى. نۇتۇق ئاخىرلىشىدىغان چاغدا مەيداندا ئالقىش سادالىرى پەسىيىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياشلار ئىتتىپاقىدىكى تېبابەت كەسپىدە ئوقۇيدىغان، دىلزا كىم ئىسىملىك ناھايىتى ئۇچۇق مىجەزلىك بىر ياش ئوقۇغۇچى شۇمانىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇش بىلىتى تاشلاشنى قوزغىدى. «شۇ چاغدىكى ئەھۋال گويا زەرب بىلەن ئۇرۇلغان دولقۇنغىلا ئوخشايتتى» دەيدۇ كىم شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخىدا رەئىس ئەزەلدىن بۇنداق قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ باقمىغانىدى.» ھىمايە قىلغۇچىلار مولوكاغا يۈزلەندى، مولوكا بۇرۇنلا ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مولوكا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولدى. شۇما يەنىلا ئىجرا كومىتېتىدا 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىستېپا بەرگەنگە قەدەر ۋەزىپە ئۆتىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىدىن پىتېر مۇدا، ئولىۋېر تامبو ۋە فورتخايرلىق رادىكال گېفرىي پىگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ رادىكال بولغان مىللىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ئىككى ئايدىن كېيىن ماندېلامۇ كومىتېت ئەزالىقىغا سايلىنىپ، شۇمانىڭ ئورنىغا چىقتى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يېڭى باش سېكرېتارنى سايلاپ چىققانىدى. مول تەجرىبىلىك باستېر جامۇس كاراتا ھەرىكەت پىروگراممىسىنى بەك رادىكال بولۇپ كېتىپتۇ دەپ قاراپ، باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، سىسۇلۇ بىر بىلەت ئەۋزەللىكى بىلەن باش سېكرېتارلىققا سايلاندى. ئەينى چاغدا باش

سىكرېتارلىقتا بىردىنبىر ماس كېلىدىغان نامزات سىسۇلۇ ئىدى. مولوكاغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىگە بېغىشلىغانىدى. كېيىن ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مېنى سايلىغاندىلا مەن ئىپادە بىلدۈرۈپ: — مەن سىياسىي ئۈچۈن تۇغۇلغان، شۇڭا مەن ئىرادەمگە خىلاپ كېلىدىغان ھەرىكەت پىروگراممىسىنى يېزىپ چىقالمايمەن، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنىدىم. بۇ مەندىن كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قاراشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇنداق بولمىسا مېنىڭمۇ بىر كۈنلەردە مۇرەسسە قىلىپ قېلىشىمغا بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايتتى، مەندە ئەنە ئاشۇنداق ئىشەنچ بار ئىدى.»

ماندېلانىڭ نەزەر دائىرىسى سىسۇلۇدەك كەڭ ئەمەس ئىدى. «باش سېكرېتارلىققا سايلانغاندىن كېيىن، مېنىڭ ۋەزىپەم خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش بولدى» دەيدۇ سىسۇلۇ: «لېكىن، نېلسون ماندېلا بىلەن مۇدا يەنىلا ياشلار ئىتتىپاقىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئويلىناتتى.» لېكىن، ھەرىكەت پىروگراممىسى ماندېلاغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. «ھازىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نوپۇزلۇق ئاپپاراتلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولدى» دەيدۇ ئۇ چۈشەندۈرۈپ: «ئۇ نوپۇزلۇق ئاپپاراتلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قارارىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىيالايدۇ.» جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك مىللەتچىلەر بىلەن بولغان قارشىلىشىش باشلاندى، ماندېلا بۇ قارشىلىشىشنىڭ مەركىزىدە تۇراتتى. خۇددى فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى مۇتەئەسسىپ پىروفېسسورنىڭ ئايالى فىرىدا مارتىيونىڭ ئېيتقىنىدەك، «ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىسى قالتىس ھاياجانغا چۆمدى، ھەرىكەت ئاخىر باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.»

# 5. مىللەتچىلىك ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە

(1950 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە)

يوھاننېسبۇرگنىڭ شەھەر ـ بازارلىرى سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان جايلار ئىدى. يوھاننېسبۇرگ خۇددى بىر ماگنىتقا ئوخشاش مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارغا پۇتۇنلەي يېڭىچە، غەربلەشكەن دۇنيانى ھازىرلاپ بېرەتتى. ئۇ يەردە كىنو، جاز مۇزىكىسى، تولغىما ئۇسسۇل ۋە تەنتەربىيە بار ئىدى. يېزىلاردىن كەلگەن قارا تەنلىكلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن دىنىي جەمئىيەتتىكى پوپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، «ئىنجىل» ۋە شېكىسپېرنى باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىلا بىلەتتى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇلارنى غىدىقلايدىغان ئامىللا تۇرۇپلا كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇزىكا، يېزىقچىلىق ۋە دىراما جەھەتتىكى ئىجادىي تالانتى قوزغالدى. تەربىيە كۆرگەن ئافرىقىلىقلار جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرگە قارىغاندا شەھەر تۇرمۇشىغا تېخىمۇ ئاسان ماسلىشالايتتى. چۈنكى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى يەنىلا يېزا ـ سەھرالاردا ئىدى. بۇ قېتىملىق «يېڭى ئافرىقا» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى نيۇيوركتا ئەۋج ئالغان ھاللېرمو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىغا ئوخشىتىشقا بولاتتى، كېيىنكىسى ئوخشاش

قىزغىنلىق بىلەن ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. لېكىن، يوھاننىسبۇرگنىڭ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىشەنچى بار ئىدى. قارا تەنلىكلەر ئۇمۇمىي نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كەينىدە كەڭ كەتكەن ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى بار ئىدى.

كۆچۈپ كەلگەن ئاق تەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، 50 ـ يىللاردىكى يوھاننىسبۇرگتىكى قارا تەنلىكلەر دۇنياسىدا تاڭ ئاتقۇچە ئېچىلىدىغان كۇلۇبلار، يەر ئاستى مەيخانىلىرى ھەممىلا يەردە بار ئىدى، جاز مۇزىكا كېچىلىكلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ شىمالىي شەھەر رايونىدىكى بىر خىللا كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلىدىغان جەمئىيەت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. شەھەرنىڭ شىمالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كېچىلىك مۇراسىملاردا ئافرىقىلىق كۈتكۈچىلەر قولىغا ئاپپاق پەلەي، ئۇچىسىغا ئېسىل مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىشىپ زىياپەت زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. سوۋېتو ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجادىي كۈچكە تولغان جاي ئىدى. بۇ جاي ئەينى چاغدىكى كان تامۇبا، نەيت ناكا ۋە پىتېر ئابراھام قاتارلىق ياش يازغۇچىلارنىڭ بىيوگرافىيەلىك ئەسەرلىرىدە ياكى نوبېل مۇكاپات ساھىبى نادىن گوردىمېر قاتارلىق ئاق تەنلىك ياش يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرىدە ئەكس ئەتكەنىدى. سىياسىيونلار ۋە زىيالىيلار ئىشچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە لۈكچەك ـ ساياقلار بىلەن ئارىلىشىپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولاتتى، ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى غەرب دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىدەك ھېس قىلاتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ غەرب دۇنياسىنى گېزىت ـ ژۇرنال، كىنو ـ تىياتىر ۋە ئېلانلاردىن چۈشەنگەنىدى. يوھاننىسبۇرگنىڭ جاز مۇزىكىلىرى، مودا ئېقىملىرى ۋە ئۇسسۇللىرىدا غەرب دۇنياسى بىلەن ئافرىقىنىڭ تىلى ۋە رىتىملىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئۇسلۇبلىرى ئارىسىدىكى قوشۇلۇشنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. «گۇرا گۇرا»ناملىق نەي مۇزىكىسى ۋە «ئورمان

ساقچىسى» قاتارلىق مۇزىكا ئەسەرلىرى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كوچىلىرىدا بەس ـ بەستە ياڭراپ تۇراتتى.

ئەمما، يوھاننېسبۇرگتىكى ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتى ھاياتىي كۈچكە تولغان بۇ مەدەنىيەتكە تامامەن سەل قارايتتى. ئىككى مىللەت كىشىلىرى ھەر كۈنى غوجايىن ۋە مالاي سالاھىيىتى بىلەن شەھەر مەركەزلىرىدە يىغىلاتتى، كەچ كىرگەندە ھەرقايسىسى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتەتتى: ئاق تەنلىكلەر ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ شىمال تەرەپكە كېتەتتى، قارا تەنلىكلەر بولسا ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇپ، كان رايونلىرىدىن ھالقىپ جەنۇب تەرەپكە كېتەتتى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە قارا تەنلىكلەر مالاي، مەدىكار ياكى قەبىلە ئاھالىسى، تەربىيە كۆرمىگەن، ئاق تەنلىكلەرگە تايانمىسا جېنىنى باقالمايدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قوغداشقا يول قويۇش خەتەر سانالمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقا مەركىزىنىڭ سىرتىدىكى پاسكىنا، ئەمما جۇشقۇنلۇققا تولغان شەھەر ـ بازارلارنىڭ ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق تارىخشۇناس دى. گىۋۇت 1956 ـ يىلى: «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەقىقىي ئۈمىدۋارلىق روھى زىيادە قىستا ـ قىستاڭ، ھەممە يەرنى كېسەل قاپلىغان، جىنايەت ئەۋج ئالغان شەھەر رايونلىرىدا مەۋجۇت ئىدى»، «ئۇلار قارا تەنلىكلەرنىڭ غەربچە يېڭى تۇرمۇش شەكلىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ مۇنتىزىم مائارىپ شەكلىگە تاقەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنىڭ، باراۋەر بولغان شاگىرتلىق ئەندىزىسىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى» دەپ يازىدۇ.

شەھەردىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى نىسبەتەن مۇتەئەسسىپ ئىدى، ئۇلار غەربچە تۇرمۇشقا مەپتۇن بولۇپ قالغان ھەم خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولغانىدى. «بۇ چەكسىز ئۈمىد ۋە

ئېھتىماللىققا تولغان دەۋر ئىدى.» زۇلۇلارنىڭ ياش يازغۇچىسى لۇيىس نىكىس ئۆزى تىلغا ئالغان 50 ـ يىللارنى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: «كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئون يىل. ئۇ يىللاردا مىللەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى تېزلا گۇمران بولۇشىدىن بېشارەت بېرىش ئازراقمۇ مۇبالىغە ھېسابلانمايتتى.» يازغۇچى كان تامۇبا دىككىنسىنىڭ سۆزىنى خۇلاسىلەپ : «ئۇ ـــ ئەڭ ياخشى دەۋر ئىدى، شۇنداقلا ئەڭ ناچار دەۋر ئىدى» دېگەنىدى.

قارا تەنلىكلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىنغانلىقىنى بايقىدى. بۇ دەۋر پات ئارىدا ئەڭ ناچار دەۋر بولۇپ قالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھۆكۈمەت غەربنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشخۇمارلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تۈرلۈك سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، قارا تەنلىكلەرنى ئىنقىلاب يولىغا قىستىدى، ئۇلارنى كوممۇنىستلاردىن، شەرقتىن ئىتتىپاقچى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى.

يوھاننىسبۇرگتىكى قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىدە نېلسون ماندېلا ھەم بىر تىپىك شەخس، ھەم بىر ئالاھىدە مىسال ئىدى. ئۇ ئورلاندونىڭ شىمالىي رايونىدىكى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ ئاۋات زېمىندا ياشاشقا بارغانسېرى ماسلىشىپ قالدى. ئۇ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن ئىدى، مانخاتتانلىق ئاكا ـ ئۇكىلار ھەمدە شادىمان قارا قۇش مۇزىكا ئەترىتىدىكى پىتېر رىزانىت قاتارلىق مۇزىكانتلار بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، مۇزىكانت، يازغۇچى تود ماتشىكىسا بىلەنمۇ يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇ كەسپىي ئادۋوكاتقا ئايلانغانىدى. يەنە تېخى شەھەر ماگناتلىرىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى، ئورىزمابىل ماركىلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ، شەھەر مەركىزىدىكى قارا تەنلىكلەرگىمۇ مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر قانچە رېستورانغا تاماق يېگىلى باراتتى، يېقىن ئەتراپتىكى

پىششىق يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن يېمەكلىك سېتىۋالاتتى. فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى مارتىيونىڭ كۆپىنى كۆرگەن ئوغلى جوئى مارتىيو ترانسكېيدىن كەلگەن بۇ سەھرالىق بالىدىكى بۇنداق چەت ئەلچە تونىنى بايقىغاندا قاتتىق ھەيران قالدى. ماندېلا كېيىنىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ماندېلانىڭ دوستى جوئى بىزۇس (كېيىن ماندېلا سوتقا چىققان ۋاقىتىدا بىزۇس ئۇنىڭغا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولغانىدى) يوھاننىسبۇرگنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى راند كولۇبى ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ماندېلا مودا كىيىم تىككۇچى ئالفىرېد كاننىڭ دۇكىنىدا پۈتۈپ تەييار بولغان كىيىمنى سىناۋاتاتتى. بىزۇس تىككۇچى ئۇستامنىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ مۇنۇ قارا تەنلىكنىڭ پاچىقىنى ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. ئەخمەت كاتارا ئالفىرېد كاننىڭ ماندېلاغا تىكىپ بەرگەن ئافرىقا ئىزنىكى تاقالغان بوغماق چاپىنىنى كۆرۈپ بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگىمۇ بىر يۈرۈش بۇيرۇتتى، لېكىن ھېسابات تالونىدىكى ئىش ھەققى سوممىسىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قالدى.

ماندېلا بايىۋەتچىلەردەك سۆلەتلىك، تەقى - تۇرقى قاملاشقانىدى، قاچانلا قارىسا چىرايىدىن كۈلكە يېغىپلا تۇراتتى، سېھرىي كۈچكە باي ئىدى. لېكىن، ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمىشە ئارىلىق ساقلاپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى، ئاددىي پۇقرا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ دوختۇرى نىسادو موترانامۇ ماندېلادا پادىشاھلارغا خاس بىر خىل سالاپەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغاندا گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا دىققەت قىلاتتى. يوھاننىسبۇرگتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كۆپىنى كۆرگەن شەھەر ئاھالىلىرى گەپنى بەك تېز قىلاتتى، ماندېلانىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبى ئۇلارنىڭكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى، مەيلى كوسا تىلىدا ياكى ئىنگلىز تىلىدا بولسۇن، ئۇ ناھايىتى ئۆلچەملىك سۆزلەيتتى. ئۇ ھەمىشە

بانتۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە مەركەزلىرىدە تاماق يەيتتى. ئۇ سالاپەتلىك قارا تەنلىك بۇرژۇئازلارنىڭ يىغىلىدىغان جايى ئىدى. ئۇ يەردە چويلا توپ، تىكتاك توپ ئۇستىلى، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل كېچىلىكى بار ئىدى.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر دۇم چۈشكەن هاراق زىياپەتلىرىگە ماندېلا ئەزەلدىن قاتناشمايتتى، 39 ـ پەلەمپەي ياكى ئاي شولىسى دېگەندەك چوقان ـ سۈرەن قاپلىغان يەر ئاستى قاۋاقخانىلىرىغا ئەزەلدىن تەۋەككۈل قىلىپ كىرىپ قالمايتتى. لېكىن، 1951 ـ يىلى مەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئەڭ قارشى ئالىدىغان بىر هاراق ئىچىدىغان جايدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم — ئۇ يوهاننىسبۇرگ شەهەر مەركىزىدىكى كوچىدىكى بىر باسمىخانا ئىدى. تېرىسىنىڭ رەڭگى فۇستاقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان غوجايىن ئەندى ئاندېرسون باسما ماشىنىسىنىڭ كەينىدە نەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ پىۋا بىلەن بىراندىنى ئارىلاشتۇرۇپ هاراق تەڭشەيتتى، ئاندىن جۇڭگولۇقلارنىڭ پىششىق يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن مايسىز توخۇ كاۋىپى ئەكېلەتتى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەهبەرلىرى ئەنە شۇ يەردە پات يېقىندا تارقىتىلىدىغان تەشۋىقات ۋەرەقىسى ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان هەرىكەت ئۇستىدە مۇهاكىمە قىلىشاتتى. ئاشۇ خۇش چىراي خىزمەتداشلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ماندېلا تەمكىن ۋە سالماق كۆرۈنەتتى.

بوي ئېگىزلىكى 6.2 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ماندېلا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا ئەهمىيەت بېرەتتى. ئۇ يەنە ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس ماهىرى ئىدى. 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ هەر خىزمەت كۈنى ئورلاندودىكى ۋاقىتلىق چېنىقىش ئۆيىگە بېرىپ 90 مىنۇت بوكس مەشىق قىلاتتى. مۇشت ئېتىش سۈرئىتى مەخسۇس تەنهەرىكەتچىلەرنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، چېكىنىش،

ئېغىرلىقىنى دەڭسەش، جىددىي بۇرنىلىش قاتارلىق بوكس تېخنىكىسى ئۇستىدە ئىزدىنىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ بۇ تەنھەرىكەت تۈرىنى رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى چېنىقتۇرۇش يولى، دەپ قارايتتى. جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدا بوكس تەنھەرىكەتچىلىرى قارا تەنلىكلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغانىدى. 1937 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە ئامېرىكا ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقىسىدىكى دۇنياۋى چېمپىيون جوئى لۇيىس دەل ماندېلانىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى چوقۇنغۇچىسى ئىدى، سوۋېتولىقلار بولسا ئۆز زېمىنىدىكى چېمپىيونلاردىن پەخىرلىنەتتى. بۇنىڭغا جېررىي مولوي بىلەن جېك تۇربىلارنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولاتتى. جېك تۇرى كېيىن ئەنگلىيە يېنىك دەرىجىلىكلەر بوكس چېمپىيونىغا ئايلانغانىدى. ماندېلا دائىم ئاشۇ داغدۇغىلىق مۇسابىقىلەرنى ئەسلەيتتى. ئۇ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس چېمپىيونى «ۋايجىرا» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان مۇسابىقىسىنى ئەسلەشكە ئامراق ئىدى، مۇسابىقە باشلىنىشىدىلا ئۇ رەقىبى — «تام يولۋىسى» دەپ نام ئالغان سىمون مۇتىمكولۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. ئۈچىنچى مەيداندا تام يولۋىسى ئاۋۋال سول قولى بىلەن مۇشت ئېتىپ، كەينىدىن ئوڭ مۇشتىنى شىلتىپ قويدى، ئاندىن بىر ھىيلە ئىشلىتىپ رەقىبىنى بىر مۇشت سالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە ئاخىرلاشتى. ماندېلا بوكس تەنھەرىكىتىگە سىياسىي نەزەر بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بوكس مۇسابىقىسى ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باباراۋەر يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنھەرىكەت تۈرى ئىدى، تېرىنىڭ رەڭگى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئافرىقىلىقلار بوكس مۇسابىقىسىدە كەمسىتىش ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيتتى. بەزىدە ئۇ بوكسقا ئائىت سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى سۈپەتلەپ قوياتتى. 1955 - يىلى ئۇ ئۆزىنى «يېنىك

دەرىجىلىكلەر گۇرۇپپىسى»غا ماس كېلىدىغاندەك ھېس قىلدى. بوكس تەنھەرىكەتچىسىگە خاس ماھارەت كۆرسىتىش تېخنىكىسى بىلەن جەلپكار تەقى ـ تۇرقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاۋۇل بوي ـ بەستى بوكس ماھارىتىگە پىششىق ماندېلانىڭ ئۇرۇشقاق، تەكەببۇر سىياسىي ئىستىلىنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى.

لېكىن، ماندېلانىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش يەنىلا سىياسىي ئىدى. ياشلار ئىتتىپاقى ھەرىكەت قوللىنىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىۋاتاتتى، ماندېلا بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قانداق ھەرىكەت قىلىش ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئۇ ياشلار ئىتتىپاقى ژۇرنىلى «ئافرىقا شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدا، تەشكىلاتنىڭ قارا تەنلىكلەر ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويماسلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىزدە ئاممىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتالايدىغان كۈچلۈك ئىدىيەۋى كۆزقاراش ئاللىقاچان يېتىلىپ بولدى. بىزنىڭ هازىرقى ۋەزىپىمىز بۇ كۆزقاراشنى ئامما ئارىسىدا پۈتۈنلەي ئومۇملاشتۇرۇش.» لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، ئىنكاسى زىيادە ئاستا ئىدى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېچىلغان يىغىندىن بىر يىل كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سىسۇلۇ يىغىندا بەرگەن دوكلاتىدا: «خەلق ئاممىسى ئۆز رەھبەرلىرىنى كەينىگە چۆرۈپ تاشلىدى» دېگەنىدى. ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ «ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئادا قىلمىغانلىقى»نى، كۆرەشكە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى، «ئاخبارات ۋاستىلىرىگە ئوخشاش تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى»نىڭ يوقلۇقىنى ئەيىبلىگەنىدى. ئۇ «ئەگەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئافرىقا خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى قورالى بولىمىز دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇنداقتا تۈرلۈك ئاپپاراتلار ئۆز ئورنىنى تېپىشى كېرەك» دېگەندە چىڭ تۇراتتى.

ھالبۇكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بايلىقى يەنىلا ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. ئافرىقىلىقلارنىڭ مەخسۇس ئاپپاراتى بولغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى باشقا مىللەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. لېكىن، ھىندىستانلىقلار مەجلىسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭكىدىن كۆپ ئۈنۈملۈك ئىدى. لېكىن، ۋەزىيەتتە ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىش بولدى، ھۆكۈمەت كوممۇنىستىك پارتىيەنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. 1950 - يىلى بۇ قانۇن لايىھەسى «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» غا ئايلاندى. «قانۇندا بەلگىلەنگەن كوممۇنىزم» غا بېرىلگەن تەبىر ماركسىزملىق سىياسىيغا بېرىلگەن تەبىردىن كۆپ كەڭ ئىدى: «ئىرقىي باراۋەرلىك — كوممۇنىزم دېمەكتۇر» دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئاق تەنلىكلەردە پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدىكى كوممۇنىزم سۆيىقەستلىرىگە نىسبەتەن قورقۇش پىسخىكىسى بار ئىدى. پارلامېنت ئەزاسى يوسېف ماككائى ئامېرىكىدا كوممۇنىستىك پارتىيەنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قورقۇش پىسخىكىسىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەلۋەتتە بۇ قانۇن لايىھەسى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى قوللانغان ھەرىكەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇپ قالالىغانىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇ تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان كوممۇنىستلارنىڭ ماندېلا قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياش رادىكاللىرى بىلەن بولغان ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

چەكلەش بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سۆزلەش ئەركىنلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى. 1950 - يىلى 3 - ئايدا

يوھاننېسبۇرگ كومپارتىيەسى بىلەن ترانسۋالدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەمدە ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى بىرلىكتە «سۆزلەش ئەركىنلىكىنى ھىمايە قىلىش قۇرۇلتىيى»نى تەشكىللىدى، قۇرۇلتايغا قاتناشقان كىشى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇلار يەنە بىر كۈنلۈك ئىش تاشلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرىنى چەكلەش بۇيرۇقىغا قارشى تۇردى. سىسۇلۇ ناھايىتى تېزلا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، كوممۇنىستىك پارتىيەگە بولغان تەھدىت ــ بارلىق ئۆكتىچىلەرگە بولغان تەھدىت ئىدى. لېكىن، ماندېلا بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى كومپارتىيە ئەزالىرىغا ئىشەنمەيتتى. «ئافرىقا شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قارا تەنلىك ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئېيتقان «سىرتتىن كىرگەن كوممۇنىزم زاۋۇتلىرى ئافرىقا زېمىنىدا روناق تاپالمايدۇ» دېگەن گەپلىرىگە رەددىيە بەردى. لىتىۋادىن كەلگەن ياش كوممۇنىست، ئادۋوكات جوئى سىلوۋ ماندېلا بىلەن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىنى پىلانلاش ئىشى توغرۇلۇق نەچچە سائەت مۇھاكىمە قىلىشتى ۋە ماندېلانىڭ قەلبىدە يەنىلا «ئىرقچىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىكى جاراھىتى بىلەن مۇدھىش سىياسىي تاكتىكا» ئارىسىدىكى توقۇنۇشقا نىسبەتەن ئىدىيەۋى كۈرەش بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ماندېلانىڭ كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى ھېلىھەم قاتتىق ئىدى. ئۇ باشقا ياشلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئەمگەكچىلەر بايرىمى ئۈچۈن ئاچقان بىر قاتار يىغىنلىرىغا قارىتا ئۆتكۈر گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزى يىغىنلارنى ئېچىشقا ئامال قىلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يوھاننېسبۇرگنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونى نۇكلىيېردا ماندېلا ھىندىستانلىقلارنىڭ رەھبىرى يوسېف كاچارىيانى نۇتۇق

مۇنبەردىن سۆرەپ چۈشتى. «سېنىڭ ئۇنى كۆرەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بەك ئېگىز» دەيدۇ كومپارتىيە ئەزاسى، ئارخىتېكتور لۇزىت بوئىنستان نۇكلىيېردا ماندېلانى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغنى ئەسلەپ. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ماندېلا مۇنداق ئىدى: «قارىماققا سوقۇشۇشقا ئارانلا تۇرىدىغان چاتاقچىلارنىڭ كاتتىبېشىدەكلا كۆرۈنەتتى ... ئاغزى بېسىقماي كاسىلدايدىغان ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېگىز بوي - بەستى بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى ئىدى. لېكىن، ئاساسلىقى يەنىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەمكىنلىك، رەھبەرلەرگە خاس سالاپەت بار ئىدى.»

ماندېلانى زۇلۇلارنى كۈشكۈرتكۈچى دېيىشكە بولاتتى. بىر قېتىملىق يىغىندا ئافرىقىلىق كومپارتىيە ئەزاسى ماكس نۇتۇق سۆزلەپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى قانداق ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكى ئۈستىدە ناھايىتى ئېنىق تەھلىللەرنى قىلدى، نۇتۇق سۆزلىنىۋاتقاندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى. ماندېلا ئالدىنئالا ياشلار ئىتتىپاقى رەھبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇ قېتىملىق يىغىننى قالايمىقان قىلماقچىدى. نەتىجىدە ئۇ مەغرۇرلارچە ماركسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. «كالارنىڭ ئىچىدە ئىككى بۇقا بار» دېدى ئۇ مەردانىلىك بىلەن: «ئۇنىڭ بىرى قارا، يەنە بىرى ئاق. ماكس كالارغا چوقۇم ئاق بۇقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك، دەيدۇ. مەن قارا بۇقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك، دەيمەن. كۆپچىلىك، سىلەرچە قايسى بۇقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك؟» تېخى بايىلا ماكسنى ئالقىشلىغان خەلق ئاممىسى مانا ئەمدىلىكتە بىر بۇرۇلۇپلا: «قارا بۇقا، قارا بۇقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك!» دەپ چۇقان سېلىشتى. 40 يىلدىن كېيىن، ماندېلا بۇ ئىشنى يەنىلا ھەۋەس ئىلكىدە تىلغا ئالغانىدى.

ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولدى. يوھاننېسبۇرگتىكى ئاز دىگەندىمۇ يېرىمىدىن كۆپرەك قارا تەنلىك ئەمگەكچىلەر ئاشۇ كۈنى كەچكىچە ئۆيىدىن چىقمىدى. ئەمما، دەل شۇ كۈنى كەچتە ماندېلا قالتىس ھەيران قالارلىق بىر مەنزىرىنى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ سىسۇلۇ بىلەن بىللە ئورلاندودىكى ئۆيىگە كېتىپ باراتتى. يولدا كېتىۋېتىپ ئاي قاراڭغۇسىدا جىممىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قارشىلىق كۆرسىتىش قوشۇنىغا يولۇقتى. تۇيۇقسىز ئۇلار 500 يارد نېرىدا ساقچىلارنىڭ كۆلەڭگىسىنى بايقاپ قالدى. ساقچىلار نامايىشچى قوشۇننى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ساقچى باشلىقى ئاتقا مىنگىنىچە كىشىلەر توپى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ساقچى كالتىكىنى ئوينىتىپ ئۇلارنى راسا دۇمبالاشقا باشلىدى. ماندېلا بىلەن سىسۇلۇ سېستىرالارنىڭ ياتىقىغا مۆكۈۋالدى، قۇلاق تۈۋىدە مىلتىق ئوقلىرىنىڭ تاملارغا تاراسلاپ تېگىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى 18 نەپەر قارا تەنلىك ئورلاندو ۋە باشقا ئۈچ كان رايونىدىكى بازاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ماندېلانىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى. «ئاشۇ كۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى» دەيدۇ ئۇ ئەسلەپ: «چۈنكى، ساقچىلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شۇنداقلا مەن ئافرىقىلىق ئىشچىلارنىڭ ئەمگەكچىلەر بايرىمىدىكى چاقىرىقىنى قوللاپ ئاۋاز قوشقانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم.»

شۇ چاغدا ماندېلا ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلغانىدى، بۇ ــ كېيىن ئۇنىڭ بىر سىياسىيون بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ «ئافرىقا شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» ناملىق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىپ: ««كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى، ئەمەلىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەمەس (كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەگىشىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئانچە مۇھىم سىياسىي پارتىيەمۇ ئەمەس)، بەلكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قارىتىلغان» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ئۇ بىرلەشمە ھەرىكەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە تامبونىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بىرلەشمە كومىتېت ناھايىتى تېزلا «ماتەم تۇتۇش كۈنى» تەسىس قىلىش تەكلىپىنى بەردى، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىشچىلار ئىش تاشلايدىغان، ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ تالاغا چىقمايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئوققا تۇتۇش ۋەقەسى ۋە يېڭى قانۇن لايىھەسىگە قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولدى. سىسۇلۇ ماندېلانى يوھاننېسبۇرگتىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەر گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئىشىك ئالدى تازا ئاۋات ئىدى؛ قاچانلا قارىسا ئافرىقىلىقلار، ھىندىستانلىقلار ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرى كىرىپ ـ چىقىپلا يۈرەتتى. ماندېلانىڭ دەۋرى يېتىپ كەلدى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتىدىكى ھالقىلىق شەخسكە ئايلىنىپ، باشقا ئىرقتىكى رادىكاللار بىلەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشقا باشلىدى.

ماتەم تۇتۇش كۈنى باشتا تازا دەبدەبىلىك باشلىنىپ، ئاخىرغا كەلگەندە سۇسلاپ كەتتى، ترانسۋالدا ئانچە چوڭ تەسىر قوزغىيالمىدى. «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» بۇ قېتىمقى ۋەقەنى «95 پىرسەنت مەغلۇپ بولدى » دەيدۇ. ماندېلا بۇ قېتىمقى ۋەقەنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىياسىي جەھەتتىكى ئىش تاشلاش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىش تاشلاشقا قارىغاندا خېيىم ـ خەتىرى چوڭ بولىدۇ.» بەزى كەسپداشلىرى بۇ قېتىمقى ۋەقە بىھۇدە قۇربان بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ ئەيىبلەشتى. قارا تەنلىك يازغۇچى بۇرۇك مودىسانىمۇ شۇ چاغدا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ سوفىياتاۋن ساقچىلىرىنىڭ

ئۈچ ئېلىش ھەرىكىتى قوزغىغان چاغدىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تاللىق مىلتىق بىلەن سىتېئېن تىپلىق پىلىموت مىدىرلىغانلىكى نىشانىنى — بارلىق قارا رەڭلىك نىشانىنى ئوققا تۇتتى، ئوق ئاۋازى توختىماي ئۆلۈمنى جاكارلىماقتا ئىدى.» مودىسانى ئەيىبلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىملىق سىياسىي تەۋەككۇلچىلىك بولدى ... ئەگەر سەن بىر ئادەمدىن ھاياتىنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلساڭ، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بار.»

ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىرلەشمە سىياسىي پارتىيە ئۆكتىچىلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» پارلامېنتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسى ئەزەلدىن ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدىكى كۈچلۈك دۈشمەن ئەمەس ئىدى. كېيىپتاۋندىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق كومىتېتنى تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى، پەقەت ئىككى ئادەم قارشىلىق بىلدۈردى. كومپارتىيەنىڭ كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يوھاننىسبۇرگتا پارتىيە ئەزالىرى يوسىپ دادۇنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ئوپېراتسىيەخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيىدە موشىس كاتاننىڭ كېيىپتاۋندىكى قارارنى ئېلان قىلغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئايدا ئۇلار مەخپىي كۆرسەتمىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى، لېكىن بۇنداق كۈتۈش ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا مۇستەقىل گۇرۇپپا تەشكىللەپ، پات - پات مەخپىي يىغىن ئېچىپ تۇردى. ئۇلار موسكۋا ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەندەك قىلاتتى.

«چەكلەش بۇيرۇقى كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئامەت ئېلىپ كېلەرمۇ؟» دەپ يازىدۇ پارتىيە ئىچى تارىخشۇناسى جېكخېرىي

سىمون: «تەشكىلات ئارقىتىۋېتىلگەن چاغدا سىنىپىي كۈرەش بىلەن مىللىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بىرلەشتى.» 45 يىلدىن كېيىن، بىروۋن بىنتون مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قانۇن لايىھەسى باشقا ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ بەكرەك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئارىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇردى. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيەنى تۈزۈك نامى چىقمىغان بىر ئاپپاراتتىن مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا ئايلاندۇردى.» كوممۇنىستىك پارتىيە ئىلگىرى «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئازراق كاپىتالىزم خاراكتېرىگە ئىگە» دەپ قارايتتى. مانا ئەمدىلىكتە كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى قايتىدىن دەڭسەپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. لۇزىت بوئىنىستان مۇنداق دەيدۇ: «ياشلار ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئىرقپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىكنى تونۇتتى، باشقا دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستلارنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىش كەلمەيدۇ ... كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بىزنىڭ كۈرەشلىرىمىزگە ئېلىپ كەلگەن ئالاھىدە سوۋغىسى دەل كۆپ خىل ئىرقچىلىق ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزمدۇر.»

1950 ـ يىلى پىتېر دام يۇرەك كېسىلى ۋە ئاشقازان يارىسى كېسىلى بىلەن ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، ئۇنىڭ ئورنىغا ماندېلا سايلاندى. شۇ چاغدا ئۇ ھىندىستانلىقلار بىلەن كوممۇنىستلاردىن يەنىلا ھەزەر ئەيلىگەندى. 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يىغىن ئاچقاندا، ماندېلا يەنە بىر قېتىم كۆپ سانلىق كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى يول تۇتۇپ، «ئافرىقىلىقلار مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشى كېرەك» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لېكىن، ئۇ كۆزقارىشىنى يوشۇرۇنچە ئۆزگەرتتى. 1951 ـ

يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ۋوكس ۋگېن (ئامبباب) ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەپ، ئىككى دوستى ــ ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى جوئى مارتىيو ۋە دىلىزا جىم بىلەن بىرلىكتە ناتالغا كەلدى. ئۇلار يول بويى تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەكمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ماندېلا ئۇلارنىڭ ئاتالمىش كۆچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا سوغۇق سۇ سەپتى. ماندېلا ئۇلارغا جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. «مېنىڭچە، شۇ قېتىملىق سۆھبەت ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىۋەتتى» دەيدۇ مارتىيو ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە.

ماندېلا ئۈچۈن ئېيتقاندا كوممۇنىستلارنىڭ ئىدىيەسى ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمايتتى، ئۇنى بىردىنبىر جەلپ قىلىدىغىنى ئۇلارنىڭ شەخسىي قۇربان بېرىش روھى ۋە ئەستايىدىل پىلانلىرى ئىدى. «مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىسمىر مىل ۋە ج. ن. سىنگى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چېغىمدا، ئۇلار ئەزەلدىن كۆزقاراش ۋە ئىدىيە ھەققىدە گەپ قىلمايتتى، پەقەت سىياسىي پىروگراما ھەققىدىلا سۆز ئاچاتتى» دەيدۇ ماندېلا كېيىن ماڭا: «ئۇلارنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خۇددى سىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە ئوخشايدۇ. دادۇغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ شۇ قەدەر ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدىم. ئۇ ئېدىنبۇرگتىن كەلگەن بىر دوختۇر تۇرۇپ ئۈچىسىغا كاچى كۆڭلىكى بىلەن ھەربىيچە چاپان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك

كېيىنمۇ تىلغا ئالىنىپ كېلىنغان ئىدى.»

لېكىن، ماندېلامۇ سىياسىي نەزەرىيەگە كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تامبو ياكى سىسۇلۇدەك زىيالىيلارغا يەتمەيمەن، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى كىتابخۇمار ئىدى، پۇتۇن دىققىتى بىلەن خاتىرە قالدۇراتتى، ئۇنىڭ دوستلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالاتتى. ئۇ غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىنى ئوقۇدى، يەنە ئېدگار بۇرۇ ۋە جۇلىيۇس رۇيىنغا ئوخشاش جەنۇبىي ئافرىقىلىق نۇرغۇن لىبېرالىستىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يوھاننىسبۇرگ ئىرق مەسىلىسى ئىنستىتۇتىنىڭ نەشر بۇيۇملىرىنىمۇ ئوقۇدى، ئۇنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زۆرۈر ئوقۇشلۇقلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇ ئەركىنلىك كۈرىشى ئۈچۈن ئەمەلىي يول تېپىش ئۈچۈن نېگىرىيەلىك نىنامۇد ئازكىۋېي ۋە يامايكىلىق جورجى پادمول قاتارلىق بىر قىسىم قارا تەنلىك مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇدى. ھىندىستانلىقلارنىڭ پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئۇ يەنە گەندى ۋە نېھرۇنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇدى.

ماندېلا ماركسىزمغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ «كاپىتال» ياكى «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ باقمىغانىدى، لېكىن ئۇ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ۋە ھىندىنى بىنتون ۋە بىل ئاندرۇس قاتارلىق جەنۇبىي ئافرىقىلىق ماركسىزمچىلارنىڭ تەرجىمىھالىغا قىزىقىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى لىبېرالىزملىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىغانلىقى ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئوبيېكتىپ لوگىكىسى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ خۇددى «تۈن كېچىدە يورۇيدىغان چىراغقا ئوخشاش سەيياھلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، خەتەرنى بايقاپ، يولنى

ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەتتى.» كىچىك ۋاقتىدىكى بارلىق خۇراپىي ئىدىيەلەر ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن دىنىي ئېتىقادىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى. خرىستىيان دىنى ئېتىقادى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى روھىي تۈۋرۈكى ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ ۋاز كېچىش ئۇنى ئوبدانلا ئازابلاۋاتاتتى. لېكىن، كېيىن ئۇ تۈرمىدە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: زوراۋانلىق ۋە ئۇرۇشقا قارشى كۈرەشلەردە ھەقىقىي ئەۋلىيانىڭ، ھەتتا باستېرلارنىڭ ئۆزۈن يەكتىكىنى يىپىنچاقلىۋالغان كىشىلەرنىڭ «ئىنجىل» نى پىششىق ئوقۇپ كېتىشى ناتايىن.

ئەلۋەتتە، ماندېلانىڭ ئۆزى ئەۋلىيا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن مۇقىم دىنىي ئېتىقادى يوق ئىدى. لېكىن، ئۆزى بىلەن دەۋرداش كىشىلەردە بولمىغان سىياسىي يىراقنى كۆرەرلىكىنى نامايان قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بىر مىللەتپەرۋەر زۇلۇلارغا خاس خاراكتېرىنى چۆرۈپ تاشلىشى، ئىش قىلغاندا ھاياجان بىلەن ئەمەس، كاللا ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆرەش قىلىش نەزەر دائىرىسىمۇ بارا - بارا كېڭەيدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئىتتىپاقداشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ھىندىستانلىقلار بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە شۇ چاغدىكى بىردىنبىر يېنىغا تارتىشقا بولىدىغان كۈچ ئىدى. نىھايەت، ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن بىرىنچى قېتىملىق پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

# 6. قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى

(1952 ـ يىلى)

1951 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 35 ـ قېتىملىق يىغىنىنى چاقىردى، يىغىن ئورنى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىدا، پىژغىرىم ئىسسىق كىشىنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان بلومفونتېيىندىكى بىر قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايغا بېكىتىلدى. بۇ قېتىملىق يىغىن تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇ چاغدا ئاق تەنلىكلەر ۋە پۈتكۈل دۇنيا بۇ نۇقتىنى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەنىدى.

يىغىن ئالدىن بېكىتىلگەن باشلىنىش ۋاقتىدىن ئىككى سائەت كېچىكتى، 300دىن ئارتۇق يىغىن ۋەكىللىرى توپ ـ توپ بولۇشۇپ تىنچىق زالغا كىرىپ كېلىشتى. يىغىن مەيدانىدا ۋاقىتلىق مۇخبىر ئورنى تەسىس قىلىندى، چۈنكى بەش نەپەر مۇخبىر يىغىنغا كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوڭ قاناتلار ژۇرنىلى «يېڭى دەۋر» نىڭ مۇخبىرى رۇس فورسىت، بلومفونتېيىننىڭ يەرلىك ژۇرنىلى «دوست»نىڭ ئىككى مۇخبىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «دۇمباق» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى نىشۇمارو ۋە مەن بار ئىدىم. نۇرغۇن ۋەكىللەر رەسىمگە چۈشۈشنى رەت قىلدى. نۇتۇق مۇنبىرىدە ئولتۇرغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى دوكتور موروكا تولىمۇ سىپايە ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا بوي ـ بەستى ئورۇق، چىرايى سولغۇن بىر كىشى

ئولتۇراتتى. ئۇ دەل ماخاتما گەندىنىڭ ئوغلى مانىلا گەندى ئىدى. مانىلا گەندى ناتالدا دادىسىنىڭ كونا تۇرالغۇسىدا تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنىڭ ھىمايىچىسى، دەپ قارايتتى. موروكا ۋە گەندى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رادىكال ۋەكىللىرى بىلەن بىر دۇنيانىڭ ئادەملىرىدەك كۆرۈنمەيتتى. نېلسون ماندېلا ۋەكىللەرنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. ئۇ چاغدا، ئۇ 32 ياشتا بولۇپ، تالانت ۋە سالاپەتتە تازا ۋايىگە يەتكەن ۋاقتى ئىدى.

ئۈچ كۈنلۈك يىغىن بەك ئۈزۈندەك بىلىندى. يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى باش سېكرېتار ۋالتېر سىسۇلۇ بىرلەشمە پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە ئوقۇدى، بۇ يەنە «مەدەنىي قارشىلىق كۆرسىتىش» نۇتقى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مىللەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئىرقچىلىق قانۇن - قائىدىلىرىگە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ پىلان مەلۇم دەرىجىدە 1946 - يىلىدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ دۇرباندىكى ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھۆكۈمەتتىن «ئالتە تۇرلۇك باراۋەر بولمىغان قانۇن» — «قاتناش ۋە مال - مۈلۈك ساقلاشنى چەكلەش قانۇنى»، «ئىرقىي ئولتۇراق رايون قانۇنى»، «سايلىغۇچىلار ۋەكىلى قانۇنى»، «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ھەمدە «بانتۇلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانۇنى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلماقچى بولدى. ئەگەر ھۆكۈمەت بۇ تەلەپنى رەت قىلسا، ئۇلار «قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» نى قوزغىماقچى بولدى. دوكتور موروكا مەردانىلىك بىلەن سۆز قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەييارلىقى پۈتۈپ بولغانلىقىنى، ياۋروپالىقلار، ھىندىستانلىقلار ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقلار بىلەن بىرلىكتە باراۋەر ئاساستا مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

مانا ئەمدىلىكتە ماندېلا ئاخىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

ھەمكارلىشىشقا ئاتلانغانىدى. يىغىندا ئۇ دەسلەپتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرۈشى كېرەكلىكىنى، ھىندىستانلىقلار بىلەن ھەمكارلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىشقا مايىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياشلار ئىتتىپاقى رەئىسىنىڭ بىر قېتىملىق سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشەببۇسىدا 180 گرادۇس بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. ئۇ ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا فاشىستلارغا قارشى فرونت تەشكىللەشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كوممۇنىزمدىن قورقۇش كەيپىياتى زىيادە كۈچلۈك بولغانلىقتىن فاشىزمنىڭ يوچۇق تېپىپ كىرىۋالغانلىقىنى بىلدۈردى. ئافرىقىلىقلار مۇشۇ قېتىملىق كۈرەشنىڭ ئاۋانگارت قىسمىغا، ھىندىستانلىقلار بىلەن باشقا رەڭلىك ئىرقتىكى كىشىلەر مۇستەھكەم ئىتتىپاقداشقا ئايلىنىشى كېرەك ئىدى.

ناھايىتى روشەنكى، پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيەسى ھىندىستاننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تالاش - تارتىشلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مانىلا گەندى پارلامېنت رەھبىرىنىڭ «ھەقىقىي قۇربان بېرىش روھى يوق ئىكەنلىكى» نى تەنقىد قىلدى ھەمدە پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىر خىل سىياسىي قورال دېگەندىن كۆرە ئۇنى بىر خىل ئەخلاقىي ساپلاشتۇرۇش جەريانى دېگەن تۇزۇك، دېگەننى جاكارلىدى. ماخاتما خارمچاد گەندىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق بىر ئەۋلاد ھىندىستانلىقلار مانىلا گەندىگە ئوخشاشلا ئەندىشىدە بولدى. لېكىن، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كۆپ سانلىق رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىچە، گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىدا ئافرىقىلىقلارغا سەل قارىغانىدى، ئۇلار بۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. كوممۇنىستلار پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىر خىل «روھىي كۈچ - قۇدرەت» ئورنىدا

ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ۋاستىسى، دەپ قارايتتى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ھەتتا بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا زىيادە مۆتىدىل بولۇپ كەتتى، دەپ قارايتتى. كېيىن پىتېر مۇدا مۇنداق دېگەنىدى: «قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىنقىلابقا زىت، چۈنكى ‹پاسسىپ› ھالەتتىكى قارشىلىق كۆرسىتىش بولغانلىقتىن، سىز قايتۇرما زەربە بېرەلمەيسىز.»

ماندېلا بولسا تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل ئىدى. ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە گەندى تەشەببۇس قىلغان تەركىدۇنيالىق روھى يوق ئىدى. «بەزى ھىندىستانلىقلار ماندېلانى گەندىگە ئوخشايدۇ دېيىشەتتى» دېگەنىدى ئۇنىڭ دوستى فاتىمە مىل: «مەن ئۇلارغا گەندى كىيىمىنى سېلىپ تاشلايدۇ دېگەنىدىم، لېكىن ماندېلا كىيىملىرىگە بەك ئامراق ئىدى.» ماندېلا گەندىنى ھۆرمەتلەيتتى، چۈنكى ئۇ ــ «جەنۇبىي ئافرىقا لىبېرالىزملىق ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى ئىدى.» 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گەندى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى، ماندېلا بۇنىڭدىن چەكسىز قايغۇردى. لېكىن، ئۇ گەندىنىڭ كۈرەش ھەققىدىكى ساپلاشتۇرۇش نەزەرىيەسى كۆزقارىشىنى قوللىمايتتى. «مەن گەندىنىڭ زوراۋانلىق تۇسىنى ئالمىغان ئەندىزىسىنى دەخلى ـ تەرۇز قىلغىلى بولمايدىغان پىرىنسىپ، دەپ قارىمايمەن» دېگەنىدى ئۇ: «ئۇ پەقەت ھەر يەرنىڭ شارائىتىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش نەتىجىسىنىڭ بىر خىل ئىستراتېگىيە ۋاستىسى ئىدى.»

ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ناھايىتى يۇقىرى ئۈمىد باغلىغانىدى: ئۇ بۇنىڭ بىر قېتىملىق ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھەرىكەت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇشۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يا ھۆكۈمەتنى بويسۇندۇرالايتتى، يا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق بۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنى تەختتىن غۇلىتىۋېتەلەيتتى. لېكىن، كوممۇنىستىك

پارتىيەگە ئوخشاش ئۇ بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى ئاممىنى تەربىيەلەشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى ئورنىدا كۆردى ھەمدە بۇنىڭغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كەسكىن بولغان توقۇنۇش پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. جوئى سىلوۋ ماندېلانىڭ جاپالىق ئىنقىلابىي كۈرەشنى باشتىن كەچۈرمەيمۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنىڭ قۇرۇق خام خىيال ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پىلان چاقماق تېزلىكىدە يولغا قويۇلدى، بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىلگىرىكى سالماق ئۇسلۇبىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى. ماندېلا مارتىيو، ئىزمىز مىل ۋە سىنگى قاتارلىقلار بىلەن تۆت كىشىلىك بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، باش مىنىستىر مالەنگە ئورتاق خەت يېزىپ، ئالتە تۈرلۈك باراۋەر بولمىغان قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. باش مىنىستىرنىڭ كاتىپى ھۆججەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن: «ئىرقلار ئارىسىدىكى پەرق ئەزەلدىن ئاشۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇنى بىز كەلتۈرۈپ چىقارمىغان» دېدى ھەمدە يېڭى قانۇننىڭ قوغداشچانلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئېزىش، باستۇرۇش خاھىشى ۋە يول قويۇش يۈزلىنىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، موروكا بىلەن سىسۇلۇ تەلىپىنى قايتا بايان قىلدى ھەمدە «تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى»غا ۋەدە بەردى.

ماندېلا ناھايىتى تېزلا كەلگۈسىدىكى قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىدىغان شەخسكە ئوخشاپ قالغانىدى. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئىلىزابېت پورتىدا يىغىن ئېچىپ، پائالىيەتنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار پات ئارىدا ئامېرىكىغا بىر يىللىق كېتىدىغان مارتىيو پروفېسسورنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن زىياپەت

ئۆتكۈزدى. مارتىيونىڭ ئوغلى جوئىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ماندېلا ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قارا تەنلىك پرېزىدېنتى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ناھايىتى روشەنكى، ئۇ ئۆزىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىغا قويۇپ، ھەرىكەتتە پىدائىيلارغا رەھبەر بولۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پائالىيەت تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇشنى قارار قىلغانىدى. بۇ، ئۇنىڭ بىر ھەربىي سالاھىيىتىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا دائىم نامايان بولۇشىغا يول ئاچقانىدى.

«پىدائىيلار كۈنى»، يەنى ھەرىكەت باشلىنىشتىن تۆت كۈن بۇرۇن ماندېلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ دۇربانغا باردى، ئۇ 10 مىڭ كىشىلىك ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىمەكچى ئىدى. بۇ — تا ھازىرغىچە ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىملىق نۇتۇق ئانچە ئاممىباب بولمىغىنى بىلەن، پۈتكۈل نۇتۇق جەريانى ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى، ئۇزاققىچە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى توختىمىدى. ئۇ نۇتۇق ئاڭلىغۇچى ئاممىغا ئۆزلىرىنىڭ تارىخ يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇ — ئۆكتىچىلەرنىڭ ئاممىغا قوللىنىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشىمىغان ئىرقلار ئورتاق قاتنىشىدىغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت بولۇپ قالاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى باشلاندى. ماندېلا يوسېف كاچارىيا ۋە ۋالتېر سىسۇلۇ بىلەن بىرلىكتە يوھاننىسبۇرگ ئەتراپىدىكى كانچىلىق بازىرى بوكسبۇرگقا باردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان بىر يەرلىك سوتچى بىلەن بىر قېتىم ناھايىتى ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەنىدى، شۇڭا ۋاقىت ئازراق كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتتى. بوكسبۇرگدا 52 نەپەر پىدائىي ئافرىقىلىقلار توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان رايونىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئولىشىۋالغانىدى، ئۇلار ئىجازەت ئېلىشنى كۈتمەيلا دەرۋازىدىن كىردى، ئۇلارغا باش بولغىنى نانا سىتا بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن قوللىغۇچى ئۇنى ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلار قولىنىڭ بېغىشىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بەلگىسىنى ئېسىۋېلىشقان بولۇپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ قارا رەڭلىكى خەلققە، يېشىل رەڭلىكى يەر - زېمىنغا، سېرىق رەڭلىكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالتۇنىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار شاد - خۇراملىق ئىلكىدە باش بارمىقىنى چىقىرىشىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىمۋوللۇق شەكلىدە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرەتتى ھەمدە ئۈمىد ناخشىسىنى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ: «ئىشىكنى ئاچقىن مالەن، بىز ئىشىكىڭنى چېكىۋاتىمىز» دەپ چۇقان سېلىشاتتى. ماندېلا تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۆزى يىراقتا تۇرسىمۇ، لېكىن ھەربىيلەرگە خاس سۇر - ھەيۋە كەيپىيات ئۇنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتكەنىدى. تەقى - تۇرقى ئۇنىڭ مۇشۇ قېتىملىق كۆرەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سىمۋول قىلىنغاندەك قىلاتتى. ئۇ تولىمۇ مەغرۇر، كۆرەڭ ئىدى، شۇنداقلا يەنە بۇ قېتىملىق ھەرىكەتكە بارلىق ساداقىتىنى بېغىشلىغانىدى. مەيدانغا ئالدىنئالا ئورۇنلىشىپ بولغان ساقچىلار پىدائىيلارنى قولغا ئالدى، ئۇلارنى باغلىغان پېتى بىرونېۋىكقا ئېتتىرىپ چىقىرىپ، ئۇدۇل تۈرمىگە ئاپىرىپ سولىۋەتتى.

ماندېلا ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق تۈرمىگە قامىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ھەرىكەت باشلانغان كۈنى ئاخشىمى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يوھاننىسبۇرگتىكى كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ زالىدا يىغىن ئاچتى. كېچىدە يۈرۈشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى كېچە سائەت 11دە باشلاندى، ئافرىقىلىق بىر توپ كىشى كوچىدا كېتىپ بارغاندا ساقچىلار ئۇ يەرنى ساقلاپ ياتقانىدى، ئۇلار قاتارلىشىپ تۇرۇپ، تۆمۈر

قالپىقىنىڭ جىيىكى ئاستىدىن تاشقى قىياپىتىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان مۇنۇ بىر توپ قارا تەنلىكلەرگە نەزەر تاشلىغىنىمچە ھەر ۋاقىت ئۇلارنى ساقچى ماشىنىسىغا قىستاپ تىقىشقا ئارانلا تۇراتتى. ماندېلا بىلەن يوسېف كاچارىمۇ شۇ مەيداندا بار ئىدى، ئۇلار پەقەت سىرتتىن كۆزەتكۇچى ئىدى، لېكىن ساقچىلار ئۇلارنىمۇ تەڭ قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە مارشال مەيدانىدىكى تۈرمىگە قامالدى، ئۇلار تۈرمىدە ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزدى. تۈرمىنىڭ مۇھىتى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇ بىر جىنايەتچىنىڭ پەلەمپەيدىكى قىستىلىشىش دەستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتىنىڭ ئۆكچىسى سۇنۇپ كېتىپ كېچىچە ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي دومىلاپ چىققان ھالىتىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇ ئۆزلىرى بىللە قامالغانلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى جىنايەتچىنىڭ ساقچىلارغا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى سەزدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى پائالىيەت باشلانغان تۇنجى كۈنىلا بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 8000 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنىپ، ئالدى بىر ھەپتە، كەينى ئۈچ ھەپتە قامىلىپ قويۇپ بېرىلدى، بۇ كىشىلەر تۆمۈريولنىڭ كىرىش ئېغىزى ۋە ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا نامايىش قىلدى ياكى كېچىدە يۈرۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىشتى، لېكىن بارلىق پائالىيەتلەر تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەشكىلات ماندېلانىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەنىدى: ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرى ۋە ھەرىكەت جەريانىدا ئۇ ناتال، ترانسۋال ۋە كېيپتاۋىن ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئەزا تولۇقلاش ئۈچۈن سەييارە نۇتۇق سۆزلىدى، بەزىدە ئۆيمۇئۆي كىرىپ زىيارەت قىلدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى

مېدىيا ۋاسىتىلىرى تەشۋىقات جەھەتتىن ئازراقمۇ قوللىمىدى. ئۇ قىزىققان رادىكاللارنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن بىرلىككە كەلگەن باشقۇرۇشقا بويسۇندۇرۇشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى تونۇپ يەتتى. «ئامما قارشى تۇرىدىغان ھەرىكەتنى قوللانغانلىقنىڭ پايدىسى يوق» دەيدۇ ئۇ: «چۈنكى، سىز ئۇنداق ھەرىكەتنى يولغا قويۇشقا ئامالسىز قالىسىز.» تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەرىكەت ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان جاي — كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يوھاننىسبۇرگ بولماستىن، بەلكى كېيىپتاۋىن ئۆلكىسى بولدى. پىدائىيلارنىڭ يېرىمى مۇشۇ رايوندىن چىققانىدى، چۈنكى ئېلزابېت پورتىدىكى زاۋۇتلارنىڭ مۇھىتى شۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى.

ماندېلا بەكلا ئۈمىدۋاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تارقىتىلغان «دۇمباق» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

مەن بۇ ئالتە تۈرلۈك تەڭسىزلىك قانۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچە ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. ئەگەر دۆلەت پىلان كومىتېتى باشقىچە پىكىردە بولسا، غەيرىي ياۋروپا خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى توختاپ قالمايدۇ.

بۇ قېتىملىق ھەرىكەت قارا تەنلىكلەرگە يېڭىچە كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى؛ ماندېلا يەنە بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ ئۇلارنىڭ تۈرمىگە قامالغانلىق ئار ـ نومۇسىنى يۇيۇپ تاشلاشقا ياردىمى بولغانلىقىغا دىققەت قىلدى. «بۇ قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن» دەيدۇ ماندېلا كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە: «تۈرمىگە قامىلىش ئافرىقىلىقلارنىڭ شان ـ شەرىپىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.» لېكىن، ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن بۇرۇن ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ

قويمىغاچقا قاتتىق زىيان تارتتى. بۇ قېتىم ئاق تەنلىك ئۆكتىچىلەرنىڭ ياردىمىدە ئالدىنىئالا كۈرەش تەييارلىقى كۆرۈلۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ ئىنتىقام ئېلىش پىلانلاندى. كۆپ سانلىق ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان سايلىغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىرلەشمە پارتىيە ئىككى پارلامېنت ئەزاسىنى ئەۋەتىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە پات ئارىدا بولىدىغان سايلامدا ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇلاردىن يېڭىباشتىن ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇرۇن ماقۇللانغان قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى رەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت توختاپ قالدى. لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى، ۋىليام باررىنگېر بىلەن پارلامېنت ئەزاسى خونورد جونس ماندېلا قاتارلىقلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لىبېرالىسلار پارتىيەسىنىڭ ئىرق مۇناسىۋىتى تەتقىقات ئورنىمۇ نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. ماندېلا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىزگە — ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ نارازىلىقىڭلارنى بىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى يول بۇ ئەمەس. ھەرىكىتىڭلارنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭلار، — دېدى. بىزنىڭ رەت قىلىشىمىزغا ئۇچرىغاندىن كېيىن بىزگە ھۇجۇم قوزغىدى.» لېكىن، لىبېراللار پارتىيەسىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «دېلەن كۇندىلىك پوچتا گېزىتى» ماندېلانى ناھايىتى خۇشال قىلدى. بۇ گېزىتنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئاشكارىلاش دەرىجىسى ئوڭ قاناتلارنىڭ «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلى (ئىلگىرىكى نامى «قوغدىغۇچىلار گېزىتى» ئىدى) دىن تۆۋەن تۇرمىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ

دەھشەتلىك قانۇنلارنى يولغا قويۇشى ئۇچۇن باھانە بولۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى يىلى ھىندىستاندا گەندىنىڭ پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىغان ئەنگلىيەگە ئوخشمايدىغان يېرى، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ توسقۇنلۇق كۈچى كۆپ ئاجىز ئىدى.

7 ـ ئايدا ساقچىلار ئافرىقا ۋە ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيى ۋە ئىشخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، زور مىقداردىكى ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردى. ساقچىلار ترانسۋالدىكى ھىندىستانلىقلار مەجلىسىنى ئاختۇرغاندا پوزىتسىيەسى ناھايىتى دوستانە بولدى. يوسېفنىڭ ئايالى ئامىنە كاچارى تېخى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاي ۋە ساندۇۋىچ قويىدى ھەمدە ئۇلارنى ئانچە مۇھىم بولمىغان ھۆججەتلەرنى ئاختۇرۇشقا يېتەكلىدى. ئەخمەد كاتارادا بولسا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر جازىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەرنى باشقا يەرگە يۆتكىۋەتتى. ماندېلا ئەينى يىلدىكى ساقچىلار بىلەن كوسادا چاي ئىچكەچ پاراڭلاشقان ھالەتنى ئەسكە ئالغاندا كۆڭلى تولىمۇ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن، مۇشۇ قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك يەنە بىر قاتار ھەرىكەتلەر يۈز بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ماندېلا «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» غا قارشى تۇرغانلىقى ئۇچۇن قولغا ئېلىندى، بۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن يەنە 20 نەپەر كىشى تەڭ قولغا ئېلىندى.

بۇ 21 كىشىنىڭ ھەممىسى كېپىللىككە قويۇپ بېرىلدى ھەمدە 9 ـ ئايدا يوھاننىسبۇرگتىكى يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە سوتلاندى، باش سوتچى فرانسىس رامپاۋ ئىدى. ئوخشىمىغان ئىرقتىن كەلگەن بۇ كىشىلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە سوتخانىغا يىغىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق دوكتور موروكا تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇ ئۆزى ئۇچرىغان شىكايەتلەردىن قاتتىق ساراسىمگە

چۈشتى، شۇڭا ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس ئادۋوكات تەكلىپ قىلدى. ماندېلا سوت ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن گەپ قىلىپ بۇنداق قىلماسلىقىقا نەسىھەت قىلدى. موروكا بۇرۇن بۇنىڭغا قىلچە قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن: «قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى مېنىڭ ماقۇللۇقۇمدىن ئۆتكۈزمىدىڭلار» دەپ ئۇلارنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى ئەيىبلىدى. موروكا باش سوتچى فرانسىس رامپاۋنىڭ ئالدىدا، ئۆزىنىڭ قارا تەنلىكلەرنى ئاق تەنلىكلەر بىلەن باراۋەر دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. كەينىدىن يەنە باشقا جاۋابكارلارنىڭ ئىچىدىكى سىسۇلۇ بىلەن دادۇنى ئۆز ئىچىگە كوممۇنىستلارنى تاكى سوتچى توختاشقا بۇيرۇق بەرگۈچە بىرمۇبىر كۆرسىتىپ بەردى.

موروكانىڭ ئاسىيلىقى ماندېلا ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر زەربە بولدى، ئۇ موروكانى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە ئامالسىز ئىدى: «ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئۆز مەنپەئەتىنى كوللېكتىپ ۋە خەلقنىڭ ئالدىغا قويغانلىقىدا ئىدى.» لېكىن، ماندېلا موروكانىڭ ئىلگىرىكى جاسارىتى ۋە پەم ـ پاراسىتىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ يەنە شۇنىمۇ تونۇپ يەتتىكى، موروكا نىسبەتەن باياشات ئىدى، ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدىكى ھېچنېمىسى يوق كۆك نامراتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ يوقاتقان نەرسىلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئاق تەنلىك دوستلىرى بار ئىدى. كېيىن ماندېلا ئۆزىگە خائىنلىق قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىۋەتكەندەك ئۇنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتتى. تۈرمىدە يازغان بىيوگرافىيەسىدە ئۇ موروكانى ئىنتايىن يېقىملىق تىل بىلەن تەسۋىرلىگەنىدى، كېيىن يەنە تېخى ئۇنى تۈنجى بالىسى زېنىغا دىنىي تەربىيە بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن، باشقىلار ئۇنىڭغا ماندېلادەك كەڭچىلىك قىلمىدى. سوتچى فرانسىس رامپاۋنىڭ ئادىللىقى ماندېلانى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. ئويلىمىغان يەردىن، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى جىنايىتى بار دەپ بېكىتىلدى؛ توققۇز

ئايلىق قاماق جازاسى ۋە ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىندى، ھۆكۈم خېلى رەھىمدىللىك بىلەن چىقىرىلغاندى. باش سوتچى فرانسىس رامپاۋ جاۋابكارنىڭ «قانۇندا بەلگىلەنگەن كوممۇنىزم» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى تەكىتلىدى. لېكىن، كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇنىڭ كوممۇنىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى.

روشەنكى ھۆكۈمەتنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان تەبىرى ئەمەلىيەتكە خىلاپ ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ باشقا يەردىن كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ، بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىگە ياردىمى بولاتتى. 1952 - يىلى ماندېلا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە، جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلغان ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك سىياسىيون، دوكتور ماكس ئىيۇگىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشخۇمارلىرىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن تونۇشتى. ئىيۇگىن بۇرۇن شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدە ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل تۇرغان ھەمدە گوۋېن مىسىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە قارا تەنلىك ياشلارنى كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرىشكە سەپەرۋەر قىلغانىدى. لېكىن، ئامېرىكىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن تا ھازىرغىچە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. يوھاننېسبۇرگتىكى بانتۇ يىغىن مەركىزىدىكى بىر قېتىملىق يىغىندا ئۇ نۇتۇق سۆزلىدى. نۇرغۇن قارا تەنلىك سىياسىيونلار ۋە مۇھىم ئەربابلار ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغىلى كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ماندېلامۇ بار ئىدى. ماندېلانىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئىيۇگىننىڭ نۇتقىنىڭ تىغ ئۇچى كوممۇنىزمغا قارىتىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان سەرخىللارنىڭ ئۇزاققىچە ئالقىشىغا

ئېرىشىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. لېكىن، ماندېلانىڭ دوستى، ئۇنىڭ ئورلاندودىكى قوشنىسى بانى ئىنكانا قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئىيۇگىننى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ماندېلا شۇ چاغدىكى ئىشلارنى سۈرەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەزىز مېھمانغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىدىكى كاتېل، توراس ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ تىراگېدىيەلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئىيۇگىننىڭ بىزنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئورۇشىغا سۆرەپ كىرىش غەرىزىنى بىتچىت قىلدى.»

7 ـ ئاينىڭ ئاخىردا ماندېلا باشقا رەھبەرلەر بىلەن قولغا ئېلىنغاندا، ھۆكۈمەت قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى تىنچىتىش قارارىغا كەلدى. ماندېلانىڭ قارىشىچە، ئەينى چاغدا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى باستۇرمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى، بولمىسا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى تەشكىلاتى پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆز سىياسىتىنى يولغا قوياتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باستۇرۇش ۋاسىتىسى ھەرىكەت رەھبەرلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى چەكلەش ياكى يىغىنلارغا قاتنىشىشىنى توسۇش ئىدى. 5 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ماكسىنىڭ ترانسۋالدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماندېلانى ئۆزىنىڭ ۋارىسى بولۇشقا تەۋسىيە قىلدى. ماندېلا مىللەتچىلىككە قۇتراتقۇچى سىياسىيون سەيپېرىپىل مارۇپىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، كەيىندىن ھەربىي ئىشلار تەشكىلاتىنىڭ بافابىكىيا ئىسىملىك رەھبىرىمۇ قارشى تۇردى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ھەربىي ئىشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر چىرايلىق قىز ئەزاسى: «ماندېلا شىلەپىسىنى ئۆيۈمگە چۈشۈرۈپ قويسا مەن

قانداقمۇ ئۇنى ئەيىبلىيەلەيمەن؟» دەيدۇ. بۇ گەپتىن ماندېلا قاتتىق ھەيران قالدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەۋزەللىكى بىلەن رەئىسلىك ئورنىغا چىقتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇزاققا بارمىدى: 12 ـ ئايدىن باشلاپ ماندېلا بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا 51 نەپەر رەھبىرىنىڭ ھەرقانداق يىغىنغا يېرىم يىلغىچە قاتنىشىشى، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەملەرنىڭ پاراڭلىشىشى، رۇخسەتسىز يوھاننىسبۇرگتىن ئايرىلىشى چەكلەندى. ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ۋەزىپىسى قانۇنسىزلىققا ئايلانغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ۋە ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلىق سالاھىيىتى ئاستا ـ ئاستا مۇقىملىشىپ قالدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ يالقۇنى تەدرىجىي ئۆچۈپ قالدى. 10 ـ ئايدا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئېلىزابېت پورتى ۋە شەرقىي لوندون رايونلىرىدا كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭدا بىرقانچە گۇناھسىز ئامما ھاياتىدىن ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بىرسى ئايال موناخ ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى دەرھال بارلىق ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. بۇ قېتىملىق قاراملىق، ئالدىراڭغۇلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئۆزلىرىگە چوڭقۇر ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قەستەن بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئەيىبلىدى (ھۆكۈمەتنىڭ راست شۇنداق قىلغان ـ قىلمىغانلىقى دەللىلەنمىدى.) ھالبۇكى، بۇ قېتىملىق توپىلاڭ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ زوراۋانلىق قىلماسلىق ئىدىيەسىنى بەربات قىلدى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ مەنئى قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشى ئۈچۈن يېڭى

باھانە بولۇپ بەردى.

12 ـ ئايدا «ئاممىۋى بىخەتەرلىك قانۇنى» ۋە «جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قانۇن لايىھەسى» قەستەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە بۇنداق قىلمىشنى سادىر قىلغانلارغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى ۋە قامچىلاش جازاسى بېرىش بېكىتىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنە بىر قېتىم دەۋرەپ كەتتى. ماندېلا كېيىن ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەزەلدىن بۇنداق قاتتىق جازا بېرىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدۇق.» كېيىنكى يىلى ماندېلا دوكلاتتا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قارشىلىق كۆرسىتىش دولقۇنى مۇقەررەر كەينىگە چېكىنەتتى. بىز ۋاقتىنچە ھەرىكەتنى توختىتىپ، ۋەزىيەتنى قايتىدىن كۆزىتىشكە مەجبۇر بولدۇق.»

ناھايىتى قىسقا بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى زور كۆلەمدە قوللاشقا ئېرىشكەندەك قىلاتتى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا پاترىك دېنكىن، يەنى ياش ئالدىنقى مۇستەملىكە ئەمەلدارى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سابىق گۇبېرناتورىنىڭ ئوغلى كۈرەشكە قاتناشتى. دېنكىن ناھايىتى قاپ يۈرەك ئىدېئالىزمچى ئىدى، جون باكىنچە قەھرىمانلىق ئوبرازىغا نىسبەتەن بالىلارچە بىر خىل قىزغىنلىق بار ئىدى. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيەگە كۈچلۈك قارشى تۇراتتى، شۇنداقلا يەنە گەندىنىڭمۇ چوقۇنغۇچىسى ئىدى. ماندېلا بىلەن يوسېف كاچارى ئۇنى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ئاق تەنلىكلەرگە ئۈلگە بولۇشقا قايىل قىلدى. «پاترىك دېنكىننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىششى تەڭرىنىڭ سوۋغىسى ئىدى» دەيدۇ كاچارى: «بۇ، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ مىللەتچىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلىدى.» دېنكىن، مانىلا گەندى (دېنكىن مانىلا گەندىنى بۇ ھەرىكەتكە قاتنىششقا قايىل قىلغانىدى) ۋە نەچچە يۈز كىشى ئىجازەت بېرىلمىگەن

ئەھۋال ئاستىدا يوھاننېسبۇرگ ئەتراپىدىكى گېرمىستون رايونىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى. ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، نۇرغۇن قارا تەنلىكلەر دېنكىننىڭ جاسارىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. دېنكىن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ماندېلا، كاچارىيا ۋە دادۇلار كېلىپ ئۇنىڭغا ئامەت تىلىدى. لېكىن، باشقا ئاق تەنلىكلەر ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك دېنكىنغا ئەگەشمىدى. شۇنىڭ بىلەن دېنكىننىڭ ئىتتىپاقداشلىق ئورنى ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. سوتخانىدا دېنكىن ئۆزىنى گۇناھسىز دەپ ئاقلىدى، جىنايىتى بارلىقىغا قارىتا چىقىرىلغان ھۆكۈمگە قارشى بېرىلگەن نارازىلىق ئەرزىمۇ قايتۇرۇۋېتىلدى. لېكىن، ئۇ جىنايى جازا مۇددىتىنى ئالتە ئاي تولۇق توشتۇرمىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دېنكىن كوممۇنىزمنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە تەسىر پەيدا قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. كېيىن ئۇ يېڭى لىبېرالىستلار پارتىيەسىگە ئەزا بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبىگە — پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى. لېكىن، ماندېلا ئۇنىڭ جاسارىتىگە ئىزچىل قايىل بولۇپ كەلدى.

1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىردا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ پەردىسى يېپىلدى، ئالتە ئايلىق مۆجىزىنىڭ ئاياغلاشقانلىقى جاكارلاندى. سىياسىيونلار بىلەن تارىخشۇناسلار بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. لېكىن، ماندېلانىڭ قارىشىچە، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدىن باشقا شەھەر ۋە بازارلارنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىيالمىغاندى. لېكىن، ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قېتىملىق «غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. چۈنكى، بۇ ھەرىكەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ سانىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن

دەرىجىدە كۆپەيتىۋەتكەندى، ترانسۋالدىكى ئەزالارنىڭ سانى 400 دىن 16 مىڭغا تەرەققىي قىلغان، كېيپتاۋندىكى ئەزالارنىڭ سانى 60 مىڭغا يەتكەندى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك، گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلغانىدى. ماندېلانىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشەنچى تولۇق ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى، بۇ خۇددى ئۇنىڭ يازغىنىدەك ئىدى: «ئىلگىرى مەن ھەمىشە تەشۋىشلىنەتتىم، ئۆزۈمنى كەمسۇندۇراتتىم ... لېكىن، ھازىر مەيدەمنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان بولدۇم، ئېزىلىش ۋە ۋەھىمىگە باش ئەگمىدىم. شۇڭا، مەن يۇكسەك غۇرۇرۇم بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل تىكىلىپ قارىيالايمەن.»

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ خاراكتېرىدە كەسكىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. دوكتور موروكاغا ئوخشاش قورقۇنچاق، مۇتەئەسسىپ رەھبەرلەر تەشكىلاتتىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياش «قوغدىغۇچىلار» تېخىمۇ قەيسەر بىر رەئىسكە موھتاج بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زۇلۇلارنىڭ 53 ياشلىق قەبىلە باشلىقى ئالبېرت لۇتۇلىنى ئىزدەپ باردى. لۇتۇلى بەستلىك، چېھرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان، گەپنى ئالدىرىماي، ناھايىتى ئاستا قىلىدىغان، چىرايىدىن ھەمىشە كۈلۈمسىرەش كەتمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئوقۇتقۇچى بولغان، ناتالنىڭ گېرۇتۇېر بازىرىدىكى دىنىي جەمئىيەت بازىسىدا باستېرمۇ بولغانىدى، قارىماققا ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ «ئاجىز يولدىن قەيسەرلىككە قەدەم تاشلىغانىدى.» لۇتۇلى 1951 - يىلى ناتالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىغا پەرۋا قىلماستىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوللىدى، شۇ سەۋەبلىك

قەبىلە باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

لۇتۇلى گەندىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى ھەمدە ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ مۆتىدىل پوزىتسىيەسىگە ھەسسىلەپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. لېكىن، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ئەسلا قورقمايتتى. «رادىكال مىللەتچىلىك كوممۇنىزمدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى.» ئۇ 1952 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندە لۇتۇلى ماڭا شۇنداق دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە — ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخىدىكى ئەڭ ئۇزاق ۋەزىپە ئۆتىگەن رەئىس ئىدى — دائىم مەجبۇرلاشقا ئۇچرايتتى، پائالىيەت دائىرىسى ناتالدىكى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىلا چەكلىنىپ قالغانىدى. بەزىدە قورچاق ھالەتكىمۇ چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن، ماندېلا ئۇنى باشتىن ـ ئاخىر بىر رەھبەر، ئۇرۇش قەھرىمانى ئورنىدا كۆرۈپ كەلدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ پوزىتسىيەسىنى يۇمشىتالمىدى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۆزقارىشىنىمۇ ياخشىلىيالمىدى. پرېتورىيەدىكى ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى پۇتكۇل ۋەقەگە گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسى تۇتتى ھەمدە ئافرىقىلىقلارنى ھىندىستانلىقلار ۋە كوممۇنىستلارنىڭ گۇماشتىسى، دەپ قارىدى. ئۇ 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىر پارچە پوچتا يوللانمىسىدا: «يەرلىكلەردە ئەڭ ئەقەللىي بولغان سىياسىي تەشكىللىچانلىقلا بار، رەھبەرلەرگە خاس كۈچلۈك كوللېكتىپچانلىق يوق» دېگەنىدى. دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئاساسلىقى ئىككى ئاق تەنلىك ئىرق ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، قارا تەنلىكلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قول تىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك گۇبېرناتور، سېرجون رۇگتېيىل ناھايىتى بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىلكىدە قالغانىدى، چۈنكى ئامېرىكىلىقلار ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈر تىللار بىلەن قاتتىق

تەنقىدلىگەنىدى، ئىشچىلار پارتىيەسىمۇ قارشى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنىدى. ئۇ ئەنگلىيەلىكلەر تېخىمۇ ئەركىن بولغان بىرلەشمە پارتىيە تازا ئوبدان كۈچلىنىۋالغاندىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنى ئۆز ئىچىدە ئۇرۇش قىلىشىغا قويۇپ بېرىشى كېرەك، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى. سېرجون جەنۇبىي ئافرىقا سىياسىي بىيۇروسىنىڭ رەھبىرى، پولكوۋنىك دۇبورنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ھازىر ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى قوللاۋاتىدۇ، لېكىن رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئاساسەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىن كېلىدۇ، دەپ قارايتتى. 11 - ئايدا ئۇ بىر تالاي خاتا ئۇچۇرلار بىلەن تولغان جىددىي ماتېرىيالدا بۇ «ئاخبارات» نى لوندونغا يەتكۈزدى. ئىلزابېت پورتىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭدا ئۇ بەزى سەۋەبلەرنى ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئارتىپ قويغان بولۇپ، ئۇلار تېخىمۇ چوڭ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىدىن كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج بولۇۋاتىدۇ دەپ قارايتتى.

ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيەدە ۋىنستون چېرچىل يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت تۇتقان، مۇتەئەسسىپ سالاھىيەتتە باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەنىدى. چېرچىلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇنداق كۆزقارىشى بار ئىدى: «پات يېقىندا ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلامدا ھىندىستانلىقلار بىلەن كاپىرلار چەكلەنگەن رايون ۋە مەخسۇس ئاق تەنلىكلەر ئۇچۇن ئېچىلغان ساقلاش رايونىغا مەجبۇرىي كىرسە، ئۇ دوكتور مالان ئۇچۇن ئەڭ چوڭ ياردەم بولغان بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئۇلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىگە قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھىندىستانلىقلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە قارىتا مالان ھۆكۈمىتى ھەمدەمدە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ نۇقتىنى كۆرەلمىسە، ئۇلارنى ئۆتۈپ

كەتكەن كالۋا دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.»

بىرنەچچە نەپەر غەربلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ بىۋاستە سېزىمى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. كانادانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گۇبېرناتورى ماك دورموت 1953 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوتتاۋاغا خىزمەت دوكلات قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يالغۇز بىر سىياسىي پارتىيەلا ئەمەس، ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى بىرلەشمە تەشكىلات ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزگە ئۇستا ئافرىقىلىقلار. شۇڭا، ئۇ بۇ مىللەتنىڭ مەجلىسىگە ئايلانغان. بۇ مىللەت بىر دۆلەت شەكىللەندۈرەلمىگىنى بىلەن، ئافرىقىلىقلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.»

# 7. ئادۋوكات ۋە ئىنقىلابچى

(1952 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە)

باشقىلارنىڭ قارىشىچە، يېشى 30 لاردىن ئاشقان ماندېلا ئورلاندودىكى گويا سەرەڭگە قېپىنى ئەسلىتىدىغان ئۆيلەردە تىنچ ياشايتتى. ئايالى ئېفرىنىنىڭ ئائىلىگە قوشقان تۆھپىسى نۇرغۇن دوست ـ يارەنلىرىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. «ئېفرىن بولغاچقىلا ئۆيدىكى ئوت يالقۇنى مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمايتتى، ئەگەر ئېفرىنىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئىشىنىشى بولمىغان بولسا» دەپ يازىدۇ فېرىس نىتانتارا: «ماندېلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايتتى.» ئېفرىن ھەمىشە پەردە كەينىدە تۇرۇپ ئائىلىنىڭ ئوتۇن ـ يېقىلغۇ، ئۇن ـ گۈرۈچ، ماي، تۇز دېگەندەك كۈندىلىك لاۋازىمەتلىكلىرىنى غەملەيتتى؛ ئۆينى پاكىز تازىلاپ چىرايلىق تۇتاتتى، ئۆينىڭ پاكىز ـ رەتلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ئۇنچە بەك شاد ـ خۇرام ئائىلە دېگىلى بولمايتتى، سىسۇلۇ ياكى تامبونىڭ ئائىلىسىدەك ئۇلى چىڭ ئەمەس ئىدى. ئېفرىن ماندېلانىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىنى قوللىمايتتى. ئۇ: «ماندېلاغا ياتلىق بولغان ۋاقتىمدا ماندېلا ماڭا سىياسىيوندەك ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىدەكلا تەسىر بېرەتتى» دەيدۇ. دىن ۋە سىياسىيدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يولدا ئۇلار ئىككىسى بارا ـ بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئېفرىن ئىخلاسمەن خىرىستىيان مۇرىتى بولغاچقا

كۆپىنچە ۋاقتى دىنىي دەستۇرلارنى ئوقۇش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ دوستى، يازغۇچى ئىسكىيا مۇفلىرا ئېفرىننى سىياسىي بېسىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈنلا دىنغا ئىشەنگەندەك، ماندېلا بولسا ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خالاپ كەتمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى جىددىي مۇناسىۋەت ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى. ماندېلانىڭ سىڭلىسى لىيابى بەزىدە ئۇلارنىڭ كىچىك ئائىلىسىگە كېلىپ تۇراتتى، بۇ خىل جىددىي كەيپىياتنى ئۇمۇ روشەن ھېس قىلغانىدى. ئېفرىننىڭ «سىياسىيغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق گەپكە قۇلاق سالمايمەن» دېگەن گېپى لىيابىنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز كەتمەيتتى. لىيابى ئاكىسى بىلەن ئايالى ئېفرىننىڭ ھەمىشە بىر ـ بىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىنى ياكى ئاكىسىنىڭ ئۆيدىن سەھەر چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتى، ئاكىسىنىڭ: «ئۆيدە تۇرسام ئىچىم سىقىلىدۇ، ئۆيدىن ئازراقمۇ خۇشاللىق تاپالمايمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلايتتى.

لېكىن، ماندېلا سىرتتا ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىككى ئىشنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتاتتى. بىر ياقتىن ئۇنىڭ بىر ئادۋوكات بولغۇسى بار ئىدى، شۇڭا كۇنبويى بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن ھەپىلىشەتتى؛ يەنە بىر ياقتىن ئۇ يەنە سىياسىي ئىنقىلاب ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ھەمدە زوراۋانلىقنىڭ توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ قانۇنغا ھۆرمەت قىلاتتى، بۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق مىزانى ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ بۇ ھاياتلىق مىزانى كەسكىن سىناققا دۇچ كەلگەنىدى. ماندېلانىڭ ئاق تەنلىك ئادۋوكات دوستى جورجى بىزوس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ سوتخانىدىكى ۋاقتىنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلارغا ۋاكالىتەن سوتقا چىقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرز ـ شىكايەت قوبۇل قىلىش ئۈچۈن سەرپ بولاتتى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.»

ماندېلانىڭ بارلىق سىياسىي پائالىيىتى تازا ئەۋج ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قانۇن كەسپىدىكى يولىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. ۋىتكىن، خىدىرىسكى ۋە ئېدېلمەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاق تەنلىكلەر ئاچقان ئۈچ ئادۋوكاتلىق ئورنىدا ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىردا باسىنېرنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىدا ئىشلىدى. باسىنېر سول قانات پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە ماندېلا تامامەن لاياقەتلىك بىر ئادۋوكاتقا ئايلاندى. 1952 ـ يىلى ماندېلا تامبو بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا بويىچە ئافرىقىلىقلار ھەمكارلىقىدىكى تۇنجى ئادۋوكاتلىق ئورنىنى قۇردى.

بۇ ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر تارىخىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى، بۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرۇش دەرىجىسى ماندېلا بىلەن سىسۇلۇنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىدىن قېلىشمايتتى. تامبومۇ ترانسكېيدىكى يېزا رايونىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەكتەپتە ھېلىھەم قەبىلىسىنىڭ بەلگىسى بار ئىدى. ماندېلاغا ئوخشاش، تامبونىڭ دادىسىنىڭمۇ بىر نەچچە خوتۇنى بار ئىدى، تامبومۇ ئوخشاشلا فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوغلاندى قىلىنىش جازاسىغا ئۇچرىغانىدى. لېكىن، باشقا جەھەتلەردە تامبو بىلەن ماندېلا پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى ئىدى: ئۇ دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جىمغۇر، كەم سۆز، كىتابباز ئىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى تامبونىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. يوھاننىسبۇرگقا يېڭى كەلگەندە، ئۇ سان پېتېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماتېماتىكا دەرسى ئۆتتى. دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى سىياسىيغا باشلاپ كىردى، كېيىن ۋالتېر سىسۇلۇنىڭ نەسىھەتى بىلەن ئادۋوكات بولدى. ماندېلا تامبونىڭ پىشقان، ئەتراپلىق تەپەككۇرىغا ھۆرمەت

بىلدۈرەتتى، شۇڭا دائىم ئۇنىڭ پىكرىگە ئىتائەت قىلاتتى.

ماندېلا بىلەن تامبونىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى 1952 - يىلى 8 - ئايدا ئىش باشلىدى، ئىشخانا ئورنى بىر كونا بىنانىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ بىنانىڭ ئىسمى باش مىنىستىر بىناسى بولۇپ، يوھاننىسبۇرگ شەھەر مەركىزىدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى، جەنۇبىي ئافرىقا كاپىتالىزمىنىڭ مەركىزىي بەلبېغى — ئەنگلىيە - ئامېرىكا شىركىتىنىڭ ھەيۋەتلىك بىناسىدىن بىر نەچچە كوچىلا ئايرىلىپ تۇراتتى. ئىشخانا دېرىزىسىگە «ماندېلا ۋە تامبو» دېگەن خەت يوغان قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ، ئاق تەنلىك ئادۋوكاتلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى بىلەن سىسۇلۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش ئىشتابى بىر بىنانىڭ ئىچىدە ئىدى. بىنا ئىچىدىكى جابىدان رېستورانى بىلەن كىلېرۋاد زالى ھىندىستانلىق رادىكاللار جەم بولىدىغان جاي ئىدى. باش مىنىستىر بىناسىدىكى قارا تەنلىكلەر ناھايىتى تېزلا «رايونلارنى ئايرىۋېتىش قانۇن لايىھەسى» نىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. قانۇن لايىھەسىدە «جەنۇبىي ئافرىقا شەھەرلىرىنىڭ مەركىزىدە پەقەت ئاق تەنلىكلەرنىڭ پائالىيەت قىلىشىغىلا يول قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، ماندېلا بىلەن تامبونىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى ئاشۇ رايوندا قانۇنسىز تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تىجارىتى تاكى 1961 - يىلىغىچە داۋاملاشتى، ئۇ چاغدا ئۇلار دائىم نازارەت ئاستىدىلا تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھۆكۈمەت تۈسىنى ئالغان قانۇنىي ئىشلار ۋاكالەتچىسىگە ئايلاندى. قارا تەنلىك خېرىدارلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى، دەۋا تۆلىمىگە ئائىت بېجىرىشكە تېگىشلىك كەسپلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن

خېرىدارلار يېزا رايونلىرىدىن كەلگەنىدى. «ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن» دەيدۇ تامبو شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ : «ماندېلا ئىككىمىز ئاۋۋال كۈتۈش زالىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ تۇرماي، كارىدورغا قىستىلىشىپ كىرىۋاتقان كىشىلەرنى بېسىقتۇراتتۇق ... ھەر ھەپتىسى چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان، يەتكۈچە دەرد ـ ئەلەم تارتقان دېھقانلار بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلىشەتتۇق. يېزىدىن كەلگەن بۇ كىشىلەر بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە زېمىندا ئەۋلادمۇئەۋلاد يەر تېرىپ كەلگەنلىكىنى، مانا ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ بۇ زېمىنلىرىدىن قوغلىنىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتىشاتتى ... سوتخانىدىكى ھەربىر دېلو، تۈرمىگە ھەربىر قېتىم زىيارەتكە بېرىشلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقى ۋە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى.»

بۇ خىل ھەمكارلىق ئىككىيلەندە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. ماندېلا گەپدانلىقىغا تايىنىپ سوتخانىغا بىمالال كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى ياكى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي سىياسىي نۇتۇق ئارگىنالىنى تۈزۈپ چىقاتتى. جىمغۇر، كەم سۆز، ئەمما ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان تامبو دېلولارغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. سوتخانىدا تامبو سالماق، ئېغىر ـ بېسىق ئىدى؛ ماندېلا بولسا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مەغرۇر ھالىتىنى ساقلايتتى. ئۇ سوتخانىغا كىرگەن دەقىقىدىن باشلاپ، كىشىلەر ئۇ مەيداندا بولسىلا سوتچى ۋە تەپتىشلەرنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپلا قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن گېفرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۈستىگە لەپپىدە قارىغان ھامان پۈتۈن ۋۇجۇدى يالقۇن كەبى ئوت بولۇپ ياناتتى.»

ماندېلا دائىم ترانسۋالدىكى شەھەر ئەتراپى رايونىدىن كەلگەن خېرىدارلار ئۈچۈن سوتقا چىقىپ، ئۇلارنى ئاقلايتتى. ئۇ يەردىكى

ئاھالىلەر قانۇننى چۈشەنسۇن ياكى چۈشەنمىسۇن، ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇنۇ رىۋايەتسىمان قارا تەنلىك ئادۋوكاتقا جىمى ئۈمىدىنى باغلايتتى. ئۇ پىرىخونلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر خىرىدارغا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولدى، بۇ كىشى ئاخىر گۇناھسىز دەپ قارىلىپ قويۇپ بېرىلدى. لېكىن، ماندېلا ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىشىنىڭ قانۇني جەھەتتىن بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي سېھىرگەرلىكتە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىدى. ماندېلا ھەمىشە جورجى بىزۇس قاتارلىق ئاق تەنلىك لىبېرالىزمچى ئادۋوكاتلارنى مۇھىم دېلولارغا ئاقلىغۇچى بولۇشقا بېرىشكە كۆرسەتتى. ئۇلار قارا تەنلىك گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە چاقىرماي، «ئەپەندى» ياكى «خانىم» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چاقىراتتى. بۇنى ئەدلىيە خادىملىرى زادىلا ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى.

ماندېلا بىلەن تامبو ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «قەبىلە دائىرىلىرى» بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى توختىماستىن زورىيىۋاتاتتى. لېكىن، يېزىلاردىكى قارا تەنلىكلەر بىلەن شەھەرلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئۇچرىشىشىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قانۇني ئېڭى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئۇندىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدىغان يىغىنلارنى ئېچىشىنى چەكلىدى. ئۇلار مۇشۇ سەۋەبلىك قولغا ئېلىنسا ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا: «ماندېلا بىلەن تامبونىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىغا تېلېفون قىلىڭلار!» دەپ توۋلايتتى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن جىنايى جازا بېرىلىپ، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ماندېلا نۇرغۇن ئاق تەنلىك ئادۋوكاتلارنىڭ نەزىرىدە قارا تىزىملىككە كىرىپ قالغانىدى. 1954 ـ يىلى ئادۋوكاتلار

جەمئىيىتى ئۇنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا ۋالتېر بوراك بىلەن بىراۋنىڭ فىرانكىلىنىدىن ئىبارەت ئىككى ئاق تەنلىك ئادۋوكات ئۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلغانىدى. ئۇلار: «ماندېلا قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادىنى قوغداشقا ھوقۇقلۇق» دەپ قارايتتى. سوتچىلار باشلىقى رامسبودىن ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنى قوللىدى. ماندېلانى قوللايدىغان ئادۋوكاتلار بەك جىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك مىللەتچىلەرمۇ بار ئىدى. ماندېلا بۇنىڭدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، «جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىرقچىلىق ئەدەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كەسىپداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق يەنىلا تېرە رەڭگى چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.» لېكىن، ئۇنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى تېزلا چەكلىمىگە ئۇچرىدى. 1955 ـ يىلى ئۇ پرېتورىيەدىكى بىر دېلو ئۈچۈن سوتتا ئاقلىغۇچى بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى، لېكىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا: «ماندېلاغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ پرېتورىيە ۋە ۋېرىنىگىڭنى زىيارەت قىلىش ئىلتىماسىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك» دېدى.

ماندېلانىڭ سىياسىي ساھەدىكى پائالىيىتى بارغانسېرى جانلىنىشقا باشلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قارشى سادالارمۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ بىر قارا تەنلىك خېرىدار ئۈچۈن ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولۇپ سوتقا چىقتى. سوتچى ناھايىتى سەپرا مىجەز، تېرىككەك بىر جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك بولۇپ، ئىسمى ۋىلىيام دومار ئىدى. دومار ماندېلانى كۆرۈپلا ئۇنىڭدىن ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسىنى ئېلىۋالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سوتچى دومار سوتنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. كېيىن ماندېلا

كىنىشكىسىنى ئېلىپ كېلىپ سوتتا ئاقلاش سۆزىنى بايان قىلىۋاتقاندا دومار ھېلىدىن ـ ھېلىغا: «ھەي، سەن جايىڭدا ئولتۇر» دەپ ۋارقىراپ، ماندېلانىڭ ئاقلاش سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ماندېلا سوتچىنىڭ دېگەن بارلىق گەپلىرىنىڭ خاتىرىلىنىپ دېلو خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇ ئەڭ ئاخىر بايانات ئېلان قىلىپ، بۇنداق مۇھىتتا ئاقلىغۇچىلىق قىلىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى، شۇڭا دېلوغا قايتىدىن قاراپ چىقىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان ماندېلا بىزوسنى ئىزدەپ باردى، بىزوس ئۇنىڭغا ئەرزىنى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە يوللاش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دېلو رىتۇس دې ۋىتنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ سوتچى دەل كېيىن ماندېلانى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان كىشى ئىدى. رىتۇس دې ۋىت دومارنى بۇ دېلونى تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن چېكىنىپ چىقىشنى بۇيرۇدى ھەمدە: «مانا مۇشۇنداق قىلمىشلار دۆلىتىمىز ئەدلىيەسىنىڭ ئادىللىقىغا قارا سۈركەيدۇ» دەپ ئەيىبلىدى.

40 يىلدىن كېيىن، ماندېلا پىرېزىدېنتلىق سالاھىيىتى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «جەنۇبىي ئافرىقىدا قانۇن پۇقرالارنى قوغداش قورالى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى ئاۋام ـ خەلقنى قۇل قىلىشتىن ئىبارەت. قانۇن كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىمدا ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇمنىڭ بىرى ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىمىم ئارقىلىق قانۇن تارازىسىنى ئازراق بولسىمۇ خەلق تەرەپكە ئاغدۇرۇش ئىدى.» ئۇ ئاندا ـ ساندا ئادىل سوتچىلارغىمۇ ئۇچراپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە سوتتا پۇقرالىق ئەركىنلىكىنى قوغدىغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. كېيىن ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئەدەپ كەتكەن بۇ دۆلىتىمىزدە، سوتچىلارنىڭ ھەممىسى ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ سېسىق ھىدىنى چاچىدىغان ئاق تەنلىكلەر ئىدى، پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈش بەسى

مۇشكۇل ئىدى.» شۇنداقلا ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقىدا مۇنەۋۋەر سوتچىلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك خەلقپەرۋەر سوتچىلارمۇ بار ئىدى. ماندېلا تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئەينى يىللىرى ئۆزى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىغان سوتچى بىلەكۋېلىنىڭ لەنتېدىكى ئالاھىدە ساقچى باشلىقىغا: «بۇ دۆلەت تېخى ساقچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالمىدى» دېگەنلىكىنى ئەسلىگەنىدى.

ماندېلا سەل تەخىقسىلىقتا قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەم قانۇنغا ھۆرمەت قىلغۇسى بار ئىدى، ھەم ئىرقىي كەمسىتىش ئەۋج ئالغان بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ئۆزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت قانۇنى ئالدىدا پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەنە تېخى «خەتەرلىك سىياسىيون» دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالغانلىقىنى، كېيىنكى ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. 1952 - يىلىدىن تاكى تۈرمىگە كىرگىنىگە ئون يىل بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى چەكلەندى، ھەم ئاممىۋى سورۇنلاردا ھەمكارلىشىپ نۇتۇق سۆزلىشىگە يول قويۇلمىدى. ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ۋەزىپىسىمۇ ئېلىپ تاشلاندى، خاراكتېرىدىكى جەلپكارلىق بىلەن شەخسىي ئوبرازىدىن باشقا تايىنىدىغان ھېچنېمىسى قالمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوبرازى دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن بارغانسېرى شانلىق تۈس ئېلىشقا باشلىغانىدى.

يېرىم يىلغىچە ماندېلانىڭ يىغىنلارغا قاتنىششى ياكى يوھاننىسبۇرگتىن ئايرىلىشى چەكلەندى. 1953 - يىلى 6 - ئايدا چەكلەش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدى، ماندېلا ۋاقتىنچە ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئۇ ئورېنج ئەركىن ئىشتاتى ۋىللېرستىكى بىر كىچىك كەنتتە ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بىلەن سوتقا چىقتى. لېكىن، تاڭ يورۇشىنى كۈتۈش بىر

تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ۋىلىرىستا ماندېلا يەنە يېڭى چەكلەش بۇيرۇقىغا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ يوھاننېسبۇرگقا قايتىشى چەكلەندى ھەمدە ئۇنىڭ بارلىق تەشكىلاتلاردىن، جۈملىدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن چېكىنىپ چىقىشى بۇيرۇلدى، چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى ئىككى يىل ئىدى. ماندېلانىڭ قاچقۇنلۇق ھاياتى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. توققۇز يىلدىن كېيىن، ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزۈمنى قېرىنداشلىرىمدىن، مېنى قوللايدىغان، ماڭا ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. قەيەرگىلا بارسام ساقچىلار ئىزىمغا چۈشەتتى. ئۆزۈمنى گويا بىر جىنايەتچىدەك، جىنايىتى بېكىتىلمىگەن جىنايەتچىدەك ھېس قىلاتتىم.»

ماندېلاغا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ۋە پائالىيەتلەر چەكلىمىگە ئۇچرىسىلا «رەزىل پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ نىزالىرى بىلەن رايون خاراكتېرلىك نىزالار ئەدەپ كېتەتتى» دە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى شۇ ھامان ئاجىزلاپ كېتەتتى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەچكە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنى يەر ئاستىدا مەخپىي ئۇچراشتۇرۇپ باش قوشۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان «M پىلانى» دەپ ئاتالدى. بۇ پىلاننىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئاخبارات بىلەن تەمىنلەش، ئەزالارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا يەنە يېڭى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇش ئىدى. 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماندېلا ترانسۋالدا ئېچىلغان سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئاممىۋى سورۇنلاردا يىغىن ئاچقىلى بولمىسا، ئۇنداقتا سىلەر ئىشلەۋاتقان زاۋۇت بىنالىرى، ئۆيگە قايتاشقىلاردا چىققان ئاممىۋى ئاپتوبۇسلار، سىلەر تۇرۇۋاتقان

كەنتتىكى كەپە ئۆيلەرنى يىغىن ئاچىدىغان سورۇن قىلىش كېرەك. ياتاقلار، ئۆيلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيەت قىلىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇندىلا سىلەر مەڭگۈ تەسلىم بولمايسىلەر.»

«M پىلانى» قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدە يولغا قويۇلدى، خىزمەتلەرنى ئاساسلىقى ئافرىقىلىقلار ئۈستىگە ئالدى، ھىندىستانلىقلار بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئاساسەن دېگۈدەك قول تىقمىدى، ماندېلا بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بولدى. لېكىن، باشقا رايونلاردا مەسىلىلەر ئۈزۈلمەي چىقىپلا تۇردى. ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان يەرلىك رەھبەرلەر مەركەزنىڭ كونتروللۇقىدىن قاتتىق بىزار بولدى، ھەم ئۆزىمۇ مەبلەغ چىقىرىپ ئادەم تەكلىپ قىلىپ، پىلانني ئەمەلدە كۆرسىتەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ راستىلا تاقىلىپ قېلىشىغىمۇ ئىشەنمىدى. 1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىجرائىيە كومىتېتى دوكلاتتا: «ئۇلار تولپىشىپ يىغىن ئېچىش ئەندىزىسىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىدى» دېدى. 1961 ـ يىلىغا كەلگەندە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەسمىي چەكلەنگەندىن كېيىن، ئۆزگەرتىش پىلانى ئاندىن يولغا قويۇلدى.

ماندېلا 1953 ـ يىلى سوفىياتاۋندا يەنە بىر سىناققا دۈچ كەلدى، لېكىن ئاق تەنلىكلەر يىغىلغان يوھاننىسبۇرگ يېقىن ئەتراپىتىلا ئىدى. سوفىياتاۋن نامراتلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، نوپۇس كۆپ ئىدى. پاسكىنا، قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغان قورۇ ـ ھويلىلاردىن دائىم ۋاقتى ئۆتۇپ كەتكەن پىۋىلارنىڭ دىماقنى غىدىقلايدىغان ھىدى كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇمۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئىبارەت ئەڭ خەلقئارالاشقان رايونلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن توسۇپ بولغىلى بولمايدىغان ھاياتىي كۈچى ۋە جەلپكارلىقى بىلەن شائىرلار ۋە فوتوگرافلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. تېخىمۇ مۇھىم

بولغىنى، سوفىياتاۋن يوھانىسبۇرگتىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشىغا بىردىنبىر يول قويۇلغان، كۆچمەس مۈلۈك تۇسىدىكى رايون ئىدى، لېكىن ھۆكۈمەت بۇ ئالاھىدە مەسىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرىشكە ئامالسىز ئىدى. ھۆكۈمەت ئازغىنا تۆلەم پۇلى بىلەن شۇ يەردىكى قارا تەنلىكلەرنى ئۆي - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ماندېلا بۇ خىل مەجبۇرىي كۆچۈرۈشنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى، ئۇنى «ئۇزاق مەزگىل پىلانلانغان رەھىمسىز ئالدامچىلىق» دەپ ئاتىدى. سوفىياتاۋندا ئۇنىڭ نۇرغۇن سادىق قوللىغۇچىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى روبېرت رېيسا ۋە پىتېر نىسايىت قاتارلىق سەركەردىلەر ئىدى. ئىجرائىيە كومىتېتى بىر تەرەپتىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە قارشىلىق بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن زوراۋانلىق قىلماسلىق سىياسىتىدە چىڭ تۇرغاچقا ناھايىتى تېز لا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1953 - يىلى 6 - ئايدا ماندېلاغا بولغان چەكلەش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ سوفىياتاۋندىكى ئودىن كىنوخانىسىدا بىر مەيدان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن يوسېف كاچارىيا بار ئىدى، كېيىن ئۇ مۇنبەردە نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا قولغا ئېلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە ئەركىنلىك مەيدانىدا نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا كەيپىياتىنى كونترول قىلالماي، ئىختىيارسىز ھالدا يىغىنغا قاتناشقانلاردىن زوراۋانلىق كۈرىشىگە تەييارلىق قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەتراپتىكى ساقچىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ناخشىسىنى ئېيتتى، ناخشىنىڭ تېكىستىدە «ئۇلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز» دېگەن جۈملە بار ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ماندېلانىڭ بۇ قىلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى، ماندېلا بۇ تەنقىدنى سۈكۈت ئىچىدە قوبۇل قىلدى. لېكىن، قەلبىنىڭ

چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئۇ يەنە «زوراۋانلىق ۋاسىتىسى قوللانماي تۇرۇپ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ھېس قىلدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سوفىياتاۋندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى تىنچ شەكىلدە داۋام قىلىۋاتاتتى، شۇ يەردىكى رەھبەرلەر سانسىزلىغان نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، زوراۋانلىق دېگەن گەپنى قورقماي تىلغا ئالدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا: «ساقچىغا بىر تال تاش ئېتىشتەك كىچىككىنە بىر ئىشمۇ پۈتكۈل سوفىياتاۋنىنى قانغا بويىۋېتىشى مۇمكىن» دېيىلگەنىدى. ئەينى چاغدا پوپ ئېرىف خېدىرسون ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. خېدىرسون تامبونىڭ دوستى ۋە ئۇستازى ئىدى، ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىن ناھايىتى تەسىرلەنگەچكە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈرەشلىرىنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتاتتى. 1953 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خېدىرسون سودا نازارىتىدە بىر قارا تەنلىك كىشىگە: «ئەگەر ھۆكۈمەت گۇمران بولسا زوراۋانلىق سىياسىتى ئەۋج ئالىدۇ، قانۇن ـ تۈزۈملەر ئۆز ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ — دىنىي جەمئىيەتنىڭ 1000 يىللىق دىنىي ئەقىدىسى» دېگەنىدى. خېدىرسون كوممۇنىستلار بىلەن بىللە ئىش كۆرۈشنى قىلچىمۇ كۆڭلىگە ئالمايتتى: «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا تەھدىت شەكىللەندۈرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان دىنىي رايوننى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەپ قارايتتى. ماندېلا خېدىرسون ۋە ئاق تەنلىك كوممۇنىست دوستلىرىغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن پۈتۈنلەي بىر تەڭگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ھەمراھى ۋە قوللىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سوفىياتاۋنغا قارىتىلغان بۇزغۇنچىلىققا بولغان قارشىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشنى توختىتىپ

قويمىدى. ئۇلار «بىز كۆچمەيمىز»، «بىزنى كۆچۈرۈۋەتمەكچى بولساڭلار جەسىتىمىزنى چەيلەۋېتىپ ئاندىن كۆچۈرۈڭلار» دەپ خەت يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشتى. ماندېلا ناھايىتى تېزلا بۇنىڭ ئېغىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. كېيىن ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا مۇنداق يازدى: «بىر پىلاكات بىر پاي ئوققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن مىلتىقنىڭ ماس كېلىش دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.» بۇ پىلاكاتلاردىن ھاسىل بولغان ئوقنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش كۈچى يوق ئىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى مېدىيا ۋاسىتىلىرى بۇ نامراتلار رايونىغا يىغىلىپ، قاندىن دەريا ھاسىل بولغان مەنزىرىنى كۆرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، ھەتتا بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتىنىڭ بىر مەيدان ئىنقىلابقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىمۇ كۈتۈۋاتاتتى. «بىز توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەر يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق» دەيدۇ سوفىياتاۋن توپىلاڭچىلىرىنىڭ كاتىپى، شائىر دون ماترا: ماندېلا بىلەن تامبو ھەر كۈنى رەھبەرلەر ئارىسىدا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەيتتى ھەمدە رەھمىسىزلەرچە قوغلىۋېتىلگەن قارا تەنلىكلەر ئۈچۈن سۆزلەيتتى. لېكىن، ماندېلا بۇ مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە تىنچ ۋاستە ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلمىدى. «بۇ ھەرىكەتتە بىز باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىمىزدە ھۆكۈمەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ئىقتىدارنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۇق» دەپ يازىدۇ ئۇ كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە.

1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سوفىياتاۋننى زىيارەت قىلغىلى بارغان ۋاقتىمدا مەجبۇرىي كۆچۈرۈش ئەمدىلا باشلانغان، قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى بىخ سۈرۈۋاتقان باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانىكەن. سۆبھىدە پۈتكۈل سوفىياتاۋننى توپىلاڭچىلار ئېلېكتىر ئىستولبىلىرىنى ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز قاپلىغانىدى. بۇ ـــ سوفىياتاۋندىكى كۈرەش قىلىش شوئارى ئىدى. لېكىن، ھۆكۈمەت توپلىشىپ يىغىن ئېچىشنى قەتئىي چەكلىدى. 2000 دىن ئارتۇق ساقچى ماشىنىسى ۋە قارا

ماشىنىلارنى ھەيدەپ كوچىدا چارلاشقا باشلىدى. قارا ماشىنىلار بىر دەمدىلا ئۆي جاھازلىرى ۋە ئۆزى خالاپ كۆچمەكچى بولغان كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى تولىمۇ غەمكىن ھالەتتە كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇراتتى، كىشىلەر توپى جىممىدە قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئىش قىلالمايتتى. كەچقۇرۇن ساقچىلارنىڭ چىرايىغا ھارغىن، ئەمما مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەندەك بىر خىل كۆرەڭ ئىپادە تېپىپ چىقتى.

ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىر قانلىق ساۋاق ئىدى، ئەگەر پەيتى كەلمىسە خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلىشقا زىيادە ئالدىراپ كېتىشكە بولمايتتى. «سوفىياتاۋن ئوق ئاۋازىدا ئەمەس، بەلكى قارا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ۋە بولقا ـ بازغانلارنىڭ ئۇرۇلۇشى ئاستىدا گۇمران بولىدۇ.» ئۇ كەلگۈسىدە قوراللىق زوراۋانلىق ئۇرۇشىدىن ئۆزگە يول يوق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بەزىدە ئۇ ھەتتا بىر مەيدان توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكمىنى ئىسپاتلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. رادىكال ياشلار بىلەن تولاراق ئۇچراشقان سىسۇلۇ ئۇنى توختىتىپ قويدى: «ئۇلارنىڭ بىزنىڭ يىغىن مەيدانىمىزدا پەيدا بولۇشىدىكى مەقسىتى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ بىزنى غىدىقلاپ، بىزنى ئىنقىلاب قوزغاشقا قىستاش.»

لېكىن، سىسۇلۇ ئىنقىلاب قوزغىمىدى، بەلكى ماندېلاغا زوراۋانلىق ئىشلەتمەسلىك توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى. 1953 ـ يىلى سىسۇلۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رادىكال ياش ئەزاسى دۇما ۋوكۋىل بىلەن بىرلىكتە ئەھمەد كاترادانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، رۇمىنىيەنىڭ پايتەختى بۇخارېستتا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ياشلار بايرىمىغا قاتناشقىلى باردى. ئۇلار يول بويى پۇل خەجلەپ يولنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىر ئىسرائىلىيە ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، ياۋروپالىق

كوممۇنىستلار بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇچراشتى. ماندېلا يەنە سىسۇلۇنى جۇڭگونى مەخپىي زىيارەت قىلىپ، جۇڭگودىن قورال تەلەپ قىلىشقا نەسىھەت قىلىپ كۆندۈردى. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ قوراللىق كۈرەش قىلىشقا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققانىدى. «قاراڭ، بۇ يولدا خەتەر كۆپ» دېدى ئۇلار سىسۇلۇغا: «ئەگەر تولۇق ئىشەنچىڭلار بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى بۇ تەدبىرگە تەۋەككۈل قىلماڭلار. ئالىمادىس مەغلۇپ بولۇپ قالساڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىڭلار قالمايدۇ.» سىسۇلۇ جۇڭگو تەرەپنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى، ماندېلامۇ قوبۇل قىلدى. لېكىن، سىسۇلۇنىڭ جۇڭگونى مەخپىي زىيارەت قىلغانلىقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ لۇتۇلى ۋە مارتىيو قاتارلىق مۆتىدىل رەھبەرلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار سىسۇلۇدىن ناماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا «قوراللىق كۈرەش كەم بولسا بولمايدۇ» دېگەنگە ھېلىھەم ئىشىنەتتى. لېكىن، ئۇ كېيىن ئۆزىنىڭ بەكلا ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ماندېلادا يولدىن تېيىپ كېتىش خاھىشى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەيدىغان ئىستىل ھېلىھەم بار ئىدى، ئۇ سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قۇترىتىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ھۆكۈمەتكە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنىدى. 1953 ـ يىلى ماندېلا ترانسۋال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى تۇنجى نۇتقىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. 9 ـ ئايدا ئېچىلغان يىللىق يىغىندا بۇ نۇتقنى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن باشقىلار ئوقۇدى، چۈنكى ماندېلانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىشى چەكلەنگەنىدى. نۇتۇقتا: «بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش قىلىمىز دېيىشىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز ئوغۇل ـ قىزلىرى ئويغىنىشقا باشلىدى» دېيىلگەنىدى. ئۇ ئەينى يىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەسلەپ

مۇنداق دەيدۇ: «پورتكول دۆلەت جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى، ئەركىنلىكنىڭ كۈچ - قۇدرىتى رەزىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئايغى چىقماس جەڭدە بىسىلىپ قالدى ... ھەرقايسى جەڭلەردە بىزنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىمىز لەپىلدەپ جەۋلان قىلدى.»

بۇ نۇتۇقتا يەنە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن ئافرىقىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشى بىرلەشتۈرۈلگەنىدى: «پورتكول ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشتى، ئالتۇن دېڭىز قىرغىقى، نىگېرىيە، تۇنىس، كېنىيە، رودېسىيە، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىنقىلاب پارتلىدى.» ئەڭ ئاخىردا ئۇ نېھرۇنىڭ بىر جۈملە سۆزى بىلەن نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇردى. نۇتۇقنىڭ «ئەركىنلىك يولى تەكشى بولمايدۇ» دېگەن تېمىسىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەنىدى: «سىلەر شۇنى كۆرەلەيسىلەركى، مەيلى نەدىلا بولماڭلار، ئەركىنلىك يولى تەكشى بولمايدۇ. بۇ يولدا ئۆلۈمنىڭ قارا كۆلەڭگىسى سايە تاشلاپ تۇرغان جىلغىلاردىن تەكرار - تەكرار ھالقىغىنىمىزدىلا ئاندىن ئۈمىدكە تولغان تاغ چوققىسىغا چىقالايمىز.»

ماندېلا گەرچە ئانچە ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ، لېكىن نېھرۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى: «نۇتۇق تېكىستىنى يېزىۋېتىپ، ئىختىيارسىز نېھرۇنىڭ نۇرغۇن گەپلىرىنى نەقىل ئالدىم، لېكىن بۇ ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى.» ئارىدىن 44يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «قەلبىڭىزدە ھالڭ بولمىسىلا ئىختىيارسىز باشقىلارنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ تاشلايسىز.» ئۇ ماركسچە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئۇسلۇبتا يېزىقچىلىق قىلىشقا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ قالدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتىلغان چەكلەش بۇيرۇقى يەنە بىكار قىلىندى. ئۇ سول قانات تىنچلىق كومىتېتى ھەمكارلىقى ئۇچۇن نۇتۇق سۆزلىگەندە جاھانگىرلىكنىڭ ئاچ

كۆزلۈكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىدى: « بازار ۋە پايدا - مەنپەئەتكە بولغان تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كېكىردەكلىرىنى بوغۇزلاشتىن ئايانماي تىنچلىقنى دەپسەندە قىلدى، مىليونلىغان گۇناھسىز خەلقنى قان ئىچىگە غەرق قىلدى، ئىنسانىيەتكە پۈتمەس - تۈگىمەس ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.»

1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماندېلا سوۋېتودا ئېچىلغان بىر قېتىملىق قۇرۇلتايدا 90 مىنۇتلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇق خېيىربۇرگ ئىسىملىك بىر ساقچى تەرىپىدىن ئۈنگە ئېلىۋېلىندى، بۇ كېيىن ماندېلانى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەشنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالدى. ماندېلا يىغىندا قاتناشقان كىشىلەرگە مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم يېڭىچە قورالليق ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. مۇنبەردە قۇرۇق نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس. نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى پەردە كەينىدە، يەر ئاستىلىرىدا قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.»

شۈبھىسىزكى، ماندېلانىڭ تەكرار - تەكرار سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى بارغانسېرى ئۇرۇش بۇيرۇقلىرىغا ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىنقىلابچى سالاھىيىتىمۇ بارا - بارا ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنىڭ ئورنىنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، بەزىلەر سوت ئېچىش ۋە مۇنبەردە نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتىدىن باشقا ماندېلانىڭ يېتەرلىك رەھبەرلىك ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقىدىن گۇمانلىناتتى. 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى تېيودور روزۋېلت ۋە 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى ۋىنستون چېرچىل قاتارلىق ئەل ئىچىدىكى ئۇرۇشخۇمار سىياسىي داھىيلارغا ئوخشاش ماندېلامۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۇرۇشقا مايىلدەك كۆرۈنەتتى - يۇ، مۇستەھكەم تەشكىللەش ۋە پىلانلاش ئىقتىدارى كەمچىل ئىدى.

## 8. ئەركىنلىكنىڭ ئەھمىيىتى

(1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە)

سىياسىي جەھەتتە ئۆتمۈش بىلەن ھازىر ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ماندېلانىڭ ئافرىقا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدە قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمىدى: ئۇ ئۆز مىللىتى ۋە تارىخىدىن پەخىرلىنەتتى ھەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇلارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىتتىپاقداشلىقنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى: ئاق تەنلىك لىبېراللار، ھىندىستانلىق گەندىنىڭ مۇرىتلىرى ۋە خىرىستىيان دىنى مىسسىيونېرلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ سادىق ھەمراھى كوممۇنىزمچىلار ئىدى، ئۇلار 1953 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇردى. جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ پارتىيە ـ گۇرۇھلىرى ۋە باشقا رايونلاردىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەر بىلەن تامامەن ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم ئەزالار ئىنقىلاب قىلىشنى ئانچە قوللاپ كەتمەيتتى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئەۋجگە چىققان بولغاچقا، پرېتورىيە «قانۇندا بەلگىلەنگەن كوممۇنىزم»غا ئالاھىدە ئېنىقلىما بېرىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيەنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خەتەرلىك ئىنقىلابچى

ئۇنسۇرلار دەپ قارىدى، شۇ ۋەجىدىن يوشۇرۇن قوللايدىغان باشقا كۆچلەرنى قورقۇتۇپ كەينىگە چېكىندۇردى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا، يەنى «ئەركىنلىك خارتىيەسى»نىڭ تەييارلىق ھەرىكىتىدە كوممۇنىستلار يەنىمۇ ئالۋاستىلاشتۇرۇلدى. جەنۇبىي ئافرىقا لىبېراللىرى بىلەن نۇرغۇن غەربلىك قوللىغۇچىلار بۇ نىزامنامىنى تىپىك كوممۇنىزم ئىستراتېگىيەسى دەپ قارىدى، بۇ ئىستراتېگىيە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئامما ئارىسىدا بارا ـ بارا تەسىر كۆچنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. لېكىن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى گويا بىر لوپا ئەينەكتەك بۇ كۆزقاراشنى بۇرمىلىۋەتتى. «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ تىغ ئۇچى غەيرىي كاپىتالىزم ياكى غەرب دېموكراتلىرىغا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ۋە ئافرىقىلىقلار ئارىسىدىكى تار مىللەتچىلەرگە قارىتىلىشقا باشلىدى. ماندېلا ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن خىزمەتداشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولۇپ، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئىرقچىلىق كۆزقارىشىدىن ۋاز كەچتۈرگەن ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 40 يىللىق پائالىيىتىنىڭ مۇھىم خىتابنامىسى بولۇپ قالغانىدى.

«ئەركىنلىك خارتىيەسى» نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ، ئۇرۇشخۇمار گورۇھلارمۇ بولماستىن، بەلكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نوپۇزلۇق مۇتەئەسسىپ سىياسىيونى مارتىيو ئىدى. 1953 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھۆكۈمەت پاسپورت مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن، ئامېرىكىغا كەتكىنىگە بىر يىل بولغان مارتىيو جەنۇبىي

ئافرىقىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك قەھرىمان بۇك ۋاشىنگتونغا بولغان چوقۇنۇش ھېسسىياتىمۇ بۇرۇنقىدىن سۇسلاپ، بۇكقا قارشى رادىكال گۇرۇھ، مەملىكەتلىك رەڭلىك ئىرق ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دوكتور ۋېبېر دۇبويىسقا بولغان ھۆرمىتى ۋە قايىللىقى تەدرىجىي ئېشىشقا باشلىدى.

مارتىيو ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئارزۇسىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئېچىلغان مىللەتچىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ سايلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن خېلىلا ئارتىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، «ئۆكتىچىلەر پارتىيەسىنىڭ پىكرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىرقچىلىق سىياسىتىنىڭ زەئىپ كۆلەڭگىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.» مارتىيو ئۆيىدە ئوغلى بىلەن چۈشلۈك تاماق يەۋېتىپ بارلىق ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ يىغىلىپ كۆپ خىل ئىرق ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشنى مۇھاكىمە قىلىش توغرىسىدىكى ئويىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. باشقا تەشكىلاتلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. 1953 - يىلى كېيپتاۋندىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن مارتىيو يىللىق يىغىندا بۇ كۆزقارىشىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى: «ئەگەر پۇرسەت پىشىپ يېتىلسە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلتاي ئېچىشنى ئويلىشىپ كۆرسە بولىدۇ. ئۇ بىر ئاۋامغا مەنسۇپ قۇرۇلتاي، مۇشۇ دۆلەتتىكى بارلىق پۇقرالارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ قايسى ئىرق، قايسى رەڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق كىشىلەر ‹ئەركىنلىك خارتىيەسى›نى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىشى، دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشى كېرەك.»

شۇ ئىشتىن كېيىن مارتىيو ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ

گەپلەرنى دېگەن ۋاقتىمدا، بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىشتىكى ئاپەتنىڭ مەنبەسىنى كۆمۈۋەتتى دەپ شىكايەت قىلىنىشىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن.» 20 يىلدىن كېيىن، ماندېلا تۈرمىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئەزەلدىن مۇرەسسە ـ ماداراچىلىق پوزىتسىيەسى تۇتۇپ كەلگىنى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ئەيىبلەشكە ئۇچراپ كەلگەن مارتىيوننىڭ «گويا بۇلاق سۈيىدەك بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنىڭ جىددىي ئېقىنىغا قۇيۇلۇپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قايىنامىنى ھاسىل قىلىدۇ» دەيدىغان ئىدىيەسى ھەقىقەتەن كۆتمىگەن يەردىن چىقتى. ماندېلا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ پىكرىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىي كۈچنى ئاشكار نامايان قىلىش دەپ قارىدى. ئۇ: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇزاققا قالماي چەكلىنىدۇ، شۇڭا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ» دەپ قارايتتى.

1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىللىق يىغىنى كۇۋىنىستوۋنىدا ئېچىلدى، مارتىيوننىڭ تەكلىپى مۇشۇ قېتىملىق يىغىندا يەنىمۇ ئېتىراپقا ئېرىشتى. ئىككى يىل بۇرۇنقى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قوزغىغان بلومفونتېيىن قۇرۇلتىيىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ قېتىملىق يىللىق يىغىنىنىڭ داغدۇغىسى ئانچە چوڭ بولۇپ كەتمىدى، خەۋەرلەرمۇ تېخىمۇ تولۇق بولدى. سىنىپىي كۆرەشكە ئىشىنىدىغان ماركسىزمچىلار بىلەن خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رەئىس ئالبېرت لۇتۇلى ئارىسىدىكى كەيپىيات كۆرۈنەرلىك جىددىي بولدى. قىسمەن مىللەتچىلەر سىسۇلۇنى سىقىپ چىقىرىش قەستىدە بولۇشتى، چۈنكى ئۇ باشقا ئىرقلار بىلەن ھەمكارلاشقانىدى. لېكىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر ھەمكارلىقنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لۇتۇلى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تار مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ئافرىقا

مىللەتچىلەرنىڭ تېخىمۇ كەڭ قورساق، تېخىمۇ تەرەققىيپەرۋەر، تېخىمۇ دېموكراتىك بولۇشى كېرەك، دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇردى. «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ زۆرۈرلۈكى بىردەك ئېتىراپقا ئېرىشتى، قۇرۇلتاي يەنە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ دەرھال قول تىقىپ، قۇرۇلتاي ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈپ، بىر تۈركۈم «ئەركىن پىدائىي» لارنى تاللاپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سىسۇلۇ بىلەن ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بىر قىسىم ئىتتىپاقداشلارنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىنى تەشكىللىدى. يىغىن لۇتۇلىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى تونگاتتا ئېچىلدى، لۇتۇلىنىڭ ئۇ يەردىكى ھەرىكىتى چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. يىغىندا سەككىز نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان دۆلەت ھەرىكەت كومىتېتى قۇرۇپ چىقىلىپ، ئومۇمىي خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى ئەزا (لۇتۇلى بىلەن سىسۇلۇ)لا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن ئىدى. مىللەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ — ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تاشقى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. قالغان ئالتە نەپەر ئەزانىڭ ئىچىدە ئىككىسى جەنۇبىي ئافرىقا ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيىدىن، ئىككىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان جەنۇبىي ئافرىقا رەڭلىك ئىرق تەشكىلاتىدىن، يەنە ئىككىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاق تەنلىك قوللىغۇچىلىرى تەشكىلاتى، يەنى دېموكراتىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچە ئەزالىرى كوممۇنىست ئىدى، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ئەيىبلەش ۋە گۇمان پەيدا قىلدى.

جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتناشتى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە تېخى نۇرغۇن مەخپىي

يىغىنلارنى ئاچتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىللەتچى ئەزالىرى — پانئافرىقىزمچىلارنىڭ كوممۇنىزمنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى مەخپىي تۇتاتتى، لېكىن ماندېلا برام فىشىرىس بىلەن مايكول ھامور قاتارلىق دوستلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسىدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىدى. ئۇلارمۇ قارا تەنلىكلەرگە ئوخشاشلا قوغلاپ تۇتۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەنىدى، ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلىشنى قوللايتتى. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرمايدۇ دەپ قارايدىغان بولدى، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن قارا تەنلىك كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىخلاسمەن خىرىستىيان دىنى مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. 1954 ـ يىلى كانون كىلىنىس يوھاننىسبۇرگقا كەلدى، ماندېلا ئۇنىڭغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كوممۇنىزمغا ئىشەنمەيدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. گەرچە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ئاشۇ تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، «قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ھەقىقىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرماقچى ئىدى، ۋاقىت ئىنتايىن جىددىي ئىدى.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنە بىر يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاق تەنلىكلەر تەشكىلاتى ۋە دېموكراتىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنى ئومۇمىي خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. 1953 ـ يىلى چوڭ سايلام بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، لىبېرالىستلار پارتىيەسى زور مىللەتچىلىك لاگېرىنى قۇرۇپ، ئىرقچىلىق كۈچلىرى بىلەن قارشىلاشتى. لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىم ۋە زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يازغۇچى ئالان پاتونمۇ بار ئىدى. لىبېرالىستلار پارتىيەسى ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇراتتى، كوممۇنىستىك پارتىيەگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتاتتى. پاتون كېيىن: «كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن لىبېرالىستلار پارتىيەسى ئوت ـ

بىلەن سۆدەك چىقىشالمايتتى» دەپ يازغانىدى.

لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئۆچرىشىپ باقمىغانىدى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن مەخپىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايتتى. ماندېلا لۇتۇلىنىڭ لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئەڭ ئوچۇق پىكىرلىك ئەزاسى بىلەن ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ھەمدە لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن دەيدىغان قاراشقا قارشى تۇرۇشنى قارشى ئالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. لىبېراللار پارتىيەسىدە ماندېلانىڭمۇ دوستلىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇ لىبېراللار پارتىيەسىگە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتاتتى. ئۇ زوراۋانلىق كۈرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالدىقاچان تونۇپ يەتكەن ھەمدە لىبېراللار پارتىيەسىنى ئۆزىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، لىبېراللار پارتىيەسى ئومۇمىي سايلامنى قوللاشنى رەت قىلاتتى، بۇنىڭغا ماندېلا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى.

1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «ئەركىنلىك» ئايلىق ژۇرنىلىدا ماندېلانىڭ «لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ كۆزىتىش چىرىغى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماندېلا ماقالىسىدە لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ «دېموكراتىيە ۋە خارتىيە ۋاستىسى»گە قارىتا مۇتەئەسسىپلىك قىلغانلىقىنى سۆكتى ھەمدە ئۇلارنىڭ «بالاغەتكە يەتكەن بىر كىشى بىر سايلام بېلىتى» شەكلىنى قوللاشنى خالىمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ماندېلا ئۇلارنى ياۋروپا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىدى ھەمدە ئۇلارنى «جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي زاتلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە ئۆچمەنلىك قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن

قورقتى، بۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مالەن ۋە ئوپپېنخېيمېردىن قېلىشمايدۇ» دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ: «ئۆزىنى ئىنقىلابقا ئاتىغان كىشىلەر بىلەن ئىنقىلابقا ئاتىمىغان كىشىلەر كەلگۈسىدە مۇقەررەر ئۆز سەنىمىگە، دەسسەيدۇ ئومۇمىي خەلق قۇرۇلتىيىدىكى دوستلار بىلەن دۈشمەنلەر بىر - بىرىنى ئىستىھكام قىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ دائىم: «جانابلىرى، ئۆزلىرى قايسى تەرەپتە تۇرىلا؟» دەپ سورايتتى.

لىبېرالىستلار پارتىيەسى پىروفېسسور تام پىرىسنى باھانە قىلىپ ئىنكاس قايتۇردى — پىرىس بۇرۇن ماندېلانىڭ گەپ - سۆزلىرىنى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۇغۇندىسى بولمىش ئۈمىدۋارلىق سەپسەتىسى» دەپ مەسخىرە قىلدى. دەسلەپتە لىبېرالىستلار پارتىيەسى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى ماقۇل كۆردى. لېكىن، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى. ئەمەلىيەتتە، بارلىق سىياسەتلەر كوممۇنىزم كۈچلىرى تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېكىتىلىپ بولۇنغانىدى. ئۇلار يەنە تېخى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ «ئەرزىمەس بىر ئىش» قا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋېلىشنى نىيەت قىلغانىدى — كېيىن، لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى قاتتىق ئۆكۈندى. تارىخشۇناس داۋىد ئارفلېد «بۇ قارار — لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىنىڭ بىرى» دەپ خۇلاسىلىدى.

لىبېرالىستلار پارتىيەسى چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن تەييارلىق خىزمىتى ئاۋۋالقىدەكلا داۋاملىشىۋەردى. لېكىن، دېموكراتىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئىچىدىكى ئاق تەنلىك كومپارتىيە كۈچلىرىنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولۇپ كەتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ - كىچىك تەشكىلاتلار نەچچە يۈز قېتىم يىغىن ئېچىپ، لايىھە ۋە تەكلىپ - پىكىرلەرنى كەينى - كەينىدىن سۇنۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن لىبېرالىستلار

پارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈشنى ھەمدە مەملىكەتلىك قۇرۇلتايدا ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. لايىھە يۇقىرىغا سۇنۇلغاندىن كېيىن ناھايىتى ئاكتىپ ئىنكاسلار پەيدا بولدى، ھەممەيلەن ئەركىنلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشەببۇس قىلدى، ھەتتا بىر ئەر ئۇن خوتۇنلۇق بولۇشتەك بۇنداق مەنە جەھەتتىكى ئەركىنلىكمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىندى.

بەزىلەر گۇمانلىنىپ: «بۇ قېتىملىق يىغىلىش پائالىيىتى كۆرۈنۈشتىكىدەك ئانچە دېموكراتىك بولمىدى» دېيىشتى. كېيىن ماندېلاغا مەسلىھەتچى بولغان شىدېنى كېينتىكى خەتنىڭ پوچېركىسىدىن نۇرغۇن لايىھەلەرنىڭ بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ كۆچۈرۈلمىسىگە ئايلىنىپ قالمىغانىدى. ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، ماندېلا بۇنى يەنىلا «خەلق ئاممىسى تۈزۈپ چىققان نىزامنامە» دەپ قارىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە قارىتا تۈزۈپ بەرگەن مەھسۇلى ئەمەس ئىدى، بۇ يەنە تا ھازىرغىچە يۇقىرى مەرتىۋىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ باقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. ئۇ «خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى مەلۇم جەھەتلەردە سىياسىيونلاردىنمۇ ئۈستۈن بولىدۇ» دەيدىغان كۆزقاراشقا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇ ناھايىتى ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنى بايقىدىكى، ئامما ئارىسىدا رادىكال مىللەتچىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بارلىق جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

ماندېلا پەردە ئارقىسىدا سىسۇلۇ بىلەن قويۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ چاغدا سىسۇلۇ ساقچىلارنىڭ قوغلاپ تۇتۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. 6 ـ ئايدا مارتىيو كېيپتاۋنىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە

سىسۇلۇنىڭ تىرانسكېيىنىڭ تۆمۈر پەردىسى كەينىدە ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سىسۇلۇ ئورلاندودىكى ئۆيىدە قولغا ئېلىندى، مەن ئۇ چاغدا دەل ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. ئەينى چاغدا ئۇ ئادەتتىكىدەكلا تۇرلۇك مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرى ۋە قاماققا ئېلىش ۋاستىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە، تەھلىل قىلىۋاتاتتى. توساتتىن جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئىككى ئاق تەنلىك رازۋېدكىچى ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى دوستانە ئىدى: «ھەي، سىزنى ئاخىر تاپتۇق. ئەدلىيە مىنىستىرى سىزگە ئىككى پارچە خەت ئەۋەتكەنىدى!»، «مەنمۇ سىلەرنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدىم!» دەپ جاۋاب بەردى سىسۇلۇ: «ئاران ئىككى پارچە خەتما؟ سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بۇنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. بىزنىڭ كۈرەشلىرىمىز ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ!»

ئەتىسى سىسۇلۇ قولغا ئېلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. سەۋەبى: ئۇ بەش كىشىلىك بىر يىغىنغا قاتناشقانىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئافرىقا مىللىي مەجلىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى. تۇرلۇك مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرى زور تۈركۈمدىكى ئەزالارنى ئىجرائىيە كومىتېتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماندېلامۇ بار ئىدى. لېكىن، سىسۇلۇ ئۇلارنىڭ كۈرەش قىلىش كۈچىنىڭ كۈنسېرى زورىيىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى: «ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلى ئاللىقاچان تەۋرەپ قالغاندى. ئۇلارنىڭ بىزنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىغان، جەنۇبىي ئافرىقىغا خالىغىنىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋرى ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى.» ئەمەلىيەتتە، ئافرىقا مىللىي مەجلىسى سىسۇلۇنى ئاۋۋالقىدەكلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش سېكرېتارى ئورنىدا كۆرەتتى، ماندېلا ئۇنىڭ يېقىن ھەمراھى ئىدى.

«ئەركىنلىك خارتىيەسى»نىڭ تۇنجى ئارگىنالىنى

كوممۇنىستىك پارتىيە ئارخىتېكتورى رازىت بويىنىستان يېزىپ چىققانىدى. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا نىزامنامىنىڭ تۇنجى ئارگىنالى پىلانلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى. ماندېلا بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئۇ نىزامنامىگە ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. بۇ نىزامنامە ماركسىزم ھۆججىتى، دەپ ئەيىبلەندى. چۈنكى، ئۇنىڭدا: «يەر ئاستى كان بايلىقلىرى، بانكا ۋە مونوپول سانائەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈككە ئايلاندۇرىمىز» دەپ ناھايىتى دادىللىق بىلەن ۋەدە بېرىلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ماندېلانىڭ قارىشىچە، ئۇ پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنىڭ جۇغلانمىسى ئىدى. مايكول ھامور بۇ نىزامنامىنى: «ئامېرىكا ۋە فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ تۇغۇندىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ‹دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى›دىمۇ بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس بىلدۈرۈلگەن» دېدى.

ئومۇمىي خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى 1955 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە، يىغىن ئورنى سوۋېتو ئەتراپىغا جايلاشقان كىرىپتونىدىكى بىر شەخسىي تەنھەرىكەت مەيدانىغا بېكىتىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 3000 دىن ئارتۇق ۋەكىل مۇشۇ يەرگە يىغىلدى. بۇ كۆرۈنۈش بەئەينى بىر قېتىملىق ھەربىي كۆرەككە ئوخشاپ قالغانىدى. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ئارىسىدا بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن قارا تەنلىك دېھقانلار، ئۇچىسىغا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، پۇتىغا شىبلىت كىيىۋالغان ئاق ياقىلىق خىزمەتچى ـ خادىملار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ يىغىنغا بىللە ئېلىپ كەلگەن ھىندىستانلىق ئادۋوكاتلار بار ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، يىغىن مەزگىلدە كوممۇنىزم ئامىللىرىمۇ پەيدا بولدى. ئالايلۇق، جوۋ ئېنلەي بېيجىڭدىن دوستانە تەبرىك خېتى ئەۋەتكەنىدى. لېكىن،

يىغىندا ئىختىيارىي، ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب ساقلاندى، ھېدىرسېن پوپنىڭ قاتنىشىشى قۇرۇلتايغا خىرىستىيان دىنى تۈسىنى قوشتى.

باشقا تەشكىللىگۈچىلەرگە ئوخشاشلا ماندېلانىڭ يىغىنغا قاتنىشىشى چەكلەندى، شۇڭا ئۇلار يىراقتىن كۆزىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ سىسۇلۇ بىلەن بىللە ماشىنا ھەيدەپ كىرپتونغا كەلدى، ئۆزىنى ئازراق نىقابلىغاندىن كېيىن كىشىلەر توپىنى چۆرىدەپ مېڭىپ يۈردى. خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۇلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى، لېكىن ئۇلار ناھايىتى تېزلا بۇنىڭدىكى سەۋەبنى چۈشەندى.

ماندېلا نەزىرىنى يىغىندىن ئۈزمەستىن ئۆز رېلىسىنى بويلاپ ئاستا ماڭماقتا ئىدى. تۇنجى كۈنى «ئەركىنلىك خارتىيەسى» ئۈچ خىل تىلدا ئېلان قىلىندى ۋە «ئافرىقا !» دەپ تۇۋلاشقان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ماقۇللانغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئىككىنچى كۈنى نىزامنامىنىڭ ھەربىر باب ـ پاراگرافلىرى بىرمۇبىر ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئوقۇپ «تىنچلىق بىلەن دوستلۇق مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن يەرگە كەلگەندە، قوراللىق رازۋېدكىچىلار بىلەن ساقچىلار ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ، كىشىلەر توپى ئىچىگە ئۇسسۇپ كىردى. بىر ئاق تەنلىك ئەمەلدار مىكروفوننى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش پائالىيىتىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي ھۆججەتلەرنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. ساقچىلار ھەربىر ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنى قويۇۋەتتى. ماندېلا كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىۋېلىشنى شۇنچە ئويلىدى ـ يۇ، قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ يوھاننىسبۇرگقا قايتىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ جىددىي يىغىنىغا قاتناشتى. ساقچىلار مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ مۇھىملىقىنىڭ ئەلۋەتتە بىر ياخشى

ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتى. لېكىن، ماندېلا بۇ قېتىملىق تۇيۇقسىز زەربىنىڭ «بىر قېتىملىق جاپالىق بۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ بەلگىسى» ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

«ئەركىنلىك خارتىيەسى» ناھايىتى تېزلا مۇستەقىل بولۇش كۈچىگە ئېرىشتى. مەملىكەتلىك قۇرۇلتايدا نىزامنامە تولۇق ئوقۇپ چىقىلمىغان بولغاچقا، ئۇ تېخى ئاشكارىلانمىغانىدى. رازىت بوئىنستاننىڭ قارىشىچە، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» «مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنئالا پەرەز كەمچىل بولغاچقا نىزامنامە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدىغان ھالەت»تە تۇرۇپ قالغانىدى. ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ۋە قۇرۇلتايدىكى تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ۋەقەسىنى خەۋەر قىلدى، نىزامنامە ئېلان قىلىنمىدى. لېكىن، نىزامنامىنىڭ تېكىستى ناھايىتى تېزلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى، تەنقىدچىلەر تىغ ئۇچىنى ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭغا قاراتتى.

1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نىزامنامە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە كەسكىن مۇنازىرە پەيدا قىلدى، نىزامنامىنى يېزىشقا قاتناشقان كۆپ ساندىكى كىشىلەر چەكلەش بۇيرۇقى تۈپەيلى يىغىنغا قاتنىشالمىدى. ئىجرائىيە كومىتېتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپ ساندىكى شۆبە ئاپپاراتلىرىنى «تەشەببۇسكارلىقى كەمچىل، قىسمەن ئەزالار ھەتتا بۇنداق ئۇلۇغ بىر ئىدىيە مەيدانغا كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى دەپ قارايدۇ» دەپ ئەيىبلىدى. لۇتۇلىمۇ «دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم يېڭى يۈزلىنىش ياكى يېڭى مەزھەپلەر» تۈپەيلى ناھايىتى ئالاقزادىلىككە چۈشكەنىدى. لېكىن، ئۇ «ئەركىنلىك خارتىيەسى»نى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ «ئومۇمىي خەلق ئافرىقا مىللەتچىلىك ئىدىيەسى»نى تەشەببۇس قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەئىسى خەت يېزىپ، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «بەزى يۈزلىنىشلەر»نى تەنقىد قىلدى ھەمدە «دۆلەت مەجلىسى ئومۇمىي خەلق ئەركىنلىك ھەرىكىتى بولۇشتىن قالدى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسىتى بار، ناھايىتى ئېنىقكى ئافرىقىلىقلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىدا قوبۇل قىلىنىدۇ» دېدى. پىتېر مۇدا «پانئافرىقانىزمچىلار» ناملىق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتچىلىك خاراكتېرىنى قايتا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز دەسلەپىدىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى يات كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىمىز ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدۇق.» ئۇ يەنە بايانات ئېلان قىلىپ: «بىز ئەزەلدىن ھەرقانداق ئاق تەنلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدۇق» دېدى.

«ئەركىنلىك خارتىيەسى»نىڭ تولۇق ئېلان قىلىنىشى تاكى 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئورلاندودا قۇرۇلتاي ئېچىلغۇچە سۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن، شۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي يەنە بىر قېتىم بوران ـ چاپقۇنغا يولۇقتى. پانئافرىقانىزمچىلار قۇرۇلتاينىڭ «نىزامنامىچىلەر» دېگەن نىقابنى تاقىۋالغانلىقىنى ئەيىبلىدى ھەمدە «يەر بارلىق كىشىلەرگە مەنسۇپ» دەيدىغان كۆزقاراشنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، بۇ كۆزقاراش ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى تەرغىب قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ قارىدى. لۇتۇلى بىلەن ناتالدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ نىزامنامىنىڭ ئىقتىسادقا ئائىت ماددىلىرىغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى بىلدۈردى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى چاغدا لۇتۇلىنىڭ ئولڭ قاناتلار ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ خىل بېسىمغا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇردى. شۇ يىلى ئۇنىڭ كالىفورنىيەلىك ئىش ـ ھەرىكىتى غەلىتە دوستى

مارى لۇيىس خوببو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى ــ ماندېلا بىلەن تامبو قۇرغان ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. چۈنكى، بۇ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنىڭ ئوڭغا مايىللىقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئۇرغۇن ئىئانىلەردىن قۇرۇق قويغانىدى.

«ئەركىنلىك خارتىيەسى» ئەڭ ئاخىر قۇرۇلتايدا ماقۇللاندى. ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى ئىرقىي مۇستەبىتلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان بولغاچقا، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» شەك ـ شۈبھىسىزكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىرقچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىغانىدى، ئۇنىڭ ماقۇللىنىشىنى بىر چوڭ غەلىبە دېيىشكە بولاتتى. ماندېلا بىر يىلدىن كېيىن مۇنداق دەپ يازدى: «دۆلىتىمىز تارىخىدا دېموكراتىك كۈچلەر تۇنجى قېتىم ئىرق، ئىدېئولوگىيە، پارتىيە ـ گۇرۇھلار مۇناسىۋىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردىكى پەرقلەرگە ۋاقتىنچە چەك قويۇپ، ئىرقچىلىقنى چۆرۈپ تاشلىدى.» لېكىن، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ ماقۇللىنىشى كەسكىن ماجىرا بەدىلىگە قولغا كەلدى، بۇ قېتىملىق ماجىرا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىككى يىلدىن كېيىن چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىشىنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق ھارپىسىدا ماندېلا «ئەركىنلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە «ئەركىنلىك خارتىيەسى»گە بولغان چۈشەنچىسىنى شەرھىلىدى. ماندېلانىڭ ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلىرى ماركسىزمچىلارنىڭ «ئەركىنلىك خارتىيەسى»گە بولغان شەرھىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولدى. ماندېلانىڭ قارىشىچە، نىزامنامە ئىنقىلابىي خاراكتېرلىك بىر پارچە ھۆججەت ئىدى. جەنۇبىي

ئافرىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەندىزىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولاتتى. ئۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۇزۇمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن ئالتۇن كېنى كەسپىنى مونوپول قىلغۇچىلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئۈستىلىق بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىۋاتقىنىغا، بۇلاپ - تالاۋاتقىنىغا، خەلقنى قۇل قىلىۋاتقىنىغا نەچچە ئەسىر بولدى. ھالا بۈگۈن «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇلارغا نىسبەتەن ئەجەللىك بىر زەربە بولدى.»

لېكىن، بىر ھالقىلىق ئابزاستا ماندېلا يەنە ئەركىن كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۇ مونوپول كارخانىلارنىڭ تارقىتىلىۋېتىشى ۋە دېموكراتىيەلىشىشى ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى بۇرژۇئازىلارنى تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. غەيرىي ياۋروپا بۇرژۇئازىيەسىمۇ تۇنجى قېتىم ئۆز ئالدىغا زاۋۇت ئېچىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، سودا شىركىتى ۋە شەخسىي كارخانىلارمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى كۆرەلەيدۇ.»

بۇ ئىككى جۈملە سۆز كېيىن روببېن ئارىلىدىكى بىر قاتار سوت قىلىشلاردىن كېيىن 20 نەچچە يىلغىچە قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىندى. تروتسكىيچىلار «ئەركىنلىك» ژۇرنىلى ماندېلانىڭ نۇتقى ۋە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغاندا بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى قىسقارتىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىدى. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كونسېرۋاتىپلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش سۈرئىتىنىڭ تېز، زەربە بېرىش دائىرىسىنىڭ كەڭ بولىدىغانلىقىنى ماندېلا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدى. 1954 - يىلى 80 ياشقا كىرگەن مالەن پېنسىيەگە چىقتى، ھانس سىچىلتون ئۇنىڭ

ئورنىغا باش مىنىستىر بولدى. سىچىلتون مالەندەك ئۆنچىۋالا تالىپ مىجەز ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىقىنى مالەندىنمۇ بەكرەك تەشەببۇس قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، «چوڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق» تىن ئىبارەت كىشىگە بولغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولغان بۇ ئۇقۇم ئەينى چاغدىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى، كېيىنكى جەنۇبىي ئافرىقا باش مىنىستىرى، دوكتور ھېندرىك ۋېرۋوردىنىڭ كاللىسىدا پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى.

قارىماققا ناھايىتى مېھرىبان، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، سىپايە كۆرۈنىدىغان ۋېلۋورد ئۆزىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق پىلانىنى ئەخلاق مىزانلىرىغا قىلچە مۇخالىپ ئەمەس، دەپ قارايتتى. لېكىن، بۇ پىلاننى ئىجتىمائىي سانائەتلىشىش ۋە زور كۆلەمدە كۆچۈش ئاساسىدىلا ئاندىن يولغا قويغىلى بولاتتى. بۇنداق تەدبىر شەرقىي ياۋروپا سوتسىيالىستىك ھۆكۈمىتى قوللانغان ئۇسۇلغا تېخىمۇ يېقىن كەلگىنى بىلەن غەربنىڭ ئەركىن كارخانا ئەندىزىسىدىن ناھايىتى يىراقلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۆزلىرىنى ئەركىن كارخانىچىلارنىڭ ھىمايىچىلىرى دەپ ماختىنىدىغان جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا قويماقچى بولغىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك دۆلەت مۇداخىلىسى ئىدى. بۇ قېتىملىق مۇداخىلىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى ئافرىقىدىكى ئاۋام خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كېتەتتى.

ماندېلا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «ۋېلۋوردىنىڭ سۇيىقەستى»نى تەھلىل ۋە تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋېلۋوردىنىڭ يۇرگۈزۈۋاتقىنى گېتلىرچە ناتسىستىزم ئىدىيەسى ۋە ئىرقچىلىق پىرىنسىپى ئىدى. «فاشىزم دۆلىتىمىزدە رېئاللىققا ئايلاندى» دەپ يازىدۇ ماندېلا 1957 ـ يىلى 6 ـ ئايدا: «شۇڭا، فاشىزمنى مەغلۇپ قىلىش پۈتكۈل ئافرىقا خەلقىنىڭ

ئاساسلىق ۋەزىپىسىگە ئايلاندى.» لېكىن، ۋېلۋورد قەبىلە ئاقساقاللىرى ئارىسىدا ئىناقسىزلىق ۋە نىزا تېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ۋاستە يېزىلاردا ناھايىتى ئاسانلا ئۈنۈم بەردى، چۈنكى ئۇ يەردىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەڭ قورقاتتى. پەقەت ئالبېرت لۇتۇلى قاتارلىق بىرقانچە رەھبەرلەرلا ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ۋاز كېچىپ، يات كۈچلەرگە ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلدى.

ماندېلا بۇ چاغدا ئۆزىنى يوھاننېسبۇرگنىڭ بىر تال زەررىچىسى قاتارىدا كۆرەتتى، بۇمۇ ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە سىياسىي ئىدىيەسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. لېكىن، ئۇ يېزىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويمىدى، ئۇنىڭ خان ئوردىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەمدە ئۆسۈپ يېتىلىش سەرگۈزەشتىسىمۇ خىزمەتداشلىرىدىنمۇ كۈچلۈك بىر خىل مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى ئاتا قىلغانىدى. «مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قىستاڭچىلىق ئەڭ ئېغىر شەھەردە 14 يىل ياشىدىم» دەپ يازىدۇ ماندېلا: «لېكىن، مېنىڭ قەلبىمدە يېزىغا بولغان مۇھەببەت ئەزەلدىن ئۆچۈپ قالغىنى يوق.» 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشىنى چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ يەنە مۆھلىتى توشۇپ قالدى، ئۇ ترانسكېينى قايتا زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

ماشىنا ناتالدىن ئۆتكەندە كۆز ئالدىدىكى پايانسىز مەنزىرىلەر ماندېلانى مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ بۇ زېمىننىڭ تارىخىنى ئەسلىدى، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىلگىرى مۇشۇ يەردە زۇلۇلۇلار ۋە جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم قاتتىق تۇتۇشقانلىقىنى خىيال قىلدى. ماندېلا ئۆز ـ ئۆزىدىن مۇنداق دەپ سورىدى: «ئەينى يىلى ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشقان

جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر بىلەن بۇگۇن بىرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان زالىم ھۆكۈمەت زادى بىر مىللەتتىنمۇ، ئەمەسمۇ»؟ دۇرباندىكى ۋاقتىدا ماندېلا دوستى ئىزمىر ۋە فاتىمە مىل بىللە مەنئى قىلىش بۇيرۇقى مۇددىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان لۇتۇلىنى زىيارەت قىلغانىدى. ترانسكېيدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئانىسىنى قايتا كۆرگەن ماندېلانىڭ قەلبىنى سېغىنىش ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. ماندېلا ئانىسىنى يوھاننىسبۇرگقا كېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى يەنىلا ئۆزى يالغۇز ياشاشنى تاللىدى، ئۇ ئاددىي دېھقان ئايال بولۇپ ياشاشنى خالايتتى. تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ماندېلا ئانىسىنى ئەسلىسىلا بىر خىل ئەنسىزلىك تۇيغۇسى ئىچىدە قالاتتى، لېكىن ئانىسى ماندېلانى «سەن ئۆز ئېتىقادىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىسەن» دەپ ئىلھاملاندۇراتتى ھەم ئۇنىڭغا: «سېنىڭ قىلىۋاتقان كۈرەشلىرىڭ ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى نۇرلاندۇرىدۇ» دەيتتى.

ماندېلانىڭ ترانسكېيغا قايتا كېلىشى ئاساسلىقى سىياسىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ھۆكۈمەت ماقۇللاشنى قارار قىلغان يېڭى «بانتۇلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن لايىھەسى» ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ قاتتىق يۈرگۈزدى، بۇ قانۇن لايىھەسى ھەرقايسى جايلاردىكى قەبىلە باشلىقلىرىنى پرېتورىيەدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا تاشلاپ بەردى، ترانسكېي سىناق نۇقتىسى بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ترانسكېينىڭ قەبىلە باشلىقى 1952 ـ يىلى مەزكۇر قانۇن لايىھەسىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن ھۆكۈمەت تېخىمۇ زور بولغان قانۇن ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇق ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا باشلىدى. 1955 ـ يىلى ترانسكېيدىكى مۇدىرىيەت بانكا بېلەت تاشلاش ئارقىلىق بۇ قانۇن لايىھەسىنى قوبۇل قىلدى. ماندېلا بۇنىڭدىن

قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل ئىدى: ئۇ قەبىلە باشلىقى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا دۈشمەنلەر ئەۋەتكەن ھەمكارلىق تەكلىپىنىڭ نەقەدەر زور ئازدۇرۇش كۈچى بار ئىكەنلىكىنى تامامەن چۈشىنەتتى. 1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ «بانگانى ئىرقىي ئايرىمچىلىقنىڭ ھالاكەت گىردابىغا قىستاپ ئاپىرىش» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازدى. ماقالىدە: «ھازىر بارلىق قەبىلە باشلىقلىرى ۋە رەھبەرلەر ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدۇ، ئەگەر ھۆكۈمەت بىلەن ئاشكارا قارشىلاشسا جەزمەن رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، 1952 ـ يىلى لۇتۇلىمۇ رەھبەرلىكتىن ئەنە ئاشۇنداق قالدۇرۇلغان» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ بىر خىل قەستەن قورقۇتۇش، قەبىلە باشلىقلىرىنى ئالداپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتتە سۆز قىلىدىغان يەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن، ماندېلا شۇنىمۇ كۆرۈپ يەتكەنىدىكى، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تۇسقۇنلۇق قىلىشى ئارقىسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەشۋىقاتىنىڭ قەبىلىلەردىكى ئامما ئارىسىدىكى ئۈنۈمى ناھايىتى ئاجىز بولدى، شۇڭا ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ترانسكېي چوڭ سايلىمىنىڭ قارارىنى چەكلەش ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.

ماندېلا بۇ زىددىيەتكە كۈچلۈك شەخسىي ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ماتانزىما ھازىر تېمبۇلارنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە قەبىلە باشلىقى ئىدى. ئۇ بۇرۇن بانگانى يېڭى قانۇن لايىھەسىنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلماقچى بولغانىدى. ماندېلا بىلەن ماتانزىما تۇغما رەھبەرلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. ھالا بۇگۈن ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدە ناھايىتى زور پەرق پەيدا بولغانىدى، دۈشمەن بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەكمۇ ياكى دۈشمەنگە قارشى

تۇرۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى پىكرىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى، ھەرقايسىسى ئۆز ئىستىھكامىنى قوغداش بىلەن ھالاك ئىدى. ماتانزىمانىڭ نەزىرىدە ماندېلا ئاللىقاچان يوھاننىسبۇرگلۇق بولۇپ كەتكەن، «يۇرت خەلقى بىلەن بەكلا يىراقلىشىپ كەتكەن» ئىدى.

ترانسكېينى زىيارەت قىلغاندا ماندېلا ماتانزىما بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇزاق پاراڭلاشتى، پاراڭ داۋامىدا ھەر ئىككىيلەن تۇرلۇك «ئىزم» لار ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن ھەزەر ئەيلىدى. ماندېلا ماتانزىمانى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھۆكۈمەت قارا تەنلىكلەرنى بۆلۈۋېتىش ۋە قۇل قىلىش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ. ھازىر بۇنىڭغا قارشى تۇرساق، كېيىنكى زور كۆلەمدە قىرغىن بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دېدى. ماتانزىما: «قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ كۈچى تۇرلۇك ئايرىمچىلىق تۈزۈلمىسى سەۋەبلىك تېخىمۇ زورىيىدۇ. كۆپ ئىرقچىلىق سىياسىتى بولسا توقۇنۇشنى ئاۋۇتۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قان تۆكۈلۈش ۋە ئازاب - ئوقۇبەت كېلىپ چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا بىر جەڭگاھ ئاغزىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. «مېنىڭ پوزىتسىيەم دەل جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر بىلەن يارىشىپ قېلىش» دەيدۇ ماتانزىما 40 يىلدىن كېيىن ئەسلەپ. بۇ قەدەر قاتمال ۋەزىيەت ماندېلانى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغۇم، غەلىبە تەنتەنىسىنى ئۇنىڭ بىللە تەڭ بەھرىمەن بولغۇم بار ئىدى» دەپ يازىدۇ ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا. لېكىن، ئۇ چاغدا ماتانزىما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ بولغانىدى.

ماندېلا مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ زىيارەتنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئىلزابېت پورتىغا كەلدى. ئۇ — ئۇنىڭ گوۋېن مىبېكى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن جاي ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سايلامغا قاتناشقان

ئەنگلىيەلىك كرىستوف گېلىنى زىيارەت قىلدى، ئۇ ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ناھايىتى ئورۇنلۇق تەكلىپلەرنى بەرگەن ھەم ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلغانىدى. ماندېلا باشقىلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ دوستىنى زادىلا ئۇنتۇلۇپ قالمىغانىدى. گېل ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەردىن كۆپ ئىدى.

ماندېلا يەنە كېيپتاۋنغىمۇ باردى. بۇ يەردە تروتىسكىيچىلار يوق ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلار ئاساسلىقى كوممۇنىستلار ۋە روھانىيلار ئىدى. ماندېلا «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە، ساقچىلارنىڭ ئىشخانىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، بىرمۇنچە ماقالىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىگە دۇچ كەلدى. بۇ — بىر ئاۋارىچىلىك يېتىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ماندېلا مېتودىستلار ئارىسىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئەزا بولغان رادىكالىزمچىلار بىلەن بىللە قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان لانگادا ئىككى ھەپتە تۇردى، يەنە تېخى ماشىنا ھەيدەپ كېيپتاۋنىنىڭ ھەممە جايلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئۇ شۆبە ئاپپارات قۇرۇشنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ قايتىدىغان چېغىدا مېتودىست مۇرىتلىرى يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

ئورلاندودىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ماندېلا ئۆزىنى زېھنىي ۋە جىسمانىي كۈچى ئۇرغۇپ قالغاندەك، يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشۇپ چىققاندەك سەزدى. ئۇ خىزمەتداشلىرىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ترانسكېيدا مۇتەئەسسىپ قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە بىخەتەرلىك ساقچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن تەسىر قىلىش كۈچىنىڭ ناھايىتى ئاجىزلاپ

كەتكەنلىكىنى، شۇڭا «ئىچكى جەھەتتىن قارشى تۇرۇش» قا مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ ئىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا قالغانىدى، چۈنكى ھۆكۈمەت پات ئارىدا «ئومۇمىيۈزلۈك ئايرىمىچىلىق قىلىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكچى ئىدى. پىروفېسسور تاملىنسون باشچىلىقىدىكى، قارا تەنلىكلەر قاتناشمىغان كومىتېت بىر ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ «بانتۇستان» پىلانى دەپ ئاتالدى. پىلانىنىڭ مەقسىتى ئافرىقىلىقلارنى «ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلدۇرۇش»، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرىنى قۇرغۇزۇش، ئۆزلىرىنىڭ سانائىتىنى ئاچقۇزۇش ئىدى. بۇ پىلانىنىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنىنى ھۆكۈمەت قوبۇل قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى زىيادە مەبلەغ قويۇۋېتىلگەن تەدبىرلەر رەت قىلىندى. ھۆكۈمەت مۇشۇ پىلانغا ئاساسەن جەنۇبىي ئافرىقىنى بىرقانچە بانتۇستانغا بۆلۈۋەتمەكچى بولدى، ترانسكېي بۇ پىلاننىڭ ئىچىدە ئەڭ باشقا تىزىلغانىدى. ماندېلا ئاگاھلاندۇرۇپ: «بانتۇستاننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاخىر بېرىپ ئاق تەنلىك ياللىغۇچىلارنى ئەرزان ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېدى.

ئايرىۋېتىش پىلانىنىڭ رەزىل چاڭگىلى ناھايىتى تېزلا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە سوزۇلدى، ھۆكۈمەت يەنە مەكتەپلەردىمۇ پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1953 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «بانتۇ مائارىپ قانۇن لايىھەسى» تارقىتىلدى، ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پرېتورىيەگە بارلىق چېركاۋ مەكتەپلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلدى. ۋېلفورد: «ياۋروپا مەھەللىرىدە مۇئەييەن قاتلامدىن يۇقىرى خىزمەت تۈرلىرىدىن بانتۇلارغا قەتئىي نېسىۋە تەگمەيدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يىغىندا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر يەرلىكتە توغرا مائارىپ شەكلى يولغا

قويۇلمىسا، ئىرقىي مۇناسىۋەتنى ھەرگىز ياخشىلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر يەرلىكلەر قوبۇل قىلغان مائارىپ تەربىيەسى ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئارزۇ ـ ئىستەك پەيدا قىلالىسا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىتىدا بۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلەر دەرھال رېئاللىققا ئايلىنالماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئۇنداقتا ئۇلار ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىدۇ؛ بۇنداق ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئىچىدە ئېرىشىلگەن مائارىپ تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى ئىرقىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا نىسبەتەن زىيىنى باركى، ھەرگىز پايدىسى يوق.»

ماندېلا ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ جاھانگىرلارنىڭ چېركاۋ مەكتەپلىرىدىن بەكلا نارازى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا نىسبەتەن قەلبىدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. مىتودىستلارنىڭ ئۆز مەكتەپلىرىنى ھۆكۈمەتكە قوش قوللاپ ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى بىلگەن چاغدا ماندېلا ئىختىيارسىز قاتتىق ئازابلاندى. ئەنگلىيەنىڭ نۇرغۇن چېركاۋ مەكتەپلىرى ئەنە شۇنداق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، لېكىن رىم پاپاسى مەكتەپلەرنى ئۆزى باشقۇراتتى، ھۆكۈمەتنىڭ قول تىقىشىغا يول قويمايتتى. ماندېلا زېمىن بۆلۈۋېتىلگەندىن كېيىن يېڭى قەبىلە مائارىپى سىستېمىسىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىققا يەنىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى: «ئافرىقا خەلقىنى بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل قەبىلىلەرگە بۆلۈۋېتىشتىكى مەقسەت ــ تار مەنىدىكى يېگانە قەبىلە كۆزقارىشىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق مىللىي ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى چەكلەش ئىدى.»

«بانتۇ مائارىپى قانۇن لايىھەسى» مەكتەپلەرنى ئايرىۋېتىش گىردابىغا دۇچار قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇل مەسىلىنى ماندېلا قاتارلىقلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. مەڭگۈلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۆپ ساندىكى ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرىغا نىسبەتەن ماندېلانىڭ ئىپادىسى بەكرەك

رېئال ئىدى. ئۇ ئىجرائىيە كومىتېتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «قارشىلىق كۆرسىتىش تەدبىرلىرى ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ھەم ئۇنچە زور ئۈنۈم پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇلار ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى» دېگەنىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بالىلارنى يېڭى مائارىپ تۈزۈلمىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى ھەمدە ئۆزلىرى سىنىپ تەسىس قىلىپ سىناپ بېقىشقا باشلىدى، لېكىن ساقچىلارنىڭ تەكرار توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر تېزرەك مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشىنى جىددىي ئۈمىد قىلاتتى. قاتمۇقات بېسىملار ئاستىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەڭ ئاخىر قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. تارىخشۇناس فرانك ۋىلىس ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ خاتالىقىنى كەسكىنلىك بىلەن تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ئىچىدە بانتۇ مائارىپىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى ئەڭ پىلانسىز، قالايمىقان بولدى. بۇنىڭ ئافرىقا خەلقىگە كەلتۈرگەن قىيىنچىلىقىمۇ ئەڭ چوڭ بولدى.» ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماندېلانىڭ دەسلەپكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئاساسسىزمۇ ئەمەس ئىدى.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئايرىۋېتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئالىي مەكتەپلەرمۇ بۇ شۇم تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئوخشاش مائارىپ ئەندىزىسى ناھايىتى تېزلا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 1959 - يىلىدىكى «ئۇنىۋېرسىتېت مائارىپى قانۇنىنىڭ تولۇقلىما قانۇن لايىھەسى» ماندېلانىڭ ئانا مەكتىپى — فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ۋىتۋۇرتسلەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ناھايىتى قاتتىق بولغان ئايرىمىچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ

سىرتىدىكى بىپايان زېمىن بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى، قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلار باشقا ئىرقتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىششقا ئامالسىز قالدى. 1957 ـ يىلى ماندېلا «ئەركىنلىك» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئوخشىمىغان ئىرقلار ئارىسىدىكى ئىناق دوستلۇق ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاسىتە تەھدىت پەيدا قىلدى.»

ياشلارنىڭ گۈزەل ئىستىقبالغا ئاتلىنىش يولى ماندېلانىڭ كۆز ئالدىدىلا پۇتۇنلەي ئېتىپ تاشلاندى. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەنگلىيەنىڭ ئەركىن مائارىپى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى. ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ، نىزا پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى، رەزىللىكىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. يېڭى ئايرىمىچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە ماندېلانىڭ ئانا مەكتىپى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئەڭ ئاخىر تەلتۆكۈس گۇمران بولدى: ھىلدتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى جېك دىگا 1976 ـ يىلى مەكتىپىگە قايتىپ، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭلا ئاق تەنلىك ئەمەسلىكىنى بايقىدى. مەكتەپتە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگىلا كۆڭۈل بۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىختىيارسىز: «بۇنداق مۇھىتتا مائارىپ قانداقمۇ تەرەققىي قىلسۇن؟» دەپ سوئال قويدى.

ماندېلانىڭ يېزىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇشتەك ئارقا كۆرۈنۈشى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە كۆزىتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلغانىدى. 1956 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇ سىسۇلۇ بىلەن بىرلىكتە ترانسكېيدىكى ئۇمتاتالار سېتىۋالغان يەرگە باردى. چۈنكى، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىدە زېمىن ئىگىلەپ تۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. يوھاننىسبۇرگقا قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۇچىنچى

قېتىم تەقىب ئاستىغا ئېلىندى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بەش يىلغىچە بۇ شەھەردىن ئايرىلىشىنى مەنئى قىلدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى، مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. «مەن بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدىم» دەپ يازىدۇ ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا: «كۈرەشكە قاتنىشىش ـ قاتناشماسلىقىمنى، قانداق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىمنى پۈتۈنلەي ئۆزۈم قارار قىلاتتىم، مېنى ھېچكىم ئارىسالدى قىلالمايتتى.» بۇ مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ئۇنى پارتىيە ـ گۇرۇھ ئاپپاراتلىرىدىن تېخىمۇ ئايرىۋەتتى. ئەكسىچە بۇنىڭ ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش مۇساپىسىگە تازا چوڭ ياردىمى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش تەدبىرلىرىمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇردى.

ماندېلا شەك ـ شۈبھىسىز ھۆكۈمەتكە قارشى تەرەپتە تۇراتتى، ھۆكۈمەتمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماندېلا 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەدلىيە مىنىستىرىغا خەت يېزىپ، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، ماندېلا تولىمۇ ئۇزۇن بىر پارچە جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە تۆھمەت قىلغانلىقى ھەمدە قارا تەنلىكلەرنى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا، قارا تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا كۈشكۈرتكەنلىكى جاكارلانغانىدى. بۇ، ماندېلاغا ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەن بىر يورۇش نۇتقىنى ئەسلەتتى. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۇ: «ھالا بوگون ياۋروپالىقلارنىڭ زېمىنىمىزغا قەدەم باسقىنىغا 300 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا سانسىزلىغان مۇنەۋۋەر ئافرىقىلىقلار ھاياتىنى تەسەددۇق قىلدى. خەلقىمىز يەتكۈچە تالان ـ تاراج قىلىندى، قۇللۇق ئازابىنى

بېشىدىن كەچۈردى» دېگەنىدى. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىشتا چىڭ تۇرساقلا، قان قىساسىمىزنى ھامان بىر كۈنى ئالىمىز.» 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئەھۋالىمىز ئۇلارنىڭ ئەينى يىللىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرغاندىكى ئەھۋالىدىن كۆپ ياخشى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، زور كۆلەملىك توقۇنۇش ھامىنى يۈز بېرىدۇ. ئازادلىق قىيانى ئالدىدا بارلىق ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ھامان تەختتىن غۇلايدۇ. بۇ يۈزلىنىش گويا قۇياشنىڭ مەشرىق تامان كۆتۈرۈلۈپ مەغرىب تامان پاتقىنىغا ئوخشاش قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ.»

ماندېلانىڭ خېتىدە تىلغا ئېلىنغان توقۇنۇش ھەقىقەتەن يۈز بەردى، لېكىن ئۇ پەرەز قىلغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ تەختتىن غۇلايدىغان كۈنى تېخىچە يېتىپ كەلمەيۋاتاتتى.

# 9. دۆلەتكە ئاسيلىق قىلىش جىنايىتى ۋە ۋىنىنى

(1956 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە)

1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن هۆكۈمەت زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىندىغانلىقىنى ۋە سوت ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرى سۆۋت پارلامېنتقا ساقچى تەرەپنىڭ دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى، تەخمىنەن 200 كىشىنىڭ تورغا چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىش كويىدا بولدى. 1956 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ترانسكېيدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى موتسەيلېر يىغىندا: «پۇتكۇل ۋەقە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بېلەت تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن قىلغان خۇپسەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مىللەتچىلەر هەرقانداق تەهدىت ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ، لېكىن ئۇلار بەك ئالدىراپ كەتمەيدۇ، چوڭ سايلام يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ» دېدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەر دېگەندەك ئۇنچە غەمسىزمۇ ئەمەس ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 1956 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەهەردە ماندېلا ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىددىي جىرىڭلىشى بىلەن ئويغىنىپ

كەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئۈچ نەپەر ئاق تەنلىك ساقچى تۇراتتى، ئۇلار ماندېلانى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە پارلامېنت ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھەرقايسى ئىرقلاردىن بولغان 150 نەپەر رەھبىرى ۋە ئەزالىرى ئوخشاش جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى.

ماندېلا بۇنىڭدىن ئانچە چۆچۈپ كەتمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققىنى شۇ ئىدىكى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ مارافونچە سوتقا تارتىش ئەۋج ئالدى. ئۇنىڭ بارلىق سىياسىي ۋە قانۇنىي پائالىيەتلىرى بەش يىلغىچە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن دوكتور دادۇ، ماكس ۋە گوۋىن مىبېكى قاتارلىق بىرقانچە كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرمىگە قامالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىكىلەر ئومۇمىي خەلق قۇرۇلتىيىغا قول تىقمىغاچقا، قولغا ئېلىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇڭا، سوتقا تارتىلغان ئاق تەنلىكلەر ئاساسەن دېگۈدەك كوممۇنىستلار ئىدى. بۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ماركسىزملىق سۇيىقەست نەزەرىيەسىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە كوممۇنىستلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، ئورتاق چېكىنىشىدىكى ئىتتىپاقدىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى.

زور كۆلەمدىكى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى «سۇنئىي ئۆرۈش» نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىدىن دېرەك بېرەتتى. تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئالدىنقى كېچىسى يوھاننىسبۇرگلىق قارا تەنلىك يازغۇچى ۋە مۇخبىر كان تايمۇبا «ئىلگىرىكىدەكلا تەرەپ ـ تەرەپتىن يېڭى ئاخباراتلارنى توپلىدى». ئۇ تۇيۇقسىز ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىر توپ كىشىنى كۆردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى روبېرت رىسا، تانسون ماكۋېنى ۋە رىيانىال موررىسون قاتارلىق ئۈچ كىشى ئاغرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى رادىكاللار ئىدى. ئۇلار تەقلىدىي سوتخانىدا سوت

قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. تىرىسا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولدى، ماكۋىنى تەپتىش بولدى، تايمۇبامۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، سوتچىنىڭ رولىنى ئالدى. بىر مەيدان جىددىي تالاش - تارتىشتىن كېيىن جاۋابكار جىنايىتى بار، دەپ ھۆكۈم قىلىنىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر رادىكال ئەزاسى دۆلەتكە ئېغىر دەرىجىدە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىدى. تايمۇبا نەشرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «دۇمباق» ژۇرنىلىدا ئاشۇ كېچىسى كىچىك قاۋاقخانىدا كۆرگەن كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەپ ماقالە ئېلان قىلدى، شۇ چاغدا بىرنەچچە جىنايەت گۇماندارى سوتقا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ماندېلا بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، «تايمۇبا ئومۇمىي خەلق قۇرۇلتىيىدىكى خىزمەتداشلارنىڭ سالاھىيىتىنى بۇنداق يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئاشكارىلىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى» دەپ قارىدى.

لېكىن، تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى چاقچاق قىلىنىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. بارلىق جىنايەتچىلەر يوھاننىسبۇرگتىكى تاغ چوققىسىغا جايلاشقان تۈرمە «قورۇلى»غا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۇلارنى خورلىماقچى بولدى. يۈكسەك ئابرۇيلۇق لۇتۇلى، مارتىيو ۋە كاراتانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىشىلەر بىر ئاق تەنلىك دوختۇر كېلىپ سوئال سورىغىچە ئانىدىن تۇغما ھالەتتە قورۇدا بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرغۇزۇپ قويۇلدى. بۇ كۆرۈنۈش ماندېلاغا «ئات ئېگەر بىلەن چىرايلىق، ئادەم كىيىم بىلەن» دېگەن تەمسىلنى ئەسلەتتى. ئەگەر ساغلام تەن رەھبىرىي شەخسلەردە بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئامىل دېيىلسە، ئۇنداقتا مەھبۇسلارنىڭ ئىچىدە بۇ شەرتكە چۈشىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى: «پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ياش ۋاقتىدا شاكا ياكى موشېشېدەك سۆمباتلىق كېلەتتى.» ماندېلانىڭ ناتاللىق خىزمەتدىشى ماسابالالا گېنىۋا بەدىنىنى بىر پارچە ئەدىيال بىلەن ئورىۋېلىپ، شاكادىكى زۇلۇلارنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىنى توۋلاشقا باشلىدى. باشقا

مەھبۇسلار ئۇنىڭ ناخشىسىغا جىممىدە قۇلاق سېلىشتى. بايىدىن بېرى سۈكۈتتە تۇرغان رەھبەر لۇتۇلى زۇلۇ تىلىدا تۇيۇقسىز: «راست دەيسەن، شاكا!» دەپ توۋلىدى ـ دە، ناخشىغا تەڭ جور بولدى، كۆپ قىسمى زۇلۇلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قىزغىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. «بىزنىڭ ئىنتىلىۋاتقىنىمىز مىللىي مۇستەقىللىق» دەيدۇ ماندېلا ئەسلەپ: «ئۆزىمىزنىڭ تارىخىدىكى ۋەتىنىمىزگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت بىزنى بىر يولدا ماڭدۇردى.»

مەھبۇسلار ئۆزلىرىنى بەختسىزلىك ئىچىدىن بەختكە ئېرىشكەندەك سەزمەكتە ئىدى. ماندېلامۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇزاق مەزگىل تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان بولغاچقا يىغىنلارغا قاتنىشالمايتتى، ئىختىيارىي مېڭىپ يۈرەلمەيتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ شەھەرلىك دوستلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇلار يىغىن تەشكىللەپ، نۆۋەتتىكى ئەھۋال ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتى. مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا شاھىت بولغان كىشىلەر بار ئىدى: ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئەڭ دەسلەپتە بەرپا قىلغان پېشقەدەملەردىن كاراتا ۋە مارتىيو، سوفىياتاۋنلىق ياش رادىكاللاردىن روبېرت رىسا ۋە پېتېر نىتېد، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان تانسون ماكۋىنى قاتارلىقلار ئىدى.

مەھبۇسلار فورتتا ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ۋاقىتلىق سوتقا ئېلىپ چىقىلدى. ماندېلا قاتارلىقلار ساقچى ماشىنىسىدا يالاپ ئېلىپ مېڭىلدى، پۈتۈن مۇساپىنى ھەربىي قاتناش ماشىنىلىرى نازارەت قىلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئاللىقاچان سوتخانا سىرتىدا ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. كان تايمۇبا كېيىن بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «جاۋابكارلار تەخمىنەن 20 نەچچە كىشى ئىدى،

ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلەر خۇشال بولسا، بەزىلەر مەيۇس ئىدى، بەزىلەر قورقۇنچقا چۈشكەن، يەنە بەزىلەرنى ئېغىر غەم باسقان، يەنە بەزىلەر قاتتىق غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالغانىدى ... ئادۋوكات كىرگەندە نېلسون ماندېلا يەلكىسىنى كۆتۈرۈپ قويىدى، ئوزايىدىن دەرغەزەپكە كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.»

سوتچى چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، يۇرۇش - تۇرۇشى سىپايە، بلومفونتېيىندىن كەلگەن جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك كىشى ئىدى. ئۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى، لېكىن مىكروفون بولمىغاچقا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق ئاڭلىيالمىدى. گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ئەتىسىگە سۈرۈلدى. ئەتىسى سوت ئېچىلغاندا مەھبۇسلار پولات سىمدىن ياسالغان قەپەس ئىچىگە سولاندى. ئاقلىغۇچى ئادۋوكات دەرھال قارشىلىق بىلدۈردى، سىم قەپەس ئاخىر ئېلىپ تاشلاندى.

تەپتىش ئەمەلدارى ئەڭ ئاخىر 18 مىڭ خەتلىك ئەيىبلەشنامىنى ئوقۇدى. جاۋابكارنىڭ جىنايى پاكىتى تۆت يىل بۇرۇنغا، يەنى 1952 - يىلى 10 - ئايدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىققان مەزگىلگىچە، ئاندىن سوفىياتاۋندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ۋە «ئەركىنلىك خارتىيەسى» گىچە سۈرۈلدى، ئارىلىقتا جاۋابكارلار بىر يۈرۈش نۇتۇق ۋە بايانات ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى شەكىللەندى. ئەيىبلەشنامىدە يەنە جاۋابكارلارنىڭ زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنى دەسسىتىش قەستىدە بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ماندېلانىڭ خاتىرىسىدە جەنۇبىي ئافرىقا تارىخى گەرچە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بەرگەنلىكى ساقلىنىپ قالغانىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا

ئۆرۈشى مەزگىلىدە جەنۇبىي ئافرىقىلىق بەزى ئاق تەنلىكلەر گېرمانىيەلىكلەر تەرەپتە تۇرغان، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى، دەپ ھۆكۈم قىلىنغانىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى ئۆز مىللىتىدىكىلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى خالىمىغانىدى. مالەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى سادىر قىلغان بارلىق مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئابرۇيى ئەڭ تۆكۈلگىنى ناتسىستىزمچى روبى رايبۇرانت ئىدى. ئۇلارنىڭ قارا تەنلىك سىياسىي دۈشمەنلەرگە ئۇنچىۋالا كەڭچىلىك قىلمىغانلىقى ماندېلاغا ئايدىڭ ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ جاۋابكارلارنىڭ راستىلا دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىغا ئىشىنىشى ناتايىن ئىدى. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» دە ئېلان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەدەنىي جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىدىغان مىزاندىن ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، «بىراۋغا گۇناھ ئارتاي دېسەڭ باھانە تېپىلماي قېلىشىدىن ئەنسىرىمە» دېگەندەك، ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنى بىرنەچچە يىلغىچە تىنچىتىش ئىدى.

بىراق، بۇ قېتىملىق سوراق ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ۋاقىت ماندېلانىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەنىدى. تۆتىنچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا 556 نەپەر مەھبۇس كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، كېپىللىك پۇلى ئۈچۈن قارا تەنلىكلەر 25 فوندستېرلىڭ، ئاق تەنلىكلەر 200 فوندستېرلىڭ تۆلەيتتى (ماندېلا بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ: «دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىمۇ تېرىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن پەرقلىنىدىكەن» دېگەنىدى)، كېپىللىك پۇلىنى ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى تۆلەيتتى. سوتلاش 1957 - يىلى 1 - ئايغا كېچىكتۈرۈلدى، جاۋابكارلارنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت

قىلىندى. لېكىن، شۇنىسى ناھايىتى روشەن ئىدىكى، ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشى قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى.

1957 - يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان تەييارلىق سوتىدا «بۇ دېلو ئالىي سوتنىڭ قاراپ چىقىشىغا ئېھتىياجلىقمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېگەن بىرلا مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى، لېكىن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش جەريانى توققۇز ئاي داۋاملاشتى. مەھبۇسلار قولغا ئېلىنغان چاغدا سەل ھەيران قالغاندىن باشقا، پۈتۈن گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى سۈكۈت، بىمەنىلىك ۋە قورقۇنچ ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بىرلا لۇشيەنىنى چۆرىدىدى. چىدىغۇسىز دەرىجىدە پىژغىرىم ئىسسىق بولۇۋاتقان تومۇز ياز كۈنىدە ئاق قاڭالتىرلىق ئۆگزىنىڭ ئاستىدا ھەر كۈنى مۇراسىم ئېلىپ بېرىلاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە سوتچى ۋىسايىل سوتخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىنى بوشقىنا چېكىپ قوياتتى، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن تەپتىش ئەمەلدارى ۋان نىكايك ئەيىبلەشنامىنى تولىمۇ جانسىز تەلەپپۇزدا ئوقۇيتتى. جاۋابكارلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر يۇمۇرلۇق تۈيغۇنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى. كاترادا ئاندى كېيىپىنىڭ بىر پارچە چاتما رەسىملىك كىتابىنى بىر خىزمەتدىشىغا سۇنۇپ بەردى ھەمدە بۇنىڭ ماركسىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى، بۇنىڭ كۆپچىلىكنىڭ لۇكچەك بۇرژۇئازلار سىنىپىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە پايدىسى بار بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ سوتقا ئالاقىدار خەۋەرلەر گېزىتنىڭ باش بېتىدىن چاقماق تېزلىكىدە غايىب بولدى. يوھاننىسبۇرگتىكى ئاق تەنلىكلەر ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن بولغان تەھدىتلەرنى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئاساسلىق ئاقلىغۇچى ئادۋوكات ۋېرنون بېرىنگېر ئىلگىرى مۇسابىقە ماشىنىسى ماھىرى ۋە كۈرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بولغانىدى. ئۇنىڭ

سوئال سورىشى شۇقەدەر ئۆتكۈر ئىدى. يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن رازۋېدكىچى ۋە ئىشپىيونلار تەمىنلىگەن دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئۇ بىر ـ بىرلەپ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ماندېلا تۇرمىدىكى ۋاقتىدا ئەسلەپ: «ئەينى چاغدا جاۋابكارلار ۋېرنونغا ‹موللا تاپقاق› دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى» دېگەنىدى. ۋېرنوننىڭ ئەڭ كۈچلۈك زەربىسى پىروفېسسور مۇررايىنى سوراق قىلغاندا يۈز بەردى. مۇرراي كوممۇنىزمنىڭ مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىسى، دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ بىر ئابزاس خەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى «سېپى ئۆزىدىن كوممۇنىزم خىتابنامىسى» دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن، ۋېرنون ئەڭ ئاخىر بۇ خەتنىڭ مۇررايىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دەلىل ـ ئىسپاتلار قانچە بىمەنە بولسا، بۇ سوتنىڭ خەتەرلىكلىكىنى شۇنچە ئىسپاتلاپ بېرەتتى: «پۈتكۈل دەۋا كۆرۈنۈشتە ئۇنچىۋالا ھەجۋىي ئەمەس ئىدى.» سوتچى قاچانلا قارىسا كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان جىنايەت گۇماندارىنى پات ـ پات ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. بەزى ياش جاۋابكارلار بەكلا يەڭگىلتەك ئىدى، بۇ ماندېلانى بەكلا بىئارام قىلاتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان خەتەرنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇراتتى، ساقچىلارنى شەرمەندە قىلىپ قويسا ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى سىياسىي سەھنىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلىدىغانلىقىنىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى.

ماندېلا ئالېكساندىردا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىدىن ئىلھام ئالغانىدى. بۇ قېتىملىق بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى ئۇلار قولغا ئېلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن يۈز بەردى. 1943 ـ يىلىدىكى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ يۈز بەرگىنىگىمۇ 14 يىل بولۇپ قالغانىدى. ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا قارا تەنلىكلەر بىر كۈندە 12 ئىنگلىز مىلى مېڭىشقا رازى بولدىكى ئاپتوبۇس بېلىتى ئۈچۈن بىر پېنىس چىقىرىشقىمۇ ئۇنىمىدى.

لۇتۇلى بۇ قېتىمقى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ھەرىكەت پەقەت «مۇشۇنداق بايقۇت قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن بىر ياخشى كەيپىيات يارىتىپ بەرگەنىدى.» بۇ قېتىمقى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىدە يېڭى رەھبەرلەر ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە توماس نىكبى ۋە ئالفرېد نىززو قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى رادىكاللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېيىن مەشھۇر رەھبىرىي شەخسلەرگە ئايلاندى. ھۆكۈمەت ئەڭ ئاخىر بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئامما بىلەن مۇرەسسە قىلدى ھەمدە قانۇن لايىھەسى ئېلان قىلىپ، غوجايىنلارنىڭ ئۆزى ياللىغان ئىشچىلارغا ئاپتوبۇس كىراسى ياردەم پۇلى تارقىتىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ 47 يىلدىن بۇيان ئافرىقىلىقلارنىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن تۇنجى قېتىم ماقۇللانغان پارلامېنت قانۇن لايىھەسى ئىدى. ئۇ ماندېلاغا بايقۇت قىلىشنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك ۋاستە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. لېكىن، ئۇنى پەقەت ئىستراتېگىيە قىلىشقىلا بولاتتى، مۇقىم تاكتىكا قىلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. «بايقۇت قىلىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئەمەس» دەپ يازىدۇ ماندېلا كېيىنكى يىلى «ئەركىنلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە: «لېكىن، ئۇنى بىر كۈچلۈك قورال دېيىشكە بولىدۇ.»

ماندېلا سوراق مەزگىلىدە لۇتۇلى، مارتىيو ۋە سىسۇلۇغا قارىغاندا ئۆزىنى ناھايىتى سالماق تۇتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئۇلۇغ قاناتلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا چىقىپ باقمىغانىدى. لېكىن، ئېگىز بوي - بەستى، سالاپەتلىك كىيىنىشى، يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ھۆججەت چامادانى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ناھايىتى سالماقلىق بىلەن گەپ قىلىشلىرى ئۇنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى. قايناق شەھەردىكى جۇشقۇن كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۇ ھامان

قەبىلە باشلىقلىرىغا خاس بىر خىل مەغرۇر سالاپەت بىلەن يۈرەتتى. كېيىن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان ھەمدە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىنى سوتلاش فوندى جەمئىيىتىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن مەرى بېنسوننىڭ دېيىشىچە، ئاشۇ يىللاردىكى ماندېلا ناھايىتى زېرەك، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يىگىت ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇ «ماندېلانى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگەنىدى.» لېكىن، ئاقلىغۇچى ئادۋوكات شۇنىڭغا دىققەت قىلغانىدىكى، ئۇ ھەمراھلىرى ئارىسىدا گەپ توغرا كەلمىگۈدەك دەرىجىدە نوپۇزغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، باشقىلار ھەمىشە ئۇنىڭ قانۇن جەھەتتىكى پىكرىنى ئاڭلاشنى خالايتتى. لېكىن، گۇۋاھلىق سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كەسىپكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

سوتلاش ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە ناھايىتى ئەتراپلىق پىكىر قىلىدىغان مارتىيو مەنسىتمەسلىك كەيپىياتىنى زادىلا باسالمىدى. «بۇ خۇنپەرلەر مېنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەرىكىتىنىڭ پاسىبانى، ھەممىسى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇلار بەك چوڭ خاتالاشتى!» دەپ يازىدۇ ئۇ ئايالى فىرىداغا يازغان خېتىدە. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرگە نەقەدەر ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كەمسىتىش پوزىتسىيەسىدىن ناھايىتى نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. «جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەۋزەللىك تۇيغۇسىدىن نارازى ئىدى. ئۇلار يەنە بىزنىمۇ قىيىن - قىستاقتا دۇچار قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار بىزنى روھىنى ئەنگلىيەلىكلەرگە سېتىۋەتكەن، دەپ قارايتتى.» مارتىيو ئافرىقىلىقلارنىڭ ياۋروپالىقلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن ھالقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ناھايىتى ئۇزاقتا سوزۇلغان بۇ سوت سوتتا كەلگەن ئوخشىمىغان ئىرقتىكى جاۋابكارلارنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىن قىلىۋەتتى. «ئۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇيۇشۇش كۈچىنى ياراتتى.» نۇرغۇن كىشىلەر تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدىغان كۆپ خىل ئىرقلارنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئەنە شۇ چاغدا رېئاللىققا ئايلاندى. ھۆكۈمەتنىڭ قانداق ۋاستە قوللىنىپ ئۇلارنى سوتتا تارتىپ چىققانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار: «بۇ دېگەن بىر قېتىملىق ئىتتىپاقلىق، ئىرق ئايرىمايدىغان ھەقىقىي بىر ھەرىكەت» دەپ رەددىيە بېرەلەيتتى.

ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇلار ساندىۋىچنى بۆلۈشۈپ يېگەچ ئۆز كۆزقاراشلىرى ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلاتتى. كەچتە ئۆيگە قايتقاندا ئۇلار ئۆزلىرىنى خائىن ئەمەس، بەلكى بىر قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزەتتى. بىرام فىشېرىس ۋە ئۇنىڭ ئايالى قارا تەنلىكلەرنىڭ بۇ رەھبەرلىرى ئۈچۈن كەچلىك تاماق تەييارلايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە لۇتۇلى بىلەن ماندېلامۇ بار ئىدى. جوئى سىلوۋ بىلەن رۇس فوستېر كۆپ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئافرىقىلىقلار، ھىندىستانلىقلار ۋە ئاق تەنلىكلەرگە زىياپەت بەرگەنىدى، ئۇلار زىياپەت جەريانىدا بىللە ئۇسسۇل ئوينايتتى، بىر ـ بىرى بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى. ئۇلار ئىشپىيون دېگەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى، يەنە تېخى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزسە دارغا ئېسىلىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە چاقچاقلىشىپمۇ قوياتتى، ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى مىلىد شېرلىنى قارشى ئالاتتى. بەزى جاۋابكارلار سەل بېپەرۋالىق قىلىسىمۇ ياكى ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان ئىشلارنى بەكلا مۇبالىغە قىلىۋەتسىمۇ، لېكىن خېيىم ـ خەتەر ئالدىدا تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇپ كېتەتتى. ماندېلا تۇرمىدىكى ۋاقتىدا ئېلون خېلمان ئىسىملىك بىر ئاق تەنلىك لىبېرالىزمچى ئىئانە

بەرگۈچى ئايالنى ئەسلىدى. ئۇ ئايال ئىرقچىلىق مۇناسىۋىتى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىلگىرى مەبلەغ جۇغلاش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن سوتقا كەلگەنىدى. ماندېلا دەسلەپتە ئۇنىڭ نازاكەتلىك كىيىنىشلىرىنى بىرنەچچە ئېغىز ماختىدى، لېكىن ئۇ ماندېلانىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «ماندېلا ئەپەندى، سىز زادى نېمە قىلماقچى؟» دەپ سورىدى.

جەنۇبىي ئافرىقا سودا ساھەسىدىكى لىبېرالىزمچىلارمۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. لۇتولى ۋە بىرقانچە جاۋابكار تەكلىپكە بىنائەن ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا شىركىتىدىكى ھاررى ئوبېنخايىم بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشكە ماندېلا تەكلىپ قىلىنمىغانىدى. ئوبېنخايىم ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سىياسىغا بولغان تەلىپىنىڭ بەكلا رادىكال بولۇپ كەتكەنلىكىنى، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىمۇ ئۇلارنى بىر قىسىم ئاق تەنلىك قوللىغۇچىلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغانلىقىنى ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. لۇتولى قاتارلىقلار: «ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بىزنى باشقۇرالمايۋاتقانلىقىدىن نارازىمۇ قانداق؟ ئىشقىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي تەلىپىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئوبېنخايىم ئېھتىيات يۈزىسىدىن دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتلانغانلارنى ئاقلاش فوندى جەمئىيىتىگە 40 مىڭ فوندستېرلىڭ ئىئانە قىلدى.

لوندوندىكى كانون كوللىنىس ۋە يوھاننىسبۇرگتىكى پوپ لىفرىسنىڭ ياردىمى بىلەن فوندى جەمئىيەت يەنە ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن باشقا قوللىغۇچىلاردىنمۇ يېتەرلىك مەبلەغ توپلىدى. فوندى جەمئىيەتنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھىلارى فرايىگ، مەرى بېنسون ۋە فىرىدا لېفىرسون قاتارلىقلار باشقۇردى. كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ماندېلانىڭ دوستى بولۇپ قالدى. ئەينى يىلى ئادۋوكات بولغان، كېيىن ئەنگلىيە يۇقىرى پالاتاسىنىڭ سوتچىسى بولغان گىللارد گادىنا ئىسىملىك ئەنگلىيەلىك كىشى

سوتقا ياندىن قاتنىشىپ، ماندېلاغا زور ئىلھام، مەدەت بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا ئافرىقا كومىتېتىدىكى جورجى خاۋس ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. كىچىك سامى دېۋىسمۇ سوۋغات ئەكەلدى. ماندېلا بۇ ئىشلاردىن قاتتىق تەسىرلەندى.

لېكىن، پرېتورىيەدىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇپ، قارا تەنلىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى رەت قىلدى. 1957 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باش ئەلچى بايرود ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئۆتكۈزگەن مۇستەقىللىق كۈننى خاتىرىلەش يىغىنىغا پەقەت ئاق تەنلىكلەرنىلا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانىسىنىڭ قارا تەنلىكلەرگە بولغان قىزغىن پوزىتسىيەسى ئامېرىكىلىقلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ قويدى. ئەنگلىيە باش ئەلچىسىمۇ ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە قارا تەنلىكلەرنى چاقىرمىدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەنمۇ بىۋاسىتە ئۇچراشمىدى. دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەر ئارقىلىقلا ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيتتى، لېكىن بۇ خەۋەرلەردە ماندېلا ئەزەلدىن تىلغا ئېلىنمايتتى. لوندوندا جەنۇبىي ئافرىقا زېمىن ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى دائىرىسىدە ئىدى، زېمىن ئىشخانىسىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئاق تەنلىكلەر دۆلىتى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك مىللىيلاشتۇرغۇچىلار بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاشقا مايىل بولغاچقا، ئافرىقا تولپىلاڭچىلىرى بىلەن قارشى سەپتە تۇراتتى. ئەمما، كونسېرۋاتىپ باش ۋەزىر خارولد ماكمىللون ئافرىقا مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئامالنى تېخىچە تاپالمىغانىدى.

سوت باشلانغان دەسلەپكى چاغدا ماندېلا بويتاق ھالىتىگە

قايتقانىدى، ئۇنىڭ ئېۋلىن بىلەن بولغان نىكاھى ئاللىقاچان بۇزۇلغان بولۇپ، ئەر - ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقانىدى. ئېۋلىننىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ماندېلا ئەينى چاغدا بىر ئېغىزمۇ چۈشەنچە بېرىپ قويماي كېچە - كېچىلەپ ئۆيگە قايتمايدىغان بولۇۋالغان، ھەتتا بىر قېتىم ئۇنى گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالغانىكەن. لېكىن، ماندېلا بۇنى كەسكىنلىك بىلەن ئىنكار قىلغان. ماندېلا سىياسىي بىلەن چوڭقۇرلاپ ھەپىلەشكەنسېرى ئېۋلىنغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالغان. ماندېلا بىرىنچى قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە كېپىلگە بېرىلىپ ئۆيگە قايتقان چېغىدا، ئېۋلىننىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆيدىن بوران ئۇچۇپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا دېرىزە پەردىلىرىنىڭمۇ يوق تۇرغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ ماكجاتو ۋە ماركازۋى ئىسىملىك ئىككى بالىسى بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن، ماندېلا تەسەللى بېرىپ بالىلىرىنى تىنچلاندۇرماقچى بولغان.

ماندېلانىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ قايتا توي قىلىش - قىلماسلىقىنى پەرەز قىلىشقا باشلىغان، چۈنكى ئۇلار ماندېلانىڭ دائىم قىزلار بىلەن بىللە يۈرگىنىنى كۆرەتتى. رۇس مۇنپاتى ماندېلانىڭ قىز دوستلىرىنىڭ بىرسى ئىدى، ئۇ ماندېلانىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنىڭ كاتىپى بولۇپ، ناھايىتى زېرەك، كاللىسى ئۆتكۈر قىز ئىدى. يەنە بىرسى لىلىيان نىگوي ئىدى، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، ناھايىتى زېرەك، تەدبىرلىك قىز ئىدى، ئۇمۇ دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسىدىكى جاۋابكارلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىلەن ناھايىتى ئوبدان تونۇشىدىغان خەيلون يوسېفنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار تەڭرى قوشقان بىر جۈپلەر ئىكەن.

ھالبۇكى، ماندېلانى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغىنى سىياسىي سەھنىدىكى بىر تەجرىبىلىك شەخس ياكى ماندېلا بىلەن ئايالى

ئېۋلىننى ھەيرەتتە قويىدىغان قالتىس ئايال بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر قىز، يەنى 22 ياشلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمەتچىسى، ماندېلادىن تۇپتوغرا 16 ياش كىچىك بىر قىز ئىدى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى ۋىننى نومزامىن ماردىك زېلاگ بولۇپ، پېندورانىنىڭ بىزانا دېگەن يېرىدىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دادىسى كولومبو ماردىك زېلاگ بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. ۋىننى تەۋە قەبىلە نىگتۇيا پېندوراندىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىلگىرى ناتالنىڭ قەبىلە باشلىقى بولغان، كېيىن شاكادىكى زۇلۇ ئارمىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، بىزانادا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. بوۋىسى مازىنكى قەبىلە باشلىقى بولۇپ، ناھايىتى باي سودىگەر ئىدى، 29 خوتۇنى بار ئىدى، كېيىن مېتودىست دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئېيتىلىشىچە، ۋىننىنىڭ ئانىسى ئاق تەنلىكلەر قان سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ۋىننى توققۇز ياشقا كىرگەندە توققۇز بالىسىنى تاشلاپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دادىسى ئۇنى مېتودىست مۇرىتلىرىنىڭ قاتتىق ئەنئەنىسى بويىچە تەربىيەلىگەن. دادىسى ۋىننىغا ئۆزىنى ئۇنچە يېقىن تۇتمايتتى. ۋىننى ئانا تەرەپ مومىسى بىلەن دادا تەرەپ مومىسىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. «ۋىننىنىڭ ئۆز بېشىمچى، زوراۋان ئىدىيەسى ئۇنىڭغا ئانا تەرەپ مومىسىدىن ئۇدۇم قالغانىدى» دەيدۇ ۋىننىنىڭ يېقىن دوستى فاتىمە مىل: «ئەمما، ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئالاھىدە ھېرىسمەنلىكى بىلەن پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىجەزى دادا تەرەپ مومىسىنى تارتقانىدى.»

ۋىننى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئائىلىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئۆكتىچى، مۇستەقىل كۆزقارىشى ناھايىتى كۈچلۈك قىز ئىدى، بەزىدە تېخى مىجەز ـ خۇلقىدىكى زوراۋانلىق خاھىشىنىمۇ ئىپادىلەپ قوياتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر پارچە قەلەي

بىلەن بىر تال مىختا ياسىغان تارماق بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئاغزىنى ئۇرۇپ يىرتىۋېتىدۇ، سىڭلىسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ ئاغزى يىپ بىلەن تىكىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك ئانىسى ۋىننىنى قامچا بىلەن راسا ساۋايدۇ، ئۇ بۇ كەچۈرمىشىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. «ماسلىشالىغانلار هايات قالىدۇ دېگەنلىك مانا مۇشۇ» دەيدۇ ۋىننى كېيىنكى ئەسلىمىسىدە: «مېنىڭ ئەزەلدىن ئۆزۈمگە تەۋە كىيىمىم يوق ئىدى، شۇڭا ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭكىنى تارتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدىم. قېرىنداشلار ئارا مۇشتلىشىپ قېلىش دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. سەل چوڭ بولغان چېغىمدا بۇنداق قىلىشتىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدىم.» ئۇنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى ئىدى، ئەمما ئەزەلدىن سىياسىيغا ئارىلاشمايتتى: ئۇنىڭ مەكتەپداشلىرى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە تۇشمۇتۇشتىن ھېسداشلىق قىلغاندا ئۇ ئوقۇشتىن باشقىنى خىيالىغا كىرگۈزمىگەنىدى.

1953 ـ يىلى ۋىننى يوھاننىسبۇرگقا كېلىپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. يەپ كوچىسىدىكى قۇتقۇزغۇچىلار مېھمانخانىسىدا تۇردى، جىرن خوفمار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتى مەكتىپىدە ئوقۇدى. ۋىننى تۇغما ئەقىللىك بولغاچقا، ئىككى يىلدىن كېيىنلا باراۋاناس دوختۇرخانىسىنىڭ تۇنجى قارا تەنلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر ئىدى، مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغقا ئالاھىدە ھەۋىسى بار ئىدى. ۋىننى كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شەھەر قىزلىرىدەك نازاكەتلىك، جەلپكار بولمىسام بولمايتتى.»

ۋىننى يوھاننىسبۇرگتا بىرقانچە تروتسكىيچىلارنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ ئاكىسى مۇشۇ توپقا تەۋە ئىدى، لېكىن ۋىننى سىياسىي سەھنىدىكىلەر بىلەن ھامان ئارىلىق ساقلاپ يۈرەتتى. بىر كۈنى، ئۇ دوستى بىلەن بىللە سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، بوي ـ بەستى ئېگىز

ماندېلانىڭ سوتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى بوشقىنا چاقىرىۋاتاتتى. هايال ئۆتمەي، باراۋانا دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى ئادېلەيدې تىسىگۇ ئۇنى ماندېلاغا تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا ئادېلەيدې تىسىگۇ ئولىۋېر تامبو بىلەن توي قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئادېلەيدې تىسىگۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماندېلانىڭ نىكاھى ۋىنىنى سەۋەبلىك بۇزۇلغىنى يوق، ئۇنىڭ ئېۋلىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەسلىدىنلا قىل ئۇستىدە قالتۇرغانىكەن.» ماندېلا ۋىنىنىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى، ئۇ ۋىنىنىنى بىر كۆرۈپلا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. ئەتىسى ماندېلا دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىگە هۆكۈم قىلىنغانلارنى ئاقلاش فوندى جەمئىيىتى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاشنى هاۋالە قىلىش باهانىسى بىلەن ۋىنىنىنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ماندېلا هەرقانداق ئاماللارنى قىلىپ بولسىمۇ ۋىنىنى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. «مەن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا سىياسىي ئىدىيەلەرنى قۇيۇشقا باشلىدىم» دەيدۇ ماندېلا ئەسلەپ. ئۇ خېلى جىق زېهنىنى سەرپ قىلىپ يۈرۈپ، ۋىنىنىنى مۇهەببەت رەقىبىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. ئۇنىڭ مۇهەببەت رەقىبى باشقا كىشى بولماستىن، دەل ئۇنىڭ جىيەنى كەيسار ماتانزىما ئىدى. ماندېلا ۋىنىنىنى يەنە سىياسىي هەمراهلىرىغا، جۈملىدىن هىندىستانلىقلار ۋە ئاق تەنلىكلەرگە تونۇشتۇردى. سوت مەزگىلىدە ئۇلار قارىماققا تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا كۆرۈنىدىغان بۇ قىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ۋىنىنى تولىمۇ سۆزمەن، چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرگە ئالاهىدە هەۋىسى بار، گويا تامان باشقىچە بىر دۇنيادىن كەلگەندەك، يوغان كۆزلىرى بۆلەكچە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان قىز ئىدى. «ۋىنىنى ناهايىتى جەلپكار، لېكىن زىيادە تارتىنچاق قىز ئىدى» دەيدۇ پاۋل يوسېفنىڭ ئايالى ئادېلەيدې تىسىگۇ: «سىياسىي

چەمبىرەكنىڭ تامامەن سىرتىدا ئىدى.» بوئىنىستان مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن، نېلسون ماندېلا بۇنىڭدىن قىلچە ئەندىشە قىلمايتتى.» ۋىننى ماندېلانىڭ سىياسىي ھەمراھلىرىنى ئۆز دوستىدەك كۆرەتتى. دۇرباندىكى چېغىدا ئۇ ئىزمىر ۋە فاتىمە مىل بىلەن بىللە تۇردى. ئۇ لىلىيان نگويىغا چوقۇناتتى، ھەيلون يوسېفنى ئۆز ئانىسىدەك، تامبونى دادىسىدەك كۆرەتتى. ماندېلانىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن ئۇدۇم قالغان رەھبەرلەرگە خاس نوپۇزى ۋە خاراكتېرى ئۇنى تولىمۇ قايىل قىلغانىدى: ئۇ خوتۇن كىشىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى ... يول ماڭغاندىكى ھالىتى، قەدەملىرىنى تولىمۇ سالاپەتلىك يۆتكەشلىرى ئۇنىڭ تەڭداشسىز داھىيلىق مەرتىۋىسىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

ماندېلا ئەزەلدىن ۋىننىغا رەسمىي يوسۇندا توي قىلىش تەكلىپى قويۇپ باقمىغانىدى، لېكىن ۋىننى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا ياتلىق بولدى. ۋىننىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىزىنىڭ بۇ تەۋەككۇلچىلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. «دادام تويىمىزغا تامامەن قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى تۇتتى» دەيدۇ ۋىننى ئاشكارىلاپ : «ئاچا ـ سىڭىللىرىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇلار ماڭا ئۆزۈڭدىن شۇنچە چوڭ بۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلما، دەپ قاتتىق يالۋۇردى.» ۋىننىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ماندېلانىڭ كېيىن چوقۇم تۈرمىگە كىرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆيىنى بېقىپ يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ۋە تۈرمىگە ماندېلانى قەرەللىك يوقلاپ بارىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بۇ چاغدا ماندېلا ئېفرىندىن ئاللىقاچان ئاجرىشىپ بولغانىدى. 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋىننى ئۇنىڭ ئايالىغا ئايلاندى، توي قىلغان چېغىدا ئۇنىڭ ماندېلا بىلەن تونۇشقىنىغا ئاران بىر يىللا

بولـغانىدى. تېخىچە تەقىب ئـاستىدا تـۇرۇۋاتقان مانـدېلا ئالـتـە كۈنلۈك ئالاھىدە دەم ئېلىشقا ئېرىشىپ، ترانسكېيغا بېرىپ تـوي قىلـىـۋېلـىـشـىغـا رۇخـسـەت قىـلـىـنىدى. دادىـسـى ۋىـنـنـىـنـى ئاگاھلاندۇرۇپ، ماندېلانىڭ كۈرەش قايىنىمىغا باشچىلاپ كىرىـپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھنى ساقلاپ قالىمەن، بىللـە ئۆتىمەن دەيدىكەن، چـوقۇم ئۇنـىـڭ بىلەن بىـر يولدا ماڭمىـسـا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە: «دوسـتـۇڭ قاغا بـولسا، يېيىشىڭ پوق» دېگەن تەمسىلنى نەقىل كەلتۈرۈپ تەربىيە قىلدى.

مانـدېلا ئايالىنى بىللە ئېلىپ سوتقا قايتىپ كەلدى. ياش ھـەم نازاكەتلىك ۋىننى سوتخانىدىكى بۇرۇقتـۇرمىچىلىق كەيپىياتـى بىـلەن روشەن سېلىشـتۇرما ھـاسـىل قىـلـغانـدى. چىرايـىغـا كۆلۈمسـىرەش تېپـىـپ چىـقـقان بۇ ئـەر ـ ئـايالـىـنىڭ بـىـلـلـە تۇرۇشـلىرى تولـىمۇ دىـرامـاتىك تـۇس ئـالغانـىدى؛ ئۇزايـىـدىـن سىياسـىي ساھەگـە ئەمەس، بەلـكى كۆڭۈل ئېچىش ساھەسـىگـە مەنسۇپتەكلا كۆرۈنەتتى. ماندېلامۇ شـۇنىڭدىـن ئېتـىـبارەن يېڭـى ئوبـرازغا ئىگـە بولدى: ئـۇ يـالغۇز ئـادۋوكـات ۋە ئىنـقـىـلابچـىـلا ئەمەس، بەلكى ئايالىنى قالتىس ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەر ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىـرى بىلـەن ناھايـتى ئېجـىل ـ ئىنـاق ئۆتەتتـى، لېكىن ئۇلار دۇچ كېلىـۋاتقان تۈرلـۈك توسالغـۇلار ۋە خېيىـم ـ خـەتـەرلەر ئۇرۇش مـەزگـىلـىـدە تـۇرۇۋاتقـان مـۇنـۇ مۇھـەبـبـەت ھېكايىسىگە تېخىمۇ كۈچلۈك دىراماتىك تۇس ئاتا قىلغانىدى.

ۋىننى ئۆز ئالدىغا ئىنتىلـىشى، ئارزۇ ـ ئىستـىكى بار قىـز ئىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ بالىغا ئۆگەي ئانا بولۇپ قېلىش ئەھـۋالنى مۇرەكـكەپلەشـتۇرۇۋەتتى. مـاندېلانـىڭ ھېسـسـىياتـقـا تولىمۇ باي بۇ قـىز بىـلەن بولغان نىـكاھى دوستـلىرى تەسـەۋۋۇر قىلـغاندەك ئۇنـچىۋالا مۇقـىم ئەمەس ئـىدى. ۋىـنـنـى بىلـەن تـوي قىلغاندىن كېيىن ماندېلانىڭ تۇرمۇشىغا باشقىچە مەنە قېتىلدى. لېكىن، بۇمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۇۋەتتى، كـەلگۈسـىگە بولغـان ئالدىن كۆرەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ۋىننى ناھايىتى تېـزلا

سىياسىيىنىڭ ماندېلانىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئۇ مەن بىلەن بىللە تۇرۇشقا زادىلا ۋاقىت چىقىرالمايتتى، ئۇ بۇنى ماڭا بىلىندۇرمەي دېسىمۇ يەنە بىلىندۇرۇپ قوياتتى» دەيدۇ ۋىننى ئەسلىمىسىدە: «ئېسىمدە قېلىشىچە، تويدىن كېيىن ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىپ باقمىدىم، يېڭى توي قىلغان قىزلارنىڭ يېنىدىن ئېرى نېرى كەتمەيدىغان. لېكىن، ماڭا ئۇنداق يىگىت نېسىپ بولمىدى. ماندېلانى ئاۋام خەلقتىن تارتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كالللىسىدا كۈرەش قىلىش ۋە دۆلەت مەڭگۈ بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى.»

ۋىننى ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى تۇرغۇزدى: «ئۇنىڭ مەيدانى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى، مەن بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلۈكىمدىن مەھرۇم بولدۇم، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى قارانچۇقتا ئايلاندىم. مەن خەقنىڭ شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئايالمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ماندېلانىڭ ئايالى دېيىشىدۇ ... شۇڭا، مەن بۇ ھالغا خاتىمە بېرىشكە قەسەم قىلدىم.» ۋىننىنىڭ دوستى ھەيلون كۇزۋايو ۋىننىنىڭ كۆندە قىلىدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىدىن بارا ـ بارا چېكىنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ھەر خىل يىغىنلارغا قاتنىشىشقا باشلىدى، ئاق تەنلىك دوستى ھەيلون يوسېف ۋە ھىلدا بوئىنىستاننىڭ قارا تەنلىك ئاياللارغا قانداق نۇتۇق سۆزلەش ھەققىدىكى لېكسىيەسىنى ئاڭلىدى. لېكىن، ئۇ ئۇزاققا قالمايلا بەرداشلىق بېرەلمىدى: «مېنىڭچە، بىزنىڭ قانداق نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بېشىمىزغا كەلگەن تارتقۇلۇقلىرىمىز ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى بايان قىلىپ بېرەلىسەكلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.» ئۇ دەسلەپتە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق بايان قىلىشلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران

قالدۇردى، ئۇنىڭدا ئاددىي پۇقرالارغا خاس بىر خىل سىياسىي خاراكتېر بولغاچقا، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا ئەزەلدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاش ئۇنداق مۇتەئەسسىپ نۇتۇقلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمايتتى. «جىمى ئادەمنىڭ دىققەت ـ ئەزىرىدىكى قىزىق نۇقتىلار ئۇنى ھېچقانچە تەڭقىسلىقتا قويالمايتتى» دەيدۇ ئۇنىڭ ھىندىستانلىق دوستى ئادىلەيدې تىسىگۇ: «ئۇ كۇچلۇك چىراغ يورۇقى ئاستىدا ئەتراپىغا ئادەملەرنىڭ ئولىشىپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى.»

ۋىننى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاياللار كۇرىشى ھەرىكىتىگە قاتناشتى. قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن ئاياللار كۇرىشى ھەرىكىتىنىڭ كۇچىمۇ كۇنسېرى زورايغانىدى. ئەينى چاغدا ھۆكۇمەت ئاياللارنىڭ يول خېتى ئېلىپ يۇرۇشىنى مەجبۇرىي بولغا قويۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھۆكۇمەت ئافرىقىلىق ئەرلەرگە مۇشۇنداق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنىدى. شۇڭا، ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ كۇچى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى جەنۇبىي ئافرىقا ئاياللار ئىتتىپاقىنى قۇردى، بۇ ئىتتىپاق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاياللار ئىتتىپاقى قارىمىقىغا تەۋە بولدى. 1956 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاياللار ئىتتىپاقى تەشكىللىگەن كۇچ كۆرسىتىش پائالىيىتىگە جەمئىي 20 مىڭ ئايال قاتناشتى. ئۇلار پرېتورىيەدىكى بىرلەشمە بىناغا كېلىپ، باش مىنىستىر ھانىس سىچىلتونغا بىر پارچە مۇراجىئەتنامە سۇندى. بۇ ئاياللار پرېتورىيەگە مۇقەددەس ناخشىسىنى ياڭرىتىپ يېتىپ كەلگەنىدى: «سىچىلتون، سىز ئاياللارنى ئويىنىتىۋاتىسىز، لېكىن، يامان ئىشنى جىق قىلغان ئادەم ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىدۇ.» ۋىننى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ ئورلاندودىكى تارماق ئاپپاراتىغا ئەزا بولدى ھەمدە ناھايىتى تېزلا باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

«مەن خوتۇن ئالدىم دەپ چوڭ بالا ــ قازادىن بىرنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتىمەن ئەمەسمۇ!» دەيدۇ ماندېلا ئادۇوكات دوستى جورجى بىزۇسقا. چۈنكى، ۋىننىنىڭ ئۇستىدىن باشقا ئاياللارنى يول خېتى ئېلىپ يۈرۈشنى بايقۇت قىلىشقا كۈشكۈرتكەن، دەپ شىكايەت قىلىنغانىدى. ۋىننىدىن يول خېتىنى كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇ بۇنداق نەرسىنى مەڭگۇ يېنىدا ئېلىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى يۇقىرى ئاۋازدا جاكارلىغانىدى. ساقچى سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىقنامىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ يەنە تېخى ساقچىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. «سېنىڭ ئالغىنىڭ خوتۇنمۇ ياكى بوران چىقىرىپ ئوت قويىدىغان ئادەممۇ؟» دەپ چاقچاق قىلغانىدى بىزۇس ماندېلاغا. كېيىن ۋىننى بۇ ئىش ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىپ، ئەينى چاغدا ھۇجرىسىغا ساقچىنىڭ ئۇسسۇپ كىرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ساقچىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ساقچى كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلغان، ئۇ جەينىكى بىلەن ساقچىنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى قويغان، ساقچى يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن. شۇڭا، ساقچى ئۇنى ماڭا ھۇجۇم قىلدى دەپ ئەرز قىلغانىدى. بۇ دېلوغا بىزۇس مەسئۇل بولغان. دېلوغا قاراپ چىقىش جەريانىدا ناھايىتى زور ئىشەنچ بىلەن دەلىل ــ ئىسپاتلارنى تەمىنلىگەن. ئاق تەنلىك سوتچى دەلىل ــ ئىسپاتلارغا رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئۇنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

1958 ــ يىلى 10 ــ ئايدا، ئۇلار توي قىلىپ تۆت ئايدىن كېيىن، بويىدا قالغان ۋىننى ماندېلاغا يوھاننېسبۇرگتىكى زور كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، بار كۈچى بىلەن ئۇنى بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشتىن توستى، لېكىن ئايالىغا گەپ يېگۈزەلمىدى. ۋىننى قولغا ئېلىنىپ، باشقا 1000دىن ئارتۇق ئايال بىلەن بىللە تۈرمىگە

سولاندى. تۈرمىدە ئۇلار ئۆزىنى ناھايىتى روھلۇق تۇتتى، يەنە تېخى ئىككى ئاق تەنلىك ئايال گۇندىپاي بىلەن دوست بولۇپمۇ قالدى. ماندېلا ۋىنىنى بىلەن باشقا ئاياللارنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا ۋىنىنى قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە سىياسىي يولغا قەدەم تاشلاپ بولغانىدى. ماندېلا كېيىن ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ۋىنىنى ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا ئۇنى قوللىيالمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەكلىپ - پىكىر بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ئۇ ۋىنىنىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «ئۇ چاغدا مەن بەك ئالدىراش ئىدىم، ھەتتا بىردەم ئولتۇرۇپ ئويلىنىدىغانغىمۇ ۋاقتىم يوق ئىدى.»

ماندېلانىڭ بىرقانچە قەدىناس دوستى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋىنىنىنى تاللىغانلىقىنى زادىلا ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ۋىنىنى قەيسەر، جاسارەتلىك قىز ئىدى، لېكىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ماندېلاغا ئاۋارىچىلىك كەينى - كەينىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋەرگەنىدى. ۋىنىنى ماندېلانىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ماندېلانىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ كېتەتتى. لېكىن، بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتنىڭ قۇدرىتى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى جەلپ قىلىش كۈچىدىن ئازراقمۇ تۆۋەن تۇرمايتتى. بۇنى خۇددى ئارگېنتىنالىق ئەر - خوتۇن ۋىرون بىلەن ئامېرىكىلىق ئەر - خوتۇن كېلىنتونغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. ۋىنىنىنىڭ دادىل، جۇرئەتلىك خاراكتېرى، جەلپكارلىقى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلالايدىغان ناتىقلىقى گويا بىر لەرزان مۇزىكىدەك ماندېلانىڭ بوغۇق، تۆۋەن ئاۋازىغا سىڭىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ سەل مۇتەئەسسىپ ئۇسلۇبىغا ناھايىتى ياخشى تەڭكەش بولغانىدى. تولىمۇ جەلپكار ھەمدە قالتىس يارىشىملىق كېيىنىپ يۈرىدىغان بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن 50 - يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدىكى

چوقۇنغۇچىغا ئايلانغانىدى. ئۇلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان چىراغلار ئاستىدا لەرزان تانسىغا چۈشكەندە كىشىلەر گويا ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە ھە دەپ يالتىراۋاتقان ئامېرىكىچە نۇر چەمبىرىكىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ۋىنىنى ناھايىتى تېزلا قەھرىمان ئايالغا خاس ئوبرازى بىلەن ئاۋامنىڭ دىققەت ـ نەزىرى ئىچىدە پەيدا بولدى.

# 10. كۆچلۆك دۈشمەن

(1957 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە)

دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دىپلوسىنى سوتلاش تېخىچە داۋام قىلىۋاتاتتى، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ قورقۇنچلۇق سىياسىي كىرىزىس ئىچىگە پېتىپ قالدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈپ تاشلىيالايتتى ھەمدە ماندېلانىڭ سىياسىي ئورنىغا تەھدىت ئېلىپ كېلەتتى. مەملىكەتلىك قۇرۇلتايدىن كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى جەنۇبىي ئافرىقا مىللەتچىلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا «پانئافرىقانىزمچىلار» نىڭ يامان نىيەتلىك زەربىسىگە چىداپ كەلدى. ئۇلار «ئەركىنلىك خارتىيەسى» گە قارشى ئىدى، يەنە تېخى ئافرىقىلىقلارنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشىنى ھەمدە كوممۇنىستلار ۋە باشقا ھەرقانداق ئىرق بىلەن بولغان بارلىق ھەمكارلىقنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلاتتى. بۇ قېتىمقى سوت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېتىراپقا ئېرىشتۈردى، شۇنداقلا يەنە تىغ ئۇچىنى ئۇلارنىڭ ھىندىستانلىقلار ۋە ئاق تەنلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراتتى. بۇ، پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قارشىلىشىش كەيپىياتىنى قوزغىدى.

ماندېلا پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ ئالدىراقسان ۋە بىزارلىق كەيپىياتىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، چۈنكى ھازىرقى ئۇلار بىلەن ئون يىل بۇرۇنقى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ناھايىتى

ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەگەر مۇھىت ئالماشتۇرۇلسىلا ماندېلانىڭ ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆپ خىل ئىرقنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا ھەمدە كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ھەرقانداق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ئامىل بولۇپ قالاتتى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۆرەشتە غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. ماندېلا شۇ تاپتا ئەڭ چاتاق تېرىيدىغان تەرەپكە ئايلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، پانئافرىقانىزمچىلار مۇشۇ قېتىملىق سوتتىن پايدىلىنىپ ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنى يېنىغا تارتىۋاتاتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىدېئولوگىيەسىدە كۆرۈنەرلىك پەرق بار ئىدى: يەنى بىرى — مىللەتپەرۋەرلىككە ئىشىنەتتى؛ يەنە بىرى، كۆپ خىل ئىرقچىلىققا ئىشىنەتتى. بىرى جاھىل، يەكلەمچى ئىدى؛ يەنە بىرى چىقىشقاق، كەڭ قورساق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان، تېخى چېگراسى ئايرىلمىغان تەرەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن، توقۇنۇشنىڭ كەينىدە ئۇزاق مەزگىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان شەخسىي ئۆچ - ئاداۋەت ۋە ئىختىلاپ بار ئىدى. ئۆتمۈشتىكى ئىختىلاپلارنى كۆزدە تۇتقاندا، يارىشىپ قېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى.

ماندېلا بىلەن ھەمراھلىرى ئايىغى چىقماس سوتلىنىش تەرتىپلىرى دەستىدىن راسا قىينالماقتا ئىدى. گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ مەزكۇر دېلوغا قاراپ چىقىشتىن ۋاز كېچىشىدىن ھېچقانداق ئۇمىد بولمىسىمۇ، لېكىن 1957 - يىلى 12 - ئايدا، يەنى گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ئېچىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئەيىبلىگۈچى جاۋابكارلارنىڭ ئىچىدىكى لۇتۇلى بىلەن تامبونى ئۆز ئىچىگە ئالغان 61 كىشىگە بولغان ئەيىبلەشنى بىكار قىلدى.

ماندېلا ھەربىي ئىشلار ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ قويغان بولغاچقا قالغان 95 كىشىنىڭ قاتارىغا تىزىلىپ قالغانىدى. ئاقلىغۇچى ئادۋوكات پۈتۈن دېلوغا بولغان ئەيىبلەشنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ھۆكۈمەت بىر يېڭى ئەيىبلىگۈچى — سابىق ئەدلىيە مىنىستىرى ئوسۋالد پىگنى ئەۋەتتى. بۇ كىشى كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغۇچى ئىدى، تەبىئىتى ئۇرۇشقاق ئىدى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلارنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىغانىدى. ئوسۋالدنىڭ ئېيتىشىچە، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر مەيدان خەتەرلىك سۇيىقەستكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ خەتەر گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپات بار ئىدى.

ۋېرسال: «بۇ دېلونىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق، پرېتورىيە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلسا بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلغاندىلا، ماندېلا ئۆزىنىڭ «ئەيىبلىگۈچى بۇ دېلودا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن پەرىزىنىڭ بىر ئارزۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقا جاۋابكارلار بىلەن بىللە تۈرمىگە قامىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ دېلو تولىمۇ بىمەنە ئىدى، ئەيىبلىگۈچىلەر توختىماي كاپشىيتتى، رازۋېدكىچىلار ئىقتىدارسىز ئىدى، كوممۇنىزمغا بەرگەن تەبىرىمۇ ھەددىدىن زىيادە بىمەنە ئىدى. ئەمما، بۇ كۆلكىلىك، بىمەنە ئامىللارنىڭ كەينىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئاخىر يەتمەكچى بولغان سۇيىقەستى يوشۇرۇنغانىدى، يەنى بۇ جاۋابكارلارغا بىر جىنايەت ئارتىش ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى سىياسىي سەھنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرى سوت تەرتىپلىرىگە دىققەت - نەزىرىنى زىيادە قارىتىۋەتكەچكە تەشكىلىي جەھەتتە قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىگە پېتىپ قېلىپ، ئۆكتىچىلەرگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇلار «بىز رەھبەرلەر

بىلەن بىللە» دېگەن نامدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قولىلىغۇچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرماقچى ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ نۇتۇق سۆزلىشكە يول قويۇلمايتتى، بىلەت تاشلىغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكىمۇ ئامالسىز ئىدى. ئەمما، پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ ئۇل ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەمدەك قىلاتتى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنى ئۆز بېشىمچى، دېموكراتىيەگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئەزالىرىنى بىلەت تاشلايدىغان قورال قىلىۋېلىشتىن باشقىنى ئۇقمايدۇ، دەپ ئەيىبلەيتتى.

ماندېلانىڭ يۇرتى سوۋېتو رايونى پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ كۈچى ئەڭ زور جاي ئىدى، ئۇلارغا دېموكراتچىلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بوتراك كەيج رەھبەرلىك قىلاتتى. ماندېلا بوتراكنىڭ ئادۋوكاتى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بوتراك تولىمۇ جاسارەتلىك، ئەمما تازا پىشمىغان كىشى ئىدى. بۇ — ئۇ ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئورتاق كېسەللى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى يوھاننىسبۇرگتىكى ئامېرىكا ئۇچۇر مۇلازىمەت ئورنىدا خىزمەت قىلغانىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ زور مىقداردا تەشۋىق ۋاراقلىرىنى باستۇرغانىدى. لېبالو بىلەن ئامېرىكىنىڭ تۇرلۇك ئالاقىسى «پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ پەردە كەينىدىكى قوللىغۇچىسى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى» دەيدىغان مىش - مىش گەپنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، لېكىن بۇ مىش - مىش گەپ ئەزەلدىن دەلىللەنمىگەنىدى.

«پانئافرىقانىزمچىلار» ژۇرنىلى سوۋېتودىكى لېبالو ئۆيىدە بېسىلاتتى. پۇتكۇل ژۇرنال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سولچىل رەھبەرلىك ئۇسلۇبىغا بولغان تەنقىد ۋە ھاقارەت بىلەن تولغانىدى. پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ ئىشلەتكەن تىلى كۆپ مىللەتچىلەرنىڭكىدىنمۇ ئۆتەر ھېسسىياتقا تولغانىدى. ماندېلا

قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلغان مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش ماركسىزم چاقىرىقىغا سىڭىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ «سىرتتىن كىرگەن كۈچلەر»، «شەرق بىيۇروكراتلىق تۈزۈلمىسى» ۋە «يات مىللەتلەر مىتودولوگىيەسىنى بازارغا سالغۇچى» لارغا بولغان ھاقارەتتى تولىمۇ جانلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى ئاق تەنلىك مۇخبىرلارنىڭكىگە يېقىنلىشىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئاق تەنلىك مۇخبىرلار ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ بەرگەنىدى. ئالېكساندىردىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى جوسىيا مادزىنىيامۇ پانئافرىقانىزمچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ قۇترىتىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. پىتېر لابراك مائارىپ ئىشلىرىنىڭ باياناتچىسى بولۇپ، ناھايىتى سۆزمەن، گەپدان كىشى ئىدى، كېيىن مۇخبىر بولغانىدى. زېف موسوپىن كەسىپچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئادۋوكات ئىدى. كېيىن بانتۇ مائارىپىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىلغانىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ ناھايىتى قورقۇمسىز پالۋان ئىدى، كېيىن روببېن ئارىلىغا قامالغانىدى.

پانئافرىقانىزمچىلار شۇنى كۆرۈپ يەتتىدىكى، ئاق تەنلىك كوممۇنىستلار شەھەر ئەتراپى رايونىدا ناھايىتى راھەت ـ پاراغەت ئىلكىدە ياشايتتى. ماندېلا قاتارلىقلار بولسا پەقەت شەھەر رايونىدىكى ئەرزان باھالىق مەيخانىلاردىلا هاراق ئىچەلەيتتى. پىتېر لابراك كېيىن ماندېلا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «ئافرىقا يېزا ـ مەھەللىلىرىدىن تامامەن يېڭى بولغان بۇ مۇھىتقا قانداقلارچە كەلگەنلىكىنى ... بۇ يەردىكى ئاق تەنلىك ئاياللارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇل ئاتاشلىرىنى، قەيەرگىلا قارىسا ئاۋاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن مەنزىرىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن» قىلىۋەتكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن. ماندېلا پىتېر لابراكنى «ئەرزان باھالىق مەيخانىدىكى زىيالىي» دەپ ئاتىغان.

پېتېر لابراك بۇنداق ئاتاشنى ئۆزىگە بولغان بىر خىل خۇشامەت دەپ چۈشەنگەن ۋە: «ئەگەر باشقىلار مېنى سىز بىلەن بىر يولدا دەپ قاراپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا مېنىڭ سىياسىي ئابرۇيۇم هامان بىر كۈنى گۇمران بولىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەنىدى. پېتېر لابراك خەلق ئاممىسىنى تىلغا ئالغاندا، ماندېلا: «سىز ئاشۇ يەر ئاستى مەيخانىلىرىنى دەۋاتامسىز؟» دەپ سورىغان. پېتېر لابراك: «شۇنداق، مەن سىزدەك تەلەيلىك ئەمەس، سىز خوتتاۋىن بىلەن پاك شەھەرچىسىدە هاراق ئىچەلەيسىز. مەن بولسام يەر ئاستى مەيخانىلىرىدا ئاممىا بىلەن خاتىرجەم هاراق ئىچەلىگەن بولسام، رازى بولغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ماندېلا كەچتىكى ۋاقىتلىرىنى خىزمەتكە ئاتايتتى، هاراقفا قەتئىي يېقىن يولىمايتتى.

ئورلاندودىكى پانئافرىقانىزمچىلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىدىن نارازى ئىدى. 1958 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېچىلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. لېبالو باش بولۇپ ئىجرائىيە كومىتېتىغا هۇجۇم قوزغىدى. ئەينى چاغدا ماندېلا قاتارلىق كىشىلەر مەنئى قىلىش بۇيرۇقى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا يىغىنغا قاتنىشالمىغانىدى، شۇ سەۋەبلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. يىغىن بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى ترانسۋالدىكى شۆبىسىگە جىددىي قوشۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتى نائىلاج ترانسۋالدىكى شۆبىسىنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 1958 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىر مەيدان بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى قوزغاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭلا چوڭ سايلامغا قاتنىشىشىغا يول قويغانلىقىغا قارشى تۇرماقچى بولدى.

ھالبۇكى، بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ قارشى تۇرۇشى سەۋەبلىك ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياردەمچى سېكرېتارى بولغان دۇما نوكۋىل بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى «كىشىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى ـــ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولدى، كۆپچىلىك ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئۈمىدسىزلەندى» دېگەنىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ ئاشكارا قارشىلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەخپىي يىغىن ئېچىپ، لېبالونى تەشكىلاتتىن قوغلاپ چىقاردى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن پانئافرىقانىزمچىلار 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل چەك ـ چېگرا ئاجراتتى. ئەينى چاغدا ترانسىۋالدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىر قېتىملىق خەۋپسىزلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا لۇتۇلى رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇ يىغىنغا قاتناشقانلارنى «تار ئافرىقا مىللەتچىلىك پوزىتسىيەسى» بىلەن پانئافرىقانىزمچىلارغا مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك، دەپ ئەسكەرتتى. پانئافرىقانىزمچىلار ماندېلا بىلەن تامبونى ئاساسلىق دۈشمەن قاتارىدا كۆرەتتى. ئەينى چاغدا تامبو يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كاتىپى ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن دۈشمەن ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى پەسەيتمەكچى بولدى. چۈنكى، ئەينى چاغدا ئىككى تەرەپ گۇۋاھنامە ۋە ۋەكىل مەسىلىسى جەھەتتە ماجىرالىشىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇشمىغانىدى. سايلامنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پانئافرىقانىزمچىلار يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن چەك ـ چېگرا ئايرىپ، 1912 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سىياسىتىنى نازارەت قىلغۇچىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى

ئېيتتى.

بۇ قېتىملىق ئۇزۇل - كېسىل بۆلۈنۈشتىن ساقلانغىلى بولامتى؟ ئەمەلىيەتتە ماندېلانىڭ ئائىلە دوختۇرى نىتادو موترانا ئۇتتۇرىغا چۈشۈپ ئىختىلاپنى پەسەيتەلەيتتى. موترانا ناھايىتى زېرەك، گەپنى ناھايىتى تېز قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ياشلار ئىتتىپاقىدا ماندېلا بىلەن بىللە ئىشلىگەن ھەم قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقانىدى. ئۇ بىر كارخانىچى بولۇپ، كاپىتالىزمغا ئىشىنەتتى. ماندېلا ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كاللىسى ناھايىتى زېرەك سودىگەر ئىدى، كاللىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلەيتتى.» موترانا ئاق تەنلىك كوممۇنىستلارغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن پانئافرىقانىزمچى روبېرت سوبۇكۋېل ياخشى دوستلاردىن ئىدى. سوبۇكۋېل موترانانىڭ بىمارى ئىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئوپېراتسىيەخانىسىدا يىغىن ئاچقانىدى. لېكىن، موترانا بۆلۈنۈشكە قارشى ئىدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقسا پۈتكۈل ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئەركىنلىك مۇساپىسى كەينىگە چېكىنىپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى: «مەن ئۇلارغا ئاق تەنلىكلەردىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرماڭلار دېدىم، ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە قېلىپ قېلىشى ۋە ئاق تەنلىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك ئىدى.»

موترانا كوممۇنىزمنىڭ تەسىرى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاغرىنىش سادالىرىنى ئاۋۇتۇۋەتكەنلىكى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن چىقىپ كېتىمىز دەپ جار سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ماندېلانى ئاگاھلاندۇردى. لېكىن، ماندېلا موتراناغا: «نىتادو، ئۇنچە ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پۈتكۈل دۆلەتنى كونترول قىلالايدۇ» دېدى. كېيىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەن چاغدا، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پانئافرىقانىزمچىلارنى يەكلىگەنلىكىنىڭ بەك ھەددىدىن ئېشىپ

كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەزى ئىشلارنى كەڭ قورساقلىق بىلەن، سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىسام بوپتىكەن ... بىز بەك جىق ئادەملەرنى تەشكىلاتتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇق.» لېكىن، ئۇ بۇ قېتىملىق بۆلۈنۈشنىڭ «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە، بىز بۇنىڭدىن ساقلىنالمايتتۇق.»

ماندېلا ئەڭ ئاخىر كۆپ يىللاردىن بېرى ھەمكارلىشىپ كەلگەن بىرقانچە سىياسىي ھەمراھىدىن چەك ـ چېگرا ئايرىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئۇستازى گول رادىبمۇ بار ئىدى. بۇ كىشى ناھايىتى قەيسەر كوممۇنىزمچىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ياشلار ئىتتىپاقىدىكى خىزمەتدىشى پىتېر دام ئەزەلدىن بىر پانئافرىقانىزمچى ئىدى. ئۇ كېيىن ماندېلاغا قاتتىق ئىشىنىپ كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ «نىيەت ـ ئىقبالىمىز بىزنىڭ ئەمدى دوست بولۇشىمىزغا يول قويمىسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ھېلىھەم قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاقلىق» دەپ ھېس قىلاتتى. ماندېلامۇ دامنى ناھايىتى خۇشاللىق ئىلكىدە ئەسكە ئالاتتى. ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا مۇنداق يازغانىدى: «ئۇ بىر ئاممىۋى شەخس، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن ھەرقانداق مەنىدىكى ئۇچرىششتا بولۇپ باقمىغان. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر ئادەم. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ناھايىتى يېقىملىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلىشىڭىز مۇمكىن، ھەم ئىچ ـ ئىچىڭىزگە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.» ماندېلانىڭ نەزىرىدە دام ئۇرۇشخۇمار ئىدى، ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى؛ ماندېلا بولسا تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى.

1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پانئافرىقانىزمچىلار ئورلاندودا مەمـلىكەت خاراكتېرلىك يىغىن ئېچىپ، ئۆز پارتىيەسىنى — پانـئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنى قۇردى. يىغىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ

1652 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا ماكانلاشقانلىقىنى تەبرىكلەش كۈنىدە ئېچىلدى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى قوزغىماقچى ئىدى. ئۇلار ئەينى چاغدا ئاق تەنلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن ئافرىقا خەلقى ئۆز زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ، قۇللۇققا چۈشۈپ قالغان، دەپ قارايتتى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنى ئافرىقىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئافرىقا مىللەتچىلىرى بىلەن باغلاشقا ئامراق ئىدى. چۈنكى، ئافرىقا مىللەتچىلىرى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇستەقىللىققا قاراپ قەدەم ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گانالىق كىۋام نكۇلما ئوتتۇرىغا قويغان «يېڭى ئافرىقا روھى» مۇ پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ تۇۋلاۋاتقان مۇقامى بىلەن بىر يەردىن چىققانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەشەببۇس قىلىۋاتقان كۆپ مىللەتچىلىك روھى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.

پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى لېبالوغا ئوخشاش مىجەزى چۈس، تېرىككەك شەخسلەرنى رەئىسلىككە سايلىمىدى، بەلكى تەپەككۇرى كۈچلۈك روبېرت سوبۇكۋىلنى سايلىدى، ئۇ ۋىتفورتسلەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئافرىقا تىلشۇناسلىقى لېكتورى ئىدى. سوبۇكۋىل رەئىسلىككە سايلانغاندا 35 ياشتا بولۇپ، ماندېلادىن ئالتە ياش كىچىك ئىدى، ماندېلاغا ئوخشاش بەستلىك، قاملاشقان، تەمبەل كىشى ئىدى. لېكىن، سوبۇكۋىلنىڭ ئائىلە كېلىپچىقىشى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى دېھقانلارغا خاس تەپەككۇر ئەندىزىسى بويىچە چۈشىنەتتى. ئۇ كېيپتاۋىندىكى قۇرغاقچىلىق ئېغىر جاي كالۇدا چوڭ بولغانىدى، دادىسى ئاددىي پىركازچىك ئىدى. ئۇ مېتودىستقا ئەزا بولغان ھەمدە خىلدتوۋن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ئوقۇش نەتىجىسى ماندېلادىن خېلىلا ياخشى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ،

ئۇرۇشخۇمارلىقىنى تەشەببۇس قىلدى، مىسسىيونېرلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئافرىقىنىڭ كۈچىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىشىنى ئارزۇ قىلدى: «بۇ خۇددى جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان رىم مەدەنىيىتىنىڭ ياۋايىلارنىڭ ئالىقىنىدا تۇرۇپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكىنىگە، كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئافرىقىدا ساپلاشقانلىقىغا ئوخشايتتى.»

1949-يىلى سۇبۇكۇئىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارلىقىغا سايلاندى ھەمدە ماندېلا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش پىلانىنى ئاكتىپ قوللىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەر بىلەن تامامەن بىردەكلىك ھاسىل قىلىشىدا مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. چۈنكى، «ئەۋزەل ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تەشكىلاتلار ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.» باشقا پانئافرىقانىزمچىلارغا ئوخشاش ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى چىڭ تۇرۇۋاتقان كۆپ خىل ھەرىكەتتىن بەكلا نارازى ئىدى ھەمدە ئۇلارنى «يوھاننېسبۇرگتىكى ئىرق ھالقىغان زىياپەتلەردە ئاق تەنلىك ئاياللار بىلەن تانسا ئويناشنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئافرىقىنى بىر ئامالالارنى قىلىپ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىشنى بىلمەيدۇ» دەپ ئەيىبلەيتتى.

ئەنە ئاشۇنداق ناتىقلىقتا ۋايىگە يەتكەن كوممۇنىزمغا قارشى زىيالىيلار رەھبەرلىك قىلغان پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ياۋروپا، ئامېرىكا كونسېرۋاتىپلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەش ئۈمىدى بار، دەپ قارايتتى. ماندېلانىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئافرىقا سول قانات كۈچلىرىگە بولغان بىر زور زەربە، دەپ قارايتتى. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى كوممۇنىزم بىلەن ئىرقچىلىقنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ غەربكە بەكرەك تەھدىت پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى

مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيتتى. ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس خادىملار مەھكىمىسى لۇتۇلىنىڭ «ئىرقىي كەڭچىلىك سىياسىتىدىكى مۇستەھكەم مەيدانى ۋە نىسپىي كەمتەر پوزىتسىيەسى» نى قوللىدى. ئىراق، جەنۇبىي ئافرىقا ساقچىلىرىنىڭ تەسىرىدە ئەنگلىيە تەرەپ پانئافرىقىلىقلار قوزغىلىڭىغا بولغان ھۆرمىتىمۇ سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ساقچى ئىدارىسى ئەنگلىيە يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس خادىملار مەھكىمىسىگە ناھايىتى ئۇزۇن دوكلاتتىن بىرنى تاپشۇردى. دوكلاتتا: «پانئافرىقانىزمچىلار ئۆز تەشكىلاتىنى ئافرىقىدىكى بىرنەچچە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ بىرى ئورنىدا كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئافرىقىنى ئازاد قىلىپ، جاھانگىرلىك ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئەڭ ئاخىردا ئاتالمىش ئافرىقا قوشما دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئىدى.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنى يەنىلا يەر شارى كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش كۈچلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىستىپاقدىشى، دەپ قارايتتى.

ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەسىر كۈچنىڭ يارىشىپ قېلىشىنى يەنىلا ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئىلگىرى سوبۇكۇئىل ۋە لېبالوغا ئادۇوكات بولغانىدى. ئۇ سوبۇكۇئىلنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرىگە زىيادە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى «مەشھۇر ناتىق ۋە پىشقان مۇتەپەككۇر» دەپ قارايتتى. لېكىن، ئۇ سوبۇكۇئىلنىڭ قارا تەنلىكلەر مىللەتچىلىك ئىدىيەسى تازا پىشىپ يېتىلمىگەن دەپ قارايتتى، پانئافرىقانىزمچىلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەتمۇ ماندېلانىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى مەسىلىسىدە سوبۇكۇئىلنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى تار دائىرىلىك ئىدى. پانئافرىقانىزم خىتابنامىسىدىن بىر نۇقتىنى

كۆرۈۋالغىلى بولاتتى: «ئافرىقا خەلقى باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىز نىڭ زېمىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ.» ماندېلا بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدى ھەمدە قەبىلە ئاھالىلىرى بىلەن ئاق تەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى.

ھالبۇكى ماندېلا سۇبۇكۋېلىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان تەھدىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى، پانئافرىقانىزمچىلارنىڭ قارا تەنلىك ياش زىيالىيلارغا بولغان تەسىرىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى. ماندېلانىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق كەسكىن سىياسىي خىرىس يېتىپ كەلدى. 40 يىلدىن كېيىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە، ماندېلا سۇبۇكۋېلىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ رەقىب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىگە غەيرىي ئاق تەنلىكلەر لاگېرى پرېتورىيەدە سوت ئېچىلدى. ئۇ يەردىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈچى نىسبەتەن ئاجىز ئىدى، لېكىن ئاق تەنلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. دېلوغا ئۈچ سوتچى قاراپ چىقىشقا مەسئۇل بولدى، دېلوغا ئومۇمىي مەسئۇل بولغان كىشى يەنىلا سوتچى رامپاۋ ئىدى. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا جاۋابكارلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى سوتلىغانىدى. ماندېلا رامپاۋنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ھۆرمەت قىلاتتى ھەمدە ئۇنى قولىدا يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات يوق، دەپ قارايتتى: «ئۇ بىزنى تۈرمىگە سولاشنى نىيەت قىلغانىدى، لېكىن ئۇ سەممىي، راستچىل سوتچى بولغاچقا، كىشىگە زىيان سالىدىغان ئەسكىلىكنى قىلمىدى.»

«يالغان گەپلەرنى ئۆلچەش ئەسۋابى» دەپ نام ئالغان فونون

بىگىللون يەنىلا ئاقلىغۇچىلار ئۆمىكىدە بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىككى نوپۇزلۇق ئادۋوكات — ئىسرائىل مەسىرېس بىلەن بىرام فىشىرىسمۇ بۇ ئۆمەككە ئەزا بولغانىدى. ئەينى چاغدا فىشىرىس ماندېلانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاساسلىق رولچىسى ئىدى. ئۇ كەم ـ كوتىسىز جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك ئىدى، كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولدى ۋە ماكس، موش كوتانا ۋە يوسېف كاچارىيانىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ ستوكىزمچە ئۆزىنى قۇربان قىلىش ۋە تەقدىم قىلىش روھى ماندېلانىڭ قايىللىقىنى قوزغىغانىدى: «بىر ـ بىرىمىزنى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلاردەك كۆرەتتۇق.» فىشىرىس بۇ قېتىملىق ئاقلاشقا پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلدى، ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىمۇ نۇرغۇن جاۋابكارلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولغانىدى.

سوت نەچچە رەت توختاپ، نەچچە رەت ئېچىلىش، كەسكىن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا فونون بىگىللون بىر تالاي قانۇنىي دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ، تاققا ـ تۇققا يېزىلغان ئەيىبلەشنامىگە نىسبەتەن گۇمان تۇغدۇردى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئەيىبلىگۈچى تەرەپ تۇيۇقسىزلا بارلىق ئەيىبلەشلەرنى بىكار قىلدى. لېكىن، بىر ئايدىن كېيىن، قايتىدىن ئەيىبلەشكە تۇتۇندى. بۇ قېتىمقى ئەيىبلەشنامە پاكىتلىق يېزىلغانىدى، تىغ ئۇچى جاۋابكارلارنىڭ ئىچىدىكى 30 ئادەمگە قارىتىلغانىدى، ھە دېسىلا ئۇلارغا ئىنقىلاب قىلىشقا ۋە زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوزغاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەنىدى. ماندېلامۇ مۇشۇ 30 كىشىنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى ئىدى.

سوت 1959 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پرېتورىيەدە داۋاملىق ئېچىلىدىغانغا بېكىتىلدى. لېكىن، سوت ئېچىلىشنىڭ ئالدىنقى

كۆنى ئاخشىمى ماندېلا قارا تەنلىكلەرنىڭ «ۋايجىرا» ناملىق مۇزىكىلىق دىرامىسىنى كۆرگىلى باردى، دىرامىدا سوفىياتاۋندىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىلىك بوكس ماھىرىنىڭ قىز دوستىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ھېكايە ۋەقەلىك قىلىنغانىدى. تۇنجى مەيدان ئويۇن ۋىتفورتسلەن ئۇنىۋېرسىتېتى زالىدا قويۇلدى. ئۇ — يوھاننىسبۇرگتىكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ بىللە تۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىلگەن بىردىنبىر جاي ئىدى. ئويۇن ماندېلانى ناھايىتى تەسىرلەندۇردى، ئويۇندىن كېيىن ئۇ مۇزىكانت ماتتىجىكسا ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئېسمىنى قۇچاقلاپ قويدى. ماندېلا: «دىراما تېكىستىدىكى ‹ئازابلىنىش پەيتى، كۆلپەتلىك پەيت› دېگەن مىسرالارنىڭ ئۆزىگە ئەتىسى ئېچىلىدىغان سوتنى ئەسلەتكەنلىكى» نى بىلدۇردى.

سوت يەنە باشلاندى، سوت ئارىلىقتا تالاي قېتىم توختاپ، تالاي قېتىم ئېچىلدى. ماندېلانىڭ كەلگۈسى پەرەز قىلغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان قانۇن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كۆپ ساندىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ ھەرىكىتى سوت ياكى چەكلەش بۇيرۇقى بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرىدى. لۇتۇلى بۇ دېلودا ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن 1959 - يىلى 6 - ئايدا ئۇ يەنە بەش يىللىق چەكلەش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالدى، بۇيرۇقتا ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يۇرتى ناتالدىلا چەكلەنگەنىدى. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئىلىنو ئەملى لوندوندا چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەڭ كەمتەر، ئەڭ مۆتىدىل رەھبەرلىرى»نى قوغلاپ كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ رادىكال ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ۋاقتى كەلگەندە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بۇيرۇق بىلەن پۈتۈنلەي چەكلەيدىغانلىقىنى

بىلدۈردى. «نيۇيورك دەۋر گېزىتى» لۇتۇلىنىڭ ئارخىپىنى ئېلان قىلىپ، ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ «قىممىتى بار دۈشمەن» دېگەن بىرنى تاللىغانلىقىنى ئېيتتى. يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئامېرىكا باش ئەلچىسى فىلىپ كىلاۋ ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىپلوماتىيە ئەمەلدارىغا قارىغاندا خېلىلا ئاقىل كىشى ئىدى. لۇتۇلى چەكلەش بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، فىلىپ گىرۇتۇۋېلغا ئۇنى يوقلاپ باردى. لېكىن، غەرب دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ماندېلا قاتارلىق ئۇرۇشخۇمار رەھبەرلىرىدىن يەنىلا ھەزەر ئەيلەيتتى.

سوت داۋامىدا ماندېلاغا بولغان بېسىم بارغانسېرى زورايدى، لېكىن پەردە ئارقىسىدا ئۇ يەنىلا بىر ئاكتىپ پائالىيەتچى ئىدى، سىسۇلۇ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. سىسۇلۇنىڭ تەسىرى يەنىلا ناھايىتى زور ئىدى. «كۆپچىلىك يەنىلا مېنى باش سېكرېتار ئورنىدا كۆرەتتى» دەيدۇ سىسۇلۇ چۈشەندۈرۈپ: «چۈنكى، ھازىر سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىگە ئەمەلىي تەيىنلەنگىنى ئولىۋېر تامبو بىلەن دۇما نوكۋېل ئىدى، لېكىن ئاۋۋالقىدەكلا خىزمەتلەرگە قاتنىشىۋاتىمەن. مەن ھەر كۈنى ماندېلا بىلەن بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ تۇرىمەن.»

لېكىن، 50 ـ يىللاردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ناھايىتى قالايمىقان ھالەتتە تۇردى. 1955 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر رەھبىرى «ئەركىنلىك» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، قىلچە مۇبالىغە قىلماي مۇنداق دېدى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى بەكلا تۆۋەنلەپ كەتتى، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىسى يېتەرسىز، تۆۋەندىن كەلگەن خەتلەرگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋە تارماق ئاپپاراتلارنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئاددىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يوق.

ئۆلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئۆزئارا ئىشەنچ، ھەمكارلىق ۋە تۆھپە قوشۇش روھى كەمچىل، شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئابرۇي ۋە مەنپەئەت تالىشىش ھادىسىسى ئېغىر. بۇ كەمچىلىكلەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كەسكىن قارار چىقىرىش ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارى كەمچىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتى ماندېلانىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى ھەمدە باشقىلارنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە بولغان ئەيىبلەشلىرىنى، بولۇپمۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئالدىراپ قوبۇل قىلمايتتى. مۇخبىر مارتىن لىتون «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى بەك چېچىلاڭغۇ، ئارخىپى يوق، ئەزالىرىنىڭ ئىسىم تىزىملىكىمۇ يوق. ئافرىقىدىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا تەخسىكەشلىك، خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق ئەۋج ئالغان» دېدى. ماندېلا بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە لىتوننى بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى داۋراڭ سالدى. لېكىن، شۇ ئىشتىن كېيىن ماندېلا ئۆزىنىڭ بۇنچە غەزەپلىنىشىنىڭ لىتوننىڭ ماقالىسىدە ئادىللىق يوقلۇقى سەۋەبىدىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دەرغەزەپكە كېلىشىم دەل ئۇنىڭ ماقالىسىدە دېگەنلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن بولدى.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ترانسىۋالدىكى سېكرېتارى ناھايىتى مۇھىم ئىدى، ھەم ئەڭ ئىقتىدارسىز ئاپپارات ئىدى. ترانسىۋالدىكى ئىجرائىيە كومىتېتى 1956 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پىكىر بايان قىلىپ: «شۆبە ئاپپاراتلارنىڭ خىزمەت ئەندىزىسى شۆبە ئاپپاراتلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ ئاستا، ئۇنۇمدارلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىزنىڭ

نىشانىمىز — ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئېغىر زەربە ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئاپپارات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» دېدى. ھالبۇكى، بىر يىلدىن كېيىن تامبونىڭ كەينىدىن باش سېكرېتارلىققا تەيىنلەنگەن دۇما نوكۋېل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەسىلىلىرى ئاللىقاچان بەك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتتى، دېدى. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىشى زىيادە كۆپ، مۇرەككەپ بىر ئاپپارات خىزمەتلەرنى يۇرۇشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس خادىم ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە بەكلا بىمەنىلىك» دېدى. ئۇ M پىلانىنىڭ بالدۇرراق يولغا قويۇلۇپ، «شەپقەتسىز زەربىگە تاقابىل تۇرۇش» نى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇداپىئەسىدە يەنىلا ئىلگىرىلەش بولمىدى.

پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۈمىدىنى تۇرلۇك ئىقتىسادىي جەھەتتىن بايقۇت قىلىش پائالىيەتلىرىگە باغلىدى، ئۇنى ئاساسلىق سىياسىي قورال ئورنىدا كۆردى، بۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى چەكسىز، دەپ قارىدى. باشقا شەكىلدىكى بايقۇت قىلىش ھەرىكەتلىرى چەكلەندى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى قوللايدىغان شىركەت ۋە ماگىزىنلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا بايقۇت قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتۇش بىردىنبىر ئۇسۇلغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى: «ھېچقانداق گەپ قىلىپ ئولتۇرماي، ماللىرىنى سېتىۋالمىساقلا بولمىدىمۇ.» لۇتۇلى ئەمەلىي كۈچى ئاجىزراق كارخانىلارغا بېسىم پەيدا قىلماقچى بولدى. خۇددى ماندېلا ئېيتقاندەك، بۇ شىركەتلەرگە «ئەجەللىك زەربە» بەرمەكچىدى. دەسلەپىدە بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ماندېلا تېخى ئۇنى يېڭى قارشىلىق

كۆرسىتىش ئەندىزىسىنىڭ باشلىنىشى، دەپ قارىدى.
سىجىلتون ئۆلگەندىن كېيىن، ۋېرۋورد 1958 ـ يىلى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەندى. ماندېلا بۇرۇن كىشىلەرگە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ۋېرۋورد ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەندى. لېكىن، ئۇ يەنە شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىكى، قوغلاپ چىقىرىش سىياسىتى بىلەن سىياسىي زىيانكەشلىكنى كۈچەپ يولغا قويۇۋاتقان ۋېرۋورد ھۆكۈمىتى مۇقەررەر ھالدا ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى: «ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان فاشىستىك ھاكىمىيەت ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن، بەختكە يارىشا بۇنداق شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىق ناھايىتى تېزلا تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.»
ئىرقىي ئېزىش ۋاستىسى دەپ قارىلىۋاتقان يول خېتى مەسىلىسى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ئەۋجگە چىقىرىۋەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زور كۆلەمدە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا قالغاندى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەقىقەتەن پۈتكۈل تۈزۈلمىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىلگىرىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى زىددىيەتلىك مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. 1958 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى يىللىق يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا يول يۇرۇش تۈزۈمىگە بولغان قارشىلىقنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈۋاتقانلىقى ئېيتىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى ئېھتىياتچان بولغانىدى: «بۇ خىل تۈزۈلمىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن گۇمران قىلىشنى خام خىيال قىلىش بىزنىڭ پەقەت ئۆزىمىزنىڭ گۇمران بولۇشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، بىز ھەممەيلەننىڭ

تەييارلىقى پۈتكەنىدىلا ئاندىن ھەرىكەت باشلاشنى ساقلاپ ئولتۇرالمايتتۇق... يول يۈرۈش تۈزۈمىنى بايقۇت قىلىش كۈرىشى باشلاندى. بىز ئەمدى كەينىمىزگە چېكىنمەيمىز، پەقەت ئالغا قاراپلا يۈرۈش قىلىمىز.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يېڭى تۈۋەتلىك باش سېكرېتارى دۇما نوكۋېل ۋىتفورتسلەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، كېيىنىشى رەتلىك، مىجەز ـ خاراكتېرى تېتىك ئىدى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تۇنجى قارا تەنلىك ئادۋوكات ئىدى. سان پېتېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا تامبو ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. شۇنداقلا يەنە دۇما بىر بوكسچى ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا مايىللىق ئىزچىل تامبونىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ۋە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى سوتىدا خېلى چېنىققان ھەمدە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغانىدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھاياتتىن ۋە ئېسىل شاراب، نازۇنېمەتلەردىن ھوزۇرلىنىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، دۇما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قايتىدىن تەشكىللەش قارارىغا كەلدى ھەمدە سىسۇلۇ، ماندېلا ۋە تامبولار بىرلىكتە بىر تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ چىقتى، بۇ پىلان 1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېچىلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ماقۇللاندى. پىلاندا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بايقۇت قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۆھلىتىنى ئۇزارتىش تەكلىپى بېرىلدى ھەمدە 1960 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يول يۈرۈش تۈزۈمىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلدى. ئۇ كۈنى دەل 1919 ـ يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق يول يۈرۈش تۈزۈمىگە قارشىلىق كۆرسىتىش نامايىشى، كۈچ كۆرسىتىش پائالىيىتىنىڭ 41 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى، 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلەتتى.

لېكىن، بۇ پىلان ھەرىكەت قوللىنىشقا ئالدىراۋاتقان پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 1959 - يىلى يىللىق يىغىنىدىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەكلىپ لايىھەسى ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ئىدى، ماگىزىن ياكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا ئوخشاش سورۇنلار ئافرىقىلىقلارغا ئەدەپلىك، ئادىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى قوغدىماقچى، شۇ ئارقىلىق «قۇللۇق روھىي ھالىتىنى تۈگىتىش»نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىدى. لېكىن، بۇ تەكلىپ لايىھەسى ناھايىتى تېزلا سۇبۇكۋېلىنىڭ رەددىيەسىگە ئۇچرىدى، ئۇ يول يورۇش تۈزۈمىگە قارشىلىق كۆرسىتىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، ئەمەلىي يولغا قويۇلغاندا كۆرۈلىدىغان خېيىم - خەتەرمۇ تەھلىل قىلىنمىغانىدى. لېكىن، ئۇ چاقماق تېزلىكىدە قۇرۇلتايدا بىردەك ئېتىراپقا ئېرىشتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىۋېتىش رولىنى ئوينىدى، دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى — ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلەش ئىدى. جوئى سىلوۋ مۇنداق يازدى: «پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى يولغا قويغان ھەرىكەتتە تەشكىللەش ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل، 1952 - يىلىدىكى مەنسىتمەسلىك ھەرىكىتىگە يەتمەيدۇ.» ماندېلانىڭ نەزىرىدىكى «گەپدان، تەپەككۇرى كۈچلۈك» رەقىبى سۇبۇكۋېل ھالا بۇگۈن تارىخىي ساۋاقلارغا تامامەن سەل قاراۋاتاتتى، پەقەت قۇترىتىش رولىنىلا ئويناۋاتاتتى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسى سۇبۇكۇۋىلىنىڭ خەلق ئىچىدە قوزغىغان غەزەپلىنىش كەيپىياتىغا سەل قاراشقا ئامالسىز ئىدى. تۆت ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ يەڭگىلتەكلىك، قاراملىق بىلەن تولغان پىلانى ئەڭ ئاخىر پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقا ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان كاتالىزاتورغا ئايلانغان ھەمدە ماندېلانىڭ ئۇرۇشخۇمارلىق ئوبرازىنى ياراتقانىدى.

# 11. ئۆمرى قىسقا ئىنقىلاب

(1960 - يىلى)

ئافرىقىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدىن تۇغۇلغان ئۈمىد نۇرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ئۇچۇن يېڭى ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كەلدى. «ئافرىقىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كەيپىياتى ئېيتقۇسىز جۇشقۇنلۇقتا چۆمدى» دەيدۇ ماندېلا 1958 - يىلى 3 - ئايدا «ئەركىنلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە: «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، كەلگۈسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز قولىدا ئىدى.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 1959 - يىلىدىكى بىر پارچە دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئۆتۈپ كەتكەن بىرنەچچە يىلدا پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئاپتونومىيەلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سادالار ياڭراشقا باشلىغانىدى»، «ئافرىقا !» دېگەن بۇ سۆز كۆرەشنىڭ تۇپلىنىش شوئارى بولۇپ قالغانىدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا كىۋىمۇ ۋە جويىمو دېگەندەك ئىسىملار قويۇلۇشقا باشلىغانىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا رايونلار بىلەن بارغانسېرى سىغىشالمىغىلى تۇردى، شۇنداقلا بارغانسېرى خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالدى. مۇخبىرلار بىلەن دىپلوماتىيە

ئەمەلدارلىرى 1960 ـ يىلىنىڭ «ئافرىقا يىلى» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ بارلىق مۇستەملىكىلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشەتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى جاھانگىر دۆلەتلەر سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يېڭىدىن تىكلەنگەن رەھبىرىي كۆچلەرگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ كوممۇنىزمغا ئورتاق قارشى تۇردى.

ئەنگلىيەنىڭ مۇتەئەسسىپ ۋەزىرى خارولد ماكمىلون ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك ئاھالىلەرنىڭ جاھىل پوزىتسىيەسى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىياسىي تەنەرخى خارولدنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى چوڭ سايلام غەلىبىلىك ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇ ئافرىقىنى زىيارەت قىلىشنى پىلانلىدى، بۇ زىيارەتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى كېيپتاۋىن ئىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قارا تەنلىك رەھبىرى ۋە لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى ماكمىلوننىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە كەڭ قورساق پوزىتسىيە تۇتۇشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، لۇتۇلى، پىتون، نايك ۋە نىكۇبانى قاتارلىق تۆت كىشى ماكمىلون يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بىرلەشمە ئىمزالىق ئوچۇق خەت تەييارلاپ، لوندوندا چىقىدىغان «كۆزەتكۈچىلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى، بۇ ژۇرنال ئەينى چاغدا «قارا تەنلىكلەرنىڭ دوستى» دەپ قارىلاتتى. بۇ ئوچۇق خەت ماكمىلونغا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۇزۇمىنىڭ رەزىللىكى، ئادالەتسىزلىكىنى ئاگاھلاندۇردى ھەمدە ماكمىلوننىڭ «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۇزۇمىنى قوللاپتۇ، دەپ چۈشىنىلىپ قالىدىغان ھەرقانداق باياناتنى ئېلان قىلماسلىقىنى ئۆتۈندى.» ماكمىلون خەتتە دېيىلگەن مەزمۇنلارغا تامامەن قوشۇلدى ھەمدە كەسكىنلىك

بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىغان نۇتقىنىڭ مۇشۇ خەتكە ئىمزا قويغانلارنى رازى قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى سورىدى.

ماكمىلوننىڭ زىيارىتى گانادىن باشلاندى. ئۇ گانانىڭ باش مىنىستىرى كىۋىمۇنى ماختىدى ھەمدە «ئىنقىلاب شاملى» دېگەن ئۇقۇمنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىن نىگېرىيە، رودېسىيا ۋە نىياسالاندنى زىيارەت قىلدى، ئەڭ ئاخىردا جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلدى. كېيپتاۋىندا ئۇ دوكتور ۋېرۋوردنى يوقلىدى ھەمدە ناھايىتى تېزلا بۇ كىشىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسى بىلەن تونۇشتى: «ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك قاتتىق بۇ كىشىگە ھەرقانداق گەپ تەسىر كۆرسىتەلمىدى.» ماكمىلون ئۆزىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى خارولد ئىۋانغا دېگەن «ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش» دەيدىغان ئەخمىقانە كۆزقارىشى ئۇنى قالتىس چۆچۈتۈۋەتتى: «ئەگەر ئۇلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى بىر خىل ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى ئويلىمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئازراقلا يول قويسا كۆزلىگەن مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا يېتەلەيدۇ. قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۆزىلا قىسمەن جەھەتتىكى ئايرىمىچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى.»

پۈتكۈل زىيارەت جەريانىدا ماكمىلون كېيپتاۋىندا سۆزلەيدىغان نۇتقىنى توختىماي ئۆزگەرتتى. كېيپتاۋىندىكى يىغىن زالىغا كىرىشتىن بۇرۇن ماكمىلون ناھايىتى جىددىيلەشتى، ھەتتا ۋاننىدا يۇيۇنۇپ كەيپىياتىنى تەڭشىدى. لېكىن، نۇتۇق تېكىستى قالتىس ماھارەت بىلەن يېزىلغان بولۇپ، نۇتۇق باشلىنا ـ باشلانمايلا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى. ئۇ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا

بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مەدھىيىلىدى، كېيىندىن: «سىياسىتىڭلاردا بەزى يېتەرسىزلىكلەر بار ئىكەن، بۇ ھالدا ئەنگلىيە جەنۇبىي ئافرىقىنى قوللاشقا ئامالسىز قالىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئەنگلىيە ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بۇ قېتىملىق نۇتۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇتۇق ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ بولغانىدى.

ماكمىللون قارا تەنلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇ قېتىملىق زىيارەت پائالىيىتى ۋېرۋورد ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنىدى ئۇچرىدى، ئالىي كومىتېت ماندېلاغا ئوخشاش بۇنداق ئافرىقىلىق رەھبىرىي شەخسنى ئەسلا تونۇمايتتى. سېرجون مود تەشكىللىگەن، پەقەت ئاق تەنلىكلەرلا قاتنىشىدىغان باغچە يىغىلىشىدا پاترىك دىنكىن ماكمىللوننى قارا تەنلىكلەرنىڭ رەھبىرى بىلەن دەرھال كۆرۈشۈشكە ئالدىراتتى، ئەمما ماكمىللون تۇرۇپلا ئۇنىڭ پىكرىگە قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

ماكمىللوننىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۆزىنىڭ كېيپتاۋندا سۆزلىگەن نۇتقى شۇ قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىكەن، ئۇنداقتا ئۇنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرەلمەسلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنچە ئېغىر بولۇپمۇ كەتمەيتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن، لۇتۇلى ماكمىللونغا ئەگەر جەنۇبىي ئافرىقا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ سىرتىدا مۇستەقىل بولسا، پۈتكۈل ئافرىقىغا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، ماكمىللوننىڭ نۇتقى ئۇنىڭغا قالتىس خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى: «بۇ نۇتۇق ئافرىقىلىقلارغا بېشارەت ۋە ئۈمىد ئاتا قىلدى.»

ماندېلامۇ بۇ نۇتۇقنى قالتىس سۆزلەندى، دەپ قارايتتى. گەرچە ئۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ماكمىللوننىڭ مۇشتۇمزور سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۇۋۇسىدا تۇرۇپمۇ يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە

«ئىنقىلاب شامىلى» نىڭ ئالللىقاچان پەيدا بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا پېتىنغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى. بۇنىڭغا غايەت زور غەيرەت ـ جاسارەت كېتەتتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماكمىلوننىڭ «ئۆزگەرتىش شامىلى» دېگەن گېپىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. قىسقىغىنا ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ ئۆز مەقستىنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغان بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ بوران ـ چاپقۇننى سۇپۇرۇپ تاشلاشنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرستىپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلانماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئافرىقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، بېلگىيە ھۆكۈمىتى كونگونىڭ تۆت ئايدىن كېيىن مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇشنى قارار قىلدى — ئەينى چاغدا كونگو ئىچكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا پېتىپ قالغانىدى — شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يەنە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشنى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا باشلاپ ئەكىرىپ، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئارىسىدا ۋەھىمە كەيپىياتى پەيدا قىلماقچىدى. جاھانگىرلارنىڭ مۇرەسسەچىلىكى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشەنچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى ھەمدە ئۇلار 1963 ـ يىلىدىن بۇرۇن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قەسەمياد قىلىشتى. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيەتنى مۇستەملىكە دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ئاسانلا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ ماندېلانىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. «بۇنداق تارىخىي پەيتتە خەلقنى ھەر ۋاقىت تەييارلىق ھالىتىدە تۇرغۇزۇش جەھەتتە پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ھېچقانداق پىلانى يوق» دەپ يازىدۇ ماندېلا تۈرمىدە.

ئەينى چاغدا قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىككى گۇرۇھ ئوت بىلەن سۇ چىقىشالمىغاندەك بىر ھالەتكە بېرىپ قالغانىدى.

ئافرىقىدىكى باشقا بىر - بىرىگە قارشى تەشكىلاتلارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ئەيىبلەشلىرى، بىر - بىرىگە ئاھانەت قىلىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە قىلغانلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 1960 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسىتىشنى قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن تەڭ يولغا قويۇش سىياسىتىنى پىلانلىدى. سوبۇكۋىلمۇ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنى يېتەكلەپ، ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت تەشكىللىدى. لېكىن، ئۇلار مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈپ چىقالمىغانىدى. سوبۇكۋىل جۇرئەتلىك، دادىللىق بىلەن رەھبەرلىك قىلساقلا ئاۋام خەلقنى قوزغىتالايمىز، دەپ قارايتتى. شۇڭا، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نامايىش قىلىشنى پىلانلىغان كۈندىن ئون كۈن بۇرۇن «شەھەر - يېزىلاردىكى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ يول خېتىنى ئۆيىگە قويۇپ قويۇشىنى» جاكارلىدى ھەمدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاپقانغا دەسسەپ بېرىشىنى، «كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىشنى ۋە مۇداپىئەلىنىش»نى تەلەپ قىلماسلىققا كاپالەت بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇ يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى، لېكىن ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. نوكۋىل ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىدىن ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈمىدىنى كۆرەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلامۇ ئۇلارغا نىسبەتەن گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ئۆزىگە ئەگىشىدىغان تەشكىلات ئىزدەۋاتىدۇ، بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەرىكەتلىنىش پىلانىنى ئوغرىلاۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سوبۇكۋىل بىلەن باشقا 150 نەچچە

كىشى يول خېتى يوقلۇقى سەۋەبلىك ئورلاندو ساقچى ئىدارىسىدە قولغا ئېلىندى. كېيىپتاۋنىدا 1500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆزلۈكىدىن تورغا چۈشتى، ئاۋام - خەلق ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ ساقچىلار تەرىپىدىن سۈر - توقاي قىلىندى، ئىككى ئادەم ئۆلدى. شارپۋىلدا 10 مىڭ كىشى ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋېلىپ، ساقچىلارنى قورال ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلدى، 67 كىشى ئوق تېگىپ ئۆلدى.

شارپۋىلدا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق دېلو جەنۇبىي ئافرىقىدا تارىختىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، شۇ ۋەجىدىن ناھايىتى تېزلا دۇنيا مىقياسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ۋاشىنگتوندا چوڭ سايلام ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان پرېزىدېنت ئىزىنخاۋېر دۆلەت ئىچىدىكى ئىرقىي مەسىلە تۈپەيلى ئۆز غېمىنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان بولغاچقا، «6000 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قىيىن مەسىلە» نى بىر تەرەپ قىلىشقا زېھنىنى ئۇپراتايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى تۈنجى قېتىم پرېتورىيەنى ئەيىبلىدى ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ «تىنچلىق ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆلىمىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكى» نى ئۈمىد قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ئىپادە بىلدۈرمىدى. جەنۇبىي ئافرىقا پاي بازىرى ۋەيران بولدى، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىپ، مىلتىق سېتىۋېلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

قارا تەنلىكلەرنىڭ سىياسىي ئورنىدا بىر كېچىدىلا ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش بولدى. سۇبۇكۋىل ۋە پانئافرىقىلىقلار

قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشلىرى بىر مەزگىل ناھايىتى ئوڭغا تارتتى. لېكىن، ماندېلا پۈتكۈل ۋەقەگە نەزەر سالغاندىن كېيىن، «پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ئەمدى پىشمىغان باياناتلىرى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى شارپۋېلدىكى قانلىق دېلو سەۋەبلىك ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلىدىغان بولدى» دېدى. لېكىن، خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتى دەسلەپتىلا سۇبۇكۋېل قاتتىق ئىشەنگەن ئىستىخىيەلىك ھەرىكەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىكى مىللەتچىلەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەرگە قارىغاندا قارا تەنلىكلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە بەكرەك مايىل قىلىۋالغانىدى. بىر مۇخبىر ئۆزىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدە. «سۇبۇكۋېلنىڭ ئۇشتۇمتۇت كۆرسەتكەن كارامىتى بەك ئەمەلىي، بەك جايىدا بولدى» دەپ يازدى

ماندېلا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ ھەقىقەتەن بەك جاسارەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «تېز سۈرئەتتە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنىڭ بەكمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكى» نى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلىپ يەتتى.

شارپۋېلدىكى قانلىق دېلودىن كېيىن، ئۇ كېچە - كېچىلەپ شىسۇلۇ، نوكۋېل ۋە سىلوف قاتارلىقلار بىلەن قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. ئەڭ ئاخىر ئۇلار لۇتۇلى باشچىلىقىدىكى بارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يول خېتىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە قايىل قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار يەنە كۆپچىلىكنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشتا سۈسلۈق قىلىشقا چاقىرىق قىلىپ، شارپۋېلدىكى قانلىق دېلودا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئاممىغا تەزىيە بىلدۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار بىر تارماق كومىتېت قۇرۇپ، سىلوفنىڭ ئۆيىدە ئىش تاشلاشقا تەييارلىق كۆردى. نوكۋېل بولسا لۇتۇلىنى يول خېتىنى كۆيدۈرۈپ

تاشلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن پرېتورىيەگە باردى. بوئىنىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كوممۇنىستلار يول خېتىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئىشىغا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇلار بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىشتىن قوغلىنىش، ئىشتىن بوشىتىلىشتەك جازالاش ۋاستىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قەتئىي بىر قارارغا كەلدى، كوممۇنىستلارنىڭ بىردىنبىر قولىدىن كېلىدىغىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىش ئىدى.

شارپېۋىلدىكى قانلىق دېلو يۈز بېرىپ ئونىنچى كۈنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنىڭ پۈتكۈل سىستېمىسى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلىدى. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لۇتۇلى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن يول خېتىنىڭ رەسىمىنى ئېلان قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قارا تەنلىك ئىشچىلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىش تاشلاش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى، ماندېلا بىلەن نوكۋىل بولسا مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ يول خېتىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەچچە يۈز ئادەم ئۇلارنى دوراپ يول خەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. «پەقەت زور كۆلەمدە تەشكىللەنگەندىلا ئاندىن بۇنداق ھەرىكەتنى ياخشى ماسلاشتۇرغىلى بولاتتى» دەيدۇ ماندېلا ئەسلىمىسىدە. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھۆكۈمەت تولىمۇ ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يول خېتى ئېلىپ يۈرمىگەن كىشىلەرنى قولغا ئېلىشنى كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

شۇ تاپتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىر تۇتاش پىلانلاشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئورلاندو ماندېلا بىلەن بىر قېتىملىق سۆھبەت ئېلىپ باردى، ئۇ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئامىمىنىڭ ئىستىخىيەلىك ئىنكاسىغا تايىنىۋالىدىغان پوزىتسىيەسىنى

مەنستەمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى: «سىنىڭ چوقۇم ئۆز ئالدىڭغا ئاپپاراتىڭ ۋە تەشكىلاتىڭ بولۇشى كېرەك.» ئۇ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلىي خىزمىتىدىكى رولىغا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر بولدى ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بەرەڭگى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنى يول خېتى كۆيدۈرۈش ۋەقەسىنىڭ بىر مۇقەددىمىسى دەپ قارايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇۋاتقىنى نوكۇلىل ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ دەل بىر يۈلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئالدىدا نەچچە ئون مىڭ تال كۆيدۈرۈۋېتىلگەن يول خېتى دۆۋىلەكلىك ئىدى، ئۇ ئۇزايدىن بەكلا مەغرۇرلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى: «بىز بۇنداق تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىمىزنى چۈشىمىزدىمۇ ئويلاپ باقمىغان. پۈتكۈل دۆلەت ئىنقىلاب قايىنىمىغا كىرىشكە ئازلا قالدى ...» «ئىنقىلاب» دېگەن سۆزنىڭ يېرىمىنى دەپ بولغاندا ئۇ گېپىنى توختىتىۋالدى: «بۇنىڭدىن كېيىن تېخى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.»

ئىنقىلاب دەۋرى راستىلا يېتىپ كېلەمدۇ؟ ئۇ ۋاقىت ھەقىقەتەنمۇ جەنۇبىي ئافرىقا تارىخىدىكى نۇرغۇن ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ بىرى، ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا يېقىن. قاۋاقخانىدىكىلەر تۇيۇقسىزلا بۆلەكچە روھلىنىپ كەتتى. پاراڭ تېمىسى مۇنۇلاردىن نېرىغا كەتمەيتتى: «ساقچىلار تولىمۇ سىلىق - سىپايە بولۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالدىم. بىر ساقچى تېخى مېنى ‹ئەپەندىم› دەپ چاقىردى.» ھەتتا دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان رادىيو ئىستانسىسىمۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئىنقىلابىي تەلەپپۇزدا خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىشقا باشلىدى: «خەلق ئاممىسى، دەرھال ئويغىنىڭلار ! ھەممىمىز بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشايلى ! ھەممە دۆلەت بىزنى ئاياغلىرى ئاستىدا چەيلىمەكتە !»

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى كېيپاۋىندا زور كۆلەملىك ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ساقچىلار شەھەر - بازارلاردا ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇم قوزغاپ، ئاممىنى ئىش تاشلاشنى ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. بۇنىڭغا قارىتا قارا تەنلىك ئىشچىلار ئۆزلۈكىدىن 30 مىڭ كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدى، نامايىشچىلار توپىنى قىلىپ كىگسانا ئىسىملىك 23 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچى باشلاپ ماڭدى، ئۇ سۇبۇكۋېلغا قاتتىق چوقۇناتتى. ئۇلار شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلگەندە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ۋاقىتتا قىلىپ كىگسانا پۇتكۇل دۆلەتنىڭ كەلگۈسىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدى، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا ئالداندى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى بويىچە نامايىشچى ئاممىنى تارقىتىۋەتتى. لېكىن، ئۇ ئەدلىيە مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئەكسىچە قولغا ئېلىنىپ توققۇز ئاي تۈرمىگە قامالدى.

ھۆكۈمەت ناھايىتى تېزلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى ھەمدە نامايىش بولغان كۈنى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئاممىنى قامىغانلىقنى ئېلان قىلدى. ماندېلانىڭ ساقچى ئىدارىسىدە بىر دوستى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېزلا مەخپىي خەۋەرگە ئېرىشتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى كاترادا قاتارلىق خىزمەتداشلىرىغا ئۇقتۇردى، كاترادا بۇ خەۋەرنى يەنە بوئىنىستانغا يەتكۈزدى، بوئىنىستان كومپارتىيە ئەزالىرىنى كېچىدە ئۆيدە تۇرماسلىقنى ئەسكەرتتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ھامور، كاتاننا ۋە دادۇ قاتارلىق رادىكاللارنىڭ دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى توغرۇلۇق قارار چىقاردى، ماندېلا ۋە باشقا كىشىلەر بولسا ساقچىلارغا تەسلىم بولدى.

ماندېلا قولغا ئېلىنىپ، نيۇلەندتىكى تۈرمىگە يالاپ ئاپىرىلدى. ئەتىسى ئۇ باشقا يەرگە قامالغان ھەيلۈن يوسىفقا:

«تاڭ سەھەر سائەت بىردە جەمئىي 50 كىشى قولغا ئېلىندى، ئۇلار بىر ئۈستى ئوچۇق ھويلىغا قامالدى، ئۇلار ئۈچۈن پەقەت بىر تاللا پوزا يورۇتۇپ بېرىلدى. ھويلا بەك كىچىك بولغاچقا ئۇلار ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ، قورساقتا يېگۈدەك نەرسە يوق، يېپىنغۇدەك ئەديالمۇ يوق. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئۇلار بىر كامېرغا سولاندى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىلا ئاندىن يېمەكلىك ئەكىرىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىر نەرسە يېمىگىنىگە 12 سائەت بولغانىدى» دېدى.

بۇ چاغدا ھۆكۈمەت ۋاسىتە تاللىماستىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قارشى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەۋاتاتتى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۆكتىچى گۇرۇھنىڭ بىرلەشمە پارتىيەسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا «قانۇنسىز تەشكىلات قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاندى. قۇرۇلغىنىغا 48 يىل بولغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەڭ ئاخىر پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بىلەن بىرلىكتە قانۇنسىز تەشكىلات دەپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىلغىچە شۇنداق بولدى. قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سىياسىي قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. چۈنكى، كۆپچىلىكنىڭ ھېچقايسىسى كىمنىڭ تۈرمىگە كىرىپ، كىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالىشىنى بىلمەيتتى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىددىي كەيپىيات يەنىمۇ ئۆرلىدى. ۋېرۋورد يوھاننىسبۇرگتىكى يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىدە ئېتىۋېتىلدى، ئۇنى قەستلىگۈچى داۋىد پۇرات ئىسىملىك بىر ئاق تەنلىك دېھقان ئىدى.

جەنۇبىي ئافرىقا ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە قالايمىقانچىلىق ھالىتىدە تۇردى، ۋېرۋورد ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئامالسىز قالدى، ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتىمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پاۋلو سۇيې ئىسىملىك بىر مىنىستىر نۇتۇق سۆزلەپ، شارپۋېل قانلىق پاجىئەسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كونا دەۋر تارىخىغا خاتىمە بەرگەنلىكىنى،

پوتكول دۆلەت «جىددىي ھەم سەممىي» پوزىتسىيە بىلەن ئىرقىي مۇناسىۋەتنى قايتىدىن تەڭشەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ياراشتۇرۇش، كېلىشتۇرۇش ساداسى ناھايىتى تېزلا غايىپ بولدى. ۋېرۋورد ناھايىتى تېز سۇرئەتتە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىباشتىن خىزمەتكە چۈشتى. ئۇنىڭ قاتتىق قوللۇقى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ساقچىلار بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ھەددىدىن ئاشتى. يول خېتىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى، چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يول خېتى بولمىسا ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئالالمايدىغانلىقىنى، ئۆي ئىلتىماس قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. يول خېتىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن كىشىلەر ھەتتا ئۆچرەتتە تۇرۇپ قايتىدىن بېجىرىشكە باشلىدى.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پات ئارىدا باشلىنىدىغان ئىنقىلابنىڭ پەيتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. «ھازىر تېخى پەيتى ئەمەس» دەيدۇ مۇخبىر كان تامۇبا: «كىشىلەر ھازىرقى ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ بوران ـ چاپقۇنغا ئايلىنىشى مۇمكىن دەپ مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاخىرغىچە بوران ـ چاپقۇن يېتىپ كەلمىدى، يېتىپ كەلگىنى پەقەت مەيىن شامال.» ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يول خېتى سىياسىتىنىڭ بىر مەھەل بوشاپ كېتىشى پەقەت ئۆزىنى بىر مەھەل ئوڭشىۋېلىش ھېيلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، تېخىمۇ شەپقەتسىز باستۇرۇش ۋاستىلىرى پات ئارىدا قوللىنىلىدىغاندەك قىلاتتى. پرېتورىيە ماكمىلون قاتارلىق غەرب رەھبەرلىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى قىلچە خالىمايتتى. ھۆكۈمەت تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىش ۋە جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى پىلانلاۋاتاتتى.

شارپۋېل پاجىئەسىنىڭ ئاسارىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ئانچە ئەمەلىيەتچان ئەمەس ئىدى. ئافرىقا چوڭ

قۇرۇقلۇقىدىن جەنۇبىي ئافرىقىغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر دۆلەتنى تاپقىلى بولمايتتى. چۈنكى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلىرى كونتروللۇقنى بوشاتقاچقا، ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئاسان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش يولى شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ماڭماق تولىمۇ قىيىن ئىدى.

ئەنە شۇنداق قالايمىقان ۋەزىيەتتە پرېتورىيەلىك ئۈچ سوتچى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەنىدى. 30 نەپەر جاۋابكار ھەر كۈنى تۈرمىدىن سوتخانىغا يالاپ ئېلىپ چىقىلاتتى. ماندېلا ئاخىر ھەپتە ئاخىرىدا تامبو بىلەن بىللە ئاچقان ئادۋوكاتلىق ئورنىغا بېرىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى ئاللىقاچان دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى سەۋەبلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. ماندېلانى يالاپ ماڭغىنى جەنۇبىي ئافرىقىلىق كىرۇگ ئىسىملىك بىر ئاق تەنلىك ساقچى ئەمەلدارى ئىدى، ئۇ ماندېلانىڭ قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھۆكۈمەت بۇ دېلوغا قايتىدىن ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، چۈنكى ئۆكتىچى پارتىيە ھۆكۈمەتتىن شارپۋېل پاجىئەسىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. خۇددى ۋېرۋۇرد 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دېگەندەك، «بۇ دېلو ئەسلىدىنلا قالايمىقانچىلىقنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى.»

بىرام فىشېرىس باشچىلىقىدىكى ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلار كوللېكتىپى دۆلەت جىددىيلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا يۈز بەرگەن تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە قاتتىق غەزىپىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۆز خېرىدارلىرى شۇ تاپتا تۈرمىگە قاماقلىق بولغاچقا تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال مەزكۇر دېلونىڭ ئادىل، ھەققانىي بىر تەرەپ قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتەتتى. ئۇلار ناھايىتى دادىللىق بىلەن

«ئادۋوكاتلار كوللېكتىپى جىددىي مەزگىل ئۆتۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال مەزكۇر دېلوغا قاراپ چىقىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرىدۇ، جاۋابكارلار ئۆزىنى ئۆزى ئاقلايدۇ» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماندېلا بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى، لېكىن باشقا جاۋابكارلارنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمىدى. لېكىن، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادۋوكاتلار كوللېكتىپىنىڭ چېكىنىشىنى جاۋابكارلارنىڭ سوتتا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشىدىكى بىر پۇرسەت دېيىشكە بولاتتى، شۇنداقلا ئۇلار سوتچىلار بىلەن بىۋاسىتە تىركىشەلەيتتى. ئادۋوكاتلار كوللېكتىپى چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى ماندېلا بىلەن نوكۇئىل ئۆز ئۈستىگە ئالدى. چۈنكى، بۇ ئىككىيلەن جاۋابكارلار توپى ئىچىدىكى بىردىنبىر ئادۋوكات ئىدى. ئۇلار باشقا جاۋابكارلارنىڭ تەييارلىقنى ياخشى قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بەزى جاۋابكارلار ئۇلارنىڭ يەنە كونا مۇقامغا يورغىلىشىدىن ئاغرىنىشتى. ماندېلا ئۇلارنى كۈچلۈك ئەخلاقىي دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى.

1960 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بەش ئايلىق جەكلىمىدىن كېيىن جىددىي ھالەت بوشىتىلدى، ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلارمۇ سوتقا قايتىپ كەلدى. مانا ئەمدى ماندېلاغا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش نۆۋىتى كەلگەنىدى. ماندېلا مۇشۇنداق كۈنىنىڭ كېلىشىگە تولىمۇ تەشنا بولغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقا جايلاردا سۆزلەپ باقمىغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولغانىدى. ياش ئادۋوكات سىدنېي كېنترىج ماندېلاغا ئادۋوكات قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. ئۇنىڭ كىچىك پېئىل مىجەزى ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقىنى شەپقەتسىز ئىدراكتەك قىلاتتى. مۇشۇنداق ئۇسلۇبتا ئىش قىلىش كېيىن ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئەنگلىيەدە ئۆز كەسپىدە يۇقىرى پەللىگە چىقىشىدا ناھايىتى پايدىلىق رول ئوينىغانىدى. دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش

جىنايىتىنى سوتلاش سوتىدا سىدنىي كېنتىرىجدا ناھايىتى تېزلا ماندېلاغا چوقۇنۇش كەيپىياتى پەيدا بولدى. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەنە شۇ چاغدىلا ماندېلانىڭ تۇغما داھىي بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. ئۇ تولىمۇ قەيسەر، تەپەككۇرى چوڭقۇر ئىدى، لوگىكىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۇسۇلىدىنلا ئۇنىڭ سىياسىي تالانتىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قاتمۇقات سوراق ئالدىدا، ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئەزەلدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى، دەلىل ـ ئىسپات كۆرسەتكەن چاغدا ئۇ ئاشۇ تالانتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ نامايان قىلاتتى.»

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماندېلانىڭ گۇۋاھلىق سۆزى بۇرۇنقى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئۇنىڭ سىياسىي تالانتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ سوتتىكى سوراق ۋە سىياسىي كىرىزىسنىڭ غايەت زور بېسىمى ئاستىدا تۇرۇپمۇ يەنىلا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلدى. ئۇ سۆز ـ ئىبارىلىرىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۆزى ئىشەنگەن كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ بۇنى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆزلىگەن نۇتۇق دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپتە ئافرىقا دېموكراتىزمىغا ئىشەنگەنلىكىنى، ئىدىيەسىنىڭ كېيىن كۆپ خىل ئىرقچىلىققا بۇرالغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن ئېيتتى. غەيرىي زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا بىلدۈردى، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قانۇنلۇق سايلام ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا مەملىكەت مىقياسىدا تەسىر كۆچكە ئىگە بولغانلىقىغا دىققەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى ھەمدە ئەڭ ئاخىردا دېموكراتىك سىياسىي يولغا قەدەم تاشلىغانلىقىنى

چۈشەندۈردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ سىنىپ مەۋجۇت بولمىغان جەمئىيەتكە ئىنتايىن تەشنا ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ۋىنگىرىيە، جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، ئۇ ئىشچىلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر ۋە زىيالىيلاردىن ئىبارەت ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ ئافرىقىدا يەنە ناھايىتى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمگە ئاساسەن ئېيتسام، جاھانگىرلىكنى قوللايدىغان ھەرقانداق گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن ... جاھانگىر دۆلەتلەر دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقنى قۇل قىلدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، ھالاكەت ۋە گۇمرانلىق ئېلىپ كەلدى.» ئۇ كاپىتالىزمغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ جاھانگىرلىك بىلەن مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كاپىتالىزمغا قارىتا ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمىدى دەپ قارايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى ھەمدە كانچىلىق مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلىغاندىن باشقا، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نىڭ ماددىلىرىدا كاپىتالىزمغا چېتىلىدىغان ھەرقانداق مەزمۇننىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈردى.

ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى فاشىزم يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تېخىمۇ قەبىھ ھەرىكەتلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى: «ھۆكۈمەت قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئافرىقىلىقلارنى يۈزلەپ - مىڭلاپ قىرغىن قىلىۋاتاتتى.» شارپۋىل پاجىئەسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ماندېلا ھېلىھەم ناھايىتى ئۈمىدۋار ئىدى. چۈنكى، «ھازىرقى مىللەتچى ھۆكۈمەت بىز ھەرىكەتنى يېڭى باشلىغان ۋاقتىمىزدىكىدىن كۆپ

ئاجىزلاپ كەتتى.» ئۇ ئىچكى ـ تاشقى قوش بېسىم ئاستىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز سىياسىتىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلدى: «ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقچىلىق سىياسىتىنى قوللىغان دۆلەتلەر ئەمدىلىكتە قارشى لاگېرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.»

ھەيلۇن يوسېف دەلىل ـ ئىسپات كۆرسەتكەندە ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. لېكىن، ماندېلانىڭ تەمكىنلىكى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولدى. ئۇ ناھايىتى قىسمەن ئەھۋاللاردىلا ئاندىن چېچىلىپ قالاتتى. ئائىلۇق، سوتچى رامپاۋ سايلام ھوقۇقىنى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن كىشىلەرگە بېرىش كېرەك دېگەندە، ماندېلا غەزىپىنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنىدى، جاۋابكارلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى ياشانغان كىشىمۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغانىدى. 1951 ـ يىلىدىكى «ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش» ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللار سورالغاندا ماندېلا: «مەن ئۇ چاغدا قوراللىق ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتتى يۈز بەردى دەپ قارىمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بوئىنىستاننىڭ لېكسىيەسىدە روشەن ماركسىزم تۈسى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا ماندېلا: «تولىمۇ ئەپسۇس، بوئىنىستاننىڭ لېكسىيەسى تېخى كىشىلەرنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپتۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

لېكىن، ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىلدا ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن زوراۋانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ باقمىغانلىقىنى، كوممۇنىستلارنى تەنقىد قىلىشنى رەت قىلغانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ پارتىيەنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

— سەن كوممۇنىستمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى كېنتىرىج.

— مەن ئۆزۈمنىڭ كوممۇنىست ياكى ئەمەسلىكىمنى

بىلمەيمەن. ئەگەر سىز دېگەن كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي پارتىيەنىڭ ئەزالىرىنى كۆرسەتسە ھەمدە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىن نەزەرىيەلىرىنى ئۆزىگە ئەقىدە قىلسا، مەركىزىي پارتىيەنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىدا قاتتىق چىڭ تۇرسا، ئۇنداقتا مەن تېخى كوممۇنىست ئەمەس، ــ دەپ جاۋاب بەردى ماندېلا.

كېنتىرىج ماندېلادىن ئاستىرتىن: «1956 ـ يىلى خىروششېف سېنى ئاشكارا تەنقىدلىگەنىكەن، سەن نېمىشقا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ستالىنغا زەربە بەرمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ماندېلا: «بۇ بىزنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىمىز ئەمەس، ستالىن بىزگە قارشى تۇرۇپ باقمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. كېنتىرىج، ماندېلا كوممۇنىستىك پارتىيەنى ئۆز دۈشمىنىنىڭ دۈشمىنى قاتارىدا كۆرىدۇ، شۇڭا «دۈشمىنىمنىڭ دۈشمىنى مېنىڭ دوستۇم» دېگەن مەنتىقە بويىچە ستالىننى دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۇچراشقاندىن كېيىن، ماندېلانىڭ ستالىن ياكى كوممۇنىستلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى جەزملەشتۇردى.

كېيىن ماندېلانىڭ بىر قىسىم خىزمەتداشلىرى ئۇنى ئەينى چاغدا كوممۇنىستلار ياكى يەر ئاستى پارتىيە بىلەن ھېچقانچە پەرقى قالمىدى، دەپ قارايتتى. «راستلا بەكلا يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى» دەيدۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى بىر تېرۇك: «ئۇنى كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرمىدى دېيىشنىڭ ئۆزى بىر تاكتىكا.» بوئىنىستان: « 60 ـ يىللاردا مەن كىمنىڭ كوممۇنىست، كىمنىڭ كوممۇنىست ئەمەسلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدىم» دەيدۇ. ھۆكۈمەت ماندېلانى كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىردى دەپ داۋاملىق ئەيىبلىدى، چەت ئەلدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى كۈچلەر دەل شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 1966 ـ يىلى روببېن ئارىلىدا تۆت باھارنى ئۆتكۈزگەن ماندېلا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئۆزىنى كوممۇنىستلارنىڭ تىزىملىكىگە

كىرگۈزگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ 1960 - يىلى ياكى باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولمىغانلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى، قەسەمنامە ۋە ئۇ قاتناشقان بىرەر قېتىملىق كوممۇنىستىك پارتىيە يىغىنىنىڭ تەپسىلىي دەلىل - ئىسپاتلىرىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. تۆت ئايدىن كېيىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ھازىرقى باسقۇچتا ئۆزلىرىنىڭ ماندېلانى كوممۇنىستلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ كوممۇنىست دوستى ئىسمىل مىل: «ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇكەممەل بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ ئەڭ قاتتىق تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ ماندېلانىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى دەلىللىيەلمىدى» دەيدۇ.

جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىزمىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى بۇ مەسىلىنى بۇرمىلىۋەتكەندى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق نۇرغۇن كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە پراگماتىزمچىلار ئىدى. كېيىن ماندېلا ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەدىن پايدىلىنىشى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىشىدىن كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى. كەينى - كەينىدىن ئۇلىشىپ چىقىۋاتقان دەلىل - ئىسپاتلار ماندېلانىڭ كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ تۇپ مىزانلىرىنىمۇ ئەمەل قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمەت ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى قانچە كۈچەپ يولغا قويغانسېرى، خۇددى فرانسىيە كوممۇنىستلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا ناتسىستلارغا قارشى تۇرغاندەك، كوممۇنىستلارمۇ شۇنچە قورقۇمسىز بولۇپ كەتكەندى.

ئەلۋەتتە، چەكلەش بۇيرۇقى تۈپەيلىدىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېقىنلاشتى، ئىككى تەرەپ مەخپىي

ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 8 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەتتە جىددىي ھالەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن مەھبۇسلار قويۇۋېتىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنە شۇندىلا ئۆزئارا باش قوشۇپ، چەكلەش بۇيرۇقى رېجىمى ئاستىدا ھەرىكەتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى زور كۆلەمدە تەڭشەپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئاياللار ئىتتىپاقىنى تارقىتىۋېتىش، دىققەتنى يادرولۇق كىچىك تەشكىلاتلارغا قارىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. «رادىكال ئەزالارنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى خەتەرلىك تۈس ئالدى» دەپ يازىدۇ ئۇ تۈرمىدە: «پەقەت قاتتىق يادرولۇق تەشكىلات بولغاندىلا ئاندىن ھەرىكەت قوللانغىلى بولىدۇ.» تەشكىلاتى قانۇنسىز دەپ بېكىتىلىپ قويۇلغاچقا ماندېلا يېڭى يول ئۇستىدە ئىزدىنىشنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. 1950 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە چەكلەش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغاندا، ماندېلا كۆپچىلىككە ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىدىن قىلچە قېلىشمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى: مانا بۈگۈن دۈشمەنلەر ئوخشاش بىر قورال بىلەن ئۇ ئىككىسىگە تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى.

گەرچە ماندېلا ئالدىنئالا ئەسكەرتكەن ۋە M پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنىلا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش قىلچە ئىدىيە تەييارلىقى يوق ئەھۋال ئاستىدا چەكلەش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالدى. جىددىي ھالەت مەزگىلى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى جىددىي كومىتېت تەسىس قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قانۇنسىز مەزگىلدىكى بارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلدى ھەمدە

بايانات ئېلان قىلىپ، چەكلەش بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى. لېكىن، 2000 كىشى قامىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قاتتىق چەكلىمىگە دۇچ كەلدى.

چەكلەش بۇيرۇقى ئارقىلىق ئون يىل كونترول قىلىنغان كوممۇنىستىك پارتىيە پائالىيىتىنى يەر ئاستىدا داۋاملاشتۇرۇشقا كۆنۈپ قالغانىدى. ماندېلانىڭ دوستى كاتانا ۋە ھامورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە ئاساسلىق رادىكاللار يوشۇرۇنۇۋېلىشقانىدى. جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، كاتانا بىلەن باشقا بىرقانچە ئەزالار «كوممۇنىستىك پارتىيە يەنە ھەرىكەت باشلىدى» دەپ قەستەن خەۋەر تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا «ئافرىقا كومپارتىيەسى» ناملىق مەخپىي ژۇرنال ئارقىلىق تەشۋىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى. نۇرغۇن ئەزالاردىن پىكىر ئېلىنمىغاچقا، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بۇ تەدبىرى نۇرغۇن ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىدى. لېكىن، بۇئىنىستاننىڭ كېيىن بويىچە، بۇ تەدبىرلەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاددىيلاشتۇرغان ھەمدە يوشۇرۇنۇش مۇددىئاسى كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنچ پىسخىكىسىنى يوققا چىقارغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بۇرۇنقىدەكلا تەشكىللىك ئەمەس ئىدى. پەقەت M پىلانى ئارقىلىقلا بەزى كوچا پائالىيەتلىرىنى ئاندا - ساندا داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئۇلار كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يەر ئاستى خىزمەتلىرىگە ياردەمدە بولۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى.

ئافرىقا ئىجرائىيە كومىتېتى ناھايىتى مۇھىملىقى كېيىن ئىسپاتلانغان بىر مۇداپىئە تەدبىرىنى قوللاندى: 1959 - يىلى 6 - ئايدا ئۇلار جىددىي ئەھۋالدا ئولتۇۋېر تامبونىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلىشى ھەمدە گانادا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىش كېرەكلىكىنى قارار قىلىشتى. شارپۋېل قانلىق

دىلوسىدىن كېيىنكى 6 - كۈنى، يەنى 1960 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تامبو «جەنۇبىي ئافرىقا» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى رونالد سىگولنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن يوھاننېسبۇرگ شەھەر ئەتراپىدىن قېچىپ، ئەڭ ئاخىر دارىسسالام ئارقىلىق لوندونغا يېتىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىلدا سىياسىي تالانتى ھەمدە تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ماندېلا بىلەن بولغان بىر - بىرىگە ئۆزئارا ئىشىنىشتەك مۇناسىۋىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يىقىلماي قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىكى ئۇل تاشقا ئايلاندى. ئۇ چاغدا ماندېلا چەت ئەللەردە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەدەتكارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھايات - مامات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى.

بۇ چاغدا ماندېلا پەقەت تەنھا كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭغا پايدىلىق تەكلىپ بېرەلەيدىغان دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر قولىدىن كېلىدىغىنى تامبو بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنى يۈرۈشتۈرۈش ئىدى. كاترادانىڭ داچىسىدا ماندېلا ئۆزى يالغۇز ئىشلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماندېلا ناھايىتى تېزلا يەر ئاستى خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى ھەمدە ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنى مەڭگۈلۈك تاقاشقا مەجبۇر بولدى.

1960 - يىلى كۈزدە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىنى جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇش كېرەكمۇ، ئەمەس دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ۋېرۋۇرد ھۆكۈمىتى پەقەت ئاق تەنلىكلەرلا قاتنىشىدىغان بېلەت تاشلاشنى تەشكىللەشكە ۋەدە بەردى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، 850 مىڭ كىشى قوللاپ بېلەت تاشلىدى، بۇ سان قارشى بېلەت تاشلىغان 775 مىڭ ئادەمدىن سەللا ئېشىپ كەتتى. لېكىن، بۇ ناھايىتى كىچىك پەرق ئىدى. ماندېلا جەنۇبىي

ئافرىقىنىڭ جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپمۇ كەتمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا نىسبەتەن ئانچە پايدىسى يوق، دەپ قارايتتى ھەمدە ئۇنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك مىللەتچىلەرنىڭ ھېسسىيات مەسىلىسى قاتارىدا كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇلاردا 19 ـ ئەسىردىكى «يېرىم فېئودallıق» جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسىگە نىسبەتەن قىيالماسلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى يوق قىلىپ، ئاق تەنلىك زىيالىيلارنىڭ ئۇيۇشۇۋېلىش ۋەزىيىتىنى پەسەيتەلىشىنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئومۇم خەلق بېلەت تاشلاشقا ئاق تەنلىكلەرلا قاتنىشىش ئىشىنى ماندېلا قوبۇل قىلالمىدى. شارپۋېل قانلىق دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت بىر مەھەل ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىۋالدى. ماندېلا يەنە بىر قېتىم تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغاش قارارىغا كەلدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاش، ئۇمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدىكى ئۈمىدۋارلىق پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ فاشىزم يولىغا مېڭىپ ھاكىممۇتلەق دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىنمۇ قاتتىق ئەنسىرەيتتى. لېكىن، ماندېلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئۇ كۈن بەك ئۇزاقتەك بىلىنەتتى. كالىس بىلەن كات مۇنداق يازىدۇ: «ئافرىقىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغۇچى باشقا رادىكاللارنىڭ ھەممىسى زىيادە ئۈمىدۋارلىق بىلەن چوڭ ۋەزىيەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ ياخشىلىقى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ چىن دىلىدىن قايىللىقىنى قوزغايتتى.»

# 12. زوراۋانلىق ھەرىكىتى

(1961 ـ يىلى)

1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىردا ماندېلانىڭ يوھاننېسبۇرگتىكى ئالاقە دائىرىسى تۈرۈپلا تارىيىپ كەتتى. ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىمۇ تاقىلىپ قالدى، نۇرغۇن دوستلىرى قوغلىنىۋېتىلدى، ھەتتا ئورلاندودىكى ئىجتىمائىي ئالاقە تورىمۇ شالاڭلاپ كەتتى. ئۇ تاپقان ـ تەرگىنىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولدى، ۋىنىنى بىلەن بولغان تۇرمۇشىمۇ سىياسىي ۋەزىپىلەر تۈپەيلىدىن توختىماي ئاۋارىگەرچىلىككە يولۇقاتتى. ۋىنىنى ئىككىنچى قىزى جىندىزنى يەڭگىگەن كۈنى ماندېلا ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى، ئۇ ئايالى يەڭگىگەندە يېنىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانىدى. «ئېرىم بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇش پۇرسىتىم ناھايىتى ئاز» دەيدۇ ۋىنىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن: «راستىنى دېسەم، مەن ئۇنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيمەن.»

ماندېلانىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلاتتى، ئۇنىڭ ئوبرازىمۇ بارغانسېرى سىرلىق تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بۇرۇنقى روھلۇق، تېتىك يۈرىدىغان، چېچىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ تارىۋالىدىغان ماندېلادىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھازىر ئۇ ساقىلىنى ئۆستۇرۇپ يۈرەتتى، ماڭلاي چېچى كۆزىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماندېلا باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن تىنچ بىللە ئۆتۈشكە ھېلىھەم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار

مىللىي مەجلىسىنىڭ 36 نەپەر رەھبىرى ئورلاندودا يىغىلىپ، ئافرىقىدىكى بارلىق ئىرقلار چوقۇم قاتناشمىسا بولمايدىغان بىر قۇرۇلتاي ئېچىشنى قارار قىلدى. ئەينى چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ شارپۋېلدىكى قانلىق دېلوغا بولغان ئىنكاسى ناھايىتى سۇس بولغانىدى. مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بۇنداق چوڭ تىپتىكى يىغىن ئاچماقچى بولۇش ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. سىياسىيون تام روگى: «بۇ، 1961 ـ يىلىدىكى بىرلەشمە رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئىنقىلابقا ئاتاش تەييارلىقىنى تولۇق قىلىپ بولالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى» دېدى. لېكىن، ماركسىزمچى مايكول هامور «بۇ ــ ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەر يولى» دەپ قارايتتى.

ئورلاندودا يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا ساقچىلار ئۇسسۇپ كىرىپ، بارلىق ھۆججەتلەرنى مۇسادىرە قىلدى. لېكىن، ماندېلا قاتارلىقلارنىڭ پىلانى يەنىلا داۋاملىشىۋەردى. ئۇلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر كومىتېت قۇردى، ماندېلا بۇ كومىتېتنىڭ كاتىپى بولدى. دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسىنى سوتلاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ماندېلا بىلەن سىسۇلۇ قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جايلارنى مەخپىي زىيارەت قىلدى، ھەتتا باسۇتولاندقىمۇ كەلدى. دەسلەپتە ئۇلار پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ۋە بىر قىسىم ئەركىن پارتىيەدىكىلەر بىلەن ھەمكارلاشتى. لېكىن، بۇ مۇناسىۋەت ناھايىتى تېزلا بۇزۇلدى. ئەركىن پارتىيەدىكىلەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنى ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، دەپ ئەيىبلىدى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بولسا قۇرۇلتاي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى «يوشۇرۇن پىلان تۈزۈپ، ماندېلانىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تىكلىمەكچى، شۇ ئارقىلىق سۇبۇكۋېلغا قارشى تۇرماقچى» دەپ گۇمان قىلغانىدى. شۇڭا، ئەڭ ئاخىردا ماندېلا ۋە ئافرىقىلىقلار

مىللىي مەجلىسنى قوللايدىغانلاردىن پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيەلا قالدى. ئۇلار تەدرىجىي ھالدا بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزدى، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى.

ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئاۋۋالقىدەكلا قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بەش كۈن بۇرۇن ساقچىلار قۇرۇلتاي تەشكىللىگۈچىلەردىن ئون كىشىنى قولغا ئالدى ھەمدە نوكۇۋىلغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. لېكىن، كومىتېت بىر ئامالنى قىلىپ يورۇپ بىرمۇنچە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، «جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار ئافرىقا قۇرۇلتىيى ئۈچۈن تەييارلىقنى ياخشى قىلىشى كېرەك» دەپ چاقىرىق قىلدى. قۇرۇلتاي 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پىتېر مارتىزبۇرگتا ئېچىلىشقا بېكىتىلدى.

قۇرۇلتاي مەبلەغكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، ماندېلا دادىللىق بىلەن ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ باش دىرېكتورى ھاررى ئوبىنخايىم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھاررى ئوبىنخايىم ماندېلا تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن كۆرۈشكەن بىردىنبىر سودىگەر بولۇپ قالدى. ماندېلا بۇرۇن ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، سودىگەرلەرگە ناھايىتى ئۆچلۈك قىلىپ كەلگەنىدى. ئوبىنخايىم ناھايىتى تەۋەززۇ بىلەن ماندېلانى كۈتۈۋالدى، ماندېلا ئۇنىڭدىن ئازراق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى ئۆتۈندى، لېكىن ئوبىنخايىم ئۇلار تەلەپ قىلغان مەبلەغنىڭ ناھايىتى جىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئائىت سوئاللارنى سورىدى. بۇنداق سوئاللارنى سورىشىدىن ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ ماندېلادىن: «مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىن تېپىمەك يەپ سىقىپ چىقىرىلىش ـ

چىقىرىلماسلىقىڭلارنى مەن قانداق بىلىمەن؟» دەپ سورىدى. ئوبىنخايىمنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ماندېلا ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ھەققانىي ۋە ئاچچىق ھەقىقەت سۆزلىرى بىلەن جاۋاب بەرگەن. ئوبىنخايىم كېيىن: «مەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم، لېكىن ماندېلانىڭ ئىقتىدارىغا ئىنتايىن قايىل ئىدىم» دەيدۇ. ماندېلا ئاخىردا ئوبىنخايىمنىڭ شىركىتىدىن مەبلەغ ئاللىدى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مارتىزبۇرگ يىغىنى ئۆز قەرەلىدە ئېچىلدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇپ 145 تەشكىلاتتىن 1400 دىن ئارتۇق ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» بۇ ۋەقەنى «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور كۆلەمدىكى ئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتىدى. «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» بۇ خەۋەرنى «ئافرىقىلىقلار مەملىكەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇردى» دېگەن ماۋزۇدا گېزىتنىڭ باش بېتىدە ئېلان قىلدى.

تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغىنى شۇ بولدىكى، ماندېلانى چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ مۇددىتى يىغىن ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن توشقانىدى. دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسىنى سوتلاش يەنە بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈلدى. ماندېلا بىر يىللىق بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلدى ھەمدە 1952 ـ يىلىدىن بۇيانقى تۇنجى نۇتقىنى سۆزلىدى، شۇنىڭ بىلەن يىغىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى روھلىنىپ كەتتى. ئۇلار مۇشتۇملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «خەلق ھاكىمىيىتى ! خەلق ھاكىمىيىتى !» دەپ تۇۋلاشتى. ماندېلا ئافرىقا خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىشقا يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلدى: «پۈتكۈل ئافرىقا ھەممىنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى كېرەك ... بىز مۇشۇ قېتىملىق يىغىن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل ئىرق قاتناشقان مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.»

يىغىنغا قاتناشقان مۇخبىرلارنىڭ بەزىلىرى ماندېلانى ئالقىشلىدى، بەزىلىرى سۆكتى. «يېڭى دەۋر» گېزىتى خەۋەر ئېلان قىلىپ: «ھەربىر جۈملە، ھەربىر سۆز كۆپچىلىككە ئۆتمۈشتىكى خورلۇقلارنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى» دېدى. ئاندىرۇ ۋىلسون «كۆزەتكۈچىلەر» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، «ماندېلانىڭ نۇتقى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى» دېدى. بېنجامىن بوگىللون «ئالاقىلەشكۈچىلەر گېزىتى»دە باھا بېرىپ: «ماندېلانىڭ قويۇۋالغان ساقىلى يېڭى مىللەتچىلەر ئارىسىدا مودا بولدى، بۇنداق ساقال قويۇش ئۇلارنى چولپانلارغا خاس سىياققا ئىگە قىلدى» دېدى. لېكىن، ئۇمۇ بۇ قېتىملىق نۇتۇقنىڭ تەسىرىنى كوممۇنىستلار كېڭەيتىۋەتتى، دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە ماندېلانىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئادەتتىكىچە بولغانىدى. ئۇنىڭ كوممۇنىست دوستى داننىس گوردبېرگنىڭ قارىشىچە، ماندېلا مارتىزبۇرگدا ھەقىقىي بىر داھىيغا ئايلانغانىدى.

يىغىندا ھۆكۈمەتنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىشى تەلەپ قىلىندى، ئەگەر ھۆكۈمەت قۇرۇلتاي چاقىرىشنى رەت قىلسا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن، يەنى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىش توختىتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىق قىلىدىغان، ماندېلا پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولىدىغان بولدى. ماندېلا سەھنىدىن چۈشەي دېگەندە ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتىدە زالدىن غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 29 يىلدا ئۇ ئاممىۋى مۇنبەرلەرگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەپ باقمىدى.

ماندېلا پرېتورىيەگە قايتىپ داۋاملىق سوتلاندى، شۇ چاغدا ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم نەتىجىسى چىقىشقا يەنە بىرنەچچە ھەپتە ۋاقىت قالغانىدى. لېكىن، 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سوتچى

راماپاۋ سوتنى توختىتىپ قويدى ھەمدە ئۈچ نەپەر سوتچى بىرلىكتە بارلىق جاۋابكارلارنى گۇناھسىز دەپ بېكىتكەنلىكىنى جاكارلىدى. سوتچىلار بىردەك: «ئەيىبلەشنامە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ‹ئەركىنلىك خارتىيەسى› نىڭ كوممۇنىزمغا مايىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى» دەپ قارىدى ھەمدە ماندېلانىڭ 1956 ـ يىلى «ئەركىنلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىنى مىسال كەلتۈردى. ماقالىدە ئۇنى «غەيرىي ياۋروپادىكى بۇرژۇئازىيە سىنىپى ‹ئەركىنلىك خارتىيەسى›نىڭ ھىمايىسىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ» غانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن، دېيىلگەندى.

ھۆكۈم چىققاندىن كېيىن، 30 نەپەر جاۋابكار خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. بىر كىشى جاۋابكارلارنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكات كولىېكتىپىنىڭ ئەزالىرىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈۋالغان، ماندېلانىڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە كىشىلەر توپى ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئوغرىلىقچە سۈرەتكە تارتىۋالغانىدى. لېكىن، چەكلەش بۇيرۇقى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى پەقەت بىردەمچىلىكلا ئىدى. ماندېلا ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ھەمدە ناھايىتى تېزلا سوتنى قايرىپ قويۇپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ يېڭى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ماندېلا يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ، مەخسۇس يەر ئاستى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش قارارىغا كەلدى. سىسۇلۇ، لۇتۇلى ھازىر ناتالدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، شۇڭا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە بىرەر يەر ئاستى رەھبەر يېتەكچىلىك قىلمىسا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. بۇ ئورۇنغا ماندېلادىن باشقا ئادەم ماس كەلمەيتتى. سىسۇلۇ قۇربان بېرىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەنىدى: «بىز ئۇنى يەر ئاستى خىزمىتىگە ئالماشتۇرۇش قارارىغا كەلگەندە، ئۇ دەل

رەھبەرلىك يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى ... سىرتتا رەھبەرلىك كۈچىمىز ھەقىقەتەن بار ئىدى، لېكىن تۈرمىدىمۇ بىرەر رەھبەرگە ئېھتىياجلىق ئىدۇق.»

سوت ھۆكمى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن ماندېلا سىسۇلۇ، نوكۋىل ۋە مۇدىسلار بىلەن بىللە ئورلاندودىكى ئۆيىگە قايتتى ۋە ئايالى ۋىننىغا: «قەدىرلىكىم، مەن ئەمدى خېلى ئۇزاققىچە ئۆيگە كېلەلمەيمەن، كىيىم - كېچەك، سوپۇن، تارغاقلىرىمنى سومكىمغا سېلىپ قويۇڭ» دېدى. ۋىننى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا نەرسە - كېرەكلەرنى سومكىغا قاچىلىدى ھەمدە تەڭرىدىن ئېرى ماندېلانى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىدى.

ماندېلانىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇنى داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتىنى پىلانلاشنى قارار قىلدى. ماندېلانىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى بىر تەرەپتىن قولغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئۇ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ خەلققە ۋاكالىتەن گەپ قىلىدىغان باياناتچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ پىنھان جايلارغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان چاغدىكى نام - شۆھرىتى ئوچۇق - ئاشكارا يۈرگەن چېغىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى.

ماندېلا ئاق تەنلىك ئەركىن پارتىيەچىلەر ۋە قوللىغۇچىلارنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرەپتە تۇرۇپ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا قارشى تۇرۇشقا داۋاملىق دەۋەت قىلاتتى. دەل ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تۇيۇقسىز ئاشكارا پەيدا بولۇپ ئاق تەنلىك مۇھەررىر بىلەن ئالاقە قىلدى، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇلار بىلەن بولغان جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىش، بولۇپمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كومپارتىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئىشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ يوھاننىسبۇرگتا «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى لاۋرىنىس بىلەن

سۆھبەتلەشتى، ھەرقايسىسى ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلزابېت پورتىدا «كەچلىك گېزىت»نىڭ مۇھەررىرى جون سۇسېرلەندنى زىيارەت قىلدى، سۇسېرلەند ماندېلانىڭ ئامانلىقى ۋە بىخەتەرلىكىدىن بەكلا ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى، تەھرىرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىدا ساقچى ئىدارىسى بار ئىدى. كېيىپتاۋنىدا «كېيىپ دەۋرى» ژۇرنىلىنىڭ نوپۇزلۇق مۇھەررىرى ۋىكتور نورتون بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشتى. نورتون سىياسىي خەۋەرلەر سەھىپىسىنىڭ مۇھەررىرى تونى دېلىيوسقا ئەزەلدىن بىرەر رەھبەرنىڭ ئۆزىگە ماندېلادەك چوڭقۇر تەسىر قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى پىتېر پرۇستقا: «ماندېلا بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۇنىڭ تالانتىنى ھېس قىلالىغان ئاق تەنلىكلەر ئانچە كۆپ ئەمەس» دېدى. نورتون ئەمەلىيەتتە ئاق تەنلىكلەرنىڭ يېتەكچى ئورۇنىنى ئۇزاق ساقلاپ تۇرالىشىدىن ئاللىقاچان ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. لېكىن، كېيىپتاۋنىدا ماندېلانىڭ قارىشىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ پىلانلىغان ئىش تاشلاش ھەرىكىتىمۇ تېخى ئاشكارىلانمىغانىدى.

ماندېلا يوھاننېسبۇرگتا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ۋاقتىدىكى ئىتتىپاقداشى پاترىك دېنكىن بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. دېنكىن ھازىر «ئالاقىلەشكۈچى» ناملىق قوش ھەپتىلىك ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەسىرىگە بەك چوڭقۇر ئۇچراپ كەتكەنلىكىنى كۈچلۈك ئەيىبلىگەن، شۇنداقلا بىرلەشمە ئىش توختىتىش پىلانىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانىدى. ئەڭ ئاخىردا ماندېلا ئۇنىڭغا: «سىزنىڭچە، مەن تەشكىلاتنى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدىلا باشقۇرالايدىغان ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالارمەنمۇ؟» دېيىشكە مەجبۇر بولغانىدى. لېكىن، ئىككىيلەن كېيىپتاۋنىدا ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە خۇددى ئەزەلدىن قىزىرىشىپ قالمىغان قەدىناس دوستلاردەك ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشتى. بۇ

قېتىم دېنكىن دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسىنى سوتلاش نەتىجىسىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كوممۇنىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى ئاخىر ئېتىراپ قىلدى ھەمدە بۇرۇن ئېلان قىلغان خەۋەرلەرگە تۈزىتىش بېرىشكە ۋە مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى قوللاشقا ۋەدە بەردى. كېيىن، ئۇ پېتېر پرۇسىتقا ئۆزىنىڭ سولغا مايىل پوزىتسىيەسىنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن، ماندېلانىڭ تالانتى ۋە ئۆزىگە قالتىس ئىشىنىدىغان خاراكتېرىگە قايىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

لېكىن، كوممۇنىزمنىڭ تەسىرى غەرب دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى يەنىلا ساراسىمىگە سېلىپ تۇراۋاتاتتى. «سەممىيلىك بىلەن ئېيتساق، بىز جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدۇق» پرۇسىت 1961 - يىلى 1 - ئايدا لوندونغا يازغان خېتىدە شۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەت بىزنى يېتەرلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىمىدى.» كەينىدىن ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ لۇتۇلىغا ئوخشاش مۆتىدىللارنى قاماپ، يېڭى كوممۇنىزم رادىكاللىرىنىڭ سۇيىقەست پائالىيەتلىرىگە كەڭچىلىك قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «گەرچە ماندېلا نوكۆۋلدەك يۈزدەيۈز كوممۇنىست بولمىسىمۇ، لېكىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىقتىدارى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ ھازىر قولىدا ئەمەلىي ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر شەخس.»

جەنۇبىي ئافرىقا 1961 - يىلى 3 - ئايدا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، مانا ئەمدىلىكتە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا ئومۇم خەلق بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋېرۋورد ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە قوشۇلۇشنى قايتىدىن ئىلتىماس

قىلغانىدى. شۇڭا، ماكمىلون يېڭىدىن ئەزا بولغان قارا تەنلىكلەر دۆلىتى ۋە كانادانى ۋېرۋوردنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلاشقا قايىل قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، ۋېرۋورد پرېتورىيەدە قارا تەنلىك يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس خادىملار مەھكىمىسى قۇرۇش تەكلىپ لايىھەسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى، شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاخىردا ئىلتىماسىنى بىكار قىلدى. بۇ ماكمىلونغا قاتتىق زەربە بولدى. «ئىنقىلاب شامىلى بىزنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى» دەپ يازدى ئۇ لورد جون مۇدقا يازغان خېتىدە: «ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇش ئېھتىمالى بولسىمۇ، تىنچلىق ئاخىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.» لېكىن، لوندوندا تۇرۇۋاتقان ئولىۋېر تامبو جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋېتىشىنى بىر خىل غەلىبە، دەپ قارايتتى. كېيىن، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىن ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغانلىقىنى جاكارلاشتا چىڭ تۇردى.

ماندېلا پۈتۈن ئۈمىدىنى ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ بېسىم چۈشۈرۈشىگە باغلىدى، چۈنكى فېدېراتسىيە ئىچىدە ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئەزا دۆلەتلەر بار ئىدى. كانادانىڭ باش مىنىستىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىرقچىلىققا بولغان قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىلھام بولدى. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى جەنۇبىي ئافرىقا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە مەنسۇپ بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، دېگەن ئويغا كېلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنگلىيە باش ئەلچىسى لورد جون مۇد: « قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى قارا تەنلىك سىياسىيونلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەنە ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، پرېتورىيەدىكى ئاق تەنلىكلەر لاگېرىغا بىر ئاماللارنى قىلىپ سىڭىپ كىرىش

قارارىغا كەلدى.

ئۇ چاغدا ماندېلانىڭ پۈتۈن زېھنى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى باشلىنىدىغان ئۈچ كۈنلۈك بىرلەشمە ئىش توختىتىش ھەرىكىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ۋېرۋوردقا خەت يېزىپ، مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ مۇھىملىقىنى شەرھلىدى. ۋېرۋورد كېيىن پارلامېنتتا: «مەن ماندېلا ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، خەت ناھايىتى ھاكاۋۇر تەرزدە يېزىلىپتۇ. مەن بۇ خەتكە تېخى جاۋاب يازمىدىم» دېدى. ماندېلا بىرلەشمە پارتىيەنىڭ رەھبىرى سېر دى ۋىل گىرافقىمۇ خەت يازدى، گىراف ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللاش ياكى چەكلەشكە بېلەت تاشلىمىغانىدى. ماندېلا گىرافقا: «جەنۇبىي ئافرىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۆھبەتلىشىش ياكى ئۇرۇش ئىچىشىنىڭ بىرسىنى تاللىماي بولمايدۇ» دەپ ئەسكەرتتى ۋە ئۇنىڭدىن: «ئالىيلىرى، بىرلەشمە پارتىيە زادى قايسى تەرەپتە تۇرىدۇ؟ ... ئەگەر جەنۇبىي ئافرىقىغا سىياسىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەربابلار رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىسا، ئىشلارنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دەپ سورىدى. گىراف بۇ سوئالغا قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرۇۋالدى. 30 يىلدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەسلىمىسىدە ئۇ ماندېلا ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

جۇمھۇرىيەت كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ماندېلا دۇربانغا بېرىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ نازارەت ئاستىدىكى ھەيئەتلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە ئورتاق مۇھاكىمە قىلدى. قىسمەن ۋەكىللەر «ئامىمىنىڭ كەيپىياتى غەزەپلىك تۇس ئالغان، ھۆكۈمەت شەپقەتسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ھازىرقىدەك ئەھۋالدا بىرلىشىپ ئىش توختىتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ» دېگەن قاراشتا قەتئىي چىڭ

تۇردى. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلدى. جۇمھۇرىيەت كۈنى يېتىپ كەلگۈچە بولغان تەييارلىق باسقۇچى ئېنىقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىنتىزامىنى سىنايدىغان مەزگىل ئىدى. لۇتۇلى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە نۆۋەتتە زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ناھايىتى ئاسانلا يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: «ساقچىلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى كىشىلەرگە ‹ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا ئاممىغا ئوق چىقىرالايدىكەن› دېگەن تۇيغۇنى بېرىپ قويىدى» دېدى. پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ چىققان ماندېلا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن خەلقنىڭ دەۋرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «دۈشمەنلىرىمىز ئاپئاشكارا قورال كۈچىگە تايىنىۋاتسا، ھە دېسىلا غەيرىي زوراۋانلىقنى تەكىتلەپ تۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزى بىر سىياسىي خاتالىق» دېگەندەك قارشىلىق سادالىرىنىڭ ئاۋۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى.

لېكىن، ماندېلا يەنىلا زوراۋانلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى. جۇمھۇرىيەت كۈنىگە ئون كۈن قالغاندا، ئۇ يوھاننېسبۇرگتىكى «ھەپتىلىك تېز خەۋەرلەر گېزىتى» دە: «بەزى خەۋەرلەردە زوراۋانلىق ۋەقەلىرى پات ئارىدا يۈز بېرىدۇ ياكى ئۈچ كۈنلۈك بىرلەشمە ئىش توختىتىش پات ئارىدا ئۇزارتىلىدۇ، دېيىلىپتۇ. بىز بۇلارنى قەتئىي ئىنكار قىلىمىز» دېدى. ئۇ مۇشۇ تەشەببۇسى بىلەن بەزى ئىنگلىز تىللىق دۆلەتلەردىكى گېزىت ـ ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ مۇھەررىرلەر جەنۇبىي ئافرىقىدا ئاق تەنلىكلەر جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇردى. يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يۇلتۇز گېزىتى» 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانىدا ماندېلانى بىر پارچە سۈرىتى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنگلىيەنىڭ گېزىت ـ

ژۇرناللىرىدا كەڭ تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. «مانچېستېر قوغدىغۇچىلار گېزىتى» 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى سانىدا ئۇنى: «ئۇ بىر ئادۋوكات، بارغان جايلىرى كۆپ ئەمەس، لېكىن ئوقۇغان كىتابلىرى بەك تولا» دەپ تەرىپلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ تەشكىللىنىشىدە زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئىش تاشلاش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن كۈنى كەچتە شەھەر ـ بازارلارنى تانكىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىر ئالدى، تىك ئۇچار ئايروپىلانلار شەھەر ئاسمىنىدا پىرقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى، ئارمىيە ھەممە تۆت كوچا ئېغىزلىرىنى قامال قىلدى. ماندېلا بۇنى جەنۇبىي ئافرىقا تارىخى ۋە تىنچلىق دەۋرىدىكى ئەڭ زور كۆلەملىك قوراللىق ھەربىي ھالەت دەپ قارايتتى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرىق قىلدى. بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئىنگلىز تىلىدىكى بىر ئاخبارات ۋاسىتىسى بۇنىڭدىن قاتتىق جىددىيلەشتى. ئىش تاشلاش ھەرىكىتى يۈز بېرىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن «يۇلتۇز گېزىتى»: «كېلەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى چوقۇم تىنچ ئۆتىدۇ» دەپ خەۋەر بەرگەنىدى. ماندېلا: «بۇ ئاخبارات ۋاسىتىسى ناھايىتى نومۇسسىزلىق قىلدى، ئۇلار ئالدىنئالا ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە پايدىسىز خەۋەرنى تارقاتتى، ئىش تاشلاش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن تۈنجى كۈنىلا بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى كەينىگە سۈرۈشنى باشلىدى» دەپ قارىدى. «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» مۇشۇ قېتىملىق پائالىيەت ئۈچۈن مەخسۇس ئالاھىدە ژۇرنال ئىشلەپ تارقاتتى. ژۇرنالغا «خىزمەت نورمال، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق قانات يېيىۋاتىدۇ» دەپ تېما قويۇلدى. ماندېلا بۇ ئىش توغرۇلۇق پوچتا گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدىكى دوستى بېنجامىنغا تېلېفون قىلدى. بېنجامىن توختىماي ئەپۇ سورىدى، ماندېلا ئۇنىڭ

گېپىنى بۆلۈپ: «ھېچقىسى يوق، بىنجامىن. بىلىمەن، بۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەس» دېدى.

ماندېلا ۋە ئۇنىڭ مەخپىي ھەرىكەت كومىتېتى خىزمەتلىرىنى ھېلىھەم پەردە ئارقىسىدا قانات يايدۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئىش تاشلاش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئامالسىز قالدى. شۇڭا، ئۇلار گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى خەۋەرلەرنىڭ تېمىسىغا ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ كەتتى. ئىش تاشلاش بىر كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلار تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى توختىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. «بۇ قارارغا تاقابىل تۇرۇشقا جاسارەت بولمىسا بولمايتتى» دەپ يازىدۇ بوئىنىستان: «لېكىن، ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرى ناھايىتى ئېغىر بولدى.»

ئەمەلىيەتتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ھەمدە پويىز ۋە ئاپتوبۇسلارنى بىرلەشمە بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەرىپىنى تونۇپ يېتەلمىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇنۇمى ئۈچ يىلدىن كېيىنكى نىيا سوتى جەريانىدا ئاشكارا بولدى. سىياسىيون تام روگى: «بۇ قېتىملىق پائالىيەتكە قاتناشقان ئادەملەر سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا ۋېرۋورد ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى ئۆزلىرى توختىتىپ قويغانلىقىنى ئاشكارا بايان قىلغانىدى. غەلىبە قازىنىش ماندېلاغا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇتۇپ قويغانىدى. بۇ ساۋاقنى ئۇ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى.

ماندېلا ھالا بۇگۈنگە كەلگەندىلا ئاندىن تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش سىياسىتىنىڭ تۇيۇق يولغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا يېڭى بۆسۈشلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باشلانغان كۈنى پرۇسىت مۇستەقىل تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇخبىرى برىيان ۋىدىرىكنى ماندېلانى زىيارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ

ماندېلانىڭ تېلېۋىزور زىيارىتىنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىشى، شۇنداقلا شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى ئىدى. زىيارەت ۋىتفورتىسلەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جۇلىيىس لىۋىنىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ماندېلا جۇلىيىس لىۋىنىنىڭ ئۆيىنىڭ قىزىل خىشلىق تېمىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ 20 مىنۇتلۇق زىيارەتنى قوبۇل قىلدى. ئەينى چاغدا كەيپىيات سەل جىددىي ئىدى، ماندېلانىڭ ئېكرانغا تۇنجى قېتىم چىققان چاغدىكى ئوبرازىمۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېيتقۇسىز ھارغىنلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق، ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. زىيارەت ئەنگلىيەدە ئانچە تەسىر قوزغىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماندېلانىڭ گەپلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بەكلا مۇھىم ئىدى. «ئەگەر ھۆكۈمەت قورال كۈچى ئىشلىتىپ بىزنىڭ كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدىن يانمايدىكەن» دېدى ئۇ: «ئۇ ھالدا تەدبىرلەر ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە غەيرىي زوراۋانلىق سىياسىتىگە خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت كەلگەندەك تۇرىدۇ.»

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈندە ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش باياناتچىسى سالاھىيىتى بىلەن پات ـ پات ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ قاتمال، جانسىز ئۇسلۇبىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىل ۋاستىچى بولغان لۇز پىرۇسىت يوھاننىسبۇرگتا چىقىدىغان «ھەپتىلىك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ستانلى يۇيىسنى ماندېلانى زىيارەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھىلبىرووۋغا باشلاپ باردى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «كۆزەتكۈچىلەر» گېزىتىدىكى پاترىك ئودورنوۋىن ۋە «پۇل مۇئامىلە گېزىتى» دىكى روبېرت ئوكشوت بىلەن مەرى بېنسونىمۇ يېئوۋىلغا ماندېلانى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بىر تۇرالغۇدا

كۆرۈشتى. ئەينى چاغدا ماندېلا ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى، ئەمما زوراۋانلىق ۋاستىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتلەشكەن دۆلەتكە نىسبەتەن بىردىنبىر رېئال ۋاستە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، زوراۋانلىق سىياستىنىڭ ئوتتۇرا يول ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز جاھانگىرلىككە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. مەن جاھانگىرلىككە ئۆچ ! » لېكىن ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ماندېلا يەنە: «غەيرىي زوراۋانلىق ۋاستىسىگە خاتىمە بەرمىسەك بولمىدى» دېدى.

ئەمەلىيەتتە 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت يول خېتىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇۋاتقان چاغدا، ماندېلا خىزمەتداشلىرى بىلەن غەيرىي زوراۋانلىق ۋاستىسىدىن ۋاز كېچىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشكە باشلىغانىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىنى سوتلاش تېخى ئاخىرلاشمىغان بولغاچقا، بارلىق جاۋابكارلار ئاممىۋى سورۇنلاردا غەيرىي زوراۋانلىق پىرىنسىپىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىشكە باشلىغانىدى. غەيرىي زوراۋانلىق ۋاستىسىدىن ۋاز كېچىشتە ماندېلا سىنسۇلۇ ۋە تامبودىنىمۇ بەكرەك كەسكىن بولدى. لېكىن، ئامىنىنىڭ جىددىي كەيپىياتى ماندېلانىڭكىدىنمۇ كۈچلۈكتەك قىلاتتى. ماندېلا خەلق رايىغا بېقىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر سىياسىيون بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاۋامنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سالمىسا بولمايتتى.

ئەينى چاغدا سىياسىي ساھەدە زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوللىنىش ئومۇمىيۈزلۈك تەشەببۇس قىلىنىۋاتاتتى. ساداسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى يەنىلا تەلۋىلىك، چېكىدىن ئاشقان ۋاستىلەر

بولۇپ، 19 ـ ئەسىر رۇسىيەسىدىكى ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىگە ئوخشاپ قالاتتى. تامبونىڭ يۇرتى پىندوراندا «Intaba»[1] دەپ ئاتالغان دېھقانلار ھەرىكىتى پارتىزانلىق ئۇرۇشى شەكلىدە پۈتكۈل رايونلارنى قاپلىدى. گوۋان مېبېكى ئورمانلىقتا بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇنىڭدىن كېيىن شەھەر ۋە يېزا ئاممىسىنىڭ ھەممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى كېيپتاۋندا پات ئارىدا تېررورلۇق تەشكىلات «Poqo»[2]نى قۇرۇپ، ئاق تەنلىكلەرگە قارىتا ئۆچ ئېلىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويماقچىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئارمىيە تۈسىنى ئالغان تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، مەخسۇس ئېلېكتىر سىمىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا باشلىدى، ھەتتا كېيپتاۋندىكى «بىرلەشمە ھەرىكەت»نىڭ ئەزالىرىمۇ ئۆزىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى ھەمدە بۇ تەشكىلاتقا «پارتىزانلىق ئۇرۇشى كۇلۇبى» دەپ ئىسىم قويدى. كېيىن ئۇلارنىڭ نېۋىل ئالېكساندىر ئىسىملىك بىر ئەزاسى مۇنداق دەپ يازدى: «تەشكىلاتىمىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مايىللىقىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھەممىمىز زوراۋانلىق قىلماسلىق ۋاستىسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارلىق كۆرۈپ بولالمىغان ئەھۋال ئاستىدا قوراللىق كۈرەش قىلىش يولىغا قەدەم تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇق.»

ماندېلا ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوراللىق كۈرىشى ھەمىشە يەڭگىلتەكلىك، تەجرىبىسىزلىك دەپ ئەيىبلىنەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئاممىنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋالمىسا بولمايدىغانلىقىنى، زوراۋانلىق

---

① Intaba — جەنۇبىي ئافرىقا تىلىدا «تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
② Poqo — جەنۇبىي ئافرىقا تىلىدا «تەنھالىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كۈرىشىنىڭ تەرەققىيات تېزگىنىنىڭ ئۆز كونتروللۇقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «بىزنىڭ قوزغىلىش ــ قوزغالماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، زوراۋانلىق كۈرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى» دەپ يازىدۇ ماندېلا: «ئەگەر ھازىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمىسەك، باشقىلارغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىمىز، ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالىمىز.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە زوراۋانلىق كۈرىشىگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ ئىشقا تېخى تەشكىللىك كىرىشمىگەن، رەسمىي يوسۇندا يىغىنمۇ ئاچمىغانىدى. «يېڭى يول ئېچىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان چېغىمىزدا» دەيدۇ جوئى سىلوۋ: «ھەممە ئادەم ھەش ــ پەش دېگۈچە بىرلا ۋاقىتتا ھەممىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. بۇنىڭغا بىر جەريان كېتىدۇ، ماندېلا ئەنە شۇ جەرياندا مۇھىم رول ئوينايدۇ.» كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەييارلىقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭكىدىنمۇ تولۇق ئىدى. چۈنكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەئىسى لۇتۇلى زوراۋانلىق ۋاستىسىنى قوللىمايتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتمۇ كوممۇنىزم بىلەن زوراۋانلىقنىڭ ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇپ قويۇشقا كۆنۈپ قالغانىدى.

جۇمھۇرىيەت كۈنى ئۆتۈپ بىر ئايدىن كېيىن، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى خىزمەت كومىتېتىغا ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زوراۋانلىق ۋاستىسىنى توختىتىشنى ۋە ئۆزىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ سۆزىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن: «يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ھۇجۇمىغا قۇرۇق قول بىلەن قارشى تۇرۇپ بولماس» دېگەن ئافرىقا ماقالىنى مىسال كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققىنى، لۇتۇلى بىلەن

ناھايىتى يېقىن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ يۈرىدىغان كوممۇنىست مۇزىس كوتانا ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قارشى چىقتى. كوتانانىڭ قارىشىچە، زوراۋانلىق ۋاستىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇ يەنە ئاممىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «زوراۋانلىق چوڭ قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن» دېدى. سىسۇلۇ ماندېلانىڭ پىكرىگە ئاستىرتىن قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن نەق مەيداندا پىكىر بايان قىلمىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ماندېلانى كوتانا بىلەن مەخپىي سۆھبەتلىشىشكە ئورۇنلاشتۇردى. كوتانا ئاخىر قايىل بولۇپ، قوراللىق كۈرەش قىلىش پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

ئەڭ ھالقىلىق سۆھبەت ناتالدا ئېلىپ بېرىلدى، جەمئىي ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىلدى، يىغىنغا لۇتۇلى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق يىغىندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھىندىستانلىقلار، ئاق تەنلىكلەر ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقلارنىڭ ئىتتىپاقلىق يىغىنى كېچىچە داۋاملاشتى. ماندېلانىڭ ھەربىي تەشكىلات قۇرۇش پىلانىغا نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەردە ھېلىھەم ماندېلانىڭ دوستى گەندى سىڭگىنىڭ تەسىرى بار ئىدى. گەندى: «غەيرىي زوراۋانلىق ھەرىكىتى بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى يوق، ئەكسىچە غەيرىي زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى بىز ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدۇق» دەپ قارايتتى. موندى نىك ۋە يوسېف كاچارىيا قاتارلىق دوستلار ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «زوراۋانلىق ئىستراتېگىيەسى تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ جىددىي ۋەزىپىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېگەنىدى. ماندېلا كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار ھەر خىل سىياسىي تەشكىلاتلار ئىچىدىن زېھنى ئۆتكۈر، تەجرىبىلىك كىشىلەرنى يىغىپ، يېڭى تەشكىلىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى ـ يۇ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، ھالقىلىق سىياسىي ۋەزىپىلەرگە سەل قارىغانىدى.

نۇرغۇن ھىندىستانلىق ياشلار پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا بىلەن سىسۇلۇ يەنە سىلوۋ بوئىنىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاق تەنلىك كوممۇنىستلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. «ئۇلارنىڭ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈش ئۇسۇلى ئىنتايىن سالماق ئىدى» دەيدۇ سىسۇلۇ: «ھېچقاچان ئاساسسىز ئىش قىلمايتتى، پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كۈچىگە مېخانىك ھالدا تايىنىۋالمايتتى، ئۇلارنىڭ تايىنىدىغىنى خەلق ئاممىسى ئىدى.» شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىياسىي پارتىيەلەر قورال كۈچى تەشكىللەش جەريانىدا ھەقىقەتەن قالتىس مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. سىلوۋ: «1963 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ تەشكىلات ئۆزىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پۈتۈن ھوقۇق بىلەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولدى» دېدى.

ئەتىسى سەھەردە قورۇلتايدا بىردەك ماندېلا «مىللەت نەيزىسى» دېگەن نامدا يېڭى ھەربىي ئىشلار تەشكىلاتى قۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ قارالدى. ماندېلا ئۆز ئالدىغا ئەزا قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، لېكىن مىللەت نەيزىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىغا خىرىس ئېلىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى (لېكىن 18 ئايدىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قۇتراتقۇچىسى روبېرت رىسا مىللەت نەيزىسى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى). جەنۇبىي ئافرىقا كۆرەشنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى تارىخىي خاراكتېرلىك سۈبھىسىنى كۈتۈۋالدى.

لۇتۇلىنىڭ قەلبى ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن تولغانىدى. ئۇ زوراۋانلىق كۈرىشىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇمۇ تىنچلىقپەرۋەرلەردىن ئەمەس ئىدى. ماندېلا ئۇنىڭ ناتالدىكى يىغىنىدا «بەزىلەرنىڭ مېنى تىنچلىقپەرۋەر دېيىشىگە پەرۋايىم پەلەك، ھامىنى بىر كۈنى ئۇلار ئۆزىنىڭ نەقەدەر خاتالاشقانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ» دېگەن گېپىنى مەڭگۇ ئۇنتۇيالمايتتى ئۇ ئەزەلدىن ماندېلا قاتارلىقلارنىڭ قارارىغا قوشۇلغىنىنى بىلدۈرمەيتتى، ھەم ئەزەلدىن ئۇلارغا زەربىمۇ بەرمەيتتى. سىلوۋ كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «لۇتۇلى ئىزچىل زوراۋانلىق ۋاستىسى قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن يېڭى كۈرەش ۋاستىسىنى قوللىنىشقا قارشى تۇراتتى ياكى ئۇنى ئەيىبلەيتتى. ئۇ زوراۋانلىق ۋاستىسى قوللىنىشنى پەقەت ھۆكۈمەتكىلا خاس دەپ قارايتتى، ئەمما ئەزەلدىن مىللەت نەيزىسىنىڭ بەرپاچىسىنى تەنقىدلەپ باقمىغانىدى.»

مىللەت نەيزىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ماندېلا بۇ چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوراللىق كۈرەشكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر كېچىدىلا جەڭچىگە ئايلاندى. بۇ، ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن چەك - چېگرانى ئۇزۇل - كېسىل ئاجراتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. سىلوۋ مۇنداق دەيدۇ: «ماندېلا سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى ھەمدە رەسمىي يوسۇندا كەسپىي ئىنقىلابچىغا ئايلاندى. بۇ — بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى ئاساسلىق بۆلگۈچ ئىدى.» ماندېلانىڭ قوراللىق زوراۋانلىق ۋاستىسىگە مايىل بولۇشى يەر ئاستى خىزمىتىنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىپ بەردى ھەمدە تىنچلىقپەرۋەرلەر ۋە قانۇنپەرۋەرلەر بىلەن چەك - چېگرانى پۈتۈنلەي ئاجراتتى.

«بىز ھۆكۈمەتكە پۈت دەسسەيدىغان ئورۇن قالدۇرمايمىز» دەيدۇ ماندېلا 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى بىر پارچە ئاخبارات ئۇقتۇرۇشىدا. بۇ دەل كېيىنكى «ئەركىنلىك كۈنى» ئىدى. ئۇ،

بۇ نىشاننى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە چۈشەنچە بەرمىدى، ئەمما «ۋەتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىرقىي بۆلگۈنچىلەرنى خەلق غوجايىنلىقىدىكى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى، خەلق بەھرىمەنلىكىدىكى ھۆكۈمەتكە ئورۇن بوشاتقۇزۇشتا يەنە باشقا ۋاستىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.» ھۆكۈمەت ماندېلاغا قارىتىلغان تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى، لېكىن ئۇ تەسلىم بولمايتتى. چۈنكى، ھازىرقىدەك باسقۇچتا «ئۆز ئايىغى بىلەن تورغا چۈشۈپ بېرىش، ئورۇنسىز قۇربانلىق بېرىش — گۆدەكلىك، خاتالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.» بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولغان بولسا، ئۇ بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېيىشكە تەشنا بولاتتى، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ساقچىغا تۇتۇق بەرمەي ئۇ يەر - بۇ يەردە مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى.

دەسلەپكى بىرقانچە ھەپتىدە ئۇ يوھاننېسبۇرگتىكى بىرنەچچە ھىندىستانلىقنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتى ئاچقان مەخپىي يىغىندىلا ئاندىن ئۆزىنى كۆرسەتتى. يىغىن ئېچىشقا ماس كېلىدىغان بىخەتەر جاي ئىزدەشكە مەخسۇس گۇرۇپپا مەسئۇل بولدى، كاترادا شۇ گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ تۇرالغۇسىدىن پايدىلانسا بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا يەنە «يېڭى دەۋر» گېزىتىنىڭ ۋولفىل كودىس ئىسىملىك بىر ئاق تەنلىك مۇخبىرىمۇ بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بىر كۈنى كەچتە كودىس ئۆز ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئادەم تۇرمايدىغان بىر تۇرالغۇنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالدى. ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون نەپەر ئەزاسى مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ يىغىن ئاچتى. ماندېلا بۇرۇنقىدەكلا شوپۇر سىياقىدا ياسىنىۋالغانىدى. لېكىن، سىسۇلۇ يېتىپ كەلگەن چاغدا كودىس

كاربدوردا ئىككى بوۋاينىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە: «دەرھال بېرىپ تېلېفون قىلايلى» دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ قالدى. كودىس يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەنلەرنى دەرھال تارقاقلاشتۇرۇۋەتتى، لېكىن ماندېلانى قەيەرگە يوشۇرۇشنى بىلەلمەيلا قالدى. شۇنىڭ بىلەن كودىس ماندېلاغا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. «ساقچىلار بىر قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكنىڭ ئۆيىگە مۆكۈنۇۋېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ» دېدى كودىس: «ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئاسانلا كۆزگە چېلىقىپ قالىسىز.» شۇنىڭ بىلەن، ماندېلا كودىسنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئاي يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

ماندېلانىڭ ئىشىكتىن چىقىشى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ دەسلەپتە كودىسنىڭ كىتاب ئىشكاپىغا تىزىقلىق بارلىق كىتابلارنى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقتى. كودىس ماندېلاغا: «شېكىسپىر ئەدەبىياتقا ئاشىق بولغاندەك، كلائۇزۋىتزمۇ ئۇرۇشقا مەپتۇن بولۇپ قاپتىكەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا كلائۇزۋىتزنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئۇرۇش نەزەرىيەسى»نى ئوقۇپ چىقتى. «زېھنىمنى بۇ دەرىجىدە بىر يەرگە يىغالايدىغان ئۇنىڭدەك ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەيدۇ كودىس: «ئۇ گويا قانۇنىي جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈشكە دۇچ كەلگەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ شەرھ يازاتتى، خاتىرە قالدۇراتتى.» ماندېلا نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى، لېكىن ئۇ ئەركىنلىك ئۇرۇشى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارغا ھەممىدىن بەكرەك قىزىقاتتى. شۇڭا، جۇڭگودىكى ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئېدگار سنو، ئىسرائىلىيەلىك مىناخېم بېگىن، فىلىپپىنلىق لۇيىس تارۇس، دانىس رىچ قاتارلىقلار ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ كىتابلارنى ناھايىتى تەپسىلىي، ئەستايىدىل ئوقۇيتتى.

ئۇ چاغلاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرىدىن ئۈزۈلمەي غەلىبە خەۋىرى كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى: جۇڭگودىن ماۋ زېدۇڭ، ئالجىرىيەدىن بىن بېلا، كۇبادىن كاسترو قاتارلىقلارنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. ماندېلا پۈتكۈل ئافرىقىدىكى — ئېفىيوپىيە، كېنىيە، كامېرون، بولۇپمۇ ئالجىرىيەدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلدى. چۈنكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئالجىرىيەدىكى ئىنقىلابنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتى قوزغىغان كۈرەش بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىغا ئەڭ ئىلھام بولغىنى يەنىلا كۇبادىكى ئىنقىلاب ئىدى. كۇبا ئىنقىلابىنىڭ ئەندىزىسى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. لېكىن، كاسترو ۋە چې گېۋارا ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئۇلارنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتاتتى. ماندېلا كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى بارراكس لۇكايېچقا ناھايىتى قىزىقاتتى. كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئىنقىلاب دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتكىنى ئۇلارنىڭ سىياسىي پارتىيەسى ئەمەس، بەلكى كاسترونىڭ ئۆزى ئىدى. بارراكس ئۆزىنىڭ ماندېلاغا بولغان قايىللىق ھېسسىياتىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ماندېلا كۇدىسىنىڭ ئۆيىدىكى غېرىبانە تۇرمۇشقا كۆنەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. «تۇرمۇشۇمنىڭ تۇرۇپلا ناھايىتى مەخپىي تۈس ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىم» دەيدۇ ئۇ تۇرمىدىكى ۋاقتىدا: «ئۆيۈمدىكىلەرنى، بۇرۇن دائىم چېنىقىش ئۆيىگە بېرىپ ھاردۇق چىقىرىدىغان كۈنلىرىمنى بەكلا سېغىنغانىدىم. ھازىرقىدەك تۇرمۇش ئەندىزىسىنى ساقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشىم كېرەك ئىدى.» ئۇ ھەممىدىن بەك ۋىنىنى سېغىنغانىدى. ماندېلانىڭ ھەر قېتىم

ئايالى ۋىننى ۋە باللىرىنى تىلغا ئالغان چېغىدا ھەربىيلەرگە خاس سالاپىتىنىڭ غايىب بولۇپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالىدىغانلىقىنى كودىسمۇ بايقىغانىدى. كودىس ۋىننىغا ئۆيىگە كېلىپ ماندېلا بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ ئىش بەكلا تەسكە توختىدى. چۈنكى، ۋىننىنىڭ سوۋېتودىكى تۇرالغۇسىنىڭ نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولغانىدى. بەزىدە ۋىننى ماندېلا بىلەن باشقا بىخەتەر جايلاردا كۆرۈشەتتى. ئۇلار ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى خالايدىغان دوست ـ يارانلىرى ھامان تېپىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلار دوستلىرىنىڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشىغا ئەزەلدىن قوشۇلمايتتى. بىر قېتىم ئۇلار پاك شەھىرىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە كۆرۈشتى. ئۆينىڭ ئىگىسى بىر ئاق تەنلىك مۇھەررىر ئىدى، ئۇ كىشىلەرگە تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن سەل قورقۇنچاق ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئالاقزادىلىك بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، كودىس ئۇنىڭ پەتنۇس كۆتۈرۈۋالغان قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدى، پەتنۇستىكى ئەينەك ئىستاكان تىترەشتىن تىرىڭلاپ ئاۋاز چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن كودىس ماندېلاغا ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى دەرھال ئېلىپ كەتتى.

ھەرقايسى چوڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ماندېلانىڭ غايىب بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى بەس ـ بەستە ئېلان قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇنى «قارا دېڭىز يۇسۇنى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ بىلەن، كودىس ماندېلانىڭ بىخەتەرلىكىدىن بارغانسېرى ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ: «ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسىدە قارا دېڭىز يۇسۇنىنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن»، «تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقمامسىز» دەپ ماندېلانى ئاگاھلاندۇردى. «پۈتۈن زېھنىمنى خىزمەتكە قارىتىۋاتىمەن، بۇلارنى ئويلاشقا چولام تەگمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ماندېلا. لېكىن، كودىس بىخەتەرلىكنى ئويلىشىپ، ماندېلانى يەنىلا يوھاننىسبۇرگ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى نوۋۇد

رايونغا ئاپىرىپ، بىر دوختۇر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ماندېلا بۇ ئۆيىنىڭ باغۇنى سىياقىدا ياسىنىپ، چاكارلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپتى.

ماندېلا بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى قوبۇل قىلىپ، مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل قىلىغانىدى، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بار ئىدى. لېكىن، تولىمۇ روشەن بولغىنى، بۇ ئىككى گۇرۇپپا بىر ـ بىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى، شۇڭا ئۇلار قوشۇۋېتىلدى. ماندېلا مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتىنى ئافرىقىلىقلار قۇرغان دېگەن پىكىردە چىڭ تۇراتتى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنى ئېھتىياجلىق بىلىم ۋە تاكتىكىلار بىلەن تەمىنلەشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇ جوئى لۇيىسنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئالىي قوماندانلىق ئورنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ماندېلا سىلوۋغا ئىنچىل ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇ: «سىلوۋنىڭ سۆز لۇغىتىدە ‹تەسلىم بولۇش› دېگەن سۆز يوق. ئۇ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىن باشقىنى ئۇقمايدۇ» دېگەنىدى. سىلوۋمۇ ماندېلاغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىمىز كۆنسېرى چوڭقۇرلىماقتا. ماندېلا ئەزەلدىن ئۆزىنى ھەم چوڭ تۇتمايدۇ، ھەم پەس كۆرمەيدۇ» دېگەنىدى.

سىلوۋ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە جېك خوكسىن بىلەن ۋولفېل كودىسمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شىمالىي ئافرىقىدا خىزمەت قىلغان بولغاچقا، پارتلىتىش بىلىملىرىگە پىششىق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاسېن گودرىكمۇ بار ئىدى. 40 ـ يىللاردا ئۇ پەلەستىنىدە ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. لېكىن، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلارنىڭ بىلىمى ئىشتىن سىرت ئۆگىنىۋالغان بىلىملەر ئىدى. «بىز شۇنچە جىق ئادەم تۇرۇپ،

قولىمىزدا بىر تالمۇ قورال يوق» سىلوۋ كېيىن شۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە بولغان ئىستراتېگىيەلىك بىلىمىمىز تولىمۇ كەمچىل ئىدى.»

1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماندېلا رىۋونىيەدىكى گۈلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىن يوشۇرۇنۇشقا يېڭى جاي تاپتى، ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى يېرىم سەھراچە ئىدى، كۆكتاتلىقنىڭ تۆت ئەتراپىدا بىرنەچچە ئېغىز بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ماندېلا دەل مۇشۇ جايدىن بىر ئېغىز مەخپىي ئۆي تاپتى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى كوممۇنىستىك پارتىيە مەخپىي سېتىۋالغانىدى. ئۇلار گودىرىكنى دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنىنىڭ سىياقىدا ياساندۇردى، گودىرىكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە كۆچۈپ باردى. ماندېلانىڭ دوستى مايكول هامور ئۇنى ماشىنىسىدا ئاپىرىپ قويغاندا ئۇ، ئۇ يەرنى تولىمۇ بىخەتەر ھېس قىلدى. كېيىن ئۇ سوتتا چىققاندا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ ــ سەرگەردانلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ماكانى ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن كۈندۈزلىرى ئۆيدىن تالاغا چىقالمايتتىم، پەقەت كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاندىن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ تالاغا چىقاتتىم. لېكىن، گۈلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۇرمۇشۇم تامامەن باشقىچە بولدى، خىزمەت ئۈنۈمىممۇ ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.» كېيىن ئۇ تۇرمىدىكى ۋاقتىدا مۇنداق يازىدۇ: «گۈلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۇرمۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىدى، چۈنكى ئۇ جاي ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك يىللارنى، بالىلىق دەۋرىمنى ئەسلىتەتتى.» ئۇ يەردە رەسمىي تۇرىدىغىنى پەقەت ماندېلا بىلەن گودىرىك ئائىلىسى بولسىمۇ، لېكىن گۈلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانى كوممۇنىستلار بىلەن ماندېلانىڭ پاناھگاھى ئىدى. ماندېلا ئىسمىنى داۋىد موساماي دەپ ئۆزگەرتىپ، تېشى تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيدە تۇردى. كېيىن ئۇ سوتتا: «بۇ

دېھقانچىلىق مەيدانى مىللەت نەيزىسى ياكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش ئىشتابى ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بوئىنىستان بۇ يەرنىڭ ناھايىتى تېز لا مىللەت نەيزىسىنىڭ يېرىم مەخپىي قوماندانلىق ئىشتابىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى» دېگەنىدى.

ماندېلا دائىم كېچىلىرى باشقىچە سىياقتا ياسىنىپ سىرتقا چىقىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەتتى. بەزىدە ئۇ تېخنىك ئىشچى سىياقىدا ياسىنىۋالاتتى، بەزىدە كېچىلىك كۆزەتچى سىياقىدا ياسىنىۋالاتتى. بىر قېتىم ھەتتا دەپنە مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان پوپ سىياقىدىمۇ ياسىنىۋالغانىدى. ئۇ دىراماتىك تۈس ئالغان بۇنداق تۈيغۇدىن بەكمۇ ھۇزۇرلىناتتى. 10 ـ ئايدا بىر نەچچە ھىندىستانلىق فورتىسبۇرگتىكى بىر ئۆيدە ئۇچرىشىپ قالدى، گادىس شىركىتىنىڭ قاسماقلىشىپ كەتكەن خىزمەت فورمىسىنى كىيىۋالغان بىر كىشى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ: «يولداشلار، قېنى ئولتۇرۇڭلار» دېگەندىلا ئاندىن كۆپچىلىك ئۇنىڭ ماندېلا ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى. ماندېلانىڭ بۇ «تامامەن يېڭىچە ئوبرازى»نى كاترادا قاتارلىقلار لايىھەلەپ چىققانىدى. ئۇلار ماندېلانى ئەمدى ھېلىقىدەك مودا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرمەسلىككە تەستە كۆندۈرگەنىدى. لېكىن، ماندېلا بىرلا نۇقتىدا مۇرەسسەگە كەلمىدى: ئۇ ساقىلىنى ئېلىۋېتىشكە قوشۇلمىدى، چۈنكى بۇ ساقىلى ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

نۇرغۇن دوستلىرى ماندېلانىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەندىشە قىلاتتى. «ئەينى چاغدا ئۇنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرىنچى نومۇرلۇق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەتچى بولۇشى ناتايىن ئىدى، ئۇ ئۇچرايدىغان خېيىم ـ خەتەرنىمۇ بەك چوڭ دەپ كەتكىلى بولمايتتى» دېگەنىدى بوئىنىستان: «لېكىن، ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇسلۇبتىكى ئادەم ئىدى،

نەدە خېيىم ـ خەتەر بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئۇراتتى. ئۆزىمۇ تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ بولالمىغان خېيىم ـ خەتەرگە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئېتىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى.» بوئىنىستان ماندېلانىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى بىلىدىغان شوپۇر ۋە زىيارەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ماندېلانىڭ بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىگە ئايرىم مەسئۇل بولۇشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى: «بىز بەك گالۋاڭلىق قىپتۇق، خېيىم ـ خەتەرنى ۋاقتىدا بايقىيالماپتۇق.»

ۋىننى گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىغا ماندېلانى نەچچە قېتىم كۆرگىلى باردى، كېيىندىن ئۇلارنىڭ ھىندىستانلىق دوستى پاۋلو بىلەن ئادلەيد يوسېفنىمۇ يوقلاپ باردى. «ئۇ ھەر كەلگەندە ماشىنىسى لاي ـ پاتقاققا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز، بىر قاراپلا ئۇنىڭ سەھرادىن ھەيدەپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىمىز» دەيدۇ پاۋلو: «بىزنىڭ ئۆيىمىز ئىزچىل نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ. بىزمۇ بەكلا ئېھتىيات قىلمايۋاتاتتۇق. لېكىن، ئۇ چاغدا يەر ئاستى خىزمەتلىرى ئەمدىلا باشلانغانىدى، ئازدۇر ـ كۆپتۇر يېتەرسىزلىكلەر بار ئىدى.»

يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۇزاق مەزگىل جىددىيلىك ئىچىدە ياشايتتى. «بىز يەر ئاستى خىزمەتلىرىنىڭ ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق» دەيدۇ دېنىس گولدبېرگ: «لېكىن، غايەت زور بېسىمغا دۇچ كەلگەندۇق. ئۇلارنىڭ ئاڭسىزلارچە سادىر قىلغان خاتالىقى تۈپەيلى يەر ئاستى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى ...» گولدبېرگ ماندېلانىڭ «قارا دېڭىز يۇسۇنى» باسقۇچىنى زادىلا تۇراقلىق ئەمەس دەپ، قارايتتى: «رەھبەر غايىپەرەس، نۇقسانى تولا كىشى بولسا، سىز تەۋەككۇل قىلىدىغان خېيىم ـ خەتەر شۇنچە كۆپ بولاتتى. چۈنكى، سىز تەشۋىقات ئوبرازىڭىزنى ساقلىمىسىڭىز بولمايتتى. سىز يەر ئاستى خىزمەتچىسىگە ئايلانغان ۋاقتىڭىزدا،

پىنھان جايلارغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىڭىز. بىخەتەر بولغاچقا بەكلا يۈرەكلىك بولۇپ كېتەتتىڭىز.»

مۇشۇ مەزگىلدە ماندېلا بەخىرامان ھالدا پۇتكول جەنۇبىي ئافرىقىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ لۇتۇلىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككى ھەپتە تۇردى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى: «لۇتۇلى نېمە ئىش قىلماقچىدۇ؟» دەپ سورىغاندىلا ئاندىن بۇ يەردىن كەتتى. لېكىن، ئۇ ئاۋام ـ خەلق بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ قويماسلىق قارارىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولغانىدى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەرى بېنسون تەكلىپكە بىنائەن يوھاننىسبۇرگنىڭ شەھەر سىرتىغا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئەينى چاغدا ماندېلا ناتال ۋە كېيپتاۋنغا تېخى ئەمدىلا بارغانىدى، ۋەدە قىلىنغان جايغا بارغاندا يەنە ئۈچىسىغا شوپۇرلار كىيىدىغان ئاق چاپان كىيىۋالغانىدى. ئۇ مەرى بېنسونغا: «ئاۋام ـ خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكمىگۈچە ئىشلارنى چۈشىنىپ يېتەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى.

مىللەت نەيزىسى بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى پىلانلاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرمۇ بىرلەشمە ئىش توختىتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان خېيىم ـ خەتەرلەرنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. دۆلەت پارتىيەسى ئىلگىرى ئاق تەنلىك سايلىغۇچىلارغا توپلاڭچىلارنى قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئاق تەنلىك سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. 1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىنىڭ تۇنجى پاي ئوقى ئېتىلدى، ئېلېكتىر سىملىرى ئۈزۈپ تاشلاندى، ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئەركىنلىك پارتىيەسى دۆلەتلىك كومىتېتىنىڭ تەشكىللىگەنلىكى، كومىتېتنىڭ ئەركىنلىك پارتىيەسى ۋە ئولڭ قانات

ئۇنسۇرلاردىن تەركىب تاپقانلىقى، كېيىن ئافرىقا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى گۇرۇپپىسىغا تەرەققىي قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. مىللەت نەيزىسى ناھايىتى تېزلا بۇ ھەرىكەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ماھىيەت جەھەتتىن جاسارەتكىلا تايانغان پاراسەتسىز ھەرىكەت ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئاستىرتىن ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتى ئاق تەنلىكلەرنى مەھكەم ئۇيۇشتۇردى. لېكىن، ئۇزاققا قالماي ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا دۆلەت پارتىيەسى ئاخىر ئېرىشكەن بىلەت سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن غەلىبە قازاندى. بۇ — ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بولسا 1838 - يىلىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ زۇلۇ قەبىلىسىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى خاتىرىلەيدىغان قەسەمياد كۈنى ئىدى. بۇ كۈن ھازىر ئافرىقىلىقلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ كۈنى مىللەت نەيزىسى تۇنجى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇلار يوھاننىسبۇرگ، ئېلىزابېت پورتى ۋە دۇرباندا پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. گەرچە پارتلىتىش ئۈنۈمى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا زور پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغانىدى. مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى پېتروۋس مورىف ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر ئەزاسىنىڭ بىلىكى پارتلاشتا يارىلاندى. جوئى سىلوۋ يوھاننىسبۇرگتىكى باش گۇبېرناتور مەھكىمىسىنى پارتلاتماقچى بولدى. لېكىن، بىر ھەربىي ئوفىتسېرنىڭ بايقاپ قېلىشى بىلەن پىلان سۇغا چىلاشتى. لېكىن، مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پىدائىيلىرى ھە دەپ تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىپ، ئېلان چاپلاپ، مىللەت نەيزىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە يېڭى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىسىنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلدى. ئەتىسى سەھەردە ساقچىلار چاپلانغان ئېلاننىڭ كۆپ قىسمىنى يىرتىۋەتكەچكە، خەۋەرنى جىق ئادەم كۆرەلمىدى. «كۆزلىگەن ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە بولغىنى» دەپ يازىدۇ مىللەت نەيزىسىنىڭ بىر ئەزاسى: «بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمى، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا دولقۇن قوزغىدى.» لېكىن، ماندېلا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى دەسلەپتە خېلىلا ھاياجانلاندى، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇ تاپتا يانار تاغ ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «ئۇرۇش قوزغاش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ نېگىزىگە بىۋاستە تەھدىت پەيدا قىلالايدۇ» دەپ قارىدى. «قولغا كەلگەن دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەت بىزنى قاتتىق خۇشال قىلدى»دەپ يازىدۇ ماندېلا تۇرمىدىكى ۋاقتىدا: «ھاياجانلىنىش تاشقىنى ئىلگىرىكى گۇمانلىنىش سادالىرىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى.»

پارتلىتىش پائالىيىتىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىشتە بەكلا دېلىغۇللۇق كۆرۈلدى، بۇنى ماندېلامۇ ئېتىراپ قىلاتتى. چۈنكى، تېخى ئالتە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئالبېرت لۇتۇلى ئوسلودا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. لېكىن، ئۇلار لۇتۇلىنى بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىدىن بۇرۇن ئۆيىگە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلەلەيدۇ دەپ، جەزم قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاۋام ـ خەلقمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىللەت نەيزىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلمەيتتى. لۇتۇلى پائالىيەتنىڭ زوراۋانلىق توقۇنۇشىغا تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن

ئەنسىرەيتتى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ كانادانىڭ بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ياشلارنىڭ زوراۋانلىق ۋاستىسى قوللىنىشىنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ نەزىرىدە قورال كۈچى ئىشلىتىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدى.

لۇتۇلى مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قارشىلىقلىرى خەلقئارالىق مەدەتكە ئېرىشتى. ماندېلا رادىيودىن لۇتۇلىنىڭ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشال بولدى. لېكىن، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى لۇتۇلى بىلەن ئالاقە قىلغاندا يەنىلا ناھايىتى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى. لۇتۇلى نورۋېگىيەگە كېتىۋېتىپ، يولدا ئەنگلىيەدە ۋاقىتلىق توختىغاندا، ئەنگلىيەنىڭ بىر ئەمەلدارى «لۇتۇلى بىلەن كۆرۈشسەك جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ لۇتۇلىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىشلىرىغا قىلچە پايدىسى يوق» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەمەلىيەتتە، مىللەت نەيزىسىنىڭ پارتلىتىش پائالىيىتى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تىنچ شەكىلدە كۈرەش قىلىشى بىۋاستە توقۇنۇشمايتتى. مىللەت نەيزىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابى يەنىلا ناھايىتى ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقان بولۇپ، يۈز بەرگەن بىر قاتار بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرگە بولغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش، دەپ قارايتتى. لېكىن، تۇنجى قېتىملىق پارتلاشتىن كېيىن، مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتى بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىنىڭ ئورنىغا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش ھەققىدە بەكرەك ئويلىشىشقا باشلىدى. «رەسمىي بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ» دەپ كۆرسەتتى بۇنىڭغا قاتناشقان بوئىنىستان: «بىز

بىلىپ ـ بىلمەي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى كېيىنكى باسقۇچقا قالدۇرغاندەك قىلىمىز.» ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابى ئاساسلىق رەھبەرلەرنى ياش پىدائىيلارنى چەت ئەلدە تەربىيەلەشكە ئاپىرىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ماندېلا ھازىر باش قوماندان ئىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئاشۇنداق بىر ئىنقىلابىي دەۋردە ماندېلا يېتەرلىك نوپۇز ۋە ئابرۇي بىلەن ئىزچىل ئاجىز ھالەتتە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەربىي ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغانىدى. ئەمما، ئەينى چاغدىكى باستۇرغۇچى كۈچلەرمۇ ئافرىقىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. كۆپ تەرەپلىمىلىك بىر سىياسىيوندىن تۇرۇپلا بىر ھەربىيگە ئايلىنىش كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. كۇبا ۋە جۇڭگودىكى ئىنقىلابلارغا سېلىشتۇرغاندا ماندېلانىڭ ھەربىي ھاياتى نىسبەتەن قىسقا ئىدى، شۇنداقلا مەخسۇسلاشمىغانىدى. لېكىن، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر سىياسىيون بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئاۋام ـ خەلقنى يېتەكلەشتە يېڭى كۈرەش شەكلىنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

# 13. ئەڭ ئاخىرقى بىر زەربە

## (1962 - يىلى)

خەرىتىدە ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرگە تەۋە رايونلار بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. دۇنيا مىقياسىدا پەيدا بولغان يېڭى تەسىرلەر ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان قارا تەنلىكلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك قوللاش رولىنى ئوينىغانىدى. 1962 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىدىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئافرىقىنىڭ باشقا رايونلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، مەبلەغ ۋە تەربىيەلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماندېلانى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالاقىلىشىشكە مەسئۇل قىلدى ھەمدە شۇ يىلى 2 - ئايدا ئېفىيوپىيىدە ئېچىلغان ئافرىقا يىغىنىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى تونۇشتۇردى. 43 ياشلىق ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەت دەرۋازىسىدىن ئەزەلدىن چىقىپ باقمىغاچقا، بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. ھالبۇكى ماندېلا كۈندىلىك خاتىرىسىدە بۇ قېتىملىق ئافرىقا سەپىرىنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن تولغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش كىشىنى ناھايىتى ھاياجانغا سالىدىغان ئىش ئىدى. بىرمۇنچە دۆلەتلەر كەينى - كەينىدىن مۇستەقىل بولغان ھەمدە

پانئافرىقانىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈمىدىدە بولۇۋاتقانىدى. ئىلگىرى ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاھانگىر دۆلەتلەر مانا ئەمدىلىكتە ئۇلارنى دوستانە ياردەم بىلەن تەمىنلىمەكتە، ئۇلارنى غەرب لاگېرى ئىچىدە قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىشماقتا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو بولسا ئۇلارنى شەرق لاگېرى ئىچىگە تارتىپ ئەكىرىش كويىدا ئىدى. كىنىدى ۋەكىللىكىدىكى ئامېرىكىلىقلارمۇ بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كىنىدىنىڭ ئاساسلىق تەدبىر بەلگىلەش كوللېكتىپى بىر پارچە مەخپىي دوكلات تاپشۇرۇۋالدى، دوكلاتتا پىرېزىدېنت كىنىدىنىڭ ئافرىقىغا بالدۇرراق زىيارەتكە كېلىش تەكلىپى بېرىلگەنىدى.

ماندېلا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئافرىقىغا بولغان نەزەر دائىرىسىنىڭ بىراقلا ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. لۇتۇلى ماندېلانىڭ ئافرىقىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە بېرىش پىلانىغا قوشۇلدى ھەمدە ئەگەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە يېڭى يۈزلىنىشلەر كۆرۈلسە ئۆزىدىن پىكىر ئېلىشنى ئۈمىد قىلدى.

1962 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 10 ـ كۈنى ئۇ ۋىنىنى بىلەن خوشلىشىپ، ماشىنا بىلەن دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ، بېكۇانالەند (ھازىرقى بوتسۋانا) كە كەلدى. ئەينى چاغدا بېكۇانالەند تېخىچە ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ سەھرانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ مۇنداق دەپ يازدى: تېخىمۇ كەڭ كەتكەن ئافرىقىنى كۆردۈم، چىشى شىرلارنىڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

بېكۇانالەند ئادەتتە قارا تەنلىك رادىكاللار قېچىپ بېرىۋالىدىغان بىردىنبىر جاي ئىدى. چۈنكى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېكۇانالەندكە بولغان كونتروللۇقى ئانچە قاتتىق ئەمەس ئىدى. بۇ رادىكاللار ماندېلانى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قانات ئاستىغا ئالدى. ئۇلار ماندېلانى «جەنۇبىي ئافرىقا

ساقچىلىرى نەچچە ئاينىڭ ياقى قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقان ئادەم» دەپ بىلەتتى. لېكىن، يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس ئەزالار مەھكىمىسى ئۇنى نازارەت قىلىۋاتاتتى، لوندونغا دوكلات يوللاپ ئۇنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چېگرا شەھەر لوباتسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، يېنىدا 600 فوندستېرلىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

ماندېلا لوباتسىنىڭ چېگرا ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يەنە بىخەتەرلىك خىزمىتىنىمۇ تەڭ قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ قاتتىق چۆچۈدى. ھېلىقى ئەمەلدار ئۇنى تونۇۋالدى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ساقچىلىرىنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى پاناھلانغۇدەك تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ماندېلا بۇنىڭدىن ناھايىتى تەشۋىشلەندى. لېكىن، ئۇ بۇ كىشىنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تامبوغىمۇ ياردەم قىلغانلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى.

ماندېلا دوستى جوئى مارتىيو بىلەن بېكۇئانالەندىن ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تانزانىيەنىڭ دارىسسالامغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەنگلىيەنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى مارتىيونىڭ كەينىگە چۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا، ئۇ باسۇتولاندتە تۇراتتى. ئاخبارات تارماقلىرى ئۇنى «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نىقابىنى كىيىۋالغان كوممۇنىزم نەزەرىيەچىسى» بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغانىدى. لېكىن، ئۇلار ئايروپىلاننى كىمنىڭ ھۆددىگە ئالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

تانزانىيە تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا مۇستەقىل بولغانىدى. ماندېلا تانزانىيەدە بەكلا جانلىنىپ كەتتى. پرېزىدېنت جۇلىيۇس نىيرېر ناھايىتى خەلقپەرۋەر كىشى ئىدى. ماشىنىسىمۇ ناھايىتى كىچىك، ئۆيىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى. بۇنىڭدىن ماندېلا ناھايىتى تەسىرلەندى. ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە جايلاشقان تانگانىكا ئافرىقا مىللەتلىرى بىرلەشمە پارتىيەسى باش ئىشتابىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بۇ ئورگاندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ۋەزىپىدىكى خىزمەتچى ـ خادىملار ئىدى. لېكىن،

پىرېزىدېنت جۇلىيۇس نىيرېر ئۇنىڭغا قوراللىق كۈرەشنى كېيىنگە سۈرۈپ، سۇبۇكۋىل ۋە پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بىلەن ھەمكارلىشىش تەكلىپىنى بەردى، بۇ ماندېلانى ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇ پىرېزىدېنت جۇلىيۇس نىيرېرنىڭ «سوتسىيالىزم ئافرىقىغىلا خاس» دەيدىغان كۆزقارىشىغا رەددىيە بەردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پىرېزىدېنت جۇلىيۇس نىيرېر ئافرىقىلىقلارنى تېرىقچى ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، سىنىپىي تەبىقىگە ئايرىلمىغان دەپ قارايتتى. ماندېلا بۇ قاراشنى ياقلىمايتتى. ئۇ: «ئافرىقىلىقلار ئاق تەنلىكلەر كېلىشتىن بۇرۇنلا كانچىلىق ۋە مېتاللورگىيە كەسپىنى باشلىغان، نىل دەرياسى بويلىرىدىن تاكى زىمبابۋېگىچە بولغان رايونلاردا كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىپ، مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى.

ماندېلا تانزانىيەدىن تامبو بىلەن كۆرۈشكىلى يەنە غەربىي ئافرىقىغا قاراپ ئۇچتى. كېيىندىن يەنە ئېفىيوپىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئەددىس ئەبېبەدە ئېچىلىدىغان پانئافرىقا ئەركىنلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. قۇرۇلتاينى خەيىل سېلاسى تەشكىللىگەنىدى. ماندېلا 17 ياش ۋاقتىدىلا بۇ قالتىس ھۆكۈمدارنىڭ مۇسۇلىنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئۇنىڭغا غايەت زور ئىلھام بولغانىدى. خەيىل سېلاسسى — سوتسىيالىزمچىمۇ، كوممۇنىزمچىمۇ ئەمەس ئىدى. دۆلەت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا باشتىن - ئاخىر ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ھازىر ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ئىلھام - مەدەت، تەكلىپ - پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتاتتى. «دېموكراتىك ئاپپاراتلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىر ئافرىقىلىقلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت ئىدى» دەپ يازىدۇ ماندېلا: «مەن ئۇ يەردە كۆرگەن ھەربىر سىستېما ۋە رامكىنىڭ

ھەممىسى ئافرىقىلىقلارنىڭ ئۆز قولىدىن چىققانىدى.»
ئۇچىسىغا ھەربىي فورما كىيىۋالغان، بوي ـ بەستى ۋىجىك
كەلگەن بۇ ھۆكۈمدار بىكار تۇرماي بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ
سۆزلەرنى قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ ئاڭلايتتى، يەنە تېخى ئاممىغا
تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى. ماندېلا بۇنىڭدىن
قالتىس ھەيران قالدى.

يىغىندا ماندېلا ھەقىقىي ئىسمى بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ
نۇتۇق تامبو ۋە روبېرت رېيسانىڭ ياردىمىدە يېزىلغانىدى. ماندېلا
جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ قورال كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارا
تەنلىكلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇ
بىرلىشىپ بايقوت قىلىش ۋە جازالاش تەدبىرى قوللىنىشنى
تەلەپ قىلغان باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىگە رەھمىتىنى بىلدۈردى،
لېكىن جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ سىرتىدىن
ياردەم تەلەپ قىلىسا بولمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. «جەنۇبىي
ئافرىقا ئەركىن دېموكراتىيە كۈرىشىنىڭ يادروسى ۋە ئۇل تېشى
جەنۇبىي ئافرىقىدا» دېدى ماندېلا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ
كەلگۈسى ھەققىدە سۆز قىلىپ: «جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى پۈتۈن
كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تېز ھەم شىددەتلىك زەربە بېرىدۇ.»
لېكىن، ئۇ غەيرىي زوراۋانلىق ئارقىلىق قارشىلىق
كۆرسىتىشتىن تامامەن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق
دېدى: «غەيرىي زوراۋانلىق ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش، ئىش
تاشلاش ۋە ئومۇم خەلق كۈچ كۆرسىتىش تېخى ئاخىرلاشقىنى
يوق، بىز يەنىلا ھەر دائىم مۇشۇنداق ۋاستىلەرنى قوللىنىمىز.»

بۇ — ماندېلانىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇتقى
ئىدى، لېكىن بۇ نۇتۇق جەنۇبىي ئافرىقىدا خەۋەر قىلىنمىدى.
لوندوندا چىقىدىغان «كۆزەتكۈچىلەر» گېزىتىدە، ماندېلا جىددىي
ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغاچقا «جەنۇبىي ئافرىقىدا توپىلاڭ يۈز
بېرىدۇ» دېدى، دەپ خەۋەر قىلىندى. «مانچېستېر قوغدىغۇچىلار
گېزىتى» نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ماندېلا ئۆزىنىڭ

مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتى بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى، لېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاۋام ـ خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغۇتقانلىقىنى ھەممە باشقا شەكىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قوزغاشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى: «ئەگەر ھۆكۈمەت بىگۇناھ ئاممىغا ھۇجۇم قىلسا، بۇ تەشكىلات ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايدۇ.» ئەمەلىيەتتە، ماندېلانىڭ سۆزى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن مىللەت نەيزىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئوچۇق ئاشكارىلاپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، سۈرگۈندە تۇرۇۋاتقان روبېرت رېيسا ئىككى تەشكىلاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلىدى. بۇ قىلمىش دۆلەت ئىچىدىكى ئافرىقا مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىككى تەشكىلات ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ مەخپىي ھالەتتە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ماندېلا ئافرىقا رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتتىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. شەرقىي ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا ئافرىقا خەلقى شىمالىي ئافرىقىنىڭ — جۇملىدىن، فىرانسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشنى تېخى ئەمدىلا ئاياغلاشتۇرغان ئالجىرىيەنىڭ پانئافرىقا ئەركىنلىك ھەرىكىتى تەشكىلاتىغا كىرىشىنى رەت قىلغانىدى. ماندېلا بۇنىڭغا رەددىيە بەرگەندە بىر ۋەكىل: «شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى ئافرىقىلىقلارنىڭ ئافرىقىلىق بولۇشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ» دەپ ھۆركىرىدى. لېكىن، ماندېلا ئۇلارنى ناھايىتى تېزلا شىمالىي ئافرىقىنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلدى، شۇ سەۋەبلىك شىمالىي ئافرىقىنىڭ مىننەتدارلىقىغا نائىل بولدى. ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ شىمالىي ئافرىقا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغىمۇ ياردەم قىلدى. شەرقىي ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا ئافرىقا پانئافرىقا دېموكراتىك ھەرىكىتى تەشكىلاتى

جەنۇبىي ئافرىقىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالغانىدى. بىر يىلدىن كېيىن، بۇ تەشكىلات يەنىمۇ كېڭىيىپ، غەربىي ئافرىقا بىلەن شىمالىي ئافرىقىنى قاپلىدى، بىرلىككە كەلگەن ئافرىقا تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق دۇنياغا كەلدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا بولغان تەسىرى ماندېلانى قاتتىق تەشۋىشكە سېلىپ قويىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن نۇتقى بىر قارا نىيەت نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتقىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى پىتېر مولوز بولۇپ، پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىن كەلگەنىدى. ماندېلا يەنە قەدىناس دوستى مايكول سىكوتىنىڭمۇ مەيداندا بارلىقىنى ھەمدە ئوچۇق ـ ئاشكارا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقاپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى. شۇڭا، ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھلاردىن بولدى ھەمدە ئۇنى قارا تەنلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇردى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى قەستەن ئافرىقا دۆلەتلىرىدە «كوسا قەبىلىسى قوشۇنى» ھەمدە «ئاق تەنلىك كوممۇنىزمچىلار» يامراپ كەتتى دېگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە پايدىسىز خەۋەرلەرنى تارقاتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىششىدەك بۈيۈك ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بىلەن ئارىسىدا دۈشمەنلىك كەيپىياتىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى.

ماندېلا ناھايىتى تېزلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاق تەنلىكلەر ۋە ھىندىستانلىقلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىنىڭ ئافرىقىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى قارا تەنلىك مىللەتچىلەرنىڭكى بىلەن بىردەك بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ھېس قىلدى.

پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇرۇشخۇمار خاراكتېرى ئافرىقىلىقلارنىڭ كۆڭلىگە ياققانىدى. بۇنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئورۇنلىيالمىغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ماندېلانىڭ ئەددىي ئەببەدىكى ئىشلىرىنىڭ قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى، پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ چەت ئەلدە قوللاشقا ئېرىشىشى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ كۆپ بولغانىدى. بوئىنىستان مۇنداق يازغانىدى: «ئۇلارنىڭ ئافرىقىدىكى قارشى ئېلىنىش دەرىجىسى ئاجىزلاپ، مادارى قالمىغان سىياسىي ئېپادىسى بىلەن ئازراقمۇ ماسلاشمايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ رادىكاللىق ئىستىلى بىردەك ئىدى. ئۇلار ئافرىقىدا قارشى ئېلىنىۋاتقان ئاساسىي مېلودىيە ‹قارا تەنلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى› بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغان ھەمدە ئۇنى كۆپ خىل ئىرقچىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قارشى تۇرىدىغان قورالغا ئايلاندۇرغانىدى.»

بۇ چاغدا ماندېلا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچىل روھى ۋە سەزگۈرلۈكىنى نامايان قىلغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە تاپشۇرۇلغان بىر پارچە دوكلاتتا ماندېلا: «مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش روھى كەڭ تارقالماقتا، لېكىن ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغان ھەرقانداق ئالامەت بولىدىكەن، كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن» دېگەنىدى. كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچراۋاتىدۇ. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بولسا بۇ جەھەتتە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇلار ‹ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە قانداق قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان›» دەپ قارايتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىك

قاتلىمىنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ كىشىلەرگە «ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ تەسىرىگە بەكلا ئۇچراپ كېتىپتۇ» دېگەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇشىنى ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن، بۇ خىل ھەمكارلىق ئەزەلدىن ئاۋام ـ خەلق ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلمىغانىدى: «بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىلا ئافرىقىلىقلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى، دېگەن خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.» ماندېلا ھەرگىزمۇ ئافرىقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق دەۋرىگە قايتىشىنى تەلەپ قىلمايتتى، بەلكى پۈتۈنلەي يېڭى، تەڭداشسىز بولغان كۆپ خىل ئىرقلىق جەمئىيەت بولۇشقا چاقىرىق قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئافرىقا مىللەتچىلىرى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرگە تۇنجى قېتىم جەڭ ئېلان قىلىشى ئىدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەردە ماندېلا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تاكتىكىلىرىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تونۇشتۇراتتى. ئەنە شۇندىلا ئافرىقىلىقلار بۇنىڭدىن كېيىن پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنى كۆرگەن چاغدا ھەيران قېلىپ يۈرمەيتتى. ماندېلا ئافرىقا رەھبەرلىرىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ جاھانگىرلىكىگە بىۋاسىتە قارشى تۇرۇشتەك كۈرەش قىلىش شەكلىگە كۆنۈپ قالغانلىقىنى، ئۇلارغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپ خىل ئىرقچىلىق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشىنىڭ بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى. ئۇنىڭغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىنكاسى بەك ئاستىدەك تۇيۇلاتتى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرى ئۇلارنى سۆكۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى... نۇرغۇن كىشىلەر: ‹پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ھېچقانداق نۇقسانى يوق، لېكىن ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئافرىقىدىكى باشقا رايونلار بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاۋاتقان، تەڭ قەدەمدە مېڭىۋاتقان بىردىنبىر تەشكىلات› دېيىشەتتى.»

شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا يەنە ئافرىقا ئەركىنلىك ھەرىكىتى مەركىزى موروككوغا كەلدى، ئۇ يەردە موزامبىكلىقلار، ئانگولالىقلار، ئەڭ مۇھىمى ئالجىرىيەلىكلەر بار ئىدى. ئالجىرىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش سەككىز يىل داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا توقۇنۇش ئۈزۈلمىگەن، ئۆلگەن ئادەم سانى 500 مىڭغا يەتكەنىدى. بۇ — جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە بولغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. چۈنكى، ئۇلار دۇچ كەلگەن دۈشمەن تېخىمۇ جاھىل ھەم ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئىدى. ماندېلا موروككودىكى ئالجىرىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەھبىرى، دوكتور مۇستافانىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ پارتىزانلار ئەترىتىدىكى ئەزالارنىڭ چەت ئەلدە كۈچلۈك بولغان ھەربىي بازىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئورنىغا موھتاج بولىدىغانلىقىنى، ئەنە شۇندىلا ئاندىن خەلقئارادا قوللاشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەردى.

ئالجىرىيە چېگراسى كۇدادا ماندېلا پارتىزانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى ئەھمەد بىن بىلالنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆردى. ئەھمەد تېخى بايىلا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ھەمدە ئالجىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى تۇنجى پرېزىدېنتى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئەھمەد بىرىنچى قېتىملىق قىسقىغىنا نۇتقىدا: «ئافرىقا جاھانگىرلىكنىڭ رەزىل چاڭگىلىدىلا تۇرىدىكەن، ئالجىرىيەنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ» دېدى. ماندېلا ئەھمەد بىن بىلال بىلەن بىرلىكتە «ھەقىقىي ئۇرۇش ئوتىدا تاۋلىنىپ چىققان ئارمىيە»نى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ ئارمىيەنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرى ئېفىيوپىيە ئارمىيەسىنىڭكىدىن چوڭقۇر ئىدى. 14 يىلدىن كېيىن، ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا: «مەيلى ئەينى چاغدا ياكى ھازىر بولسۇن، مەن ئارمىيەمىز ئۆز دۆلىتىدە پۇت دەسسەپ تۇرالىسىلا

كۆلەم ۋە كۈچ ـ قۇدرەت جەھەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدىغانلىقىغا، ۋېرۋوردىنىڭ ۋۇ تىڭيەن، دى گول، باتىستا ۋە ئەنگلىيەگە ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتىم» دەپ يازغانىدى. ئالجىرىيە ھەربىي ئىشلار قوماندانى خوئارى بومېدىن ماندېلاغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بومېدىن بىلەن ئالاقە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىرقىي ئايرىمىچى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى: ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چوقۇم ئۇلارنى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئىتتىرىشى كېرەك ئىدى. تروتىسكىيزمغا ئىشىنىدىغان ئالېكساندىرنىڭ قارىشىچە، «ئۇلار بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇش گويا ئەسەبىيلەشكەن بۇقىنىڭ ئالدىدا قىزىل لاتىنى پۇلاڭلاتقاندەكلا ئىش ئىدى.

موروككوغا بولغان زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماندېلا يەنە ئايروپىلاندا غەربىي ئافرىقىغا باردى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مادىرا كېيتا ئىلگىرى خېتىدە ماندېلانى: «بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ھەرقانداق ھەرىكەتنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن قوللىنىشقا بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. سېنېگال پرېزىدېنتى لېئوپولد سېنگور ماندېلانى يۈزتۇرا كۆتۈۋالدى. سېررالېئوننىڭ باش مىنىستىرى مىلتون مارگاي بىلەن لىبېرىيە پرېزىدېنتى تۇبمانمۇ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلدى. ئۇنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى، قايتاشىدا گاناغا يەنە بىر قېتىم زىيارەتكە بېرىشى بولدى. ئۇ تامبو بىلەن يەنە بىر قېتىم باش قوشۇپ، كېيىن نىكۇلما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە قارشى تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. گانانىڭ بىرقانچە مىنىستىرى ئۇلارغا زور ئىلھام ـ مەدەتلەرنى بەردى. لېكىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئېكو ئاگى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پەقەت بىر قەبىلە تەشكىلاتى» دەپ، ئۇلارنىڭ

پىرىزىدېنت بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. ماندېلا نىكۆلمانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى پەقەتلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشتىن يالتىيىپ قالدى، ھەتتا ئۇ مېھمانخانىدا ياتقان چىقىمىنىمۇ ئۆزى تۆلىدى.

گاناغا قىلىنغان زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماندېلا يەنە لوندونغا ئون كۈنلۈك زىيارەتكە باردى. ماندېلا لوندوندا ماكمىلون ھۆكۈمىتىدىكى ھەرقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشمىدى. كېيىن ئۇ چۈشەندۈرۈپ: «مەن دېگەن ساپ ئىنقىلابچى» دېدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى تامبو بىلەن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئالاقە قىلىش ئىدى. ئادېلەيدى ماندېلاغا خەت يېزىپ زىيادە ئېغىر خىزمەت بېسىمى تۈپەيلىدىن تامبونىڭ زىققە كېسىلى ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا نيۇيوركتا جايلاشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا زىيارەتكە بېرىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتتى. تامبو لوندوندا ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. چۈنكى، لوندون تەرەپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى سەزگۈر مۇئامىلە قىلغان بولغاچقا، ئۇلار دىققەت - نەزىرىنى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا بەكرەك مەركەزلەشتۈرگەنىدى. كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى روبېرت رېيسانى ئەۋەتتى. ئۇ سوفىياتاۋندىن كەلگەنىدى، ئۇنىڭ سۆز قىلىش ئۇسلۇبى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىكىلەرنىڭكىگە ناھايىتى يېقىن كېلەتتى. ماندېلانىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە كۈرەشكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى تامبونىڭ زور مەدەت - ئىلھامىغا ئېرىشتى. «مۇھىتنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەر زامان كۆكرەك كېرىپ چىقاتتى» دەيدۇ ئادېلەيدې ئەسلەپ: «ئۇ ئاۋام - خەلقنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتسەم قەتئىي بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.»

ماندېلا ئۆزىنىڭ ئەنگلىيەدىكى مۇناسىۋىتىدىنمۇ ئوبدان

پايدىلاندى. مەرى بېنسون تامبونى ئۆزىنىڭ سان جونىس ۋۇدقا جايلاشقان ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، تامبونىڭ پۇزۇر كېيىنگەن ماندېلانى بىللە باشلاپ كېلىشى مەرى بېنسوننى ھەيران قالدۇردى. ماندېلا ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ بۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئەركىنلىك ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىنى تونۇشتۇردى، سۆھبەت سەھەر سائەت بىر يېرىمغىچە داۋاملاشتى. مەرى بېنسون كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «ئۇ بەك قالتىس سۆزلىدى» دەپ يازغانىدى. مەرى بېنسون ماندېلانى ئىشچىلار پارتىيەسىدىن چىققان سىياسىيون دېنىس شىلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويدى. دېنىس شىلى مەرى بېنسوننىڭ مىسىر ئارمىيەسىدە تونۇشۇپ قالغان دوستى ئىدى. ماندېلا بۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە كۆپ ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

تامبو ماندېلانى يەنە «كۆزەتكۈچىلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى داۋىد ئاستىت بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ماندېلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، گەرچە «كۆزەتكۈچىلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنى قوللايدىغان بىرنەچچە پارچە ماقالىدىن قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن: «مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىڭلارغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم» دېدى. كېيىن ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «سۆھبىتىمىز ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن داۋاملاشتى. ھەر ئىككىلىمىز بىر ـ بىرىمىزنى مەدھىيەلىدۇق، بىر ـ بىرىمىزگە مەدەت ـ ئىلھام بەردۇق.» ماندېلانىڭ سالاپىتى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشى داۋىد ئاستىتنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇڭا، ئۇ ماندېلانى ئىشچىلار پارتىيەسى ۋە لىبېراللىستلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ھۇگ گاسكىل ۋە جو گرىموند بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. داۋىد ئاستىت ماندېلاغا ۋاشىنگتونغا كېتىشنى، ئافرىقىدا تۇرسا

قولغا ئېلىنىش خەۋپىگە ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. لېكىن، ماندېلا خەلق بىلەن نېمە كۆرسە تەڭ كۆرۈش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ كولىنىغا ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەرىكىتىنى ئافرىقىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كېڭەيتىدىغانلىقىنى، لېكىن ھازىرقى جىددىي قىلىدىغان ئىشنىڭ قوراللىق كۆرەش تەشكىللەش ئىكەنلىكىنى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن لۇتۇلى بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە تالىشىپ ئولتۇرغۇسىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈردى.

ماندېلا لوندوندا ئىخچىمۇ ئەركىن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئابرۇيىغا قاتتىق ئىشىنىدىغان بولغاچقا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى پۈتكۈل ئافرىقىغا كېڭەيتىش قارارىغا كەلگەنىدى. يوسېف دادۇ بىلەن بىر قېتىملىق كۆرۈشۈش ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكلا غەش قىلدى. يوسېف دادۇ كوممۇنىست بولۇپ، ماندېلانىڭ دوستى ئىدى، ھازىر لوندوندا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يوسېف دادۇنىڭ ئىقتىسادشۇناس ۋېرا پىللاي بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ۋېرا پىللاي ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى كوممۇنىستلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئاساسلىق تۈگۈنگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ماندېلا بىلەن تامبو ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كىشىلەرنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاق تەنلىكلەر ۋە ھىندىستانلىقلارنى چەت ئەلدىكى ۋەكىلى قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن، بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئافرىقىلىقلارنىڭ تەشكىلاتىغا ئازراقمۇ ئوخشىتالمىغانلىقىدىن ئاغرىنغان سادالارنى ئاڭلىدى. ماندېلا يوسېف دادۇ بىلەن ۋېرا پىللايغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر مۇستەقىل ئورگان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشى، خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلاردا ئافرىقىلىق ۋەكىللەردىنلا تەركىب تېپىشى كېرەكلىكىنى

ئېيتتى. «ئەينى چاغدا كەيپىيات ئىنتايىن جىددىي ئىدى» دەيدۇ ۋېرا پىللاي ئەسلەپ: «ماندېلا بەكلا قەيسەر ئىدى، گەپلىرىمىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا قەتئىيلا كىرمىدى. ئۇنىڭ ئافرىقىدا سۆزلىگەن نۇتقى كىشىگە پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتۇقتەكلا تەسىر بېرەتتى. لېكىن، بۇ بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان باسقۇچ ئىدى.» يوسېف دادۇ ماندېلانى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى دەپ رەددىيە بەردى. لېكىن، ماندېلا ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئۆزگەرتىشنى پەقەت تاشقى جەھەتتىكى ئۆزگەرتىش، دەپ قارايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چوقۇم ئافرىقىلىقلارنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەگەر ھەربىر ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىمەن دەيدىكەن، ئۆزلۈكىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ» دېدى.

6 ـ ئايدا ماندېلا ئېفىيوپىيەگە قايتىپ كېلىپ، مىللەت نەيزىسىگە رەھبەرلىك قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئالتە ئايلىق ھەربىي مەشىققە قاتناشتى. ئەددىس ئەبەبە شەھىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بىر تاغدا ماندېلا تۇنجى قېتىم ئاپتوماتىك مىلتىق ۋە تاپانچا ئېتىپ باقتى. ئۇ 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى دەرسى» دەپ يازغانىدى. ئۇ مىنامىيوت ئېتىپ باقتى، پارتلىتىش دورىسى ياسىدى، ئورمانلىقتا ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە يۈگۈرۈپ، قاتتىق چېنىقتى. يەنە تېخى پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلىملىرىگە ئائىت ھەربىي قائىدىلەرنى ئۆگەندى. ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان، تەشكىللىي مۇكەممەل جەنۇبىي ئافرىقا ئارمىيەسىنىڭ نەزىرىدە ماندېلانىڭ تۇرۇپلا بىر پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوماندانىغا ئايلىنىمەن دېگەن ئارزۇسى ئەمەلىيەتكە پەقەتلا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئافرىقىدا يۈز بەرگەن

كۆچلۈك ئىنقىلاب كەيپىياتى بىلەن تازا ماس كەلگەنىدى.

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ۋە ماندېلانى قولغا ئېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ۋىنىنىنىڭ ئېيتىشىچە، 6 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى ئۈچ ھەپتىسىدە ساقچىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ ئۆيىنى ئاختۇرغان، ئۇنىڭدىن ماندېلانىڭ قەيەردىلىكىنى سورىغان. 7 ـ ئايدا ئېچىلغان يىغىندا «بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاندى. بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار سەللا بۇزغۇنچىلىق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى جاكارلاندى. «خەلق ئاممىسى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەربىيلەشكەن مۇھتاقا دۇچ كەلدى» دېگەنىدى سىسۇلۇ 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا: «ئۇلار ئۆزىنى قوغداش تەييارلىقىنى چوقۇم ياخشى قىلىشى كېرەك. زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى يەنە تىلغا ئېلىش ھازىر تازا مۇۋاپىق ئەمەس.» پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئىمكانقەدەر تېز تەشكىللەشكە ۋەدە بەردى، ئاساسلىق پائالىيەتنى 1963 ـ يىلى ئېلىپ بېرىش مۆلچەرلەندى. مىللەت نەيزىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابىمۇ ئۆزىنى باسالماي ھەرىكەت قوللانماقچى بولدى ھەمدە رىۋونىيەدە تېخىمۇ يۇرەكلىك ھالدا پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار ماندېلانىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماندېلا تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى، تېلېگراممىدا ئۇنىڭ دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى.

ماندېلا ئېفىيوپىيەدىن ئايرىلىپ، خارتۇم ۋە دارىسسالام ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە، مىللەت نەيزىسىنىڭ 20 نەچچە يېڭى ئەزاسى جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئېفىيوپىيەگە مەشىق قىلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى. ئۇ بېكۇانالەندقا يېتىپ كەلگەندە، شۇ

يەردىكى ئەنگلىيەلىك ئەمەلدارلار ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «جەنۇبىي ئافرىقا سىزنىڭ پات ئارىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىز ھەققىدىكى خەۋەرنى بىلىپ بولدى» دېدى. كاترادا بىلەن سىسۇلۇ ئىككى ھەپتە بۇرۇن تەييارلىقنى باشلىۋەتكەنىدى. ئاق تەنلىك كوممۇنىست، دىراما رېژىسسورى سېيشىل ۋىلىيامىس يوھاننىسبۇرگتىن يېڭى ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماندېلانى ئالغىلى كەلگەنىدى. ئۇلار كېچىلەپ يولغا چىقتى، بىپايان دەشت - باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ماندېلانىڭ گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كەپىسىگە ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئەتىسى ۋىننى بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماندېلا بىلەن قىسقىغىنا جەم بولدى. قايتىپ كېتىدىغان چاغدا ۋىننىنىڭ قەلبىنى شۇملۇق يۈز بېرىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالىرى گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ تاكتىكىلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى. كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا سىسۇلۇ، كوتانا، مىبېكى، ماكس، نوكۋېل ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر رادىكال ئەزاسى دان سىرۇممۇ بار ئىدى. ماندېلا ئافرىقا رەھبەرلىرىدىن ئېرىشكەن ھەربىي ۋە مەبلەغ جەھەتتىكى ياردەملەرنى دوكلات قىلدى ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاق تەنلىكلەر ۋە ھىندىستانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىتتىپاقىنى قايتا تەشكىللەپ، رەھبەرلىك كۈچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ھەقتە ئۇ تامبو بىلەن ئورتاق تونۇشقا كەلگەنىدى. سىسۇلۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تەڭشەش كېرەك دەپ قارايتتى، لېكىن سەل ئېھتىياتچانراق پوزىتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ: «بىز

باشقا ئاز ساندىكى توپنىڭ پىسخىكىسىنى نەزەرگە ئالمىساق بولمايدۇ» دېدى. نوكۋېل: «بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزنى قول قىلىۋاتىمىز. بىز ئۆزىمىزگە ئەركىنلىك بېرىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، ھەمكارلىقىمىز ناھايىتى ياخشى قانات يېيىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «بىزدە تەشەببۇسكارلىق كەم بولۇۋاتىدۇ. بىز پوزىتسىيەمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. دوستلىرىمىز كۈرەشكە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭلا بىردىنبىر رەھبەرلىك قىلالايدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك.»

ماندېلا دەرھال ناتالغا بېرىپ لۇتۇلىغا مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ «ماندېلا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا قوشۇلدى» دېگەن ساختا خەۋەرنى تارقىتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئىشنى دوكلات قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. كاتىرادا، مىبېكى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈشنى، بىخەتەرلىككە ئېنىق جەزم قىلغاندىن كېيىن مېڭىشىنى ئۈمىد قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكرى رەت قىلىندى. ماندېلا ئەتىسى كەچتە سېيىشىلنىڭ شوپۇرى سىياقىدا ياسىنىپ، سېيىشىل بىلەن گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىن دۇربانغا قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن، ئۇلار بەكلا بىپەرۋالىق قىلغانىدى. ماندېلا سېيىشىلنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ تۇرۇقلۇق يەنە يېنىغا قورال ئېسىۋالغانىدى.

دۇرباندا ئۇ ئىسمىر ۋە فاتىمە مىل بىلەن كۆرۈشتى، يەنە ھىندىستان قۇرۇلتىيىدىكى مۇندى نايىك بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ماندېلا ئۇلارغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەمدى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە لۇتۇلىغا ئەھۋال دوكلات قىلىش ئۈچۈن گرۇتۋېلغا باردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان لۇتۇلى چەت ئەل

رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپىنى دەپلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپ خىل ئىرقتىكىلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىۋېتىشىنى خالىمايتتى. ماندېلا گەپتە ئۇنىڭغا بوش كەلمەي ھازىر ئەھۋالنىڭ ناھايىتى جىددىي ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ پانئافرىقىلىقلار قوزغىلىڭىنى قوللايدىغان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، لۇتۇلى دوستلار بىلەن يەنىمۇ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاندىن قارار چىقىرىدىغانلىقىنى ئۇمىد قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا دۇرباندىكى مىللەت نەيزىسىنىڭ بىرقانچە ئەزاسى بىلەن كۆرۈشتى. رونى كاسلېرس ئەينى چاغدا ماندېلا بىلەن كۆرۈشكەن بىرقانچە ئەزانىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدى. ماندېلا ئۇنىڭغا ۋۇجۇدىدىن قوماندانلارغا خاس بىر سۈر - سالاپەت ئۇرغۇپ تۇرغاندەك، ناھايىتى سۈرلۈكتەك تۇيۇلاتتى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن كۈلمەيتتى. يەنە بىر ئەزا بىل نال ماندېلانىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى نوپۇزىغا بەكلا ھەۋەس قىلاتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ماندېلاغا ئاسىيلىق قىلغان بىرۇنۇ بۇترومۇ ئەينى چاغدا ماندېلادىن تولىمۇ ھەيران قالغانىدى: «ئۇ ئۆزىنىڭ رەھبەر ئىكەنلىكىنى پەش قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلمايتتى. لېكىن، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ رەھبەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتى.» مەيلى قانداقلا ئىشقا يولۇقمىسۇن، ناھايىتى سەمىمىي ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇمىد قىلاتتى. كەچتە ماندېلا نەيدو جەمەتى ئۇيۇشتۇرغان كەچلىك زىياپەتكە قاتناشتى. نەيدو «دومباق» ژۇرنىلىنىڭ فوتوگراف مۇخبىرى بولۇپ، كىشىلەرگە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، مېھماندوست كىشى ئىدى، بۇ زىياپەتكە كەلگەن نۇرغۇن مېھمانلارنى ماندېلا تونۇمايتتى. ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا كاچى فورمىسى كىيىپ زىياپەتكە قاتناشتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ

دوستلىرى بەكلا ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنى ئۆزى تورغا تاشلاپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، يەنى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يەكشەنبە كۈنى ماندېلا شوپۇرلار كىيىدىغان ئاق رەڭلىك فورما كىيىپ، سېيشىل بىلەن بىللە يوھاننېسبۇرگقا قايتتى ۋە يولدا كېتىۋېتىپ بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى. ئۇلار ئەمدىلا خوۋىك رايونىدىن ئۆتۈپ، پىتېر مارتىزبۇرگقا بارماي تۇرۇپلا بىر ساقچى ماشىنىسى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى، ساقچى ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن يەنە بايراق قادىۋالغان ئىككى ماشىنا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ماندېلا شۇئان تاپانچىسى بىلەن خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى رەتتىكى ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. بىر ساقچى ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە گەپلەرنى سورىدى، سوئال سورىغان ساقچى ئۇنىڭ كىملىكىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ماندېلا كېمىگە سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلىغانىدى، لېكىن بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنى بىلمەيتتى. ساقچى ماشىنىسى ئۇلارنى پىتېر مارتىزبۇرگقا يالاپ ئاپىرىپ، ئىككىسىنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى كامېرغا سولاپ قويدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا 17 ئايلىق يەر ئاستى خىزمىتى ھاياتىغا ئەنە شۇنداق قىلىپ چېكىت ئۇرۇلغانلىقىنى بىلدى.

مەخپىيەتلىكنى ساقچىغا كىم ئاشكارىلاپ قويدى؟ بۇ گۇمان تېخى يېشىلمىدى. ساقچىلارنىڭ ماندېلانى تۇتقانلىق خەۋىرى ئىككى كۈن مەخپىي تۇتۇلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قەستەن ساختا خەۋەر تارقىتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەم جاسارەتلىك، ھەم تەدبىرلىكلىكى تەقدىرلەندى. «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ 8 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى سانىدا ماندېلانىڭ تۇرالغۇسىدىكى بىر كىچىك تەشكىلاتنىڭ تارقىتىلىۋېتىلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. تۆت كۈندىن كېيىن، يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يەك-

شەنبە گېزىتى» دە «ماندېلا خائىنلار تەرىپىدىن سېتىۋېتىلدى: گۇمان قىزىل ھاكىمىيەتكە مەركەزلەشتى» سەرلەۋھىلىك خەۋەر ئېلان قىلىندى ھەمدە بۇ بىر «سۇيىقەست ۋە ئالدامچىلىققا تولغان قالتىس ھېكايە»دەپ تەرىپلەندى. جوئى سلوۋ: «تەشكىلاتىمىزدا خائىنلىقنىڭ ھىدىنى ھىدلىدۇق، لېكىن خائىننىڭ كىملىكىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدۇق» دېدى. لېكىن، چەت ئەلدىمۇ گۇمانلىق ئادەملەر بار ئىدى. 24 يىلدىن كېيىن «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە، پېنسىيەگە چىققان بىر ئالاھىدە خادىم ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىغا ماندېلانىڭ تەپسىلىي ھەرىكەت يۆنىلىشىنى تەمىنلەپ بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېسىلدى. بۇ خەۋەر ئاڭلىماققا بىر قەدەر ئىشەنچلىكتەك قىلاتتى: ئامېرىكا پرېتورىيە بىلەن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھەمكارلىشىشقا ھەمدە ئۇران كېنىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆزىگە يارىتىپ بەرگەن قولايلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا تەرەپنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كېرەكلىك ئاخباراتلارنى تەمىنلەپ بېرىشىنىڭ ئېھتىماللىقى زور ئىدى. لېكىن، بۇ خەۋەرنى دەلىللەشكە ئامال بولمىدى. جەنۇبىي ئافرىقا تەرەپ بېكۋانالەند ساقچى مەھكىمىسىدىكى ئاق تەنلىك ياللانما خادىملار ئارقىلىق ماندېلانىڭ ئىزىغا چۈشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ياكى ئۇلار سېيىشلىنىڭ يېڭى ماشىنىسىنى كۆرۈپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ماندېلا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغۇچىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىگە قىلچە قىزىقمىغاندەك قىلاتتى: «مەن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپات كۆرمىدىم.»

بىر مەزگىللىك ئىنكار قىلىشلاردىن كېيىن، ماندېلا مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ يوھاننىسبۇرگقا ئاپىرىلىپ، ساقچى ئىدارىسىگە قاماپ قويۇلدى. سىسۇلۇ يەنە كامېردا ئىدى، ماندېلا سىسۇلۇغا ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئەتىسى ئۇ شۇ يەرلىك سوتخانىغا ئېلىپ چىقىلدى، ئۇ

ئۈچىسىغا يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن كوساچە پىلاش كىيىۋالغان ھەمدە «پۈتكۈل مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى» زىممىسىگە يۈكلىگەنىدى. سوتچى بىلەن ئادۋوكاتنىڭ ئاچچىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ماندېلا بۆلەكچە روھلىنىپ كەتتى. «ماندېلا سوتچىغا ناھايىتى ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالدى، سوتچى ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتى» دەيدۇ بۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كودىش: «ئۇ، بۇ ئوڭايسىزلىقتىن خېلىغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى.»

بۇ — ماندېلانىڭ ھاياتىدىكى ھالقىلىق بىر پەيت ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ۋۇجۇدىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى بولغان بىر ئەخلاقىي كۈچ - قۇدرەتكە تولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى: «زۇلۇم بىلەن تولغان سوتخانىدا مەن ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى، ئەركىن ئىدىيەنىڭ ۋەكىلى، ئەخلاق تۇيغۇسى كەملەپ كەتكەن دۇنيادىكى ئادالەت ۋە دېموكراتىيەنىڭ باياناتچىسى ئىدىم.» ماندېلا ئۆز كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئاقلاش قارارىغا كەلدى. جوئى سىلوۋ پەقەت ئۇنىڭ قانۇنىي مەسلىھەتچىسىلا بولدى. ئۇ ئىش تاشلاشقا قۇترىتىش ھەمدە يول خېتى يوق ئەھۋالدا چېگرادىن ئۆز ئىختىيارىچە ئايرىلغانلىقى تۈپەيلى شىكايەت قىلىنغانىدى. بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن شىكايەت قىلىنمىغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا ماندېلا يېنىك بىر ئۇھ تارتىۋالدى. ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى 10 - ئايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سوت ئېچىلىشنى كۈتۈش جەريانىدا ماندېلا ناھايىتى ئۈمىدۋار كەيپىياتنى ساقلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئالدى - كەينى بولۇپ ئۈچ قېتىم يوقلاپ كەلگەن باستېر ئارتۇر باراك سوئۇلدىن جەنۇبىي ئافرىقا تىلىدىكى قانۇنغا ئائىت كىتابلارنى سورىدى، باراك سوئۇلنىڭ ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگەندە ئۆزىگە ئاتاپ دۇئا قىلىشلىرىدىن تولىمۇ تەسىرلەندى. ئۇ دوستى ھەيلۇن

يوسىپنىڭمۇ نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. ھەيلۇن يوسىپ تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئازابلىق قىيىنىلىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئايال ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ماندېلانىڭ خەت يېزىشىغا، كىتاب ئوقۇشىغا يول قويۇلاتتى. ئۇ داۋىد ئاستىن تەمىنلىگەن كىتابلارنىڭ ياردىمىدە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قانۇن پەنلىرى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن سىرتتىن ئوقۇشقا باشلىدى. داۋىد ئاستىن يەنە بىر ئامالنى قىلىپ، ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان لورد جون مۇد ئارقىلىق ئۇنىڭغا سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدىكى كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى. مۇد تۈرمە باشلىقىغا بۇ كىتابلاردا كوممۇنىزمنى تەرغىب قىلىدىغان، «ماندېلانىڭ كاللىسىغا غەرب ئىدىيەسىنى سىڭدۈرىدىغان» ھېچقانداق مەزمۇن يوقلۇقىغا كاپالەت بەردى. ماندېلا ناھايىتى ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن لورد مۇدقا بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئەكېلىپ بەرگەن سوۋغىلىرى ئۈچۈن رەھمىتىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بىلەن تۇنجى قېتىم ئالاقە قىلىشى ئىدى. لورد مۇدنىڭ خىزمەتدىشى لورد دۇن لوسىل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئىنچىل ناھايىتى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ كېيىن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ماندېلاغا قىلغان ياردىمىمىز كەلگۈسىدە بىزگە پايدا كەلتۈرۈشى مۇمكىن» دېگەنىدى.

ماندېلانىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەر بەك ھەيران قېلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئۆزىمۇ ۋەتەنگە قايتسا بۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىققىنى، بۇ ئىشلار بەك تېز، بەكلا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنىدى. «مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بىزگە ناھايىتى ئېغىر زەربە بولدى» دېدى ۋىننى دوستى ئادېلەيدې تامبوغا يازغان

خېتىدە: «بىز مۇشۇنداق كۈننىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق، لېكىن بەكلا بالدۇر كېلىپ قالدى.» ئۇ ماندېلانىڭ بىرنەچچە يىللىق تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. برام فىشىرىس قاتارلىقلار ۋىنىنىغا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن ئۇ تەكلىپكە قارشى تۇردى. برام قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. بۇ، ۋىنىنىنىڭ بەزى دوستلىرىنى ناھايىتى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ چەمبىرەكتىن ئۆزىنى تارتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتى «ماندېلا قولغا ئېلىندى، خەلق ئەسىرگە چۈشتى»دېگەن مەزمۇندا تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىپ، ئاممىنى سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال بىر قېتىم يىغىلىشقا چاقىرىق قىلدى. تەشۋىق ۋەرەقىسىدە ماندېلانىڭ يېڭى ئوبرازى «مەڭگۈ مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان قەھرىمان» دەپ سۈپەتلىنىپ مۇنداق دېيىلگەنىدى: «نېلسون رولى خېلاخېلا ماندېلا ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەر ئاستىدا كۈرەش قىلغان داھىي. ئۇ قۇربان بولۇشتىن قورقمايدۇ، كۈرەشكە دادىللىق بىلەن ئاتلىنىدۇ. ئۇ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان خاراكتېرى بىلەن بىزگە ئەركىنلىككە تۇتاشقان يولنى كۆرسىتىپ بەردى.»

جوئى سلوۋ ۋە ئۇنىڭ باشقا خىزمەتداشلىرى مۇنداق ئىككى خىل قۇتقۇزۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى: بىر خىلى، كۆپەيتىلگەن ئاچقۇچ ئارقىلىق ئۇنى سوتخانىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، يالغان چاچ ـ ساقال تاقاتقۇزۇپ قاچۇرۇۋېتىش؛ يەنە بىر خىلى، تۈرمىنى نازارەت قىلىدىغان ئەمەلدارغا پارا بېرىش. ئۇ 6000 فوندستېرلىڭ پارا بەرسە، تۈرمە ئەمەلدارى ماندېلانى قويۇۋېتىشكە قوشۇلغانىدى. لېكىن، سوت ئېچىلىشنىڭ ئالدىدا سوت ئېچىلىدىغان ئورۇن پرېتورىيەگە ئۆزگىرىپ كەتكەچكە،

سىلوۋ قاتارلىقلارنىڭ قوتقۇزۇش پىلانى ئەنە شۇنداق سۇغا چىلاشتى. پرېتورىيە تۈرمىسىدە ماندېلا بىلەن سىسۇلۇ يەنە بىر قېتىم قىسقا مۇددەت ئۇچراشتى. سىسۇلۇ ئىش تاشلاشقا قۇتراتقۇش جىنايىتى بىلەن ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ماندېلا سىسۇلۇنى نارازىلىق ئەرزى مەزگىلىدە كېپىللىككە قويۇپ بېرىشكە ئىلتىماس قىلدۇرۇپ، كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن مەزگىلدە قاچۇرۇۋېتىپ، داۋاملىق يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىنى پىلانلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. ماندېلا ئۆزىگە قارىتا كېپىللىككە قويۇپ بېرىشكە ئىلتىماس قىلمىدى.

ماندېلا سوتخانىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي سەھنىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى، ئۇ مۇشۇ سەھنىدە كىشىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان روللارنى ئالاتتى. 1962 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوتلاش باشلاندى. ئۇ سوتقا چىقىپلا مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيەسى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئاقلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە سوتچىدىن ئۆز سالاھىيىتىنى بىكار قىلىشنى ئۆتۈندى. چۈنكى، ئۇنىڭچە بولغاندا، سوتنىڭ ئادىل ئېچىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى: ئۇنى ئاق تەنلىك سوتچى سوتلايتتى، ئاق تەنلىك تەپتىش ئەيىبلەيتتى؛ ئۇنى تۈرمىدىن يالاپ ئېلىپ چىقىدىغىنىمۇ، نازارەت قىلىدىغىنىمۇ يەنىلا ئاق تەنلىك ئىدى. نەق مەيداندىكى 100گە يېقىن گۇۋاھچى ئۇنىڭ ئىش تاشلاشقا كۈشكۈرتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. يول خېتى يوق ئەھۋالدا جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەرگە ماندېلا رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمىدى.

لورد دۇن لوسىل ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىغا ۋاكالىتەن سوتنى ياندىن ئاڭلاشقا كەلگەنىدى. ئۇ ماندېلانىڭ ئەسلىي بىر ئادۋوكات بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سوراق جەريانىدا ئۇ بەزىدە تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ

ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالاتتى. لېكىن، ۋىلىۋوردىنىڭ كاتىپى باننارد 18 ئاي بۇرۇن ماندېلانىڭ باش مىنىستىرغا خەت يېزىپ، مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەندە ماندېلا كۈچلۈك قارشى تۇردى. ئۇ، بۇ خەتتە ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنىڭ بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، لېكىن ۋىلىۋوردىنىڭ جاۋاب خەت يازمىغانلىقىنى، بۇنىڭ ناھايىتى قاملاشمىغان ئىش بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. ماندېلا 14 يىلدىن كېيىن تۈرمىدە مۇنداق دەپ يازدى: «بەلكىم ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ پايدىلىق تەرىپى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.»

مۇنازىرىلىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن سۈرۈلۈپ، ئاستاغىنا: «بۇ مېنىڭ كەسپىي ھاياتىمدىكى قىلغانلىرىمنى تۇنجى قېتىم مەنسىتمەسلىكىم. سوتتىن سىزنى تۈرمىگە سولىۋېتىشنى ئۆتۈنگەنلىكىمدىن قاتتىق ئازابلىنىمەن.» ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى مەڭگۈ ئېسىدە تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سوتخانىغا بىر تۈيۇقسىز خۇشاللىق ئاتا قىلماقچى بولدى. ئۇ سوتچىغا ئۆزىنىڭ ئوخشاش سانىدىكى گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە گۇۋاھچىدىن بىرنىمۇ چاقىرىپ كەلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بىر پارچە «جىنايىتىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس» تەييارلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزۈنلۈقى بىر سائەتكە يېتىدىغان، ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك يېزىلغان سىياسىي نۇتۇق ئىدى.

ئاشۇ كۈنى سەھەردە ساقچىلار سوتخانىنى قورشىۋالدى، سوتخانا سىرتىغا نۇرغۇن ئافرىقىلىقلار توپلىشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماندېلانىڭ ئايالى ۋىننىمۇ بار ئىدى. ۋىننى ئۇچىسىغا پىيندو قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. ماندېلا سوتخانىغا كىرىپ، مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ھاكىمىيەت !» دەپ قاتتىق تۋۋلىدى. ئەتراپتىكى

ئاممۇ تەڭلا: «بىزگە مەنسۇپ!» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئۇ نۇتقىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىن باشلىدى، ئۆزىنىڭ قانۇنغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئۇ ئاۋۋال قەبىلە جەمئىيىتىدىكى دېموكراتىيە ۋە تىنچ تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا قەبىلىلەردە «سىنىپ ۋە باي - كەمبەغەللىك ئايرىمىسىنىڭ يوقلۇقىنى، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا ئېزىش - ئېزىلىشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى» بايان قىلدى. ئۇ ئاشۇ جەمئىيەتتە «نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكىلدە ئىكەنلىكىنى، مۇقىم بولمايدىغانلىقىنى»، لېكىن، «بۇنداق جەمئىيەتتە ئىنقىلابىي دېموكراتىيە بىخلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ كىشىنى قۇل قىلمايدىغانلىقىنى» ئېتىراپ قىلدى. «بۇ تارىخ تا بۈگۈنگىچە مېنى ۋە خىزمەتداشلىرىمنى سىياسىي كۈرەشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.» كەينىدىن ئۇ يەنە قانۇن بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تەھلىل قىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىق ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ تىنچ شەكىلدىكى كۈچ كۆرسىتىشىنى قانداق باستۇرغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىردا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن: «ئەۋلادلىرىمىز مەندىن مىللىتىمىزنىڭ پاكلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقىي سوتقا تارتىلىشقا تېگىشلىك جىنايەتچى ھۆكۈمەت خادىملىرىدۇر» دەپ خۇلاسىلىدى. بۇ بىر پارچە سىياسىي خىتابنامە بولۇپ، تارىخشۇناسلار بۇ خىتابنامىدىن كۆپلەپ نەقىل ئالدى. لېكىن، ئۇ چاغدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بۇ ھەقتە خەۋەر بەرمىدى. ئەدلىيە مىنىستىرى جون پرۇست ئاگاھلاندۇرۇپ: «تەقىب ئاستىغا ئېلىنغانلارنىڭ سوتخانىدا قىلغان سۆزلىرى ئەكس تەسىر پەيدا قىلماسلىقى كېرەك» دېدى. شۇڭا، يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يۇلتۇز گېزىتى» ماندېلانىڭ

نۇتقىدىكى ناھايىتى دادىللىق بىلەن دېيىلگەن مەزمۇنلارنى قىسقارتىۋەتتى.

1962 ـ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سوتچى ھۆكۈم ئېلان قىلدى: ماندېلانىڭ ئىش تاشلاشقا قۇترىتىش جىنايىتى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى، يول خېتى يوق ئەھۋالدا دۆلەت چېگراسىدىن ئۆز مەيلىچە ئايرىلغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىدا سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئەڭ ئېغىر بولغاندا بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. لېكىن، ئافرىقا تارىخىدا بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا كېنىيە رەھبىرى جومو كېنياتتا يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. جومو كېيىن كېنىيەنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى تۇنجى باش مىنىستىرى بولغانىدى. لېكىن، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان كۈنى دەل تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت دۇنياغا كەلگەن خاتىرە كۈنىگە توغرا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈن دۇنيادىكى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە زور مەدەت بولغانىدى. بۇ توغرا كېلىپ قېلىش ماندېلاغا خېلى تەسەللى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سوتلىنىشى بىلەن كۇبا كىرىزىسىمۇ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا فىدېل كاستىرو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىدىن پايدىلىنىپ، كىنىدى بىلەن قارشىلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئىلھام بولغىنى، ھۆكۈم ئېلان قىلىنىش ھارپىسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتايىدا تۇنجى قېتىم بېلەت تاشلاپ، جەنۇبىي ئافرىقىنى جازالاشنى قارار قىلغانىدى.

لېكىن، غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ماندېلا بىلەن قارا تەنلىك ئۆكتىچىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىنتايىن زىددىيەتلىك ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ئاتقا

خاتا مىنىپ قېلىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلاتتى، ئۇلارنى خاتالاشتۇرۇۋاتقىنىمۇ يەنە شۇ ئاق تەنلىكلەردەك قىلاتتى. 1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماندېلا قېچىپ يۈرگەن مەزگىلدە باش ئەلچى لورد جون مۇد لوندوننى زىيارەت قىلغاندا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىلۋوردىنىڭ «پوزىتسىيەسىنىڭ قىزغىنلىقى، ئەمما كىشىنى بىزار قىلىدىغانلىقى»نى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇ ۋىلۋوردىنىڭ ئەنگلىيەنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىردىنبىر ئىتتىپاقدىشى ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىغا ھەمدە ئىككى ياقلىمىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى: پرېتورىيەگە بولغان پوزىتسىيەسى ناھايىتى قىزغىن ئىدى، مۇشۇ ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مىللەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزاق مەزگىل ھوقۇقنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەنگلىيەگە نىسبەتەن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. جون مۇدنىڭ «قايتا سۇغۇرتىلاندۇرۇش» سىياسىتى (قارا تەنلىك سىياسىيونلار بىلەن ئۇچراشقاندا بەك ئېھتىيات قىلىش) ئانچە ئۈنۈم بەرمىدى. لوندون ئەمەلدارلىرى بىر يىلنىڭ ئالدىدا باش ئەلچىنىڭ ئايال پادىشاھ ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاق تەنلىكلەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. جون مۇد چۈشەنچە بېرىپ، كېيىپتاۋىندا تەكلىپ قىلغۇدەك غەيرىي ياۋروپالىق يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە كېلەر قېتىملىق زىياپەتتە «كۆپ خىل ئىرقچىلىق تۈسى»نى نامايان قىلىشقا ۋەدە بەردى. جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتاتتى.

جون مۇد قارا تەنلىكلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش مەسىلىسىدە ئامېرىكا دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ئەنگلىيەنىڭكىگە قارىغاندا بەكرەك ئېھتىياتچان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش روھى بەزىدە

ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈكرەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ
باشقا رايونلىرىدىكى پوزىتسىيەسىمۇ ئوخشاش ئىدى. 1959 ـ
يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ كېيپتاۋىندىكى بىرىنچى كاتىپى
پاۋلو ئېكول ئەنگلىيەلىكلەرگە ئۆزىنىڭ قارا تەنلىكلەرنى ئۆيىگە
زىياپەتكە چاقىرىدىغانلىقىنى، لېكىن يوھاننېسبۇرگتىكى
ئامېرىكا ئۇچۇر ئىشخانىسىدا كۆپ خىل ئىرقلارغا ئاتالغان
مەخسۇس بىر قىرائەتخانىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى (ئۇ، بۇ
قىرائەتخانىنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالمىغانىدى). كىنىندى رەھبەرلىكىدىكى
ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ئېلىپ
كېلىدىغان خېيىم ـ خەتەردىن بارغانسېرى ئەندىشە قىلىشقا
باشلىغانىدى، شۇڭا جازالاش تەدبىرى ئۈستىدە قاتتىق
ئويلانغانىدى. ئەنگلىيە ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسى قارا تەنلىكلەرنىڭ
تۇيۇقسىز ئىنقىلاب قوزغىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئافرىقا
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى رىغبەتلەندۇرۇشكە باشلىدى. 1963 ـ
يىلى ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى
ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كۆپ خىل ئىرق
قاتناشقان مۇستەقىللىق كۈنى زىياپىتى تەشكىللىگەنلىكىنى
ئاشكارا ئېلان قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش
ئەلچىسى: «بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى تەشكىللەشتىكى مەقسەتنىڭ
يېرىمى ئامېرىكا ئىچىدىكى ئىرقىي مەسىلىلەر ئۈچۈن»
ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ۋاشىنگتوندا ئىلگىرى ئافرىقىغا قارىتىلغان سىياسەتكە
مەسئۇل بولغان ئامېرىكا باش ئەلچىسى يوسېف ساتتىنسۋېت
ماندېلانىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە
ئىزچىل دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. 1962 ـ يىلى 12 ـ ئايدا،
ماندېلا قولغا ئېلىنىش ھارپىسىدا ساتتىنسۋېت ئامېرىكا دۆلەت
ئىشلار مەھكىمىسىگە ماندېلانىڭ دۇربانىنى زىيارەت قىلغانلىقى

تـوغرىسىـدىكى ئىشنى دوكـلات قـىلدى. دەل مـۇشـۇ مەزگىـلـدە ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئاق تەنلىكلەر ۋە ھىندىستانلىق ئىتتىپاقداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن يىراقلاشتۇرغانىدى. ساتتىسۋېتنىڭ دوكلاتىدا: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يېڭى ئۇرۇش تاكتىكىسىغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ماندېلانى دۆلەت پارلامېنتى بىرلەشمىسىدىكى ئاق تەنلىك كوممۇنىستلاردىن تەدرىجىي يىراقلىشىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىشلەۋاتقان كونسۇلخانا ماندېلا بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەنگلىيە پرېتورىيەنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى. لېكىن، 1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماندېلا جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار «نىسبەتەن خەتەرلىك» بولغان بىر ھەرىكەتنى قوزغىدى، يەنى ئۇلار ئالغا ئىنتىلىش روھى ئىنتايىن كۈچلۈك ياش دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ماركۇس ئېدۋاردنىڭ ياش قارا تەنلىك سىياسىيونلار بىلەن كۆرۈشۈشىگە يول قويدى. ئېدۋارد پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىكى بەزى مۇخبىرلار بىلەن بىللە ھاراق ئىچكىلى باردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا داۋىد سىبوركىمۇ بار ئىدى. بۇ كىشى كېيىن رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، لېكىن قەستكە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار ئېدۋاردقا پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ناھايىتى تېزلا ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئېدۋارد دوكلات يېزىپ، ئۆزىنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بەك قوپال، چاقچاقچى، شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئەمما تولىمۇ سۈرلۈك ھەم رادىكال ئىكەنلىكىنى، بىر ئادەمنىڭ بىر بېلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى

ئېيتىشىنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

ئىسمى نامەلۇم يەنە بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارى باسۇتولاندتىكى جوئى مارتىيو ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. مارتىيو ماندېلانىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە بولغان تۆھپىسىنىڭ ئۇنى چەت ئەلدە قالتىس ئابرۇيغا ئىگە قىلغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى پانئافرىقانىزمغا ھېسداشلىق قىلمايتتى، ئەكسىچە دىمىقى ئۇستۇن، ھېچقانچىلىك مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن مىنىستىرلارنى قەتئىي كۆزگە ئىلمايتتى. مارتىيو جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسىنى كىلىمات ھاسىل قىلالمايدۇ (گەرچە ئۇ ئۆزى كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدىكى رەھبىرىي شەخس بولسىمۇ) دەپ قارايتتى، چۈنكى كوممۇنىزم قارا تەنلىكلەرگە سىرتتىن كەلگەندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ھېسسىيات جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيەنى ئانچە ئاسان قوبۇل قىلالمايتتى. كىشىنىڭ ئىشەنگۇسى كەلمەيدىغىنى شۇكى، ھېلىقى دىپلوماتىيە ئەمەلدارى يەكۇن چىقىرىپ: «مارتىيو سېپى ئۆزىدىن موسكۋالىق» دېگەنىدى.

لوندون تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ خەۋەرلەرگە بەكلا ئەھمىيەت بەردى ھەمدە ئەمەلدارلاردىن قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، كونسۇلخانىنىڭ تېخىمۇ چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغۇسى يوق ئىدى. «ئەگەر ئۇلار كونسۇلخانا ئەزالىرىنىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ياكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قاتارلىق ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە بولۇۋاتقان چەكلەنگەن تەشكىلاتلار بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى سېزىپ قالسا، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى جەزمەن ئەسەبىيلەرچە ئۆچ ئالىدۇ»

دەپ يازىدۇ ھىلارى يان. ھىلارى خۇلاسىلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قىسقا مەزگىللىك نىشانىمىز — ھازىرقى ھۆكۈمەت بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش، ئۇزاق مەزگىللىك نىشانىمىز بولسا ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان كۈچلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش. ئىككى مۇناسىۋەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت.» ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇزاق مەزگىللىك نىشاننى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. قارا تەنلىكلەرنىڭ رەھبىرى تۈرمىگە تاشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلار بىلەن ناھايىتى ئاز ئۇچراشتى. «ئەينى يىلى ئەنگلىيە - ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا بارغان كۆرۈنۈش ھېلىھەم ئېسىمدە» دەيدۇ ماندېلا پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن: «ئۇلار ماڭا مەندەك بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.»

ماندېلانىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان قىسقىغىنا ھاياتى ۋە ئافرىقا سىياسىيونى بولۇشتەك ھاياتى چاقماق تېزلىكىدە ئاخىرلاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ غەربتىن ھەربىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ھېچقانچە ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە كەسپىي ساپاسى ۋە زور كۆلەمدىكى ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتىنى تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى تۈپەيلى، دۇنيا ئەھلىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. ماندېلا بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىگە ھەقىقىي تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقىنى، شەھەرلەردىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ خۇددى ئالجىرىيەدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتكە ئوخشاش ھالاكەت ۋە زور كۆلەمدە ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى پەيدا قىلاتتى. بۇنى ماندېلا بىلەن مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى. ئۇ يالغۇز قوراللىق ئۇرۇش قىلىشقىلا تايىنىپ، ھەرقانداق جازالاش ۋە بېسىم چۈشۈرۈش ۋاستىسىگە تايانماسلىق جەنۇبىي ئافرىقا

ھۆكۈمىتىنى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىيالايدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، ھەربىي ئىشلارغا قىسقىغىنا رەھبەرلىك قىلىش ھاياتى ۋە ھازىرقى بەرگەن قۇربانلىقى مۇنداق بىر سىياسىي خەۋەرنى يەتكۈزەتتى: ئۇ — ھازىرقى تۈزۈلمىگە قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىر رەھبەر. ئۇ تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىزچىل قېچىپ يۈرگەن، يەر ئاستى خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلغان، ئەمما خەلق بىلەن ئىزچىل بىللە بولۇپ كەلگەن ئادەم.

# 14. جىنايەت ۋە جازا

(1963 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە)

ماندېلا تۈرمىگە سولىنىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغانىدى: قوغلاپ تۇتۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان قارا رەڭلىك دېڭىز يۇسۇنى، دەپ تەرىپلەندى؛ خەلق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان ھەربىي داھىيغا ئايلاندى؛ پارات كىيىمى كىيگەن ھالدا ئۆزىنى ئافرىقىلىقلارنىڭ قەبىلە باشلىقى، دەپ جاكارلىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى 1976 ـ يىلىدىن بۇرۇن تېلېۋىزورنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەنىدى. بىراق، ماندېلا ئاممىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى تېلېۋىزور ئارقىلىق جەلپ قىلىشقا موھتاج ئەمەس ئىدى. تۈرمىدە ئۇ نېھرۇنىڭ نەزىرىدىكى گەندىگە ئوخشاش «خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىگۈچى ۋەكىل»گە ئايلىنالايتتى. تەشكىلاتقا ئەمەس، بەلكى شەخسكە تايىنىش ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ئۇسلۇبى ئىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە رەسمىي يوسۇندا بىرەر ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قوراللىق كۈرەش تېخى بىخلىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئاۋامنىڭ دىققەت ـ نەزىرىدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ بۇ خىل ھالەتنى بەش يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشمايدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى. ئۇ چاغدا ئۇ يېرىم ئەسىر ۋاقتىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ماندېلا دەسلەپتە پرېتورىيەدىكى تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى

ئۆتىدى. بۇ يەر ئۇنىڭغا ئىنتايىن تونۇش بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇ تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كىتاب كۆرۈشى ۋە ياكى بىرەر كىشى بىلەن كۆرۈشۈشى قاتتىق چەكلەنگەنىدى. بىللە قامالغانلارنىڭ ئىچىدە ماندېلانىڭ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىكى ئەشەددىي رەقىبى روبېرت سۇبۇكۋېلىمۇ بار بولۇپ، ئۇ شارپۋېل ۋەقەسىدىن كېيىن تۈرمىگە كىرگەن ھەمدە ماندېلانىڭ بارا - بارا ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇلار ئىككىسى بەزىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ كۆيە يەپ تېشىلىپ كەتكەن پوچتا خالتىسىنى يامايتتى. ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، بىر - بىرىنى «مادىبا»، «ھىرات» دەپ چاقىرىشاتتى، دۇنيا پاراڭلىرىنى سېلىشىپ ئولتۇراتتى. بېرنارد شاۋ بىلەن شېكىسپېرنىڭ قايسىسىنىڭ دىرامىسى ئەڭ ياخشى دېگەندەك پاراڭلار ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلىناتتى. ماندېلا سۇبۇكۋېلىنىڭ 1963 - يىلى «ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەيلى» دەپ چۇقان كۆتۈرگەنلىكىنى تەنقىدلىدى. ئۇ قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنى سەل چاغلاپ قالغانىدى. ماندېلا سۇبۇكۋېلىنىڭ مۇلاھىزە ئىقتىدارىغا بەكلا قايىل ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ چۈس ئىكەنلىكىنى، تۈرمە گۇندىپايلىرىغا خۇشامەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بايقىغانىدى. سۇبۇكۋېل دەسلەپتە ماندېلا بىلەن بىرلىكتە ھازىرقى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا قارشى تۇرۇش تېخىمۇ ناچار ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. لېكىن، ئۇ ئاخىر قارشىلىق كۆرسىتىشكە قوشۇلدى. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت سۇبۇكۋېلنى ماندېلادىنمۇ خەتەرلىك، دەپ قارايتتى: 1963 - يىلى سۇبۇكۋېلنىڭ جازا مۇددىتى توشقان بولسىمۇ، بىراق پەۋقۇلئاددە قانۇننىڭ «سۇبۇكۋېل ماددىسى» سەۋەبلىك، ناھايىتى تېزلا جازا مۇددىتى ئۇزارتىلىپ، روببېن ئارىلىغا يەنە ئالتە يىل قامالدى.

تۈرمىدىكىلەر ئۇنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن باشقا مەھبۇسلار بىلەن ئۇچراشتۇرماي ئايرىپ باشقۇردى.

پرېتورىيەگە قامىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن، ماندېلا تۇيۇقسىزلا يۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى، چۈنكى ئۇ روببېن ئارىلىغا ئاپىرىلاتتى. روببېن ئارىلى بىلەن ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئارىلىقى سەككىز ئىنگلىز مىلى بولۇپ، ھەيۋەتلىك مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز سۈيى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. ئىككى ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بۇ ئارال تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، ساھىللىرىدا تۇرلۇك ـ تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى، يەنە تېخى ئۇماق پىنگۋىنلەرمۇ بار ئىدى. ئارالدىكى كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چىرايلىق قۇرۇلۇشلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئارىسىدا يەنە مەكتەپ ۋە چېركاۋلار بار ئىدى. روببېن ئارىلى گۈزەل ساياھەت ئورنىغا ئايلانغانىدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا قاتتىق نەزەربەند ئاستىدىكى سىياسىي جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيا بىلەن تامامەن ئايرىۋېتىلگەن، قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان بۇ جاي ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

ماندېلا ترانسكېيلارنىڭ تارىخىغا ئاساسەن، بۇ ئارالنىڭ 19 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كوسا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنى قامىغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلدى. كېيىنچە، بۇ يەر ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ۋە روھىي كېسەللەرنى ئايرىپ باشقۇرىدىغان جايغا ئايلانغانىدى. 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەربىي ھازىرلىقلار رايونى، شارپۋىل ۋەقەسىدىن كېيىن، سىياسىي جىنايەتچىلەر ۋە ئادەتتىكى مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمە قىلىنغانىدى. 1962 ـ يىلىدىن باشلاپ روببېن ئارىلىنىڭ باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە جىنايەتچىلەرنى قىينايدىغان، خورلايدىغان نومۇسسىز، ۋەھشىيانە قىلمىشلار پات ـ پاتلا يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى. گۈندىپايلارنىڭ ئارىسىدا كلېيىنخەنىس ئىسىملىك

جىنايەتچىلەرنى خورلاشقا مايىل ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى يىراق ـ يېقىنغا پۇر كەتكەنىدى. 1962 ـ يىلى بۇ ئارالغا قامالغان ئالىم نىۋىل ئالىكساندىرنىڭ ئېيتىشىچە، 1962 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل جەريانىدا ھەر ھەپتىسى، ھەتتا ھەر كۈنى دېگۈدەك قىيناش، خورلاشقا ئۇچرىغانىكەن.

بۇ قېتىم ماندېلا بۇ ئارالغا نەچچە ھەپتىلا قامالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تۈرمە ھاياتىدىكى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىكى، مەھبۇسلارنىڭ پوزىتسىيەسى گۇندىپايلارنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشىنى بەلگىلەيتتى. ئۇ كلېيىنخەنىسنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن مەنزىرىنى ئەسلەيتتى. شۇ چاغدا كلېيىنخەنىس: «بۇ يەردە ھەرقايسىڭنى مانا مەن باشقۇرىمەن» دەپ ۋارقىرىغانىدى ھەمدە ئۇنى باشقا ئۈچ مەھبۇس بىلەن بىللە كامېرغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇغان، ئۇلارغا خۇددى ھايۋانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانىدى. ماندېلا سەپنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ قەستەن سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋالدى، بۇنى كۆرگەن كلېيىنخەنىس: « سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئۇلار كامېرغا كىرگەندە سۇ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ چاغدا ئىككى گۇندىپاي كېلىپ مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى ياۋاش كۆرۈنىدىغان ماندېلاغا: «چېچىڭ بەك ئۇزۇن ئىكەن» دەپ ۋارقىرىدى. ماندېلا دەرھاللا: «چېچىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى بۇ يەرنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بويىچە قويۇلغان» دەپ رەددىيە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى گۇندىپاي ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئېتىلىپ كەلدى. ماندېلا سەل قورقتى ـ يۇ، يەنىلا يۈرەكلىك ھالدا: «ئەگەر مېنى تاك ئېتىپ چېكىدىغان بولساڭ، سېنى بۇ ئارالدىكى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىمەن. شۇ چاغدا سەن چىركاۋدىكى چاشقاندىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىسەن» دېدى. ئەمما،

گۈندىپاي يەنىلا ئۈنىڭغا تەھدىت سالدى. ماندېلا ئۈنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خېلى ئاچچىقى بېسىلىپ قالدى. ياشىنىپ قالغان ھېلىقى گۈندىپاي (ئۇ كېيىن تۈرمىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقدارغا ئايلاندى) لام ـ جىم دېمەستىن كېتىپ قالدى، ياشراق كەلگەن يەنە بىر گۈندىپايمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تۆت مەھبۇس سەل كەڭرەك بىر كامېرغا يۆتكەلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ماندېلا بىر كىشىنىڭ دېرىزىسىنى چېكىپ پەس ئاۋازدا: «نېلسون كەلدى» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئۇ بىر قارا تەنلىك گۈندىپاي ئىدى. ۋىننىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن بۇ گۈندىپاي ئۈنىڭغا ھەر كۈنى ئاخشىمى تاماكا ۋە ساندىۋىچ ئەكېلىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا مۇدھىش ۋە قورقۇنچ قاپلىغان روببېن ئارىلىدىكى گۈندىپايلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىسىنىڭمۇ، يامىنىنىڭمۇ بارلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.

نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ماندېلا يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇش ھەققىدە يەنە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە يەنە پرېتورىيەدىكى تۈرمىگە ئاپىرىلىپ يالغۇز كامېرغا سولاندى. ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمىدى، ئاخبارات ۋاستىلىرىگە بۇنىڭ پەقەت پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ماندېلاغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، بۇ ئېنىقلا ھەقىقىي سەۋەب بولالمايتتى، ماندېلا ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى.

7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئادۋوكاتى خارولد ۋورپىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. تۈرمە كارىدورىدا يەنە گۈلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بۇرۇنقى باشقۇرغۇچىسى توماس ماشفېرىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ تۈرمە ئىشخانىسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەسلىدە

رىۋونىيەدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك بولغان رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. ماندېلا تۈرمىگە قامالغان سەككىز ئاي جەريانىدا ۋېرۋورد ھۆكۈمىتى قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى كۈچەپ باستۇرۇشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ مەخپىي تېررورلۇق تەشكىلاتى POQO ئاق تەنلىكلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى. 1963 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىرلەشمە پارتىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا ھۆكۈمەت تەرەپ دەرھاللا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ قاتتىق قانۇننى ماقۇللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېسىق نامى پۇر كەتكەن «توقسان كۈنلۈك پەرمان» مۇ بار ئىدى. بۇ پەرماندا ساقچىلارنىڭ ھېچقانداق سوئال - سوراقسىز ھەرقانداق بىر كىشىنى ئۆز ئالدىغا ئۈچ ئايغىچە قاماشقا ئىجازەت بېرىلگەنىدى. بۇ، ساقچىلارنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئون كۈندىن كېيىن، ساقچىلار بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قولغا ئالدى. بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىش ھەرىكىتى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى سىسۇلۇ، كاترادا ۋە مبېكى قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ يوشۇرۇنغان ئورنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەزەربەند قىلىنغان مەزگىلدە قېچىپ كەتكەن ۋە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. «بىز قولغا ئېلىش ھەرىكىتىنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇ جەھەتتە بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز تولىمۇ ئاز» دەيدۇ ھىلدا بوئىنستان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھىلدانىڭ ئېرى رۇستىمۇ تۇتۇپ كېتىلدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن باشقىچە سىياقتا ياسىنىپ رىۋونىيەگە كىرىپ - چىقىپ، ھېلىھەم بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى پىلانلاش ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشىۋاتاتتى. ئەينى چاغدا مىللەت نەيزىسىنىڭ يېڭىدىن قوبۇل

قىلىنغان ئەزاسى ئالجىرىيە، ئېفىيوپىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق جايلارغا خۇپىيە ئەۋەتىلىپ مەشىقلەندۈرۈلۈۋاتاتتى. شۇڭا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پىلانلىغان پائالىيەتلەر مىللەت نەيزىسىنىڭ ياردىمىسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. مىللەت نەيزىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابى يەنىلا ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي يۈرۈۋاتاتتى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سىسۇلۇ مەخپىي يوشۇرۇنغان جايىدا رادىيو ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قېلىپ قېلىپ يەر ئاستى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. بۇ — شۇبھىسىزكى ساقچىلارغا قارىتىلغان بىر خىرىس ئىدى.

دۇرباندىكى بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىرۇنۇ مۇتولو ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كەپىدە يىغىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: ئۇلار «ماي بۇيېر پىلانى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھەرىكەتنى پىلانلاۋاتاتتى. پىلان لايىھەسىنى جوئى سىلوۋ بىلەن گوۋان مىبېكى يېزىپ چىققانىدى. لايىھە مۇنداق باشلانغانىدى: «دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسى ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى. بىز بۈگۈن تولۇق قوراللاندۇق. خەلق ئاممىسىغا ‹قورال ۋە زوراۋانلىق ۋاستىسىگە تايىنىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش›تىن ئىبارەت بىرلا تاللاش يولى قالدى.» پىلان لايىھەسىدە جەنۇبىي ئافرىقىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىدىغان ھەربىي كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ھەمدە سۇ ئاستى پاراخوتى ۋە ئايروپىلان بىلەن كەلگەن تاشقى كۈچلەرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

بۇ — ناھايىتى قارامىلىق بىلەن چىقىرىلغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پىلان ئىدى. مىللەت نەيزىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ پىلانىنى قوللايدىغان كىشىلەردىن پەقەت مىبېكى، سىلوۋ ۋە ئاسىن

گودىرىكلا بار ئىدى. سىسۇلۇ بىلەن ماندېلانىڭ ھەر ئىككىلىسى بۇ پىلانغا قارشى تۇرغانلىقتىن ، پۇتكۇل 7 ـ ئاي مۇشۇ پىلاننى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. لۇتۇلى شۇ چاغدا يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئىدى، ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناتالدىلا چەكلىنىپ قالغاچقا، رىۋونىيە ۋە چەت ئەلدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كۈچلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئامالسىز قالغانىدى. «چەت ئەلدىكى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ خەۋىرى ئۇ يەرگە بىۋاسىتە يېتىپ بارالمايتتى» دەيدۇ ۋىننى ماندېلا لۇتۇلىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئادېلەيدې تامبوغا يازغان خېتىدە: «بۇ ئەڭ چوڭ قايغۇرىدىغان ئىش ئىدى.» لېكىن، مىللەت نەيزىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تاقىتى تاق بولغانىدى. دەرھال ھەرىكەت قوللىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى، بولۇپمۇ ماندېلادىن ھەربىي مەشىققە قاتناشقىلى بولىدىغانلىقنى ئۇققاندىن كېيىن تېخىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. جوئى سلوۋ زادىلا ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى، پىلاننى دارىسسالامغا ئاپىرىپ ئولىۋېر تامبو ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى ئۈچۈن تەمىنلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتى. سلوۋنىڭ ئۆيىگە خىزمەتداشلىرى قوشۇلدى. ئۇلار پىلاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى لايىھەسىنىڭ تېخى بېكىتىلمىگەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، سلوۋ تانزانىيەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پۇتكۇل پىلان ئاشكارىلىنىپ كەتتى. «بىز ئافرىقىدىكى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ كۈچىنى زىيادە چوڭ مۆلچەرلىۋېتىپتىمىز» دەيدۇ سلوۋ كېيىن: «بۇ پىلاندا سادىر بولغان سەۋەنلىك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەسلىكتىنمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.»

1963 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ساقچىلارنىڭ زور كۆلەملىك ئاختۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. تۇتۇلغانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن سىسۇلۇ ۋە ئۇنىڭ

دوستلىرىنىڭ رىۋونىيەگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. يەنە بىر ئادەم گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى مەخپىيەتلىكلەرنىمۇ ئاشكارىلىۋەتتى. ياش تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسى، لېيتېنانت ۋان ۋىك دەرھال گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتى. 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قۇرۇق يۆيۈش دۇكىنىنىڭ بىر ماشىنىسى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سىرتىدا توختىدى، بىر توپ ساقچىلار ئاپشاركىلىرىنى يېتىلىگىنىچە ماشىنىدىن چۈشۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنى قورشىۋالدى. سىسۇلۇ، مبېكى ۋە كاترادا كەينى دېرىزىدىن سەكرەپ قاچتى، لېكىن ناھايىتى تېزلا تۇتۇلۇپ قالدى. ساقچىلار زور مىقداردىكى ھۆججەتلەرنى ئاختۇردى، ھۆججەتلەرنىڭ ئارىسىدا ماي بۇيېر پىلانىغا ئائىت ماتېرىياللارمۇ بار ئىدى. ساقچىلار يەنە ئاساسىي ئۆيدىن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دەنىس گولدبېرگنىمۇ قولغا ئالدى.

ماندېلا پرېتورىيە تۈرمىسىدىكى باشقا خىزمەتداشلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئۇقتى. ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنلا رىۋونىيەدىن كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ماي بۇيېر پىلانىنىڭ تەشكىللەش خىزمىتىگە قاتنىششى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ مىللەت نەيزىسىنىڭ قوماندانى ئىدى ھەمدە گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانىدا زور مىقداردىكى قول يازما ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ جوئى سىلوۋغا بۇ ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى ھاۋالە قىلغانىدى، لېكىن بۇ ھۆججەتلەر كۆيدۈرۈۋېتىلمىگەن بولغاچقا مانا بۈگۈن ماندېلاغا جىنايەت ئارتىشنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىمقى ئەيىبلەشتە ماندېلا ئاساسلىق نىشان بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى قانۇن لايىھەسى»گە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ماندېلا باش

جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدى.

تۇتۇلغان رەھبەرلەر شۇنى تونۇپ يەتتىكى، بۇ قېتىمقى سوتلاش ئىلگىرىكى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىنى سوتلاشتىنمۇ قاتتىق ھەم مۇھىم ئىدى. ئېنىقكى، رۇۋونىيەلىك خائىنلارنىڭ جىنايىتى بار ئىدى، گەرچە ئۇلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى پىلانلىمىغان بولسىمۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىش پائالىيىتىنى پىلانلىشىلا ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇلار ئەڭ ياخشى ئاقلىغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاقلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ماندېلا بىرام فىشېرنىڭ يەنە بىر قېتىم ئاقلىغۇچىلار ئۆمىكىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ھەم مول كەسپىي بىلىمگە، ھەم كۈچلۈك بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا فىشېرىمۇ توختىماي رىۋونىيەگە كىرىپ ـ چىقاتتى. بۇنى ماندېلا ۋە باشقا جاۋابكارلار بىلەتتى، لېكىن ئاۋام خەلق بىلمەيتتى. سوتلاش جەريانىدا ئۇ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، يەر ئاستى خىزمىتىنى قولغا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

فىشېرىس ئادۋوكات بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى سوغۇققان ئىدى. ماي بۇيېر پىلانىنىڭ تولىمۇ ساددا ۋە قاراملىق بىلەن چىقىرىلىشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتكەنىدى. كېيىن ئۇ سوت جەريانىدا بۇ پىلانغا «بېشىغا بىرنى ئۇرۇپلا تاپقان، رېئاللىقتىن چەتنىگەن پىلان. يەڭگىلتەكلىك، ئالدىراقسانلىق ئىلكىدىكى تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ باھا بەردى. ئەمما، ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە جاۋابكارلارنى ئاقلاش قارارىغا كەلدى ھەمدە بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك ئادۋوكاتلار قوشۇنىنى توپلىدى. ئادۋوكاتلار ئۆمىكىدىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسى كېيىن ماندېلانىڭ خىزمەتداشلىرىغا ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە «موللا تاپقاق» دەپ لەقىمى بار ۋېرنون بېرانگى بار ئىدى. فىشېرىس بىر ئامالارنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنى لوندوندىن قايتىپ كېلىشكە قايىل

قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياش ئادۋوكات ئاسپىن كاچارسپىنمۇ بار ئىدى، ئۇ كوممۇنىست بولمىسىمۇ، لېكىن فىشىر بىسقا بەكلا چوقۇناتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشنى خالىدى. ئاسپىن كاچارسپىن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى يېقىن دوستى يوئىل جوفنى باشلاپ كەلدى، ئۇ ئاۋستىرالىيەگە كۆچمەن بولۇشنى پىلانلاۋاتاتتى. يوئىل جوف بوي ـ بەستى ئورۇق، كىچىك پېئىل ئىدى. ئۇ باش ئادۋوكاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا قوشۇلدى. ماندېلا ۋە باشقىلار ئۇنى «پەردە ئارقىسىدىكى گېنېرال» دەپ ئاتاشتى. ئۈمەكنىڭ يەنە بىر ئەزاسى كېيىنچە ماندېلانىڭ سىرداش دوستىغا ئايلاندى، ئۇ دەل جورجى بىزۇس ئىدى. ئۇ كېيىنچە مەخسۇس سىياسىيغا ئائىت سوتلاردا ئاقلىغۇچى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ فىشىر بىسنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى.

يوئىل جوف بەزى ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ماندېلانى ئۇچراتقانىدى. ئۇ چاغدا ماندېلا قارىماققا ئەمەلىي يېشىدىن 15 ياش كىچىكتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، هازىرقى ماندېلا ئۇچىسىغا تۈرمىدىن بىر تۇتاش تارقاتقان مەھبۇسلار كىيىمىنى كىيىپ يۈرەتتى. ماندېلا يوئىل جوفقا بەكلا ياداپ كەتكەندەك تۇيۇلدى ... ئۇنىڭ قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چىرايى تاتارغان، چېھرىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. لېكىن، يوئىل جوف ماندېلانى يەنىلا بۇرۇنقىدەك چىقىشقاق، ئۇمىدۋار، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئۇرغۇپ تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ماندېلا يەنىلا يالغۇز كامېرغا سولاقلىق ئىدى. جىنايەتچىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئورنى ئەڭ تۆۋەن ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇ «پات ئارىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان مەھبۇس» ئىدى. ئىلگىرى بىر گۇندىپاي كېچىدە ماندېلانىڭ كامېرىغا كىرىپ ئۇنى ئويغىتىپ: «سەن پات ئارىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىسەن» دېگەنىدى. ماندېلا

ئادۋوكاتلار ئۆمىكىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، فىشىرىس ئۇنى ئەسكەرتىپ: «قارشى تەرەپ سىزگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن» دېگەنىدى. بۇ ھەقتە ماندېلا: «بىز ۋەھىمە ئىچىدە ياشاۋاتىمىز» دېگەنىدى.

1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پرېتورىيەدە دېلوغا سوت ئېچىلدى. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن، ئاممىنىڭ كەيپىياتى بەك جىددىي تۈس ئالغانىدى. ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ «ھەققانىيەت زالى» نىڭ ئىچى ـ تېشىنى ساقچىلار ۋە پۇقراچە كىيىنگەن ھەربىيلەر قورشىۋالغانىدى. ئۇلار ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

سوتچى ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەستايىدىل جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك كىشى بولۇپ، ئىسمى كارتىس دى ۋايت ئىدى. تەپتىش ئەمەلدارى بوش يۇتتار بولسا بوي ـ بەستى ۋىجىك، مۇبالىغىلەشتۇرۇشكە ئۇستا ئوك قانات يەھۇدىي ئادۋوكات بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇ يەھۇدىيلار بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ زىددىيەتلىشىشىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. كېيىن بۇ كىشى ماندېلانى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىشتەك ئېغىر جىنايەت بىلەن ئەيىبلىمەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېدى: «مەن ئەركىن جازا ئۆلچەش ھوقۇقۇمنى يۇزگۇزىمەن، ماندېلانىڭ ئۇستىدىن پەقەت بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەنلا شىكايەت قىلالايمەن.» ئەمما، ئۇ بىر رەھىمسىز تەپتىش ئەمەلدارى ئىدى.

دەسلىپىدە يوئىل جوف ئادۋوكاتلار ئۆمىكىدىكىلەرگە: «بۇ دېلونىڭ نېگىزى ۋە مۇھىم نۇقتىسى ھەرگىزمۇ سوتتا ئەمەس، بەلكى تاشقى دۇنيادا» دېگەنىدى. غەرب ھۆكۈمىتى جەزمەن دېلو تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتاتتى. ھازىر ئۇلار ماندېلانى تېخىمۇ ئېنىق تونۇغانىدى ھەمدە ئۆلۈم جازاسىنىڭ قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل

بۆلۇۋاتاتتى. ئەمما، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىدىن ئويلاپ، ئۇلارنى يەنىلا ئېغىر غەم باستى. ھەتتا ۋېرۋورد ھۆكۈمىتىگە ھەممىدىن بەك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەنگلىيەمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە پېتىنالمىدى.

1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە باش ئەلچىسى لورد جون مۇد ئىستېپانامىسىدە ناھايىتى ياخشى تەشكىللەنگەن ئافرىقا مىللىي مەجلىسىنىڭ تولىمۇ ئاجىز پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەڭ ئاخىر «بىر مەيدان تەشكىللىك، دۇنيادىكى ئاساسىي ئېقىم ئىدىيەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى»غا تەرەققىي قىلاتتى. ئۇ لوندوننى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىر تەرەپتىن، جەنۇبىي ئافرىقىنى ئىتتىپاقداش ئورنىدا كۆرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتىۋەرسە جەنۇبىي ئافرىقا بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ» دېگەنىدى.

يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش ئەلچى لورد خۇگ ستىۋېنسون مۇددىنىمۇ مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ئىقتىدار جەھەتتىمۇ مۇدقا يەتمەيتتى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كاتىپى سېر خوم ئىلگىرى ستىۋېنسوننى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەرگىزمۇ ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە تەۋەككۈل قىلماسلىقنى ئېيتقانىدى. ئەمما، يەنە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا كەڭ قورساقلىق قىلماسلىق ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى، چۈنكى بۇ ئەنگلىيەنىڭ ئافرىقا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزەتتى. خوم يەنە ستىۋېنسونغا يېقىن كەلگۈسىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئافرىقا مىللەتچىلىرىنىڭ

قولىغا چۈشۈپ قىلىشنىڭ ئېھتىمالىغا يېقىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە مۇدنىڭ «قايتا سۇغۇرتىلاش» سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، ستىۋېنسون باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. ئۇ جەنۋە ھارىقىدىن باشقىغا قىزىقمايتتى، ئافرىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئەزەلدىن ھەقىقىي چۈشىنىپ باقمىغانىدى. ھەتتا كېيپتاۋن بىلەن قاھىرەنى، بېكۇانالەند بىلەن بالۇجى (ئىراندىكى بىر جاينىڭ نامى) نىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى.

رىۋونىيە سوتى باشلانغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 1881 قارارنى ماقۇللىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىن باشقا بارلىق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «بۇ قارار بولغانىكەن، ھۆكۈمەت ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا پېتىنالمىدى» دېدى فىشېرىس بىزۇسقا. ئەمما، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى جەنۇبىي ئافرىقىغا بېسىم چۈشۈرۈشنى رەت قىلدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ستېۋېنسوننىڭ پرېتورىيەنى ئەنگلىيەدىكى ئاممىۋى جامائەت پىكىرىنىڭ تەسىرىنىڭ بەك زور ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بىرنەچچە قېتىملىق توقۇنۇشتىن كېيىن، ستېۋېنسون ئاخىر جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دوكتور مۇللېرغا ئەنگلىيەنىڭ ئەندىشىسىنى بىلدۈردى ھەمدە لوندونغا: «ئۆزىنىڭ دائىم بۇ ئۇسۇللارنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى» تەكىتلىدى. ئۇ يەنە ئەنگلىيەلىك ئادۋوكات جون ئارنولدنىڭ: «ئاساسلىق جاۋابكار كوممۇنىست ئەمەس، ھەم كوممۇنىزمنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىمىغان» دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈردى.

سوتچى تەپتىش ئەمەلدارى بوش يۇتتارنىڭ تىرىپ ـ تۆشەپ قۇراشتۇرغان تۇنجى ئەيىبلەشنامىسىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى تاقەتسىزلىك ئىلكىدە جاكارلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە كەلگەندە، سوت پرېتورىيەدە رەسمىي باشلاندى. ماندېلا سوتقا يەنىلا مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. «ئۆزۈڭنى قانداق ئاقلايسەن؟» دەپ سورالغاندا ئۇ: «سوراققا تارتىلىشقا تېگىشلىكى مەن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت. مەن گۇناھسىز !» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى. يۇتتار دادىللىق بىلەن ئىككىنچى ئەيىبلەشنامىنى كۆرسەتتى. ماندېلاغا قارىتىلغان ئاساسلىق شىكايەت مۇشۇ ئەيىبلەشنامىدە ئىدى:

جاۋابكار پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا زوراۋانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى قوزغاشنى پىلانلىغان. ئۇ قوزغىماقچى بولغان ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەمدە بارلىق ئالاقىلىشىش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ مەقسىتى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئەنسىزلىك، مالىمانچىلىق ۋە داۋالغۇش پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ پىلانىغا ئاساسلانغاندا، مەخسۇس تەربىيەلەنگەن مىليونلىغان پارتىزانلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەۋزەل جايلارنى ئىگىلەپ، كونترول قىلىۋېلىش ئارقىلىق قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقارماقچى.

ئۇ كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۇنداق بىر خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئۇلار يەنە بۇ يىل، يەنى 1963 ـ يىلى ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، ئاتالمىش ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشنى پىلانلىماقتا.» يۇتتار بىر ـ بىرلەپ شىكايەت قىلىۋاتقاندا ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلار ئۆمىكىنى ئەندىشىلىك كەيپىيات ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. يوئىل جوف: «قېنى قايسى جاۋابكار ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلالايدىكىن؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىۋاتاتتى. يۇتتار بىر تۈركۈم گۇۋاھچىلارنى

چاقىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنى گۇۋاھلىق بېرىۋاتقاندا گېپى ئۈزۈۋېتىلىپ، بەزى سوئاللار سورالدى. لېكىن، بۇ كىشىلەر ماندېلا ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى توغرا بايان قىلىپ بەردى. ئەڭ چاتاق بولغىنى شۇكى، يۇتتارنىڭ قولىدا ساقچىلار گۇلسامساق دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە باشقا جايلارنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالغان نەچچە يۈز پارچە ھۆججەت بار بولۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرى ئاشكارىلانغانىدى.

بۇ ھۆججەتلەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى خەلقئالەمگە تەلتۆكۈس ئاشكارىلىۋەتتى. «ئوت» (ئولىۋېر تامبونى كۆرسىتىدۇ) «قار» (دۇما نوكۋېلنى كۆرسىتىدۇ. دۇمانىڭ كوساتىلىدىكى مەنىسى «قار» ياكى «نام قازانماق» دېگەن مەنىدە) بىلەن ئاددىي كودلار ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇراتتى. ئۇلار ئايروپىلان ئارقىلىق جەڭچىلەرنى بوتسىۋاناغا ئاپىرىش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىشقانىدى، ئۇلار «جەڭچى» دېگەن سۆزنى «خالتا» ياكى «ئىستۇدېنت» دېگەن شەرتلىك بەلگە بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. لېكىن، باشقا ئادەملەر بۇ شەرتلىك بەلگىلەردىن ناھايىتى تېزلا گاڭگىراپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار جەڭچىلەرنىڭ يەر يۈزىدە جەڭ قىلىش ئىقتىدارىدىن ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. لۇساكا ئىلگىرى دوكلاتىدا: «سىز ماڭا ئەۋەتكەن 19 خالتىدىن 12 سى مۇسادىرە قىلىندى، قالغان يەتتىسى ئۇرۇش ئولجىسى قاتارىدا بۇلاپ كېتىلدى» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇقۇشماسلىقلارمۇ كۆپ يۈز بەرگەنىدى: «مەلۇم بىرنەچچە دۆلەت تەمىنلىگەن پۇلنى تاپشۇرۇۋالدۇق، سىز بىزگە ماندېلا دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن زادى قايسى دۆلەتلەر ياردەم قولىنى سۇنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟» بۇ ھۆججەتلەر كىشىگە قوراللىق كۈرەشنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات سەۋىيەسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ئارىسىدا زور پەرق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى

ھەمدە ئۇلاردا لېنىن ئېيتقاندەك ئىسپاتنى دەلىللەشنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغانىدى.

گۇمران قىلىش رولىنى ئوينىغان ھۆججەتلەرنىڭ بەزىلىرى ماندېلانىڭ قولىدىن چىققانىدى. «ئۇ بارلىق جىنايىتىگە دەلىل بولىدىغان بارلىق ھۆججەتلەرنى ساقلاپ قويغانىدى» دەيدۇ جورجى بىزۇس ئەسلىمىسىدە: «بۇ ئىنتايىن زور خاتالىق ئىدى. ئۇلار بۇ خاتىرە دەپتەرلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ تەپتىش ئەمەلدارىغا بەرگەنىدى. لېكىن، ماندېلا بۇنى باشقىلارغا ئارتىپ قويمىدى، ئۇ تولىمۇ كەڭ قورساق ئادەم ئىدى.» بۇنىڭدىن باشقا ھۆججەتلەردىمۇ ماندېلانىڭ مول ئەقىل - پاراسىتى ئەكس ئەتكۈزۈلگەنىدى. ئۇ خاتىرىسىگە پرېتورىيە تۈرمىسىدىن قېچىش پىلانىنى خاتىرىلىگەنىدى. يەنە بەزى خاتىرىلىرىگە باشقا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى تاكتىكىلىرى خاتىرىلەنگەنىدى: «پارتىزانلار ھەقىقىي ئۇرۇش قوزغىيالمايدۇ. ئۇلار ھەل قىلغۇچ جەڭگە قاتنىشالمايدۇ.» يەنە بىر خاتىرىسىگە ئىسرائىلىيەنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتى ئىرگۇن ھەققىدىكى بىر كىتابتىن مۇنداق بىر گەپ نەقىل ئېلىنغانىدى: «بۇ دۇنيا ئېچىنىشلىق قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت جەڭگە قاتناشقان كىشىلەرگىلا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ... قۇربانلىق بېرىش — قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، شۇنداقلا غەلىبىنىڭ ئانىسى... بىر مەيدان مەخپىي ئۇرۇش دېمەك — كۆلىمى كىچىك بىر دۆلەت دېمەكتۇر.»

ئەمما، ئېنىق جىنايى پاكىتلار يەنىلا 62 بەتلىك بىر پارچە قول يازمىدا بولۇپ، مەزمۇنى كومۇنىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئۇ ماندېلانىڭ پوچېركىسى ئىدى. ماتېرىيال جەمئىي تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ستالىننىڭ «لېنىنىزم ئاساسلىرى» ھەققىدىكى خاتىرىلىرى بار ئىدى. ئەڭ خەتەرلىكى بىرىنچى بۆلەك بولۇپ، كۆپ قىسىم مەزمۇنلار جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ليۇ شاۋچىنىڭ «قانداق قىلغاندا ئىلغار كوممۇنىستلاردىن بولغىلى بولىدۇ» دېگەن كىتابى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما، ماندېلا بۇنىڭغا: «كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا بەختىيار زېمىنغا ئايلىنىدۇ... ئىشسىزلىق، ئاچارچىلىق، ئاغرىق - سىزلاق مەۋجۇت بولمايدۇ» دەپ باھا يېزىپ قويغانىدى. ئاقىلغۇچى ئادۋوكاتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كىشىنى ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قويىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. لېكىن، ماندېلا چۈشەندۈرۈپ، بۇ پەقەت ئۆزىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىغا قارىتا يېزىلغان بايانى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. رۇست بوئىنىستان كېيىن گۇۋاھلىق بېرىپ، بۇ كىتابنى ماندېلاغا ئۆزىنىڭ بېرىپ تۇرغانلىقىنى، ھەم شۇ قاتاردا نۇرغۇنلىغان كىتابنى ئارىيەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما، ماندېلانىڭ كۆپلىگەن خاتىرىلىرى ئۇنىڭ ھارماي - تالماي تۇرلۇك يېزىقتىكى ماتېرىياللارنى كۆچۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

ئەيىبلىگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق گۇۋاھچىسىنى «X ئەپەندىم» دەپ ئاتىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ گۇۋاھچى دەل بىرۇنو مۇتولو ئىدى. ناھايىتى زېرەك كەلگەن بۇ كىشى بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىنىڭ قاتناشقۇچىسى بولۇپ، ماندېلا قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن دۆرباندا ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشقان، ئىلگىرى رۇۋونىيەگىمۇ بارغانىدى. شۇ تاپتا بۇ كىشى ئوخشاش جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى پاش قىلغۇچى گۇۋاھچىغا ئايلانغانىدى. «ئۇ گۇۋاھچىلار ئورنىدا تۇرغان چاغدا مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالغانىدىم» دەپ يازغانىدى ماندېلا. مۇتولونىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بەك ياخشى ئىدى. ئۇ تونجى بولۇپ ماندېلا بىلەن مىللەت نەيزىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرۈپ يېتەلىگەن كىشى ئىدى. ئۇ ماندېلانىڭ ئىلگىرى دۆرباندا ئېچىلغان يىغىندا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا: «ئافرىقا

رەھبەرلىرى ھەربىي جەھەتتىن تەربىيەلەش ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بەردى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەرىكەتلەر پات ئارىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى پاش قىلغانىدى. مۇتولو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى، دەپ قارايتتى.

مۇتولونىڭ گۇۋاھلىق سۆزى بەك ھالقىلىق رول ئوينىدى. ماندېلا تۈرمىدە: «خاتىرىلىرىم سوتقا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا چوقۇم جىنايەت ئارتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتولونىڭ گۇۋاھلىق سۆزىمۇ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىغانىدى» دەپ يازغانىدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ مىللەت نەيزىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ھەمدە دۇرباندىكى يىغىندا ئېيتقان سۆزىنى ئىنكار قىلمىدى. ئاقلىغۇچى ئادۋوكات ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر ھەممىنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، جېنىڭىز بىلەن بەدەل تۆلەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن» دېگەنىدى. ئەمما، ماندېلا: «رەھبەر بولغانىكەنمەن، مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك» دېگەنىدى. ئۇ پەقەت ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ تولۇق ئاشكارىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ بوشاشماي كۈرەش قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئاقلىغۇچى ئادۋوكات ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ۋېرنون بېرانگې مۇتولونىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدىن بىرنەچچە يوچۇقنى بايقاپ قالغانىدى. مەسىلەن، ئۇ ماندېلانىڭ دۇرباندىكى يىغىندا: «مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتىنىڭ ئىشى سەۋەبلىك چەت ئەلگە چىققان كوممۇنىستلارنى پارتىيە ئىچىدىكى ئىشلارغا قايتىدىن مەسئۇل قىلماسلىق كېرەك، شۇنداقلا كوممۇنىزم ئىدىيەسىنىمۇ تەشۋىق قىلماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلىش مىللەت نەيزىسىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ، مۇتولوغا سوئال قويدى. لېكىن، سوتچى خۇددى مۇتولو تەرەپكە يېتىۋالغاندەك ئىدى. لېكىن، يوئېل جوفمۇ: «بىز

تەرەپتىن ئاساسلىق جاۋابكار نېلسون ماندېلا زور كۆپ ساندىكى شىكايەت، جىنايەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى» دېگەندى.

يوئېل جوف ماندېلا بىلەن سىنسۇلۇنىڭ ناھايىتى زور خېيىم ـ خەتەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇلارنىڭ دارغا ئېسىلىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش ئېھتىماللىقى 50 پىرسەنت ئىدى، ئەمما ئۇ ماندېلانىڭ قىلچە قورقمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى: «بۇ خىل جاسارەت جەڭگاھتىكى باتۇرلۇققا ئوخشىمايتتى. جەڭگاھتا سىزنىڭ ئويلىنىپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.» يوئېل جوف مۇنۇلارنى ئېتىراپ قىلغانىدى: «رەھبەر بولۇش نېلسون ماندېلانىڭ پېشانىسىگە تۇغۇلۇشىدىنلا پۈتۈلۈپ كەتكەنىدى. مېنىڭچە، ئۇ بىر رەھبەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغانىدى: ئۇ تولىمۇ جەلپكار، ساغلام، قامەتلىك ئىدى؛ رەھبەرلىك ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى؛ ئىشلارنى ئېغىر ـ بېسىق بىر تەرەپ قىلاتتى، دىپلوماتىيە ئىقتىدارى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. ھېلىقى دېلونى سوتلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئاجايىپ خىسلىتى ۋە جەلپكارلىقى يالغۇز جاۋابكارلارغىلا ئەمەس، بەلكى تۈرمىدىكى خادىملارغىمۇ تەسىر قىلغانىدى.»

ئاساسلىق جاۋابكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشقا سۇيىقەست قىلىش ھەرىكىتى ۋە مىللەت نەيزىسىنىڭ پىلانلاش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن قىلغان ئەڭ چوڭ شىكايىتى شۇ ئىدىكى، ئۇلار ماي بۇيېر پىلانىنى تەستىقلاپ، چەت ئەلدىكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوزغاشقا چاقىرىق قىلغانىدى. بۇ شىكايەتنى تەپتىش ئەمەلدارى بوش يۇتتار ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بۇنى «مەزكۇر دېلونىڭ ئۇل تېشى» دەپ ئاتىغانىدى. ماندېلا بىلەن سىسۇلۇ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتقا باشقا يوللار بىلەن

مېڭىشقا ئىمكانىيەت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن ساقچىلار رېۋونىيەگە كەلگەندە بۇ پىلاننىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرىپىدىن تېخى تەستىقلانمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئەمما، گوۋان مېبىكى جاۋابكارلارنىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ چوڭ ھەمدە دىنىي ئەقىدىسى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ: «ماي بۇيېر پىلانى مىللەت نەيزىسى تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇل تېشى، ئۇ ئاللىقاچان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە مىللەت نەيزىسىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. بۇ باياناتى ئۇنى باشقا ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ دار ئالدىغا ئاپىرىشقا يېتىپ ئاشاتتى. «ئەگەر ئۇلارنىڭ قوراللىق ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولسا، ئۇنداقتا سوتچى ‹بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى قانۇن لايىھەسى› بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ئۆلۈم جازاسىدىن ساقلاپ قالالمايتتى» دېگەندى يوئىل جوف.

ئەمما، ماندېلانىڭ ئەس ـ يادى ئۆزىنىڭ سىياسىي دەلىل ـ ئىسپاتلىرىدا ئىدى. ئۇ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىنى سوتلىغان چاغدىكى ئەھۋالغا تەقلىد قىلىپ، سوتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى سۆز قىلىش باسقۇچىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى بايان قىلىش قارارىغا كەلدى. لېكىن، ئۇ بۇ نۇتقىنى پەقەت جاۋابكارلىق ئورنىدا تۇرۇپلا سۆزلىيەلەيتتى. نۇتۇق سۆزلىگەندە سوراق قىلىنىش ھالقىسى يوق ئىدى. شۇڭا، سوتچىنىڭ بېسىمىمۇ ئانچە چوڭ بولمايتتى. خىزمەتداشلار، ئادۋوكاتلار ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە ماندېلا تۈرمىدە نەچچە كېچە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق قىلدى. قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر نۇتۇق روياپقا چىقتى. نۇتۇقتا ماندېلانىڭ سىياسىي تەرەققىيات مۇساپىسى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغانىدى. ئەمما، ئادۋوكاتلار نۇتۇقنىڭ بەك ئۇچۇق ـ

ئاشكارا يېزىلىپ كەتكىنىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلدى. سوتچى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالسا ماندېلانى دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىۋېتىشتىن يانمايتتى، بولۇپمۇ نۇتۇقنىڭ خاتىمە قىسمىنىڭ قۇتراتقۇلۇق تۈسى ناھايىتى قويۇق ئىدى: «مەن مۇشۇ غايەم ئۈچۈن ھاياتىمنى تەسەددۇق قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن.» ماندېلا بۇ جۈملىنى چىقىرىۋېتىشكە قوشۇلمىدى، لېكىن ئەڭ ئاخىردا «ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا» دېگەن خەتنى قوشۇپ قويدى.

ئاقلىغۇچى تەرەپ ماندېلانىڭ جاۋابكارلىق سەھنىسىدە نۇتۇق سۆزلىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بەردى. نۇتۇقنى بۆلۈۋېتىشكە بولمايتتى. بۇنىڭدىن يۇتتار تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى، ئۇ ماندېلانى سوراقتا تارتىشقا نەچچە كۈن تەييارلىق قىلغانىدى. ماندېلا توپتوغرا تۆت سائەت ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە سىياسىي غايىسىنى شەرھلىدى. ئۆزىنىڭ قەبىلە ئارقا كۆرۈنۈشىنى، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مىللەتچىلىك ئېتىقادىنى ھەمدە ئىدىيەسىنىڭ كېيىن كۆپ خىل ئىرقچىلىققا بۇرالغانلىقىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزىنىڭ مىللەت نەيزىسىنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، غەيرىي زوراۋانلىق ۋاستىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ دەل كەلگۈسىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈمىدى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئۇ ئۆزى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھەمكارلىقىنى چېرچىل بىلەن ستالىنىنىڭ ھەمكارلىقىغا ئوخشاتتى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭغا قارىتا تېخىمۇ خاسلىققا ئىگە چۈشەنچىلەرنى بەردى. ئۇ: «كوممۇنىستىك پارتىيە بولسا ئافرىقىلىقلارغا باراۋەر ياشاۋاتقان باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى خالايدىغان بىردىنبىر سىياسىي تەشكىلات» دېدى. ئافرىقىلىقلاردا

ئىززەت ـ ئابروي ۋە هوقۇقىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ خانىۋەيران بولغانلىقىنى، بۇنىڭ شەك ـ شۈبهىسىزكى ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى هەممە زوراۋانلىق هەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار باراۋەرلىك هوقۇقىدىن بەهرىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ۋە ئىجتىمائىي مەرتىۋىگە موهتاج.» ئۇ يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەۋجۇتلۇق هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

خاتىمە قىسمىدا ئۇ ئۆز كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ: «مەن بۇ ئۆمرۈمدە هاياتىمنى ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرىشىگە ئاتىدىم. مەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى، دېموكراتىك، ئەركىن غايىۋى جەمئىيەتكە تەشنا. ئۇنداق جەمئىيەتتە هەممە كىشىلەر باراۋەر ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ غايەم. مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايمەن» دېدى. ئاخىردا ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. ئۇ خۇلاسىلەپ: «ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مەن ئۆزۈمنىڭ غايىسى ئۈچۈن هەر ۋاقىت جېنىمنى قۇربان قىلىشقا تەييار» دېدى. سوتخانىدا يېرىم مىنۇتقا يېقىن سۈكۈت هۆكۈم سۈردى. ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ۋاقىت تولىمۇ ئۇزاق بىلىندى. يوئېل جوفقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ 30 سېكۇنتلۇق سۈكۈت گويا كومېدىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئالقىش ياڭراش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتقا ئوخشايتتى. ئەمما، سوتخانىدا ئالقىش ياڭرىمىدى.

بۇ نۇتۇق ماندېلانىڭ سىياسىي هاياتىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆزلىگەن نۇتۇق ئىدى. ماندېلا بۇ نۇتۇق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەهبەرلىك ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئۇ يالغۇز ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەهبىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە كۆپ خىل ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىگە قارشى

تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەلىماتلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، يەنىمۇ خاسلاشقان مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى خىتابنامىگە ئايلاندى. بەزى غەرب دىپلوماتلىرى كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى، ماندېلانىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالمىغانلىقىغا ئىشەندى. جون ۋېلسون دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا: «ئۇنىڭ كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى تەس» دېدى. ئاخبارات ئانالىز مىنىستىرلىقى (ھەربىي ئىشلار ئالتىنچى باشقارمىسىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات ئاپپاراتى)دىن جون يول ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يوقاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە زىيادە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلى ئىدى. ئۇ يەنە: «مەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى، ماندېلا پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئەڭ قارشى ئېلىنىشقا سازاۋەر ئادەمگە ئايلىنىدۇ» دېدى.

چەت ئەلنىڭ قوللىشى جاۋابكارلارغا زور ئىلھام بولدى. قوللىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئافرىقا دۆلەتلىرىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئەنگلىيەمۇ بار ئىدى. بۇ ماندېلانى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. سوراق داۋاملىشىپ يىرىمىغا كەلگەندە، ماندېلا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يوئىل جوف: «ئۇ تونۇمايدىغان بىر توپ كىشىلەر ئۇنى ئۇ ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ باقمىغان بىر ئاپپاراتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى» دېدى. بېسىم تۈپەيلى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇ سوتقا قول تىقىپ، سوتنىڭ ماندېلانى دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشىنى چەكلىدى. داۋىد ئاستت

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كاتىپى باتلېرغا يازغان خېتىدە: «ماندېلا ئەڭ زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئافرىقا رەھبەرلىرىنىڭ بىرسى» دېدى. باتلېر ماندېلاغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈردى، لېكىن ئۇ ئەنگلىيەنىڭ قول تىقىشىنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرىدى. ئوقياچىلار ئېقىمىنىڭ رەئىسى لېئون بىرتتانى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر ماندېلاغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنسا، جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈمىدىنى تاپالمايدۇ» دېدى. 1964 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ئالېكساندىر دوگلاس خوم شەخسىي نامىدا ۋېرۋوردقا خەت يېزىپ، سوتقا ئالاقىدار ئىشلار ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، خۇگ ستىۋېنسون: «ئەمدى ھەرقانداق بېسىم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» دېدى. نۇرغۇن خەۋەرلەردە ئېيتىلغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، ئەڭ ئاخىردا خومنىڭ ۋېرۋوردقا خەت يازغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئىسپات تېپىلمىدى. كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا ئەلچىخانىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تېلېگراما يوللاپ ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىنىڭ ئاللىقاچان تۆۋەنلىگەنلىكىنى، گەرچە ماندېلاغا دارغا ئېسىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنسا چوڭ چاتاق چىقىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن بولسىمۇ، ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىغا تېخىمۇ قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللانسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيەنىڭ پرېتورىيەدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى لوندونغا تېلېگراما يوللاپ، سىياسىي ئامانلىق باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى، مايور ھېندىرىك ۋان دېن بېرگنىڭ جاۋابكارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى، يۇتتارنىڭمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، تاكى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر — ئەڭ ئاخىرقى سوت ھۆكمى چىقىرىلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن، ئاخبارات تارماقلىرى بىلەن ئالاقىسى بار دەپ گۇمان قىلىنىۋاتقان ئەنگلىيەنىڭ باش كونسۇلى لېسلى مىنفورد

جورجى بىزۇسقا: «جورجى، ئۇلار ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ» دەپ ئېنىق ئېيتتى.

ماندېلانىڭ نۇتقىدىن كېيىن، سىسۇلۇ يۇتتارنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىغا يەرداشلىق بەردى. سوئال ـ سوراق باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئادۋوكاتى قاتتىق ئەنسىرىدى. چۈنكى، ئۇلار سىسۇلۇغا ياردەم قىلالمىغانىدى. لېكىن، كېيىنچە ئۇلار سىسۇلۇنىڭ مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيەسى ئالمىغان بولسىمۇ، باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. سىسۇلۇ بىلەن يۇتتار توپتوغرا بەش كۈن تىركەشتى. ئارىلىقتا يەنە سوتچى سورىغان سوئاللارغىمۇ جاۋاب بېرىپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ ناھايىتى ھوشيار ۋە سوغۇققان بولدى ھەمدە بىللە پىلانلانغان ھەرقانداق سۇيىقەستلەرنى ئاستىرتىن ئاشكارىلاشنى رەت قىلدى. يوئىل جوف: «ھېچقانداق سوتچى بۇنداق بىر ئادەمنى يېنىكلىك بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلمايدۇ» دەپ قارىدى.

سىسۇلۇنىڭ كەينىدىن كاترادا بىلەن رېيموندمۇ گۇۋاھچىلىق سەھنىسىگە چىقتى. بۇ ئىككى مەھبۇسقا قارىتىلغان چەكلەش خېلىلا بوشاشتۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇستى بوئىنىستان چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ئەڭ ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى گوۋان مىبېكى بولۇپ، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ دېلودىكى يادرولۇق شەخس ئىدى. لېكىن، ئۇ سوتخانىدا ماي بۇيېر پىلانىنى ئاقلاپ ئولتۇرمىدى ھەم دەلىللەنمىگەن ھەرقانداق ئۇچۇرنى ئاشكارىلىمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىكىلىرى داننىس گولدبېرگ، ئىلىياس موزوئالېدى ۋە ئاندىرۇ ماگېللانلار بولۇپ، ئۇلارمۇ رىۋونىيە دېلوسىغا چېتىشلىق جىنايەتچىلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بوش يۇتتار ئەڭ ئاخىرقى باياناتىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ باياناتىدا كۈچلۈك شىكايەتمۇ بار ئىدى. گەرچە سوتچىلارنىڭ قىسمەن ئاجىزلاشتۇرۇشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن پوروخ ھىدى

ھېلىھەم ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چېيىز كارلسون بىلەن فىشىرس ئەڭ ئاخىرقى ئاقلاش سۆزىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سوتچى دې ۋېت سوتنىڭ ئۈچ ھەپتە توختىتىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەمدە 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ جاۋابكارلارنىڭ ماي بۇيېر پىلانىدىكى ھەرىكەتكە قاتناشمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. «بۇ پىلاننىڭ تەييارلىق باسقۇچىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك دەلىل - ئىسپات يوق. مەن بۇ كۆزقاراشتا چىڭ تۇرىمەن.» لېكىن، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى تەشكىلات» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى ھەمدە ماندېلا ئېيتقان باشقا ئافرىقا رەھبەرلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىسپات قىلاتتى. ئۇ بوئىنىستاندىن باشقا بارلىق جاۋابكارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى بار ئىكەنلىكىنى بايقىدى. كاترادا بىلەن مۇخرابامۇ جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلىندى. بۇ ماندېلانىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. لېكىن، ئۆزىگە ئارتىلغان جىنايەتتىن بەك چۆچۈپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر جەزم قىلالمايدىغىنى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئىدى، نەتىجە ئەتىسى چىقاتتى. ئۇ مەردلەرچە ئۆلۈشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

ماندېلا، مېبىكى ۋە سىسۇلۇ سوتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ھۆكۈم نەتىجىسى قانداق چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. چۈنكى، بۇ سىياسىي سوت بولغاچقا نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشمۇ ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى. ماندېلا «ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا مەيلى قانچىلىك قۇربانلىق بەرسىمۇ ئەرزىيدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ نارازىلىق ئەرزى سۇنۇلغان سوتچىنىڭ ھۆكمىنى

ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. جاۋابكارلارنىڭ نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشنى خالىماسلىقى ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلارنى ناھايىتى ئازابلىدى، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ جاسارىتىدىن قاتتىق ھەيران قالدى. «ئۇلارنىڭ قارارىغا رەددىيە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەيدۇ بۇرام فىشىرىس چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بىر ياش دوستىغا يازغان خېتىدە: «مەن ساڭا شۇنى بىلدۈرمەكچىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئىز باسارىغا ئايلىنىش ئۈچۈن سىلەردە زور غەيرەت ـ جاسارەت بولمىسا بولمايدۇ.» لېكىن، سوتچى ھۆكۈم ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاقلىغۇچى ئادۋوكات جازانى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەتىسى لىبېرالىزمچى يازغۇچى ئەيلون پېتتون سوتتا بۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ گەرچە كوممۇنىزمدىن ھېيىقسىمۇ، لېكىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ ساداقىتى ۋە كەلگۈسى تىنچلىقىقا بولغان مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. «شەك ـ شۈبھىسىزكى، برام فىشىرىس مەندىن پايدىلىنىۋاتاتتى» دەپ يازىدۇ پېتتون شۇ ئىشتىن كېيىن: «لېكىن، مەن ئۇنىڭ مۇشۇ مەقسەتتە مەندىن پايدىلىنىشىغا قىلچە قارشى تۇرمايمەن.»

دې ۋېت ھۆكۈم نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندا ماندېلا روھلىنىش ئىلكىدە شۇنى بايقىدىكى، جىددىيلىشىۋاتقىنى جاۋابكارلار سەھنىسىدىكىلەر بولماستىن، بەلكى سوتچىنىڭ ئۆزى ئىدى. سوتچىمۇ جاۋابكارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى. ئاشۇ دەقىقىدە سوتتىكى جىمى ئادەم ئۇھ دېدى. بۇ ئۇنىڭ قىلغان ئەڭ چوڭ رەھىمدىللىكى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاۋابكارلارنىڭ ئىچىدىكى سەككىز كىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغان ماندېلا كۈلۈپ قويدى. سىسۇلۇ گويا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى راھەتكە چۆمدى.

سوتنى ياندىن ئاڭلاشقا كەلگەنلەر سوتخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشتى. سوتخانا ئىچىدە بۇنداق قىلىش ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ماندېلا ئايالى ۋىننىنى ۋە ئانىسىغا قول ئىشارىتى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ساقچىلار تەرىپىدىن كامېرغا يالاپ ئېلىپ كېتىلدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇلار ساقچى ماشىنىسىدا ئېلىپ كېتىلدى — ئۇلار كىشىلەر توپىدىن ئايرىۋېتىلگەچكە كىشىلەر ماندېلانىڭ تۆمۈر دېرىزىدىن ئۆزلىرىگە قول پۇلاڭلىتىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلىدى.

ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھۆكۈم نەتىجىسىگە مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيەسى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر بىلەن غەربلىك ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى پەرقنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى. لوندوندىكى ئۈچ قانات ئاخبارات ۋاستىلىرى لىبېرالىست ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ئوخشاش پرېتورىيە ھۆكۈمىتىگە تەنقىدلەش پوزىتسىيەسى تۇتتى. بۇ ھەقتە «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» «سوت ئالدىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا» دېگەن تېمىدا، «قوغدىغۇچىلار گېزىتى» «جاۋابكار سەھنىسىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا» دېگەن تېمىدا، دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى «قانۇننىڭ قورغىنى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى. لېكىن، يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يەكشەنبە ۋاقىت گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى قارا تەنلىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھۆكۈم نەتىجىسىنىڭ ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنىڭ زوراۋانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى ئېيتتى. «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ باش بېتىگە «رىۋونىيە: پەردە ئىچىدىكى ئاخبارات» دېگەن تېمىدا خەۋەر بېسىلدى. خەۋەردە بۇ دېلو «سۇيىقەست، ئاسىيلىق، مالىمانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە مەخپىي رازۋېدكا قىلىشقا تولغان ھېكايە» دەپ تەرىپلەندى. «يۇلتۇزلۇق ئاسمان» گېزىتى جاۋابكارلارنىڭ دارغا ئېسىلىش جازاسىدىن كەچۈرۈم

قىلىنغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا جاۋابكارلارنىڭ ئۇسۇلىدا ھەقىقەتەن مەسىلە بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ پىلانىدا جاسارەت بار، لېكىن پاراسەت كەمچىل. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى بىخلىنىش ھالىتىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلمىگەن بولسا، ئۆزلىرى ۋە باشقىلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلەتتى. بۇ پىلاننىڭ قۇيرۇقىنى ئەنە شۇنداق قۇم باستى. بەلكىم ئۇلار بۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلىدە رەھمەت ئېيتقاندۇ، بىزمۇ بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز.»

ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ئافرىقىغا بېسىم قىلىش ئارقىلىق جازا ھۆكۈمىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلاشقانىدى. لېكىن، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئەڭ ئاخىر سېر خۇگ ستىۋېنسوننىڭ «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئارىلىشىش ‹ئەڭ ناچار ئەكس تەسىر› كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن» دېگەن پىكرىگە قوشۇلدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كاتىپى راب باتلىش ستىۋېنسوننىڭ جەنۇبىي ئافرىقا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى دوكتور مۇللېر بىلەن كۆرۈشۈپ، جىنايى جازانى يەڭگىللىتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئىككىيلەننىڭ بۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇرغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە تېپىلمىدى.

ئەمەلىيەتتە ماندېلا نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشنى رەت قىلىپ، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلدى. خەلقئارانىڭ بۇ ئىشقا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارى ناھايىتى تېزلا سۇسلاشتى. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى پرېتورىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش ـ ساقلىيالماسلىقىقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا، 7 ـ ئايغا كەلگەندە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە مايىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بايقىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاستىرتىن ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە كېرەكلىك بىر رولنى ئويىنىشىنى ئارزۇ قىلىشقا باشلىدى.

«سوتچى ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلمىدى، بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇق» دېدى سىتۋېنسون 9 - ئايدا باتلېرغا: «چۈنكى، بۇ بىر مەزگىللىك تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ماندېلانىڭ ئۆز تالانتىغا تايىنىپ قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا سۆزلىشىش ھاسىل قىلىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق سۆزلىشىش ئەڭ ئاخىر جەنۇبىي ئافرىقىدا چوقۇم يۈز بېرەتتى.» لېكىن، سىتۋېنسونمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ: «يېڭى قارا تەنلىك رەھبەر چوقۇم چىقىدۇ، لېكىن ئۇلار ماندېلاغا ئوخشاش زوراۋانلىققا قارشى تۇرماسلىقى ھەمدە باشقا بىر قاتار مەدەنىيەتلەرگە تەۋە قىممەت قاراشلارنى قوللىماسلىقى مۇمكىن» دېدى.

نۇرغۇن دىپلوماتلار ماندېلانى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئەرزىيدىغان دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى، دەپ قارايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ماندېلانى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇلارغا ئەمدى ماندېلا بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى تامامەن قالمىغانىدى. بۇ پاكىت تولىمۇ مەسخىرە تۇسىنى ئالغانىدى. پرېتورىيە ماندېلانىڭ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئاۋامنىڭ دىققەت - نەزىرى ۋە ئېڭىدا بارا - بارا خىرەلىشىپ كېتىدىغانلىقىغا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ناھايىتى تېز لا رېئاللىققا ئايلاندى.

ماندېلا تۈرمىگە كىردى، كىرگەندىمۇ يۈكسەك شان - شەرەپ بىلەن كىردى. بىز شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتۇقكى، ئۇنى بۈيۈك ھەربىي قوماندان دېگىلى بولمايتتى، ئىنقىلابىي تالانت ئىگىسى دېيىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. رىۋونىيە ۋەقەسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چەكلەنگەندىن كېيىن ئىزچىل ھەرىكەت قىلالماس ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئىشلارنى بىر

تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ تازا قېلىپقا چۈشمىگەنلىكىنى، مىللەت نەيزىسىنىڭ مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن ئارمىيەگە ئايلىنىشىدا يولنىڭ داغدام ئوچۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىلدا ماندېلانىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارى تەشكىللەش جەريانىدا قانداقسىغا بالداقمۇبالداق ئۆسكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى خەتەرلىك جايغا بۆسۈپ كىرىشتىكى ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىنىڭ ئوبرازىدا گەۋدىلەنگەندى: ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پىدائىيلىرىنىڭ رەھبىرى ئىدى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى دەپ شىكايەت قىلىنغان ھەربىي ناتىق ئىدى، قاراڭغۇ جايلارغا يوشۇرۇنۇۋالىدىغان قارا دېگىز يۇسۇنى ئىدى، «پۇتكول ئافرىقىنى زىمىسىگە ئېلىۋالغان» قەبىلە ۋەتەنپەرۋەرى ئىدى، شۇنداقلا يەنە ئۇچىسىغا كاچى رەختىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيىپ، قولىدا تاپانچىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ قوماندانى ئىدى. بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى نەزەرىيەۋىلەشتۈرۈشتىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۇ سىمۋوللار بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئاۋامنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، بۇنى خۇددى چېرچىل بىلەن گەندىگە ئوخشىتىشقا بولاتتى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كەيپىياتىنى ئەكس ئەتكۈزەتتى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئاشۇ دەۋردىكى ئۇلۇغ سىياسىيونغا ئايلانغانىدى.

ئىككى قېتىم سوتقا چىققاندىن كېيىن، ماندېلا تېخىمۇ كۆچىيىپ سوغۇققان بولۇپ كەتتى. بۇنى ئۇنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەغرۇر، ئۆستۈنلۈك تالىشىدىغان مىجەزى خېلى ئوبدانلا سۇسلاپ قالغانىدى؛ ئىلگىرىكى ھەر خىل سالاھىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشلىرى مانا ئەمدىلىكتە بىر خىل ئاددىي، چۈشىنىشلىك مەسئۇلىيەتكە جۈغلانغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەرگەن قۇربانلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايتتى. ئۇ رەھبەرلىك يولىدا

خىرىسقا دۈچ كەلگەنىدى. جورجى بىرزۇسنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭدا قورقۇنچتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. تېخىمۇ زور قىيىنچىلىقلار تېخى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق جەڭگاھى ھالا بۇگۈن كىچىكلەپ، تارغىنا بىر سەھنىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ سەھنىدە ئۇنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن تاۋلىناتتى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# 1965 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە

# 15. ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش

(1964 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە)

ئالدىنقى ئىككى يىللىق تۈرمە ھاياتىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسى ماندېلانىڭ سەۋر ـ تاقىتىگە نىسبەتەن بىر ئېغىر سىناق ئىدى. 46 ياشلىق قىران مەزگىلىدە ئۇنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى. قەددىنى تىكلەشكە ئۈلگۈرمەيلا شوتا ۋە چۆلدەرەپ تۇرغان ھويلىسىدىن ئۆزگە كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمىسى يوق مۇدھىش تۈرمىگە مەھكۇم بولدى.

ماندېلانى تەسەللىگە ئىگە قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ تۈرمىدە ئۆزى يالغۇز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرمىگە كىرگەنلەردىن يەنە نۇرغۇن سىرداش دوستلىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرەتتى، بىر ـ بىرىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشىگە تۈرتكە بولاتتى. ئۇلاردىكى ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق ۋە ئۆزلۈك ئېڭى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ ياشقا كەلگەندە نۇرغۇن سىياسىيونلار نام ـ ئابرۇي، ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، دەسلەپتە كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمان، غايىلىرىنى تەلتۆكۈس ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ماندېلا ئۆزىگە خاس پىرىنسىپ ۋە غايىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى باشلىغانىدى. كاتەكتەك تار كامېردا سىياسىي مۇنبەر، مىكروفون، گېزىت ۋە ئادەملەر توپىنىڭ بىرسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بىللە تۇرىدىغانلاردىن

سەپداشلىرىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ كەينىگە بىر قەدەم داجىپ، خەقنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنى كۆزىتەلەيتتى. گەرچە تۇرمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەھبۇس، تۇرمە گۇندىپايلىرى بولسىمۇ، ئۇ مىجەز - خۇيىنى، كۈچلۈك ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى كونترول قىلىشنى، بىر ئىشلارنى ئالدىن پەملەشنى، كىشىگە تەسەللى بېرىشنى، ئۆز تەسىرى ۋە نوپۇزىنى كېڭەيتىشنى ئۆگىنىۋالدى.

بۇ يېپىق دۇنيادا قارا تەنلىك مەھبۇسلار بىلەن ئاق تەنلىك گۇندىپايلارنىڭ ئارىسىدىكى كۈچ پەرقى ئىزچىل باراۋەرلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، مەھبۇسلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى بىلەن ئۇيۇشۇشچانلىقى بارا - بارا گۇندىپايلاردىن ھالقىپ، ماندېلا رەھبەرلىكىدىكى مەھبۇسلاردىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك كوللېكتىپ ھاسىل بولدى. 20 - ئەسىردە ئوخشاش تۇردىكى سىياسىي جىنايەتچىلەردىن يەنە نۇرغۇنلىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا ھىندىستانلىق گەندى ياكى شىمالىي ئىرېلاندىيە ئالىي نازارەت رايونىدىكى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولاتتى. لېكىن، 20 يىللىق خەت - ئالاقە، تۇرمە خاتىرىلىرى ھەمدە مەھبۇسلارنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، كېيىنكىلەر روبېن ئارىلىنىڭ ئالاھىدە تەرىپىنى كۆرۈپ يېتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ يەردىكى مەھبۇسلار تۇرمە گۇندىپايلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل كونترول قىلىۋالغانىدى.

يەتتە جىنايەتچى پرېتورىيەدە بىرنەچچە كۈن تۇردى. ئۇلار ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرەكلىرى پوك - پوك ئىدى. 1964 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە، ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇلار دەرھال روبېن ئارىلىغا يالاپ ئاپىرىلماقچىدى. ماندېلادىن باشقا ئالتە كىشىنىڭ ھەممىسىگە قولىغا ئوخشاش قولىغا ئىشكەل، پۇتىغا كىشەن سېلىندى. ئۇلار ساقچى ماشىنىسىغا سولىنىپ،

ئۇدۇل ھەربىي ئايروپورتقا ئاپىرىلدى. ئايروپىلان سۇبھى پەيتىدە جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال ئۇشقىرتىپ تۇرغان روببېن ئايروپورتىغا كېلىپ قوندى. ئەتراپنى تولۇق قوراللانغان قاراۋۇللار قورشىۋالغانىدى.

ماندېلا تۈرمىگە تاشلىنىشتىن ئىككى يىل بۇرۇنلا روببېن ئارىلى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇدھىش جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇزاق مەزگىللىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر بارغانسېرى كۆپ قامىلىشقا باشلىدى. ئارالدا يەنە قاتتىق ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە ئەمەل قىلىناتتى، تۈرمە قاراۋۇللىرىنىڭ ھەممىسى ساپلا ئاق تەنلىك ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىرقىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشنى ھەرقاچان ئۇنتۇمايتتى. گۇندىپايلار مەھبۇسلارغا ھۇجۇم قىلاتتى، بۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكىتى «تەرتىپكە سېلىش» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار تېخى يېقىندىلا جىنايەتچىلەرنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رادىكال ئەزاسى ئاندىرو ماساندونى ئېغىر يارىلاندۇرغانىدى.

ماندېلاغا باشقىلارغا قارىغاندا ياخشى مۇئامىلە قىلىناتتى. تۈرمىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى ئۇ بەزى مۇھىم دوستلىرىنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ خان ئۇردىسىدىن كېلىپ چىققانلىق ئارقا كۆرۈنۈشىگە باغلاپ چۈشىنەتتى. ئايروپىلاندا ئۇنىڭ قولىغا ئىشكەل سېلىنمىدى. روببېن ئارىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ يەنە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىدە ئىشتىن سىرت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالايتتى. لوندوندىكى داۋىد ئاستىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى ئۇنىڭغا قانۇنغا ئائىت كىتابلارنى ئەۋەتىپ بەردى. ناھايىتى تېزلا ماندېلا ياتقان كامېرغا ئورۇندۇق ـ ئۈستەللەر ئەكىرىپ بېرىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ سەل نازۇك تېمىلاردا يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشى

چەكلىنەتتى. دەل مۇشۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغاچقا خىزمەتداشلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاشنىڭ تېخىمۇ بەكرەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بۇ يەتتە كىشى تۇرمىنىڭ كونا بىناسىغا بىرنەچچە كۈن سولانغاندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باشقا كامېرغا يۆتكەلدى. ئۇ ــ دەل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەنئەنىۋى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى. ئۇلار تېخى يېڭىلا پۈتكەن بىر يېڭى بىناغا يۆتكەلدى. ئۇ پاكار، ھالقىسىمان تۆت چاسا بىنا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر تاشلىق ھويلا بار ئىدى، ھويلىنىڭ ئۈچ تەرىپى كاتەكتەك تار كامېرلار بىلەن قورشالغانىدى، يەنە بىر تەرىپى ئېگىز تام بىلەن توسۇۋېتىلگەنىدى. مىلتىق ئېسىۋالغان تۇرمە گۈندىپايلىرى تامغا يۆلەپ سېلىنغان كارىدوردا ئۇياق ـ بۇياققا توختىماي مېڭىپ يۈرەتتى. بۇ يەتتە كىشى بىر قاتاردىكى كامېرلارغا سولاندى، ئۇ ئايرىۋېتىش رايونى ياكى B رايون دەپ ئاتىلاتتى. ماندېلا ياتقان كامېرنىڭ كۆلىمى 56 كىۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بولۇپ، تامدىكى تۆمۈر دېرىزە ئارقىلىق ھويلىنى كۆرگىلى بولاتتى. كامېردا بىر پارچە بورا ۋە يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكى پالاس بار ئىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى 18 يىللىق ماكانىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

دەسلەپتە جىنايەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىرى تۇرمىدە بەك ياتساق ئون يىل ياتارمىز، دەپ ئويلىغانىدى. پرېتورىيەدىن روببېن ئارىلىغا بارىدىغان يولدا ياش، دوستانە تەكشۈرگۈچى لېيتنانت ۋان ۋىك ئۇلارغا: «بەش يىلغا قالمايلا ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ئۇلارنىڭ تۇرمىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ» دەپ كاپالەت بەرگەنىدى. لېكىن، پاكىت ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى: ئۇلار روببېن ئارىلىدا ناھايىتى ئۇزاق يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بىر قارا كۆلەڭگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ماندېلانىڭ «ۋەھشىيلىك» دېگەن

سۆزگە بولغان چۈشەنچىسى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. «ئەگەر سىز جەنۇبىي ئافرىقا تۈرمىلىرىدىكى ئاق تەنلىك گۇندىپايلار بىلەن قارا تەنلىك مەھبۇسلارنى كۆرمىسىڭىز، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە شەپقەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭىز» دېگەنىدى ماندېلا ئەسلىمىسىدە. ئۇ تۈرمىدە رادىيو ئاڭلىيالمايتتى، گېزىت ئوقۇيالمايتتى. دەسلەپتە ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىملا خەت تاپشۇرۇۋالالايتتى ۋە خەت ئەۋەتەلەيتتى، لېكىن مەيلى قوبۇل قىلغان ياكى ئەۋەتكەن خەت بولسۇن، ھەجمى 500 خەتتىن ئېشىپ كەتسە بولمايتتى. ئۇلار پەقەت بىۋاستە تۇغقانلىرى بىلەنلا ئالاقىلىشەلەيتتى. ماندېلانىڭ تۇنجى خېتى — ئايالى ۋىنىنىدىن كەلگەن خەتنى ئەدلىيە مۇپەتتىشلىرى بەرمەي بېسىۋالدى. خەت تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرمە باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ئەنگە ئالدۇرۇشى ئۈچۈن يوللاپ بېرىلدى. ئەگەر خەتتە سىياسىيغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئۇچۇرلا بولىدىكەن، بېسىپ قويۇلۇپ تەكشۈرۈلەتتى ھەمدە ئارخىپقا خاتىرىلىنەتتى.

سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆز نىشانى ۋە غايىسىگە بولغان ئىشەنچى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. بۇ، باشقا كامېرلاردىكى ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن: «غايىمىزدىن ۋاز كەچمەسلىك بىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم. مۇشۇ تۈپەيلى جازاغا تارتىلساقمۇ، قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار بولۇپ تۈرمىلەرگە تاشلانساقمۇ پەرۋا قىلمايمىز. دەل شۇ ۋەجىدىن، دەھشەتلىك مەھبۇسلۇق ھاياتىنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق» دېگەنىدى. كاترادا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا ماندېلانىڭ پرېزىدېنت بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن، بىز ھامان غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى بىلەتتۇق.» ماندېلا ئوڭۇشسىزلىقلارنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئازراقمۇ تەۋرىنىپ قالمىدى.

بۇ ھەقتە ئۇ 1975 ـ يىلى مۇنداق يازغانىدى: «مەن ھامىنى تۈرمىدىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يېنىپ چىقىمەن، قۇياش نۇرىنى قايتىدىن كۆرىمەن.»

روبېن ئارىلىدىكى تۈرمىگە سولىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار چوڭ قورۇقلۇقتىكىلەر بىلەن قىسقىغىنا بىر قېتىم ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئادۇوكاتى برام فىشىرىس بىلەن يوئىل جوف ئۇلارنى يوقلاش ئىجازىتىگە ئېرىشكەنىدى، ئۇلار مۇشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئۇلارنىڭ نارازىلىق ئەرزى سۇنىدىغان ـ سۇنمايدىغانلىقىنى سورىدى. ھەممەيلەن نارازىلىق ئەرزى سۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ماندېلا نارازىلىق ئەرزى سۇنغاننىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ فىشىرىسنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. لېكىن، فىشىرىسنىڭ ئايالى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، فىشىرىس بۇ ھەقتە گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئىككى ئادۇوكات كەتكەندىن كېيىن، بىر كىشى ماندېلاغا مورى فىشىرىسنىڭ قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ماندېلا تۈرمىنىڭ ئىجازىتى بىلەن فىشىرىسقا خەت يېزىپ، ئايالىنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ناھايىتى قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، تۈرمە بۇ خەتنى پوچتىغا سېلىۋەتمەي باسۇرۇپ قويدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، فىشىرىس (شەرتلىك بەلگىسى «پەتەك») مۇ ناھايىتى سىرلىق ھالدا غايىب بولدى.

مەھبۇسلارنىڭ تۈرمۇشى ناھايىتى جاپالىق ئىدى، بۇمۇ ئۇلارغا بولغان جازانىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر سائەت بەش يېرىمدا ئورنىدىن تۇرۇپ تۈرمىنى تازىلايتتى، يۈز ـ كۆزلىرىنى سوغۇق سۇدا يۇياتتى. ئەتىگەندە قوناق ئۇمىچى ئىچەتتى، ئۇماچ يوغان بىر ناغرىغا لىققىدە ئۇسۇلۇپ تۈرمە ھويلىسىغا قويۇپ قويۇلاتتى، ماندېلانىڭ نەزىرىدە ئادەم بالىسى بۇ ئۇماچنى ئىچىشكە چىدىيالمايتتى. تۈرمە ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر گۇندىپاي ئەۋەتەتتى، مەھبۇسلار بۇ

گۈندىپاينى كۆرگەن ھامان بۆكىنى ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. زىمىستان قىش پەسلىدە ئۇلار سوغۇق ھويلىدا رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇرۇپ، گۈندىپاينىڭ نازارىتىدە تا چۈشكىچە تاش چوقۇلايتتى. ناۋېل ئالېكساندىر بىر دوكلاتىدا مۇنداق يازىدۇ: «بۇنداق جازا ئەڭ بىپەرۋا، غەم يېمەس ئادەملەرنىمۇ ساراڭ قىلىپ قويغىلى تاسلا قالاتتى... ئۇدا نەچچە ئاي قىزىق ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئىشلەشكە چىدىغانلار يېنىدىكى ئادەم بىلەن گەپلىشىشكە يول قويۇلماسلىققا چىدىيالمايتتى. بۇ تۈرمىنى بەئەينى بىر دوزاخنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولاتتى.»

چۈشلۈك تاماققا يەنە قوناق بېرىلەتتى، قوناق ئۇمىچى پەقەت قوناق دېنىغىلا ئالمىشاتتى. چۈشتىن كېيىنكى ئەمگەك سائەت تۆتتىن ئاشقاندا ئاخىرلىشاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇلارغا مۇزدەك سوغۇق دېڭىز سۈيىدە يۇيۇنۇش ۋاقتى بېرىلەتتى. ئۇلار ئەنە شۇ چاغدىلا بىر - بىرى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىۋالالايتتى. كەچلىك تاماق كامېردا يېيىلەتتى، كەچلىك تاماق يەنىلا قوناقتا ئېتىلەتتى، بەزىدە سۇغا چىلانغان كۆكتات ۋە يۇمشاق قوۋۇرغىلىق گۆشمۇ بار ئىدى. كەچ سائەت سەككىز بولغاندا گۈندىپايلار ئۇلارنى «كىتاب ئوقۇدىمۇ، يوق؟ بىر نەرسە يازدىمۇ، يوق؟» دېگەننى چارلىغىلى كېلەتتى. ھەربىر كامېردىكى 40 ۋاتلىق پوزا تاڭ ئاتقۇچە يورۇتۇپ قويۇلاتتى. مەھبۇسلار يوتقان - كۆرپە سېلىنمىغان داق كارىۋاتتا تولىمۇ غېرىبانە ھالەتتە تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى.

1965 - يىلى 1 - ئايدا چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى كان خىزمىتى باشلاندى. بۇ خىزمەت ماندېلانىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىللىق كۈندىلىك تۈرمۇشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار ھەر كۈنى سىرتقى قەۋەتتىكى تاش جىنسى ئىچىدىكى ھاك قەۋىتى كۆرۈنگۈچە چوقۇلايتتى، ئاندىن كۆرۈنگەن ھاكلارنى مېتىن ۋە گۈرجەك بىلەن كولاپ چىقىراتتى. بۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەمگەك مەيدانى ئىدى. زىمىستان

قىشتا سوغۇقتىن دالدىلانغۇدەك جاي، تومۇز يازدا ئاپتاپتىن سايىدىغۇدەك دالدا يوق ئىدى. «مەن ئۆڭكۈرگە كىرمىگىنىمدىن ئۆزۈمنى بەختلىك سانايتتىم. ئۇ يەرنى ھەقىقىي بىر ئىبرىتنىش پىچىغا ئوخشىتىشقا بولاتتى» دەيدۇ تۈرمە نازارەتچىسى جامۇس گىرىگورى: «يازدا دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سالقىن شامالنى ئېگىز تام توسۇۋالاتتى. پىژغىرىم ئاپتاپنىڭ قىيىنغىنى يەتمىگەندەك، كان ئىچىدىكى ئاپپاق تاشلاردىن قايتقان كۈچلۈك نۇر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى تالچىقتۇرۇۋېتەتتى.» قۇياش كۆزئەينىكى تاقىماي تۇپتوغرا ئۈچ يىل ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ماندېلانىڭ كۆزى ئىزچىل ئەسلىگە كەلمىدى، كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتاب ئوقۇغاندا قىينىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ماندېلا مانا مۇشۇنداق جاھاندىن ئالاقىسى چورتلا ئۈزۈلگەن كاتەكتەك بىر ئېغىز كامېرغا مەھكۇم بولدى. ئايرىش رايونىدىكى 30 نەچچە مەھبۇس يۈيۈنغان، تاماق يېگەن ياكى كان كولىغان چاغلاردىلا بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. لېكىن، ئۇلارغا تۈرمىنىڭ باشقا رايونىدىكى جىنايەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى يوق ئىدى. ئەيدى دانىنىل ئىسىملىك بىر مەھبۇس مۇنداق دېگەنىدى: «بىز 30 ئادەمنى بىر دۇنيا دېيىشكە بولاتتى.»

بۇ دۇنيانىڭ مەركىزى رىۋونىيە سوتىدا سوتلانغان يەتتە نەپەر باش پېرسوناژدىن تەركىب تاپقانىدى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشقىنىغا ئالدىغا 20 يىل، كەينىگە ئون نەچچە يىل بولغانىدى. ماندېلادىن يەتتە ياش چوڭ سىسۇلۇ تېخىچە ئۇستاز ھەم سىرداش دوست رولىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ماندېلا تۈرمىدە ئۆزىنىڭ سىسۇلۇغا بولغان چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى خاتىرىلىدى. ئۇ سىسۇلۇنىڭ نىشانى ئېنىق، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يېڭى ئىدىيەلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان، كىشىلەرگە سەمىمىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان

خاراكتېرىگە قول قوياتتى. سىسۇلۇ ماندېلاغا كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئارتۇقچىلىقنى قانداق بايقاشنى ئۆگەتكەنىدى. لېكىن، خېيىم ـ خەتەرگە دۇچ كەلگەندە سىسۇلۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى. «سىسۇلۇ ئۆيدە بەئەينى بىر سەركىگىلا ئوخشايتتى» دەيدۇ نىنبام: «لېكىن، كۆڭلىگە بىرەر نىشاننى پۈككەن هامان بىر شىرغا ئايلىناتتى. ئۇ كىشىلەرگە بەكلا مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن پىرىنسىپال مەسىلىلەردە هەرگىز يول قويمايتتى.»

كاترادا مۇشۇ يەتتەيلەننىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ كىچىكى ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىردىنبىر هىندىستانلىق ئىدى. ئۇمۇ شۇ قەدەر قەيسەر، شەخسىيەتسىز، سالماق ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلاتتى. مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغانىدى، لېكىن هەمىشە دوگمىچىلىقنى مەسخىرە قىلاتتى. ماندېلا ئۇنىڭ سۆزمەنلىكىگە بەكلا هەۋەس قىلاتتى. كاترادا ماندېلاغا ناهايىتى ساداقەتمەن ئىدى، لېكىن سىسۇلۇغا ئوخشاش قۇسۇرچى ئىدى: ماندېلا بۇ ئىككىسىنى بەئەينى بىر ئەينەك ئورنىدا كۆرەتتى. ئۇ، بۇ ئىككىسى ئارقىلىق ئۆز يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا گوۋان مبېكىنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا ئەڭ يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنىدى. ئۇ بوي ـ بەستى يوغان، سەمىمىي، چىرايىدىن كۈلكە ئۆچمەيدىغان، ئاۋازى پوپلارغا ئوخشاش ياڭراق چىقىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دېهقان ئىدى. ئۇ دىنىي مەكتەپتە تەربىيە ئالغان، ماندېلاغا ئوخشاش خىلد تاۋىن ۋە فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانىدى. مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن پىركازچىك، ئوقۇتقۇچى، مۇخبىر ۋە سىياسىي تەشكىلاتچى بولغانىدى. بەك جاهىل بولغاچقا نۇرغۇن خىزمەتداشلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ماندېلا

كىشىلەرگە سوئال ـ سوراق تۇسىدە گەپ قىلىشقا كۆنۈپ قالغانىدى، مىنىڭكى بولسا ۋائىزلىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. «گوۋان مىنىڭكى نەزەرىيەۋى جەھەتتە بەكلا جەڭگىۋار ئىدى، لېكىن بىز ۋەزىيەتنى كۆزەتكەندە رېئاللىققا يۈزلەنمىسەك بولمايتتى» دەيدۇ سىسۇلۇ.

رايموند مۇخرابا مىنىڭكىغا ئوخشاشلا شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىككىيلەن ئەزەلدىن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ ناھايىتى جاسارەتلىك ئىدى، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە تۇنجى بولۇپ قاتناشقانىدى. ماندېلا ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقىغا بەكلا قايىل ئىدى. مىنىڭكى ۋە باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ سىياسىي پاراڭلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى. ماندېلا ئۇنىڭ مۇلايىم پوزىتسىيەسىگە ئامراق ئىدى. دىنىي مەكتەپتە ئالغان تەربىيە رايموندقا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. بىر گۇندىپاي بىر قېتىم ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. كاتىرادا ئۇنىڭ: «ھۇ چوشقا... يامانغا يانتاياق بولىدىغان پېسەندى !» دەپ تىللىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. «دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئادەتتە خەق بىلەن ئۇرۇشۇشقا رازى بولاتتىكى، ئاغزىدىن سەت گەپ چىقىرىشنى خالىمايتتى» دەيدۇ، كاتىرادا بۇ ھەقتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاندىرو مالانگىنى بىلەن ئىلياس موسولاد ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە ئىدى. بۇ ئىككى سىندىكالىزمچىلار كۆرەش ئۇچۇن ناھايىتى زور تۆھپە قوشقانىدى. رىۋونىيە دېلوسىدا ئۇلار يادرولۇق شەخس ئەمەس ئىدى. بەزىلەر ئۇلارنى: «ئۇلارنىڭ ھېچقانداق جىنايىتى يوق، ھامان قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇلار ناھايىتى نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققانىدى، مەكتەپ تەربىيەسىگە پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، ماندېلا ئىلياسنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا ۋايىسماستىن ياردەم قىلغانىدى.

ئايرىش رايونىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا

ئەزالىرى ئايرىم دۆلەتتە ئەيىبلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەننىس بۇرۇتىسمۇ بار ئىدى. ئۇ ئېلىزابېت پورتىدىن كەلگەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئىككى مەھبۇسمۇ بار ئىدى: ئۇلارنىڭ بىرسى جورجى، پىك ئىسىملىك ھەربىي بولۇپ، كېيپتاۋنىدىن كەلگەنىدى. يەنە بىرسى، بىل نال ئىسىملىك دۇرباندىن كەلگەن ھىندىستانلىق بولۇپ، ئىشقا سۇسلۇق قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قاتناشقۇچىسى ئىدى. نالنىڭ روببېن ئارىلىغا كەلگىنىگە تۆت ئاي بولغانىدى. ئارالدىكى ئادەم قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ماندېلا ئۇنىڭغا يېقىن دوستتەك مۇئامىلە قىلاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا سوغۇققان بولۇشقا نەسىھەت قىلاتتى. نالنىڭ جاھىللىقى ماندېلانىڭ تەسىرىدە خېلىلا يۇمشىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى.

1965 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم پارتىزانلار ئايرىش رايونىغا سولاندى. ئۇلار «كىچىك رىۋونىيە دېلوسى» غا چېتىشلىق جىنايەتچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېلىزابېت پورتىدىن كەلگەن ۋىلتون مۇكۋاي سىندىكالىزمچى بولۇپ، رىۋونىيە دېلوسىدىن كېيىن ئىزچىل مىللەت نەيزىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەنىدى. لارۇ چىبا بۇرۇن تىككۈچىلىك قىلاتتى، ئۇ مەخپىي ھۆججەتلەرنى ناھايىتى ئۇششاق خەتلەر بىلەن كۆچۈرۈشكە ماھىر ئىدى. ماك ماخاراج دۇرباندىن كەلگەن ھىندىستانلىق بولۇپ، كېيىن ماندېلانىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلانغانىدى. ماخاراج بوي ـ بەستى ۋىجىك، ئۆچكە ساقال قويۇۋالىدىغان كىشى ئىدى. ئىلگىرى لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ۋە ناتال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بولۇپ، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، جاسارەتلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن كىشى ئىدى. 1970 ـ

يىلى 35 ياشقا كىرگەن ماخراج روببېن ئارىلىدىكى ئەڭ ئۈمىدسىز بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. لېكىن، مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۈرمىدىن قېچىشنى پىلانلاشقا باشلىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا تەۋە مەھبۇسلار بىلەن بىللە سولانغانىدى. ماندېلا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ــ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئوبدان چۈشىنىدىغان بىر ياخشى پۇرسەت ئىدى. سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ئارالغا توپلاش ھۆكۈمەتنىڭ ئادەتتە قوللىنىدىغان ۋاسىتىسى ئەمەس ئىدى. «بەزىلەر بۇ مەھبۇسلارنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 156 تۈرمىگە چېچىۋېتىش كېرەك دەپ قارايدۇ» دەيدۇ روببېن ئارىلىدىكى قوماندانلارنىڭ بىرسى. گېنېرال ۋىلىيام: «لېكىن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ تەسىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە كېڭىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئىنتايىن قاملاشمىغان چارە . شۇڭا، ئۇلارنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرغان ياخشى.» پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى دىككان موساننىڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىزنى ئەڭ خەتەرلىك ئۆتكۈر زەھەر قاتارىدا كۆرگەچكە، بىزنى بىر بوتۇلكىغا قاچىلاپ باشقۇرماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ قارارىدىن مۆجىزە بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن.» ماندېلا بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى دەپ قارايتتى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قارارى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان پارتىيەلەرنىڭ ئارىسىدا ئورتاقلىق ھاسىل قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. تۈرمە سىرتىدا بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. روببېن ئارىلى ناھايىتى تېزلا بىر سىياسىي تەجرىبىخانىغا ئايلىنىپ قالدى.

دەسلەپتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەقىبى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا تەۋە مەھبۇسلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرغۇچىسى روبېرت

سۇبۇكۇل روببېن ئارىلىدا ئىزچىل ئايرىم نەزەربەند قىلىنغانىدى. 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى بۇ خىل يالغۇزلۇق كېيىنكى يىللاردا ئۇنى نىشانىدىن ئاداشتۇرۇۋەتتى. لېكىن، باشقىلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

ماندېلا كۆپ ساندىكى پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيى ئەزالىرىنىڭ ناھايىتى ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار كوممۇنىزمچىلار ۋە ھىندىستانلىقلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇراتتى. كاتىرادا ئۇلارنى تايىنى يوق، جاھىل، ئىرقچىلىقنى ياقلايدۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى كۈچلۈك دەپ قارايتتى. لېكىن، ماندېلا كېيىن تۈرمىدىن چىققاندا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ زېۋ موسوپىن بىلەن ئالاقە قىلىپ باققانىدى. موسوپىن پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. ئۆزى ناھايىتى تەرسا، ئاسان چىقىشقىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە موسوپىنغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىر قىلالمىدى. 1967 ـ يىلى موسوپىن روببېن ئارىلىدىن ئايرىلدى. ماندېلا بىلەن موسوپىننىڭ ۋارىسى كلارىنس ماكۋېتۇ (كېيىن پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولغان) ئارىسىدىكى ئالاقە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ماندېلا ماكۋېتۇنىڭ ئانچە جاھىل ئەمەسلىكىنى، زېرەك، ئەقىل ـ ئىدراكلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى. لېكىن، ماكۋېتۇ كەتكەندىن كېيىن، ماندېلا بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسى جون بوكرا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بۇزۇلدى. پانئافرىقىلىقلار قۇرۇلتىيىغا تەۋە نۇرغۇن مەھبۇسلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئارىلىق ساقلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا نىسبەتەن ھۆرمەت شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ زور خىرىس ئۇنىڭ كونا رەقىبى — بىرلەشمە ھەرىكەتكە قاتناشقان تروتسكىيچىلاردىن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆز قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈكى نېۋىل ئالېكساندىر ئىدى. ئۇ كاپ ئۆلكىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى بولۇپ، گېرمانىيە تۈبىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. ماندېلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئالېكساندىر دەسلەپتە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىدى، لېكىن ئۇ كېيىن «YU CHI CHAN كۇلۇبى» دەپ ئاتىلىدىغان، تازا نورمال بولمىغان كىچىك تىپتىكى بىر قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى ھەمدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ۋە ئەكسىيەتچىل ھۆججەتلەرنى يىغىپ توپلىغانلىقى سەۋەبلىك جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. 1964 ـ يىلى ئۇ باشقا بەش كىشى بىلەن بىللە روببېن ئارىلىغا سولاندى. كاترادا بىر دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «YCC نىڭ بىچارە ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىنلا، ئاندىن سىياسىينىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇپ يەتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تۇتقان پىرىنسىپى ناھايىتى ساددا، بەكلا غايىۋى بولغانىدى.» ئالېكساندىرنىڭ بوي ـ بەستى ۋىجىك، مىجەزى چۇس ئىدى. بۇ، گەپنى ناھايىتى ئالدىرىماي قىلىدىغان ماندېلانىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى.

ئالېكساندىر دەسلەپتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بىر ئىرقچى ئاپپارات، ھىندىستانلىقلار ۋە رەڭلىك ئىرقلارنىڭ تۇرلۇك ھەرىكەتلىرىگە ئەزەلدىن قاتناشمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇ ماندېلا بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بەكلا قىزىقتى. بىر يىل جەريانىدا ئۇلار 30 نەچچە سائەت يۈزتۇرا ئولتۇرۇپ «دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار» ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتى. ئالېكساندىر ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسنىڭ دۆلەت ئېڭى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ئېڭى كەمچىل، دەپ قارايتتى. ماندېلا «ئافرىقىلىقلار بىر مىللەت، باشقىلار ئاز سانلىق مىللەتكە تەۋە» دەيدىغان قاراشتا چىڭ تۇراتتى. ئالېكساندىر ماندېلادىن شالغۇت ئىرقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ماندېلا: «شالغۇت ئىرقلار ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئالېكساندىر رەددىيە بېرىپ: «بۇ تامامەن بىيولوگىيە ۋە ئىرقىي مەسىلىگە ئائىت تالاش ـ تارتىش، بۇنداق تالاش ـ تارتىشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ رەددىيە بەرگەنىدى. ماندېلا ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «نىۋىل غەيرىي ئىرقچى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى قوللايتتى. مەن: ئاددىي ئاۋام ئۇچۇن ئېيتقاندا، غەيرىي ئىرقچىلىقنى قوللاش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دېگەنىدىم. سىياسىي يىغىنلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىساقلا بىلەلەيمىزكى، ئۇلار پەقەت ئۆز ئىرقىدىكى كىشىلەر بىلەنلا بىللە تۇراتتى. بىز كۆپ خىل ئىرقتىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىمىز، لېكىن بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدۇ.» ئۇلار مۇھاكىمە قىلىشقان پاراڭلار 80 ـ يىللارغا كەلگەندىلا ئاندىن ئومۇملىشىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا بارلىق ئىرقتىكى كىشىلەر بىرلىشىپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇشقا باشلىغانىدى. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ماندېلا بىلەن ئالېكساندىر يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشلارنى ئورتاق كېڭەشىدىغان يېقىن ھەمراھلىرىغا ئايلانغانىدى.

روببېن ئارىلىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئالېكساندىر ماندېلانىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئالېكساندىر كېيىن ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دەسلەپكى بىر نەچچە ئايدا مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتتى. ئەگەر نېلسون ماندېلا، ۋالتىر سىسۇلۇ ۋە گوۋان مبېكى پىشقان، سىياسىيونلارغا خاس ئادەملەردىن بولمىغىنىدا ئىدى، بىزنىڭ

تۆرمىدىكى مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ئۆزئارا - كېيىل ياتلىشىپ كەتكەن، تەنھا، يار - يۆلەكسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولاتتى...» ئالېكساندىرغا ماندېلا پەيلاسوپ ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىيوندەك تۇيۇلاتتى. ماندېلانىڭ زېرەكلىكى، مۇنازىرىگە ماھىرلىقى ئۇنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش 1967 - يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى لۇتۇلى ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. لۇتۇلى ئالېكساندىرغا خائىنىدەك تۇيۇلاتتى، چۈنكى ئۇ قوراللىق كۈرەشكە قارشى ئىدى، يەنە تېخى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلغانىدى. «ئۇ چاغلاردا ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ناھايىتى مۇشكۈل ئىش ئىدى.» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە تەۋە مەھبۇسلار روببېن ئارىلىدا لۇتۇلى ئۈچۈن خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئالېكساندىر مەسخىرە تەلەپپۇزىدا لۇتۇلىنى تەنقىد قىلغانىدى. ئۇ لۇتۇلىنىڭ ئۆلۈمىگە باشتىن - ئاخىر ئازراقمۇ ئېچىنىش ھېسسىياتىدا بولمىدى. بۇ، ماندېلانىڭ بەكلا غەزىپىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ئىككى پارتىيەنىڭ ھەمكارلىق كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەنىدى.

كۆپ ساندىكى خىزمەتداشلىرى ماندېلانى خۇددى يەر ئاستى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، تەبىئىيلا ئۇنى ئۆز رەھبىرى ئورنىدا كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇلار زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەرنى ئۇدۇل ماندېلانىڭ كامېرىغا باشلاپ كىرەتتى. گوۋان مېبىكى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇمۇ گۇمانلىنىشقا دۇچ كېلىپ باققان، لېكىن بىز ئۇنى مۇشۇ ئورۇنغا چىقىرىپ قويدۇق. ئۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن بىز ئۇنىڭغا: ‹سىز بىزنىڭ باياناتچىمىز› دېگەندۇق.» ماندېلا بەزى مەھبۇسلارغا تېخىچە بۇرۇنقىدەك قەبىلە رەھبىرى ۋە دېموكراتىك رەھبەردىن ئىبارەت ئىككى خىل رول ئارىسىدا تەۋرىنىپ يۈرگەندەك

تۆيۇلاتتى. «قەبىلە رەھبىرى بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈنىڭدا ناھايىتى ئاسانلا جاۋابكارلىق كەيپىياتى شەكىللەندۇرۇپ قويغانىدى» دەيدۇ فىشلېر بام: «ئۇنى سىسۇلۇ قۇتقۇزۇۋالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى توستى.» لېكىن، ماندېلا بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن خىزمەتداشلىرى بۇنى ماندېلانىڭ ئىتتىپاقلىقا ئىنتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىدى. «ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق بىر ئورۇندا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى» دەيدۇ سىسۇلۇ: «ئۇ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىناتتى، باراۋەر بىر ۋەزىيەتنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى باشقا ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرىگە قارىغاندا ئېخىمۇ ئىتتىپاق ئىدى. «تەشكىلاتىمىز ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى» دەيدۇ سىسۇلۇ: «چۈنكى، بىز بىر - بىرىمىزنى پىششىق بىلەتتۇق، باشقا ئەزالارنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتۇق.» ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئارالدا تەشكىلىي ئاپپاراتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ماندېلا سىسۇلۇ، مىبكى ۋە مۇخبارا قاتارلىق تۆت كىشىنى تاللاپ «يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىك ئاپپاراتى» تەشكىللىدى. بۇ تۆت كىشى بۇرۇن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنىدى. تۈرمىگە قارىتىلغان سىياسەت ۋە ئايرىش رايونىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قائىدە - تۈزۈملەرنى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىك ئاپپاراتى بېكىتەتتى ھەمدە كاترادا رەھبەرلىكىدىكى تارقىتىش كومىتېتى ئارقىلىق ناھايىتى ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن باشقا كىشىلەرگە، جۈملىدىن باشقا بىناغا قامالغان سىياسىي جىنايەتچىلەرگە يەتكۈزۈلەتتى.

تۈرمە سىرتىدىن كىرگەن غەلىبە خەۋەرلىرىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مەھبۇسلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ھەسسىلەپ

ئاشۇراتتى. دەسلەپتە خەۋەرلەر ناھايىتى ئاز كىردى. لېكىن، 1967 - يىلى روببېن ئارىلىغا قامالغان پارتىزانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار «لوتولى شۆبە ئەترىتى»نىڭ جەنۇبىي رودېسىيەدىكى غەلىبە خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەتتى، بۇ شۆبە ئەترەت جەنۇبىي ئافرىقىغا سىڭىپ كىرىشكە تىرىشىۋاتاتتى. مىللەت نەيزىسىنىڭ قوماندانى جاستىس مۇپانزامۇ ئايرىش رايونىغا سولاندى. ئالىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ماندېلا ئۇنىڭ ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار ئىش ئىزلىرى ھەققىدە ئېيتقان بايانلىرىدىن گەرچە ئارمىيەنىڭ ھەرىكىتى ئاخىردا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق ئېپتىخارلاندى. بۇنىڭدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇپچە كامېردىكى ئەزالىرىمۇ قاتتىق ھاياجانلاندى. «بىز ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشنىڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرى، ئارمىيەنىڭ مەشىقلەندۈرۈلۈش ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ قانداق قورال ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە قىستايتتۇق» دەپ يازغانىدى ئاندىل نىدو. ئارقىدىنلا ئۇلار بىرلىكتە «ئەسكەرلەر ناخشىسى»نى ئېيتاتتى.

لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەھبۇسلىرى يەنە باشقا توپلارنىڭ قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىناتتى. باشقا پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەھبۇسلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى يېڭى كومىتېت قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئۇلۇندى» دەپ نام بەردى. بۇ ئاپپارات مەخسۇس كۈندىلىك ئىشلار ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە مەسئۇل ئىدى. بۇ ئاپپاراتنىڭ رەئىسلىكىنى بىرنەچچە ئەزا نۆۋەتلىشىپ ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە فىشلېر بامىمۇ بار ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ماندېلا ۋە بىرلەشمە ھەرىكەتكە ۋاستىچى بولغانىدى. لېكىن، ئاساسلىق سىياسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى يەنىلا ئالىي

رەھبەرنىڭ قولىدا ئىدى. دەسلەپتە ئۆلۈندىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى كوسا تىلىدا سۆزلىشەتتى. بۇ، باشقىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بەزىدە كوسا تىلىدا سۆزلىشىش ماندېلا بىلەن مېبېكىغا قىلىنغان خۇشامەت، دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۇنى «كوسالاشتۇرۇش» دەپ ئاتاشقانىدى. ئالېكساندىر ماندېلانىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشنى تولىمۇ تېتىقسىزلىق، دەپ قارايتتى. لېكىن، كوسا تىلى ئاڭلىماققا ناھايىتى جانلىق تۇيۇلاتتى. ماندېلانىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى كاترادا ۋە ئەيدى دانىرىسقا ئوخشاش كوسا تىلىدا سۆزلىمەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئۆتەتتى. ئالىي رەھبەرلىك ئاپپاراتى كېيىن يەنە نورمىدىن ئارتۇق بىر خىزمەت ئورنىنى تەسىس قىلدى. بۇ خىزمەتنى كاترادا، لارۇ چىبا ۋە نىدو قاتارلىق كىشىلەر نۆۋەتلىشىپ ئۈستىگە ئالدى. بۇ، ئالىي رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ دائىرىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى.

ماندېلانىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىي ساھەدىكى زاتلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەيدى دانىرېس ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ كېيپتاۋندىن كەلگەن بولۇپ، تېرىسى قوڭۇر، كىشىگە كەم سۆزدەك تەسىر بېرىدىغان كىشى ئىدى، بۇرۇن بېلىقچىلىق كېمىسىدە دېڭىز سەپىرىگە قاتنىشىپ باققانىدى. لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئىدى، كېيىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ARM دەيدىغان بىر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇ لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ روببېن ئارىلىدىكى بىردىنبىر ئەزاسى ئىدى، شۇڭا ناھايىتى يالغۇزلۇق ھېس قىلاتتى. گەرچە ئۇنىڭ سىياسىي ئېڭى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئاق تەنلىكلەرگە قارشى مەيداندىكى مەھبۇسلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. روببېن ئارىلىغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئۇچىسىغا كالتە ئىشتان ۋە كاچى كۆڭلىكى كىيۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر كىشى

بىلەن ئۈچرىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزى ئۇچراشقان بۇ كىشىنىڭ ماندېلا ئىكەنلىكىنى ھاياجان ئىلكىدە ھېس قىلدى. ماندېلا ئۇنىڭغا: «مېنى نېلسون دەپ چاقىرغىن» دېدى. بۇ، روببېن ئارىلىغا كەلگەندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئاڭلىغان دوستانە گەپ ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماندېلا ئۇنى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەر بىلەن ئېچىلغان يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى دانىرېسقا زېرىكمەستىن سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. دانىرېس ناھايىتى تېزلا ماندېلا ۋە سىسۇلۇ بىلەن مۇستەھكەم دوستلۇق ئورناتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ يوقالغاننى ھېس قىلغان چېغىمدا بېرىپ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىرەتتى... بىز كەلگۈسىنى كۆرەلمەيتتۇق، كەلگۈسى بىزگە ناھايىتى خىرە، گۇڭگا تۇيۇلاتتى. لېكىن، ماندېلا كەلگۈسىنى ئالدىن پەرەز قىلالايتتى.»

دانىرېس بىر قېتىم كارىۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ماندېلا ئۇ ياتقان كامېرغا كېلىپ ئۇنىڭ تەرەت قاچىسىنى تازىلاپ قويدى. يەنە بىر قېتىم گۇندىپاي دانىرېسنىڭ كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئەتىسى تۇرمە باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى دانىرېس قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى. لېكىن، ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئۇ ماندېلانىڭ ئۆزى ياتقان كامېردا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ماندېلا ئۇنىڭغا: «دانىرېس، مەن سېنىڭ بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن» دېدى. دانىرېس كېيىنكى ئەسلىمىسىدە شۇ چاغدا ئۆزىنى پۇتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇدرەتكە تولغاندەك ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى. دانىرېسمۇ جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە ماندېلا بىلەن سىسۇلۇغا ئىزچىل ياردەم قىلدى. سىسۇلۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىن بىز سەل

گاڭگىراپ قالغانىدۇق.» دانىيېس بىلەن ماندېلا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەتتى. ئۇ ماندېلانى دالىبانگا دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ماندېلا يەنە تېخى ئۆيىدىن كەلگەن خەتلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتى، كوسا تىلىدا يېزىلغان خەتنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭغا يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى.

ماندېلا ئايرىش رايونىدىكى 30 نەچچە مەھبۇس بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، تېخىمۇ چوڭ مەسىلە شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى باشقۇرىدىغان گۇندىپايلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. بۇ گۇندىپايلار ئۇلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. گۇندىپايلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ياش ئاق تەنلىكلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نامرات ياكى ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققانىدى، مائارىپ تەربىيەسى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى مەھبۇسلارغا يەتمەيتتى. دەل شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان، بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنىدى. گۇندىپايلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تەلەپ ـ ئېھتىياجى ۋە خاتىرجەم بولالمايدىغان جايلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ رىقابەت بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ قاقاس ئارال ئۇلارغا نىسبەتەن بىر تۈرمە ئىدى. مانا بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى ئاساسى ئىدى.

ماندېلا تۈرمىگە يېڭى كەلگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي كۈچى ۋە قانۇن بىلىمىنىڭ مول، يەنە كېلىپ باشقىلارغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مىجەزى، قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا غۇرۇرىنى ساقلايدىغان ئىقتىدارىنىڭ گۇندىپايلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بايقىدى. 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئادۋوكاتى جورجى بىزوس ئۇنى يوقلاپ كەلدى. بىزوس تۈرمە بىناسىغا يېقىنلىشالمايتتى. لېكىن، ئۇ بىر قارا

ماشىنىنىڭ ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ماشىنا توختاپ
بىر نەچچە گۇندىپاي ماشىنىدىن چۈشتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن
ماندېلامۇ تەڭ چۈشتى. ئۇ گۇندىپايلارنىڭ قورشاۋىدا بىزۇسقا
قاراپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ماندېلا قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى
قولىنى كەينىگە تۇتۇپ سالماق قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇ
بىزۇسنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىزۇس ئۇنى قۇچاقلىدى. ماندېلا:
«جورجى، سىزگە بىزگە قارايدىغان مۇنۇ قاراۋۇللارنى تونۇشتۇرۇپ
قوياي» دېدى ـ دە، راستىلا ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى.
بۇ ئىش ماندېلا بىلەن گۇندىپايلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بىر
ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالدى. ماندېلا باشقىلارنى قانداق
ھۆرمەتلىسە ئۇلارغىمۇ شۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. لېكىن،
ئەزەلدىن ئۆزىنى كەمسىتىپ ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ
كەتمەيتتى. ئۇ بارلىق مەھبۇسلارنىڭ بەلگىلىمە بويىچە ئەمگەك
قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلاتتى. لېكىن، گۇندىپايلارنىڭ تەلىپى
بويىچە ئۇلارنى «غوجايىن» دەپ ئاتىمايتتى.

ماندېلا تۈرمىدىكى يۇقىرى قاتلام بىلەن تۆۋەن قاتلام
ئارىسىدا غايەت زور ھاڭ بارلىقىنى بايقىدى. پرېتورىيە
تۈرمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال ستەيىن مىجەز ـ خاراكتېرى
چىقىشقاق، يۇرۇش ـ تۇرۇشى سالاپەتلىك، يارىشىملىق كىيىنىپ
يۈرىدىغان كىشى ئىدى. مەھبۇسلارنى كۆرگەندە شەپكىسىنى
ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. مايكول دىنجاكىنىڭ دېيىشىچە،
دەرىجىسى تۆۋەن گۇندىپايلارنىڭ ئۇزاق مەزگىل خورلىشىغا
ئۇچرىغان مەھبۇسلار ستەيىنگە ئوخشاش سالاپەتلىك، تەربىيە
كۆرگەن كىشىلەرنى كۆرگەندە دەماللىققا تولىمۇ ھەيران
قالىدىكەن. لېكىن، ستەيىن روببېن ئارىلىغا ناھايىتى ئاز
كېلەتتى. ماندېلا ئەنە شۇندىلا ستەيىننىڭ روببېن ئارىلىدا يۈز
بەرگەن بىر قاتار خورلاش ۋەقەلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە
سېلىۋالىدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلىپ يەتتى.
ماندېلانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا بولغان غەزەپ ـ

نەپرىتى ئاددىي گۇندىپايلاردىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. نېۋىل ئالېكساندىر ماندېلانىڭ روببېن ئارىلىغا كېلىپ، تۈرمىدىكى گۇندىپايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسكى ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى. 1963 - يىلىنىڭ باشلىرىدا روببېن ئارىلىغا كەلگەندە ماندېلا كلېيخەنىس ئاكا - ئۇكىلارغا ئوخشاش ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي گۇندىپايلارنى كۆرگەنىدى. لېكىن، ئۇ مۇشۇ تۈزۈلمىگە قارشى خېلى پەزىلەتلىك گۇندىپايلارنىمۇ كۆرگەنىدى.

ماندېلا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، گۇندىپايلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زور پىكىر ئىختىلاپى بار ئىدى. گۇندىپايلارنىڭ بەزىلىرى مەھبۇسلارغا ئادىمىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. يەنە بەزى گۇندىپايلار «ئۇلارنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەڭگۈ قارشى چىقىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىۋېتىش كېرەك» دەپ قارايتتى. ماندېلا: «ئەگەر بىز ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسەك، بىر تۈركۈم گۇندىپايلارنىڭ ئىدىيەسىنى مايىل قىلالىشىمىز مۇمكىن» دېگەن ئويدا بولۇشقا باشلىدى. ئالېكساندىر بۇ قاراشنى تامامەن قوللاپ كەتمىدى. لېكىن، ماندېلا ياش ئاق تەنلىك گۇندىپايلار بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. 1996 - يىلى ماندېلا شۇنداق دەيدۇ: «تۈرمە گۇندىپايلىرىنىڭ نىيىتى بىر يەردىن چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. بەزى گۇندىپايلار مېنىڭ تۈرمىگە بىر ئۆمۈر قامىلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. يەنە بەزى گۇندىپايلار مەن بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇشۇ تونۇشقا كېلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېتەتتى.» ئۇ، بۇ گۇندىپايلارغا نەسىھەت قىلىش جەريانى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ياخشى سىياسىي پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلارنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. «جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئەگەر ئۆزگىرىپلا قالسا، ھەقىقىي دوستىمىزغا

ئايلىنىدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا بايقىدىم.» ئۇ كامېرنى تەكشۈرگىلى كەلگەن تۇرمە ئەمەلدارلىرىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى. بۇنىڭمۇ ئۇنىڭ مۇنازىرىلىشىش ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردىمى بولدى. سىسۇلۇ ئاشۇ چاغدىكى سۆھبەتلەرنىڭ كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سۆزلىشىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «سۆھبەت ئەسلىدىنلا ئۇزاققا سوزۇلغان بىر جەريان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەريان ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپلا باشلانغانىدى.»

1966 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جامۇس گىرىگورى ئىسىملىك بىر يېڭى گۇندىپاي روببېن ئارىلىغا كەلدى. ئۇ زۇلۇ قەبىلىسىدە چوڭ بولغانىدى، زۇلۇ ۋە كوسا تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. كېيىن ئۇ «خەير ـ خوش بافانا» ناملىق بىر كىتاب يازدى، بۇ كىتاب بىر مەھەل قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ كىتابتا ئۇنىڭ ئاشۇ مەشھۇر مەھبۇسلار بىلەن قىلىشقان سۆزلىشىشى خاتىرىلەنگەنىدى. ماندېلا گىرىگورىنى چۈشەنمەيتتى، لېكىن، ئۇ «گىرىگورى بىزنى چۈشىنىدۇ» دەپ قارايتتى. چۈنكى، ئۇ مەھبۇسلارغا كېلىپ ـ كېتىۋاتقان خەت ـ چەكلەرنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. گىرىگورى كىتابىدا ئۆزىنىڭ ناھايىتى بىلىمسىز بىر سەھرالىق بالا ئىكەنلىكىنى، مەھبۇسلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالغانلىقىنى ھەمدە ماندېلانىڭ بىر ھەقىقىي رەھبەر، «كەم ـ كوتىسىز بىر مۆتىۋەر» ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. لېكىن، كىرىستو بۇراند قاتارلىق مەھبۇسلار بىلەن ياخشى ئۆتكەن گۇندىپايلار گىرىگورىغا نىسبەتەن گۇمانىي پوزىتسىيەدە بولغان. مەھبۇسلارمۇ گىرىگورىنىڭ ئىزچىل ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ كەلگەنلىكىگە، يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىغانلىقىغا، يەنە تېخى ئۆزلىرىگە

كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى باسۇرۇپ قويغانلىقىغا، بۇنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ۋاستىسىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى.

گۆندىپايلارنىڭ ئالدىدا ماندېلا ئۆزىنى ناھايىتى سالماق تۇتاتتى. ئۇ مەھبۇسلارغا: «قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن دېسەك، ئۆزىمىزنى ئاشۇ گۆندىپايلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان بولىمىز» دېگەنىدى. ماندېلانىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان كونا سەپداشلىرى ئۇنىڭ ئار ـ نومۇس ۋە ئىغۋاگەرچىلىككە يولۇققاندا ئاندا ـ ساندا ئاچچىقىنى باسالمىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا غەزەپ ـ نەپرىتىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى قالتىس ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىغانىدى. 1968 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى، مەھبۇسلار تۈرمە ئەمەلدارى پولكوۋنىك خېيۇسمانغا ماتېرىياللىرىنى گۆندىپايلارنىڭ مۇسادىرە قىلىۋالغانلىقىنى، ئۆگىنىش قىلىشقا يول قويمىغانلىقىنى شىكايەت قىلدى. خېيۇسمان ناھايىتى تەرسا كىشى ئىدى. ئۇ مەھبۇسلارنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاھانەت قىلدى. سەپنىڭ كەينىدە تۇرغان ماندېلا بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى، غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالدى. «ھەممىمىز ھەيرانلىقتىن تۇرغان جايىمىزدا قېتىپلا قالدۇق. بىز سىزنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ قەدەر قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىڭىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز، سەل ئاشۇرۇۋەتتىڭىزمۇ، قانداق؟» دەيدۇ ئالېكساندىر ماندېلا ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن. ماندېلا: «ياق، مېنىڭچە سەۋر ـ تاقىتىمنىڭ چېكى بار» دەپ جاۋاب بەردى. ماندېلانىڭ قارشىلىقى ناھايىتى تېزلا ئۈنۈم بەردى: خېيۇسمان قۇيرۇقىنى قىسىپ ئاستاغىنا تىكىۋەتتى. ئالېكساندىر ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ماندېلانىڭ سەۋر قاچىسى توشقان ياكى ئادەتتىكى سالماقلىقى بۇزۇپ تاشلانغان ھامان ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئادەمگە ئايلىناتتى، لېكىن كونتروللۇقىنى ئەزەلدىن يوقىتىپ

قويمايتتى.»

ماندېلانىڭ غەزىپىنى باسالماي قالغان ۋاقتى يەتتە يىلدىن كېيىن يۈز بەردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى پودپولكوۋنىك پۈرىنىس ئىدى. ئۇ 1975 ـ يىلى تۈرمىگە باشلىق بولغانىدى. شۇ چاغدا پۈرىنىس ماندېلانى يوقلاپ كەلگەن ۋىنىنىنى تۈرمە ئىشىكىدىن كىرگۈزمىدى ھەمدە «ماندېلانىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق ئىكەن» دەپ يالغان ئېيتتى. ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن يوللۇق يوسۇندا زاكونلاشتى. پۈرىنىس ماندېلاغا: «خوتۇنۇڭ پەقەت نامىڭ ئارقىلىق شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈنلا سېنى يوقلاپ كەلگەن» دېدى ۋە ۋىنىنىغا ھاقارەت قىلدى. ئاچچىقىنى زادىلا باسالمىغان ماندېلا پۈرىنىسنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ مۇشت ـ پەشۋالىرى بىلەن تازا ساۋىماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. لېكىن، بولۇشىغا تىللاپ دەككىسىنى بەردى؛ پۈرىنىسنىڭ نومۇسسىز، شەرمەندە ئادەم ئىكەنلىكىنى تازا سۆككەندىن كېيىن، يەڭلىرىنى شىمايلاپ غەزەپ بىلەن كېتىپ قالدى. كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان كاترادا بىلەن دانرېسنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇلار ماندېلانىڭ بىرسىنى بۇ دەرىجىدە قاتتىق تىللىغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ماندېلا B رايوندىكى سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپمۇ ئەسلىگە كېلەلمىدى. بەزىلەر بوش ئاۋازدا: «ماندېلا تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىچىۋالسۇنمۇ، قانداق» دېيىشتى. ماندېلا خۇدىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولدى ھەمدە «مۇشۇ قېتىملىق تىركىشىشتە پۈرىنىس يەڭدى» دەپ قارىدى. ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى: ئەتىسى ئۇ «تۈرمە باشلىقىغا تەھدىت سالغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەرز قىلىندى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى ئاقىلانە، قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ، پۈرىنىس ۋە ئۇنىڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، پۈرىنىس ئاخىر ئەرزىنى

قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

چەت ئەللىك زىيارەتچىلەر رووبېن ئارىلىغا كەمدىن ـ كەم كېلەتتى. لېكىن، رىۋونىيە دېلوسىغا چېتىشلىق مەھبۇسلار ئارالغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر ئەنگلىيەلىك كىشى ئۇلارنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى، ئۇ ئۆزىنى تۈرمە تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار بۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ ناھايىتى ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى تاش چېقىش بولماستىن، بەلكى كىيىم ياماشقا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئاندىرو مالانگىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «زىيارەتچى كەتكەندىن كېيىن غايەت يوغان تاشلار تۈرمە ھويلىسىغا ھارۋا ـ ھارۋىلاپ توشۇپ كېلىندى.» ئۇلار كېيىن ھېلىقى كۈنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ئەنگلىيەلىك كىشىنىڭ ساياھەتنامە يازغۇچىسى بېرنارد نىيۇمەن ئىكەنلىكىنى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ «جەنۇبىي ئافرىقىغا زىيارەت» دېگەن نامدا بىر پارچە كىتاب يېزىۋاتقانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ ساقچىلار بىلەن دوست بولۇۋالغاچقا رووبېن ئارىلىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنىدى. ئۇ تۈرمىدە ماندېلا بىلەن پاراڭلاشتى، ماندېلا ياتقان كامېرنى «قۇياش نۇرى چۈشىدىكەن، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن» دەپ تەرىپلىدى. لېكىن، ماندېلا كامېرنىڭ «سوغۇق ھەم زەي» ئىكەنلىكىدىن، ھەپتىسىگە ئاران بىر قېتىملا مۇنچىغا چۈشەلەيدىغانلىقىدىن، تۈرمە تامىقىنىڭ ئاشقازىنىنى ئاغرىتىپ قويغانلىقىدىن قاقشاپ بەردى. تۈرمە باشلىقى پولكوۋنىك ۋېسسىلىس نىيۇمانغا بۇ مەسىلىلەرنىڭ پات ئارىدا ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن نىيۇمان لوندوندا چىقىدىغان «دەۋر» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، رووبېن ئارىلىدىكى تۈرمىنىڭ شارائىتى روسىيە ۋە ئەنگلىيە تۈرمىلىرىنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن، دېدى.

ئارىدىن ئالتە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لوندوندا چىقىدىغان «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ

بىر مۇخبىرى روببېن ئارىلىغا ماندېلانى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلانىڭ خىزمىتى مۇددەتتىن بۇرۇن كىيىم ياماشقا ئۆزگەرتىلدى. «ئىككى قېتىملىق زىيارەتتە مەن باشتىن ـ ئاخىر تۈرمە شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى تەنقىد قىلدىم» دەيدۇ ئۇ قوماندانغا يازغان خېتىدە: «لېكىن، ئاخبارات ۋاستىلىرى مېنىڭ نۆۋەتتىكى مۇئامىلىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىمنى خەۋەر قىپتۇ.» 1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ تۈرمىنىڭ بىر باشلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى مۇخبىرلارغا روببېن ئارىلىنىڭ «ئۆلگىلىك تۈرمە» گە ئايلىنىدىغانلىقىنى، لېكىن تۈرمە تامىقىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى دېدى. «سالامەتلىكىم بارغانسېرى ناچارلاشتى» دەيدۇ قوماندان باھا بېرىپ: «ئۇ مەھبۇسلارنىڭ ئالدىدا رەھبەرلەرگە خاس سالاپەتتە پەيدا بولۇشنى ئارزۇ قىلغاچقا، ھەممىلا يەردە مۇشۇنداق ساختا خەۋەرلەرنى تارقىتىپ يۈردى.»

1964 ـ يىلى يەنە بىر سىرلىق مېھمان زىيارەت قىلغىلى كەلدى. ئۇ ئامېرىكىدىن كەلگەن ئادۋوكات بولۇپ، ئىسمى ھېنىن ئىدى. ئۇ ئامېرىكا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن كەلگەنىدەك قىلاتتى. مەھبۇسلار ھويلىغا يىغىلىپ، ئېيتقۇسىز ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ناھايىتى قوپال، لايدۇر بىر ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھاراق ئىچىۋالغانىدى، يەرگە توختىماستىن تۈكۈرەتتى. ماندېلا باياناتچى سالاھىيىتىدە ئۇنىڭغا تۈرمە شارائىتىنىڭ ناچار، ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىدىن دادلاپ بېرىۋاتقاندا، ھېنىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ماندېلا ئاخىر چىداپ تۇرالماي غەزەپ بىلەن: «ياق، سىز گېپىمگە ئازراقمۇ قۇلاق سالمىدىڭىز» دېدى. ھېنىن چۈشەندۈرۈپ: «ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن تۈرمىلەرنىڭ شارائىتى بۇ يەردىكىدىنمۇ ناچار، سىلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشقا تاس

قالغان تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق ياخشى تۇرمىدە يېتىپسىلەر» دېدى.

كاندا ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ماندېلا ترانسۋالدىكى قانۇن جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنى چىقىرىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭغا جىنايەت بېكىتىلگەندى. ئەمەلىيەتتە 14 يىل بۇرۇنقى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قوزغالغان ۋاقىتتىلا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا مۇشۇنداق ئوي پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئاقلىماقچى بولدى ھەمدە پرېتورىيەگە بېرىپ قانۇن دەستۇرلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۇمىدىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەچچە ئاي ئالاقىلىشىش ئارقىلىق تۇرمە ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. ماندېلا ئۆزى سوتقا چىقسا ئاۋامنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى بىلدى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. قانۇن جەمئىيىتى ئەڭ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋالدى.

لېكىن، ھۆكۈمەت تۇرمىدە تۇرۇۋاتقان ماندېلاغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىر ئوفىتسېر ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كەلدى. خەتتە ماندېلانىڭ كومپارتىيەنى قوللىغۇچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېيتىلغانىدى. ماندېلا جاۋاب خەت يېزىپ: «مەن 1960 ـ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغىنىمنى قەتئىي رەت قىلىمەن» دېدى ۋە : «كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغان ۋاقتىمدا نېمە دەپ قەسەم بەرگەنلىكىمنى دەپ بېرەلەمسىلەر؟ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھەرقانداق بىر يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمنى ئىسپاتلىيالامسىلەر؟» دېگەن ئىككى سوئالنى قويدى. تۆت ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىسمىنىڭ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ تاشلانغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

لېكىن، بۇ ئىش بېسىقىپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن

كېيىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى يەنە يېڭى ھۆكۈم چىقىرىپ: «ماندېلا 1952 ـ يىلىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە ‹كوممۇنىزم قانۇنى› غا خىلاپلىق قىلغان» دېدى. 1969 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماندېلا: «قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىمنىڭ كوممۇنىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا قەستەن گۇناھ ئارتماقچى بولغانلىقىدىن باشقا ئىش ئەمەس» دەپ جاۋاب قايتۇردى. 1970 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باش ساقچى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى كېركوكسىنىڭ مەخپىي خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى: خەتتە ماندېلانىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانىدى. بۇ خەت تا ھازىرغىچە تۈرمە ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئىگىلىگەن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە ماندېلانى جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارى، مەمۇرىي خىزمەتچىسى، ئەزاسى ياكى ئاكتىپ قوللىغۇچىسى، دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئېرىشمىگۈچە بۇ دېلو مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇلىدۇ.

روبېن ئارىلى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ سىناق نۇقتىسى ئىدى. رېۋونىيە دېلوسىغا چېتىشلىق مەھبۇسلار ئارالغا كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تامىقى تويۇقسىزلا ياخشىلىنىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قىزىل كرېست جەمئىيىتى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. ماندېلا ئۇلارنىڭ رايون ۋەكىلى ھانىس سون بىلەن كۆرۈشتى. ھانىس سوننىڭ قانداقلارچە رايون ۋەكىلى بولالىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ شۋېيتسارىيەلىك كاتولىك دىنى مۇرتى بولۇپ، كېيىن رودېسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتىگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئارزۇسى يوق ئىدى. ئۇ يازغۇچى دوستى دورىس لېسسىڭغا: «ئەگەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى بىلەلىگەن بولسا، ھەرقانداق ئادەم

ئىنسانىيەتكە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولاتتى» دېگەنىدى. ماندېلا هانس سونغا مەھبۇسلارنىڭ تەلەپلىرى يېزىلغان بىر پارچە تىزىملىكنى بەردى. تەلەپتە تاماق ۋە كىيىم - كېچەكنى ياخشىلاپ بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. هانس سون: «بولكا قارا تەنلىكلەرنىڭ چىشىغا زىيان قىلىدۇ» دېدى. ماندېلا ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن «ئىرقىي كەمسىتىش قىلىۋاتامدۇ نېمە» دەپ گۇمان قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە ئازراق ياخشىلىنىش بولدى، لېكىن تاماقنىڭ سۈپىتى يەنىلا بۇرۇنقى هالىتىگە بېرىپ قالدى. كېيىن قىزىل كىرېست جەمئىيىتى بىر پارچە دوكلات تاپشۇرۇپ، روببېن ئارىلى تۈرمىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ماختىدى. شۇنىڭ بىلەن پرېتورىيە بۇ دوكلاتنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۋېيتسارىيەلىك كىشى نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈرمىنىڭ شارائىتىنىڭ ناهايىتى ناچار ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

ئەڭ تەسىرى بار زىيارەتچىلەر يەنىلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆزىدىن كەلدى. ھەيلۆن سۇسمان پارلامېنتتىكى لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ بىردىنبىر ئەزاسى بولۇپ، تۈرمىنىڭ شارائىتىنىڭ بەك ناچار ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، تۈرمىگە بېرىپ زىيارەت قىلىشتا چىڭ تۇردى. مەھبۇسلار ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ماندېلانىڭ كامېرىغا باشلاپ كىردى. ماندېلا ئۇنىڭغا مەھبۇسلارنىڭ تاماقنىڭ سۈپىتى، كىيىم - كېچەكنىڭ بەك ناچار ئىكەنلىكىنى، بەدىنىگە ناتسىستلارنىڭ بەلگىسىنى چېكىۋالغان ۋان رۇنسبېرگ ئىسىملىك بىر گۇندىپاينىڭ ناهايىتى ۋەھشىي، ياۋۇز ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. تۈرمە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئەزالىرى بىر چەتتە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇردى. سۇسمان: «ماندېلا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نەزىرىگىمۇ ئېلىپ قويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئابرۇيى

تۆرمە گۆندىپايلىرىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەنلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋالدى. ماندېلا سۇسماننىڭ مەھبۇسلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

كېيىن سۇسمان روببېن ئارىلى تۈرمىسىنىڭ شارائىتى بەك ناچار ئىكەنلىكى توغرۇلۇق دوكلات يازدى. «ئۇ چاغدا تۈرمىنىڭ شارائىتى بەك ناچار ئىدى» دەپ يازىدۇ ئۇ ئەسلىمىسىدە: «ئۇلار تۈرمىنىڭ شارائىتى قانچە ناچار بولسا شۇنچە ياخشى، بۇمۇ مەھبۇسلارغا بولغان بىر خىل جازا دەپ قارايتتى. بەزى گۆندىپايلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ناتسىستلاردىن پەرقى يوق ئىدى.» ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، رۇنسبېرگ تۈرمىدىن يۆتكىلىپ كەتتى، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۈرمىنىڭ شارائىتىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى. مەھبۇسلار سۇسماننىڭ كېلىشى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، دەپ قارىدى. نىۋىل ئالېكساندىر بۇ ھەقتە مۇنداق يازدى: «ئەگەر سۇسمان كەلمىگەن بولسا، تۈرمە شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»

سۇسمان شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلانى يەنە يەتتە قېتىم زىيارەت قىلغىلى كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلەشتى. زوراۋانلىق مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ گېپى زادىلا بىر يەردىن چىقمىدى. 1969 ـ يىلى سۇسمان ئۇنى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە ماندېلا «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە تەۋە مەھبۇسلار خۇددى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قوماندانى روب لېبالۇنغا ئوخشاش قويۇپ بېرىلىشى كېرەك. ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا قويۇپ بېرىلدىغۇ» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇردى. سۇسمان ئەينى چاغدا لېبالۇننىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈرىشى تېخىچە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ ماندېلادىن: «زوراۋانلىق قىلىشتىن ۋاز كېچەمسىز دېيەلەمسىز؟» دەپ سورىدى. ماندېلا ئۇنداق

قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، سۇسمانمۇ مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالمىدى. لېكىن، مەھبۇسلار سۇسماننىڭ ياردىمىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى.

1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ سىياسىيونى دەنىس شىلىي ماندېلانى زىيارەت قىلدى. ماندېلا سەككىز يىل بۇرۇن لوندوندا بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەنىدى. 1967 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شىلىي جەنۇبىي ئافرىقىغا بەزى قوراللارنى قايتىدىن سېتىپ بەرمەكچى بولغانىدى. خارولد ۋىلسوننىڭ ئەمگەك پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تېخى يېقىندىلا مەغلۇپ قىلىنغاچقا، شىلىي ئېدۋارد شىس باشچىلىقىدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ قورال سېتىش پىلانىغا قارشى تۇردى. ئۇ: «بۇ مېنىڭ گۇناھلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن» دەپ چۈشەنچە بەردى. ماندېلادا 1962 ـ يىلىدىن بېرى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر شىلىيغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى: ئۇ لوندوندا كۆرگەن چېغىدا ماندېلا تېرىسى قاپقارا، يۈز ـ كۆزىنى قويۇق ساقال باسقان كىشى ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ بۇرۇت ـ ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، چاچلىرى قىسقا ياسىتىلغان، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن ماندېلانى كۆرۈۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا سەھرالىقلارغا خاس جۇشقۇن بىر خاراكتېر بار ئىدى، تاشقى دۇنيانى بەش قولدەك چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ يۈكسەك جەڭگىۋارلىقى تۈرمە گۇندىپايلىرىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى بېسىپ چۈشكەنىدى.

ئۈچ يېرىم يىلدىن كېيىن تۈرمىنىڭ شارائىتى ياخشىلاندى. 1967 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈرمىنىڭ مەھبۇسلارغا بولغان پوزىتسىيەسى خېلىلا ياخشىلاندى، ئۇلارغا بولغان نازارەتمۇ سەل بوشاشتى. مەھبۇسلار قىش كۈنلىرى ئۇزۇن ئىشتان ۋە تەنتەربىيە مايكىسى كىيەلەيدىغان، تاش كولاش مەيدانى ۋە تۈرمە ھويلىسىدا پاراڭلىشالايدىغان بولدى. لېكىن، ماندېلا قىزىل

كىرىست جەمئىيىتىنىڭ بەزى ۋەدىلىرىنىڭ تېخىچە ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى: تاماقنىڭ مىقدارى بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى ئاز ئىدى، ئوقۇيدىغانغا گېزىت يوق ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك مەھبۇسلارمۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنالمايتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت يۈكىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى، يەنە تېخى گۇندىپايلارنىڭ دۇمبالىشىغا ئۇچرايتتى. 1970 - يىلى 12 - ئايدا قىزىل كىرىست جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى فىلىپ چۇرگ روببېن ئارىلىنى زىيارەت قىلغىلى كېلىپ، مەھبۇسلارنىڭ خىزمىتىنىڭ كۈنبويى مەقسەتسىز تاش چوقۇش ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ماندېلا ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارغا تەۋە سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ باياناتچىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گېنېرال ستەيىن ئۇنى باشقىلار بىلەن پاراڭلاشماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. «نېلسون، ئۆزۈڭنىڭ بىر مەھبۇس ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇلۇپ قالما !» دەيتتى ئۇ ماندېلانى ئاگاھلاندۇرۇپ. لېكىن، ماندېلا ستەيىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلمىدى. 1970 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ بارلىق مەھبۇسلارغا ۋاكالىتەن ستەيىنگە قارىتىپ ناھايىتى ئۇزۇن بىر پارچە ئەرزنامە يازدى. «تۈرمە تەرتىپىنى ساقلاشتا قاتتىق تۈزۈم بولمىسا بولمايدىغانلىقىغا ئىزچىل ئىشىنىپ كەلدۇق» دەپ يازدى ئۇلار خېتىدە: «لېكىن، بۇ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشتا تۈرمە ئەمەلدارلىرى باشلامچى بولسا، مەھبۇسلارنىڭ ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى قەبىھ ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەندىنمۇ ياخشى بولىدۇ.» ماندېلا خەتتە يەنە مەھبۇسلار ئۇچراۋاتقان خورلۇق ۋە ئەمگەك شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ئۈستىدىنمۇ شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

بەش يىلدىن بېرى، مۇشۇ ئېغىر، مەززىسىز ئەمگەك بىلەن توختىماي شۇغۇللاندۇق، گاھىدا ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقى دەستىدىن

سالامەتلىكىمىزگە تەسىر يەتتى. سىلەر بىزنى ھەر كۈنى تاش چوقۇش، تاش تېرىش، تاش قېزىشتەك بىر خىلدىلا داۋام قىلىدىغان، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئەمگەككە سالدىڭلار، بىزگە تەربىيەلىنىش پۇرستى بەرمىدىڭلار؛ بىزگە ئىلھام بېرىدىغان، ئىززەت - ھۆرمىتىمىز، مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى ئۆستۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىزغا شارائىت يارىتىپ بەرمىدىڭلار. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇشقا، تۇرمۇشىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشىمىزگە پايدىسى تېگىدىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلمىدىڭلار.

ماندېلا خەتنى مۇنداق تەنتەنىلىك ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاياغلاشتۇردى:

ھوقۇق - مەنپەئەتىمىز بىلەن تامامەن قارىمۇقارشى بولغان سىياسەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىدىن بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، كۆپچىلىك بارغانسېرى بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئىشلارنىڭ يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز ھالغا بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىز سىلەرنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز.

پرېتورىيەنىڭ بۇ خەتكە بەرگەن جاۋابى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. 1970 - يىلى پولكوۋنىك پىتېر باتتونخوست قوماندانلىق خىزمىتىگە يېڭىدىن تەيىنلەندى. باتتونخوست شەپقەتسىزلىك، رەھىمسىزلىكتە نامى چىققان كىشى بولۇپ، روببېن ئارىلىغا ئۆزى بىللە يەنە ئىستىلى ناچار، مىجەزى ئوسال ساقچىلاردىن بىرنەچچىنى باشلاپ كەلگەنىدى. باتتونخوست ماندېلانىڭ نەزىرىدە جىمى قوماندانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەپقەتسىز كىشى ئىدى. ئۇ روببېن ئارىلىنى ھەربىي قانۇن بويىچە باشقۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىلەر ماندېلاغا سىياسىي جىنايەتچىلەرنى تۈرمە دائىرىلىرى بىلەن بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىرلىشىپ باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

1969 ـ يىلى مەخپىي مۇلازىمەت ئاپپاراتى BOSS قۇرۇلغاندىن بۇيان بۇ خىل ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلاشقانىدى. «ئۇلار تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى» دەپ يازدى كاترادا دوستىغا يازغان خېتىدە: «ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۆچمەنلىك ۋە جازالاش.» تۈرمە ساقچىلىرى دائىم بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ مەھبۇسلانى قىينايتتى، ئۇلارغا تاماق بەرمەيتتى، ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا يول قويمايتتى، ھەتتا شېكىسپېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشمۇ چەكلەنگەنىدى. باتتونخوست ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىشىغا يول قويمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىش تەلىپىنى ھۇرۇنلۇققا چىقىرىپ ئەيىبلەيتتى. ئالدىنقى قوماندانغا ئوخشىمايدىغان يېرى، باتتونخوست ماندېلا بىلەن پاراڭلىشىشنى رەت قىلدى.

1971 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىردا تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ماندېلانىڭ سەۋرچانلىقى ئەڭ زور سىناققا دۇچ كەلدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىق خاتىرە كۈنىنىڭ ھارپىسىدا، تۈرمە ساقچىلىرى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بەزى مەھبۇسلارغا بېرىلگەن جازانى يېنىكلىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆسەك سۆز تارقاتتى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتىغا ئەزا بىر تۈركۈم مەھبۇسلار تۈرمىگە كەلگەندىن كېيىن، ئايرىش رايونىنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار تويۋۇ زاتويۋونىڭ رەھبەرلىكىدە ئاچلىق ئېلان قىلىشقا، ئىش تاشلاشقا باشلىدى، بۇنىڭغا باشقا مەھبۇسلارمۇ قاتناشتى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋالغان بىر توپ تۈرمە ساقچىسى كامېرغا ئۇسسۇپ كىردى. ئۇنىڭ ئىچىدە مەھبۇسلارنى خورلاش، قىيناشتا سېسىق نامى پۇر كەتكەن ياۋۇز، تەلۋە تۈرمە باشلىقى كاستونمۇ بار ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئالۋاستى» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. ئۇ ھەممەيلەننى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تالادا يېرىم سائەت شامالداشقا

بۇيرۇدى. گۇندىپايلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەممە كامېرلارنى ئاختۇردى. گوۋان مىيىكى يىقىلىپ چۈشۈپ، كېپىتاۋىن دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېتىلدى. فىكرى بام غەزەپلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار گوندىپايلارنىڭ مەھبۇسلارنى كامېرغا سولىۋېلىپ دۇمبالىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى. تويۇۋ قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولغاندا يەرگە يىقىتىلىپ تازا دۇمبالاندى، كەينىدىن قىپقىزىل قانلار چاچراپ بۇلغىنىپ كەتكەن كامېرنى تازىلاشقا مەجبۇرلاندى.

كاترادا ئەسلىمىسىدە «بۇ — خاتىرەمدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر كۈن، بۇ كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن» دەپ يازغانىدى. سىسۇلۇمۇ: «بۇ مېنىڭ مەخپىيەتلىكىمگە بولغان ئەڭ قورقۇنچلۇق تاجاۋۇزچىلىق» دېدى. مەھبۇسلار ئاشۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى زادى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمىدى. ئۇلار بەزى سىياسىي ئاخباراتلارنىڭ تۈرمىدىكىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغانلىقىدىن گۇمان قىلدى. «تۈرمىدىكى زوراۋانلىق ھەمىشە سىرتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولاتتى» دەيدۇ ماخاراج: «مەيلى پارتىزانلار بولسۇن ياكى چېگرا مەسىلىسى بولسۇن، تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ دۆلەتكە بولغان قارىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.» ماندېلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، باتتونخوستىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىگە يۈزلىنىش ھەمدە تۈرمىدىكى خەۋەرلەرنى سىرتتىكى دوستلىرىغا يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدى. دوستلىرى ماندېلا يەتكۈزگەن خەۋەرلەرنى سىرتتا يايسا ماندېلانىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغا پايدىسى بولاتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ مەھبۇسلارنىڭ بىر توپ ۋەكىللىرىنى باشلاپ باتتونخوست بىلەن كۆرۈشكىلى باردى ھەمدە تۈرمىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ بەرمىسە ئىش تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ

تەھدىت سالدى. بىر ئايدىن كېيىن، ئۈچ سوتچى بىلەن تۈرمىنىڭ بىر مەخسۇس خادىمى ئارالغا كەلدى. ئۇلار ماندېلا بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا باتتونخوستىنىڭمۇ سۆھبەتكە قاتنىشىشىنى دادىللىق بىلەن تەلەپ قىلدى، ئاندىن زىيارەتكە كەلگەنلەرگە تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ يېقىندا قاتتىق دۇمبالانغانلىقىنى بايان قىلدى. باتتونخوست: «ئۆزۈڭ كۆرمىگەن ئىشلار ھەققىدە تولا قالايمىقان بىلجىرلىما، بولمىسا ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىسەن» دەپ قاتتىق ھۆركىرىدى. ماندېلا تولىمۇ سالماقلىق بىلەن سوتچىغا: «مانا قاراڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ماڭا مۇشۇنداق تەھدىت سېلىۋاتقان يەردە، سىلەر يوق چاغدا نېمىلەرنى قىلماس؟ بۇنى ئۆزۈڭلار تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار» دېدى. ماندېلانىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سوتچى مايكول كوبىت باتتونخوستىنىڭ قىلمىشلىرىغا كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى. 30 يىلدىن كېيىن، مايكول كوبىت باش سوتچىلىققا تەيىنلەندى. پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ماندېلا ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى پوزىتسىيەسىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق جاسارەت ۋە مۇستەقىللىق روھى كەم ئۇچرايدۇ.» سوتچىلار زىيارەتكە كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، باتتونخوست بىلەن ھېلىقى بىر توپ ياۋۇز تۈرمە ساقچىلىرى روببېن ئارىلىدىن يۆتكىلىپ كەتتى. باتتونخوست مېڭىش ئالدىدا ماندېلاغا: «مەن سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن» دېدى. ماندېلا بۇ گەپتىن دەماللىققا قاتتىق ھەيران قالدى ۋە شۇ ھامان ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ئامەت تىلىدى. ئەنە شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەقىدىسى تېخىمۇ كۈچەيدى؛ ھەرقانچە ياۋۇز، پەسكەش ئادەملەرنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندى.

نۇرغۇن كىشىلەر تۈرمە گۇندىپايلىرىمۇ تۈزۈلمىگە قۇل بولغانلار، دەپ قارايتتى. «بۇ ئادەملەر بۇيرۇقنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجرا قىلىشنىلا بىلىدۇ» دەيدۇ نېۋىل ئالېكساندىر. ئاشۇ گۇندىپايلار ھەققىدە گەپ بولغاندا ماندېلانىڭ قەلبىنى

ئۆچمەنلىكتىنمۇ بەكرەك ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالاتتى. ماندېلا ئۇلارنىڭ ئەڭ پەسكەش ئىشلىرىنىمۇ كەچۈرۈۋەتتى. كاترادا بۇنداق ئەپۇچانلىقنى ھەرقانچە قىپمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى. ماندېلا تۈرمە گۈندىپايلىرىنىڭ ھايۋانىي قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن ئەندىشە ۋە تەشۋىشنى كۆرۈپ يەتكەندى. ئۇ تۈرمىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بىر كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى ئورنىدا كۆردى. ئەگەر تۈرمىدىن سالامەت چىقالىسىلا، جەنۇبىي ئافرىقىدا تىنچ ـ خاتىرجەم ۋەزىيەت بەرپا قىلىش قارارىغا كەلدى.

# 16. جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلىنىش

(1971 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە)

روببېن ئارىلىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ دوزىخى» دېگەن نامى ھەش ـ پەش دېگۈچە جاھانغا پۇر كەتتى. پانئافرىقىزمچىلار مەجلىسىنىڭ موزېس دلامىنى ئىسىملىك بىر نەپەر ئەزاسى روببېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلۇق جەريانىدا «ئىنسانىيەتنىڭ دوزىخى» ناملىق بىر ئەسەر يازغانىدى. ئۇ تۈرمىدە ئىككى يىل يېتىپ، 1969 ـ يىلى قويۇپ بېرىلدى. 70 ـ يىلىغا بارغاندىلا روببېن ئارىلىنىڭ ئەسلىدىكى دوزاخ كەبى مۇھىتىدا بىر ئاز ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، بىراق روببېن ئارىلىنىڭ ئەھۋالىنى دەرىجىدىن تاشقىرى ناچار، دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. روببېن ئارىلى باستىلىيە تۈرمىسىگە ئوخشاش، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى زوراۋانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

ھوقۇقنىڭ باراۋەرلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. 1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېڭى تۈرمە نازارەتچىسى پولكوۋنىك ۋېلىيامس ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ۋېلىيامس ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مۆتىۋەر سۈپەت كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى كىشىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرىدىغان باتتونخوست بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. ۋېلىيامس كىشىگە ئىللىق ۋە قابىلىيەتلىك تەسىر بېرەتتى. تۈرمە باشلىقى گېنېرال ستەيىن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ مەدەنىي ئۇسۇلدا تۈرمە باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ھۆكۈمەت دۆلەت ئىچى ۋە

سىرتىدىكى سىياسىي مۇھىتقا ماسلىشىشى كېرەك ئىدى. گېنېرال سىتەيىن 25 يىلدىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئۇلار ماڭا تۈرمە مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشىمنى ئېيتتى. مەن كۈچىمنىڭ بارىچە چىقىشقاق بولۇشقا، بارچە ئەرز - شىكايەتلەرنى تۈرمىنىڭ ئىچىدىلا بىر تەرەپ قىلىشقا، مەھبۇسلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلاپ ئەرز قىلىشتىن ساقلىنىشىغا تىرىشتىم... مەن ئۇلارنىڭ سىياسىي رەھبەر ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم.» ۋېلىيامىس سىياسەتنى ئۆزگەرتىپلا قالسا، ناھايىتى سۇرلۇكلىشىپ كېتەتتى. بىراق، كۆپچىلىك مەھبۇسلار يەنىلا ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. قىزىل كىرېست جەمئىيىتىمۇ جەنۇۋەدىكى باش ئىشتابىغا «ۋېلىيامىس ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەھبۇسلار بىلەن ساپ كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا كۈچىمەكتە. ئۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى» دەپ دوكلات قىلدى.

ۋېلىيامىس مەھبۇسلار، بولۇپمۇ ماندېلا ماسلاشمىسا، ئۆزىنىڭ مەھبۇسلارنى باشقۇرۇشتا ئامالسىز قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ماندېلا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «تۈرمىنى باشقۇرۇۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە تۈرمە باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەمەس، بەلكى مەھبۇسلارنىڭ ئۆزى.» ئۇلار ئاللىقاچان ئۆز خىزمىتىنى توختاتتى، چۈنكى ئۇلارنى باشقۇرىدىغان تۈرمە ساقچىلىرى تېخىمۇ ئازلاپ كەتتى، «بىز تاش قېزىش مەيدانىدا پەيدا بولساقلا بولاتتى. ھېچ ئىش قىلمايتتۇق» دېدى 1991 - يىلى كاترادا. ۋېلىيامىس ماندېلانى تاش قېزىش مەيدانىدا مەھبۇسلارنىڭ ئىنتىزامىنى باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ماندېلا سەپداشلىرىنى ئەمگەكنى قايتا باشلاشقا نەسىھەت قىلدى، پەقەت ئەسلىدىكى رىتىمى بويىچە ئىشلىسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋېلىيامىس ماندېلا بىلەن ئاستىرتىن دوستلۇق ئورناتتى. ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن گوللاند تىلىدا سالام - سەھەت قىلىشاتتى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە سۆھبەتلىشەتتى. ۋېلىيامىس

ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېدى: «ماندېلانىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئالاھىدە، ئۇنىڭ سىياسىي ئىسلاھات جەھەتتىكى تەجرىبىسى مول. مەن ماندېلادىن پۇرسەت تېپىپ قىساس ئېلىش غەرىزىنى بايقىمىغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچكىم مېنى خىجىلچىلىقتا قويمايتتى. بۈگۈندىكى سەۋەب ماندېلانىڭ ئوتتۇرىدا ئارىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدا ئىدى.»

جەنۋە قىزىل كىرېست جەمئىيىتى ئەمەلىيەتتە مەھبۇسلارنى كۆتۈش جەھەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆردى. 1972 - يىلى ئۇلار ياك مولىيان ئىسىملىك بىر يېڭى ۋەكىلنى ئافرىقىغا ئەۋەتتى. ئۆتكەنكى ئۈچ يىلدا ئۇ جەمئىي ئۈچ قېتىم روببېن ئارىلىغا ئاياغ باستى. ئۇ ئېلىلىن سۇسمانىغا ئوخشاش سىياسىيونلاردىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. بىراق، تاش قېزىش مەيدانىدىكى ئەمگەكنىڭ ئاخىرلىشىشىنى، مەھبۇسلارغا تېخىمۇ كۆپرەك ئۆگىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى (ئۇنىڭ بۇ ئىككىلا تەلىپى ئورۇنلاندى). ئۇ يەنە مەھبۇسلارغا خەۋەر ئاڭلىتىشنى تەلەپ قىلدى (ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئاران دېگەندە 1980 - يىلى تەستىقلاندى) 1974 - يىلى ياك مولىيان ئەدلىيە مىنىستىرى جىمى كرۇگىر بىلەن ئەگەر جىددىي بىخەتەرلىك ئېھتىياجى بولمىسا، سىياسىي جىنايەتچىلەرگىمۇ ئادەتتىكى مەھبۇسلاردەك مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇزاكىرىلەشتى. ئۇسال شارائىت سوتچىلارنىڭ جىنايى جازانى ئېغىرلاشتۇرغانلىقىغا باراۋەر ئىدى.

جەنۋەدىكى قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مولىيانىنىڭ دوكلاتىنى يىغىنچاقلاپ، بۇ دوكلاتى پرېتورىيەگە تاپشۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىنكاسى بەكلا كېچىكىپ كەتتى. بۇ ھال مولىياننى ناھايىتى غەزەپلەندۈردى. ئۇ ھەتتا قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ بارلىق چەت ئەل زىيارىتىنى توسماقچى بولدى. ئەگەر ئۇ راستىلا شۇنداق قىلسا،

خەلقئارا جەمئىيەت بۇ ئىشتىن تەۋرەپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا، ماندېلا ئاخىر مولىياننى قايىل قىلدى. ئۇنىڭ ساداقىتى ئاخىر ماندېلاغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى: «سىزگە نىسبەتەن يامانلىقنى يوقىتىش ياخشىلىق قىلىشتىنمۇ بەك مۇھىم ئىكەن.»

1972 ـ يىلى قىزىل كىرېست جەمئىيىتى روببېن ئارىلىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى، ھەربىر مەھبۇسقا ئىككى يۇرۇشتىن يېڭى ئىچ كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. 1973 ـ يىلى كىيىم يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەندى. بىراق، جازا سۇپىتىدە بەزى چاغلاردا ئىسسىق سۇ توختىتىپ قويۇلاتتى. 1975 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەھبۇسلار تۈرمە ھويلىسىغا بىر ۋاقىتلىق سېتكا توپ مەيدانى ياسىدى. ماندېلا ئەمدىلىكتە A گۇرۇپپىغا تەۋە قىلىندى. ئۇ بىر ئايدا ئۈچ پارچە خەت ئەۋەتەلەيتتى، ئىككى قېتىملىق زىيارەتنى قوبۇل قىلالايتتى. بىراق، يۈزتۇرا كۆرۈشۈشكە يەنىلا يول قويۇلمايتتى. ماندېلانىڭ قان بېسىمى بىر ئاز يۇقىرى بولغانلىقتىن، دوختۇرنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇنىڭغا ئالاھىدە كارىۋات ياساپ بېرىلگەنىدى، تۈرمە ئۇنى يەنە سۈت ۋە ئالاھىدە ئېتىلگەن تۇزسىز تائاملار بىلەن تەمىنلەيتتى.

قىزىل كىرېست جەمئىيىتى تۈرمىگە داۋاملىق تۈردە بېسىم ئىشلەتتى، مەھبۇسلارنىڭ تاش قېزىشتىن باشقا ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تاللىشىغىمۇ ئىختىيارلىق بېرىلدى. مەھبۇسلار دېڭىز بويىغا ئېلىپ بېرىلىپ دېڭىز يۇسۇنى يىغدى. بۇ دېڭىز يۇسۇنلىرى ئوغۇت سۈپىتىدە ياپونىيەگە توشۇلاتتى. ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى زىمىستان قىشتا دېڭىز يۇسۇنى يىغىش بەكلا جاپالىق بولسىمۇ، بىراق دېڭىز مەنزىرىسى ۋە قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى كۆرۈپ ماندېلانىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇلار ئۆزلىرى تېرىپ كەلگەن سەدەپ قۇلۇلىسى، چوڭ راك قاتارلىقلارنى شورپا قىلىپ تۈرمە ساقچىلىرى بىلەن بىللە ئىچەتتى.

روببېن ئارىلىغا بارغانسېرى ياش تۈرمە ساقچىلىرى كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ كىچىكى 17 ياشتا ئىدى. يېشى كىچىك بولغانلىقتىن ئۇلار ئاسان تەسىرگە ئۇچرايتتى، شۇ سەۋەبتىن روببېن ئارىلىدىكى سىياسىي مۇھىتتا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. سىياسىي جىنايەتچىلەر بۇ ياش تۈرمە ساقچىلىرىنى تەربىيەلەشكە تىرىشتى. قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشاش ئۈچۈن ئۇلار چوقۇم ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان بۇ قىيىن ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمىسا بولمايتتى. بىراق، ئۇلار قىلغان ئەجىرنىڭ مېۋىسىگە ئېرىشىشتە: بۇ خىل ئېھتىياج تۇپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان سەۋرچانلىق ۋە پاراسەت، شۇنداقلا نىسبەتەن ئازابلىق مۇھاكىمىلەر روببېن ئارىلىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە (قارا تەنلىك) سىياسىي جىنايەتچىلەر ۋە (ئاق تەنلىك) تۈرمە ساقچىلىرى تۇنجى قېتىم (شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ يۇقىرى) جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ياشاش شەكلى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى.

كاترادا ياش تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ ئىش ھەرىكىتى دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنى قايتىدىن ئادەم قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. كاترادا 1971 - يىلى مۇنداق يازدى: «ناۋادا ئۇلار سىياسىي جىنايەتچىلەر بىلەن بىر مەزگىل ئىشلىسە ، ئۇلار مەھبۇسلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ» شۇنداق جەزم قىلالايمەنكى، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسخىرىلىك مەنىگە ئىگە بولغىنى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ قارشى تۇرغۇچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدا تۈرمىدە ناھايىتى يېقىن قېرىنداشلىق مېھرى ئورنىتىلدى. بىز ئۇلار بىلەن يەيدىغىنىمىزنى بىللە يەيمىز؛ ئۇلار بىز بىلەن شەخسىي مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەندە بىزنىڭ رايىمىزغا باقىدۇ. ناۋادا بىر ئەما كىشى بۇ پىچىرلىشىشلارنى ئاڭلىسا، ئۇلار بۇنىڭ مەھبۇسلار

بىلەن تۇرمە ساقچىلىرى ئارىسىدىكى پاراڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قېلىشى تۇرغانلا گەپ.»

ماندېلا كۆپ سانلىق تۇرمە خادىملىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. روببېن ئارىلىغا تۇنجى قەدەم باسقان ساقچىلارنىڭ نەزىرىدە، ماندېلا بىر چولپان ئىدى. بىل نېير مۇنداق دېدى: «ئۇلار ماندېلانى كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ، چۈنكى ئۇلار ماندېلانىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇغان. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، باشلىقلار ئۇلارنى نازارەت قىلمىغان چاغلاردا، بىز تۇرمە ساقچىلىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېگۈزۈپ، سىپتكا توپ ۋە تىكتاك توپ ئوينىتىمىز. بىز ماندېلانى ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ كامېرىدا بىللە ئولتۇرغۇزۇپ، چاي ۋە پېچىنە ـ پىرەنىكتىن بەھرىمەن قىلىمىز، شۇنداقلا ئۇزاق ۋاقىت سۆھبەتلەشتۇرىمىز. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقا گوللاند تىلىدا سۆھبەتلىشىدۇ. گەرچە ماندېلا بۇ تىلدا ياخشى سۆزلىيەلمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان ساقچىلار بىلەن كۆرەش قىلىدۇ.»

ماندېلانىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىگە بولغان پوزىتسىيەسى ناھايىتى قىزىقسىنىش ھالىتىدە ئىدى. ئۇ باشقا مەھبۇسلارنى گەرچە قەلبىدە قانچىلىك قارشىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۇرمە ساقچىلىرى بىلەن گوللاند تىلىدا سۆزلىشىشكە، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. ماخراج مۇندق دېدى: «بىز جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ، ئاق تەنلىكلەر ئەدەبىياتىنى ئوقۇپ، ئاددىي كىشىلەرنى چۈشىنىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق. بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ قانداق مائارىپ تەربىيەسى ئالغانلىقى، شۇ مائارىپ تەربىيەسىنىڭ ئۇلارغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرۇلۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان تۇسالغۇ بار.

ئۇلار قارا تەنلىكلەرگە ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلالمايدۇ.» دەسلىپىدە، ماخراج ئاق تەنلىكلەرگە كەسكىن قارشى تۇرغانىدى. بىراق، كېيىن ئۇ «قارشى تەرەپنىڭ پىسخىكىسىنى چوقۇم چۈشىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى... ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئەدەبىياتىنى، تىلىنى چۈشەنمىسە، ئۇلارنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى» بارا ـ بارا تونۇپ يەتكەنىدى. ماندېلامۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلدى، جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەرگە ئائىت كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇدى، ئاخىردا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشتى.

ماندېلا بىلەن تۇرمە ساقچىلىرى ئارىسىدىكى ئىناق ۋەزىيەت يېڭى كەلگەن ھەربىيلەرنى بەكلا ئەندىشىگە سېلىۋەتتى. مەسىلەن، سونى ۋانكاتراسنام دۇرباندىن كەلگەن تروتىسكىيچى ئىدى. ئۇ، بۇ ئارالغا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا قولغا ئېلىنىپ، ئېغىر قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغانىدى. ئۇ ماندېلا بىلەن تۇرمە ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتتى: «ئەگەر ماندېلا راستىلا يۇقىرىنىڭ ئىلتىپاتىنى سورىغان بولسا، بىزنىڭ ھالىمىز نېمە ئۈچۈن بۇنچە ناچار بولىدۇ؟» ئۇ ماندېلا بىلەن بىر رايوندا سولانمىغانلىقتىن، ماندېلانى پەقەت يىراقتىنلا كۆرەلەيتتى. ئۇ ماندېلانىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ماندېلانى بىر ئىنقىلابچى ئەمەس، دىنىي مىللەتچى دەپ قارىغانىدى: «مەن تۇغۇلۇشىمدىنلا باشقىلاردىن پەرقلىق مەن، ئىشلارغا ئەزەلدىنلا ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن... نېلسون، سىسۇلۇ ۋە باشقا مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئېغىر ـ بېسىق ۋە تەمكىنلىكى مېنى قايىل قىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىز سۆزدە يېڭىلمەيدۇ، باشقىلاردىن

قاقشمايدۇ. ئۇلار ماڭا قىيىن ئەھۋالغا قانداق كۈلۈپ بېقىشنى ئۆگەتتى.» دەسلەپىدە، ۋانكاتراسنام ئۆزىنى خورلىغان ساقچىدىن ئۆچ ئېلىشقا قەسەم ئىچكەنىدى: «ئەمدىلىكتە مەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. ‹بۇ ئەبلەخ ئادىمىلىك جەھەتتە ماڭا پەقەتلا يېتەلمەيدىكەن، شۇنداق بولغانلىقتىن بۇنچىلىك ئىشتىن بىئارام بولۇشۇمنىڭ ھاجىتى نېمە؟» دەپ ئويلىدىم. ھازىر مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق ئادەم دەپ قارايمەن.»

30 نەپەر مەھبۇس ھەر كۈنى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن ھالدا ئايرىم سولىناتتى. كاترادا تۈرمىدە يېتىپ يەتتە يىلدىن كېيىن مۇنۇ قۇرلارنى يازدى: «ھەر كۈنى كىرىپ ـ چىقىشىمدا كۆرىدىغىنىم بىر خىللا چىراي ئىدى. بۇ ھال مېنىڭ قەلبىمدە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە يۆلەنگەندە ھارغىنلىق ھېسسىياتىدا بولاتتۇق. بىز مەھبۇسلۇقتىن ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئاللىقاچان سۆزلەپ تۈگەتكەن، قىزىق پاراڭلىرىمىزمۇ بىر باشقا چىققان، ھەتتا بەزىلىرىنى تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ بولغانىدۇق.» بىراق، ماندېلا ئۇلارغا قىزىقسىنىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. فىكىل بام شۇنىڭغا دىققەت قىلغانىدى «ماندېلا ئىزچىل ھالدا ئۆگەندى، ئۇ دائىم باشقىلار بىلەن ئەھۋال سورىشاتتى. بىزنىڭ بۇ خىل مۇھىتىمىزدا، ئۇ يەنىمۇ يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلالايتتى.»

ماندېلانىڭمۇ بېسىم ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ دوستى فاتىمە مىل ماندېلا ئايرىم جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان چاغدا ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى. «ئۇ چاغدا ماندېلا قارىماققا ناھايىتى ئوسال ۋە ھارغىن ئەھۋالدا ئىدى. مەن ماندېلانىڭ بەستلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بىراق، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى ماندېلا مۇزېيلاردىكى كېپىنەك ئەۋرىشكىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە چىرايى تاتارغان، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالدا ئولتۇردى.»

ھوقۇق دائىرىسىدىكىلەر روببېن ئارىلىدىكى ئاكتىپ

سىمالارنى كىشىلەرگە نامايان قىلماقچىدى. 1973 ـ يىلى كونسېرۋاتىپلار ژۇرنىلى ھېسابلانغان «ئوق ژۇرنىلى»نىڭ ئاۋستىرالىيەلىك مۇخبىرى داۋىد ماكىنكو روببېن ئارىلىغا زىيارەتكە كەلدى. ئۇ تۈرمىدىكى ماندېلانى مۇنداق تەسۋىرلىدى: «ماندېلانىڭ ئۇستىبېشى مۇشۇ ئارالنىڭ مۇھىتىدەكلا پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى.» ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ماندېلا 45 ـ 46 ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى، چىرايى پاكىز، كۆزلىرىدىن پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى، قوللىرىنى «ئېغىر ئەمگەك قىلغاندەك تۇرمايتتى.» مەھبۇسلار بۇ دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشتى. «ئۇ تۈرمىنى جەزمەن بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر كۆز بىلەن كۆزەتتى» دەيدۇ مارك ماخراج. ئۇنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن، مەھبۇسلار تۈرمىدىن مېدىيا ۋاستىلىرى ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشنى، شۇنداقلا ئۆز ئىچىدىن باياناتچى تاللىشىغا رۇخسەت قىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى.

مەھبۇسلاردا يەنىلا تۈرمىدىن قېچىش ئويى بار ئىدى. 17 ـ ئەسىردىن بېرى پەقەتلا ئاشۇ مائو ئىسىملىك بىر مەھبۇس روببېن ئارىلىدىن قېچىپ كېتەلىگەنىدى. بىر قېتىم ئۇلار تۈرمىدىن قېچىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئېشىشتىن ئىلگىرى ئاشكارىلىنىپ قالدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى گېيدىن بۇرۇس قوزغىدى. ئۇ بىر سولچى غايىچى بولۇپ، ماندېلا بىلەن يوھاننىسبۇرگ خەلقئارالىق كۇلۇبىدا تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغانىدى. بۇرۇسنىڭ پىلانى مۇنداق ئىدى. ئۇ تۈرمە ساقچىسىدىن بىرسىگە پارا بېرىش ئارقىلىق ماندېلا روببېن ئارىلىدىن قاچۇرۇۋەتمەكچى ئىدى. ئاندىن بۇرۇس ماندېلانى كاتېر ئارقىلىق كېيپتاۋنغا ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ماشىنا ئارقىلىق ئۇنى ئايرودرومغا ئېلىپ باراتتى. ئاندىن داڭلىق ئايال ئۇچقۇچى ھىللا سكوت ماندېلانى ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ

ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قاتنىشاتتى. بۆرۈس لوندون پوچتا گېزىتىگە بىر ئېلان بېرىش ئارقىلىق ناھايىتى كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، دەرىجىدىن تاشقىرى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىرەيلەننى تاپالىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ بىرسى دەل گېدىن ۋېنت ئىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئىشپىيونلۇق ئورگىنى BOOSنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇ ئورگان بۇ قېتىملىق تۈرمىدىن قېچىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ماندېلا ئايروپىلانغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. بىراق، ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگىنىنىڭ ئەزاسى روبېرت بوررى بۇ پىلاننى ئاشكارىلىۋەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى سۇغا چىلاشقانىدى. ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تېخىچە بۆرۈس بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ماندېلا 1992 ـ يىلى خەۋەر بەرمەستىنلا بۆرۈسنىڭ 70 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولدى.

1974 ـ يىلى مارك ماخراج كېيپتاۋنىدىكى بىر چىش دوختۇرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن قېچىشقا بولىدىغان بىر يولنى بايقىدى. بۇ چىش دوختۇرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ بىر نەپەر قوللىغۇچىسى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. چىش دوختۇرى تۈرمە ساقچىلىرىدىن ماخراجنىڭ پۇتىغا سېلىنغان كىشەننى ئېلىۋېتىشنى، ئاندىن ئوپېراتسىيەخانىدىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ماندېلا بىلەن ۋېلتون مۇكۋاي ماخراج بىلەن بىرلىكتە ئوخشاش بىر چىش دوختۇرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى. ماخراجدا يۈك ماشىنىسىدىن تېپىۋالغان بىر پىچاق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتىغا سېلىنغان كىشەنلەر ئېچىۋېتىلدى، تۈرمە ساقچىلىرىمۇ ئوپېراتسىيەخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. ماخراج دېرىزە ئارقىلىق بىر كوچىغا سەكرەشكە تەييارلىق قىلدى. بىراق، ئۇ كوچىدا بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى

بايقىدى. شۇنداقلا توساتتىنلا ساقچىلارنىڭ مەخپىي جايغا يوشۇرۇنۇۋالغىنىنى گۇمان قىلدى. بۇنداق بولغاندا ئۇلار تۈرمىدىن قاچقان ھامان ئوق يەپ ئۆلەتتى. ماندېلا تۈرمىدىن قېچىش ھەرىكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلدى. كېيىن ماخراج بۇنىڭ ساقچىلارنىڭ پىلانى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ: «ماندېلانى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويغىلى تاس قاپتىمەن» دەيدۇ.

مەنىسىز تۈرمە ھاياتىدا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ بار ئىدى. يەكشەنبە كۈنى ئوخشىمىغان مەزھەپلەردىن كەلگەن پوپلار ئۇلارغا دىنىي مۇلازىمەت قىلاتتى. ماندېلا تۈرمىگە كىرىپ ئۈچ يىل بولغاندا بارلىق پوپلارنىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلاپ بولدى. ئۇ ئەسلىمىسىدە مۇسۇلمان تەبلىغچىنىڭ ئەڭ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكىنىنى ئېيتتى. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان تەبلىغچى ئاللاھىدە كۈنلەردە «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە ھىندىچە مەززىلىك تائاملارنى، ئۈچ بۇرجەك پۆرىلەرنى ۋە ھەر خىل تەملىك تاماقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماندېلا بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ كۆپلىگەن دوستلىرىنىڭ دىنىغا تەسىر كۆرسەتكىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ماندېلا گوللاندىيەلىك پوپ ئاندىئور شېفىر بىلەنمۇ بەكلا دوستانە ئۆتەتتى. بۇ پوپنىڭ قەددى ـ قامىتى ئورۇق بولۇپ، بېشىغا ھەر خىل ئىشلار كەلگەنىدى. ئۇ مەھبۇسلارنى ھەممە مەسىلىنى ئاق تەنلىكلەردىن كۆرمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى. بۇ سۆز ماندېلانىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

ماندېلا روئۇندېر جونىستىن بەكلا ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى، ماندېلا كېلىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرغانىدى. ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دەپ قارىمايتتى. بىراق، ئەنگلىيەلىك پوپ خىيۇس ھەممەيلەننىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ مەھبۇسلارغا دىن تارقاتقاندا تاشقى دۇنيادىكى بەزى خەۋەرلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزەتتى. ئۇ يەنە

چىرچىلنىڭ «بىز دېڭىز ساھىلىدا جەڭ قىلىمىز...» دېگىنىنى نەقىل قىلاتتى. بۇ گەپ ماندېلانىڭ كۆلگۈسىنى كەلتۈرۈۋېتەتتى.

ماندېلانىڭ ئېتىقادى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئىدى. باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەۋزەللىكنى كۆرۈپ يېتىش، كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق پىرىنسىپال مەسىلىلەردە ماندېلادا ئۆزىدە دىنىي تۈس ھازىرلىغانىدى. فىرىدا ماسىۇ قاتارلىق زىيارەتچىلەر ئۇنىڭ خىرىستىيان مۇرىتىغا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپ يەتتى. ماندېلا تېررىف ھېدىرغا ئوخشاش ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە دىنىي ئەرباب بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. «مىسسىيونېرلارنىڭ بويسۇندۇرۇش جەھەتتىكى رولى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى نوسىب ماجىك مىسسىيونېرلارنى تەنقىد قىلغان چاغدا، ماندېلا تېررىف ھېدىر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنى قوغدىدى.

ماندېلانىڭ تۈرمىدىكى ھەمراھلىرى ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن تەسىرلەنگەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز رېئاللىقىغا ئېچىنىپ يۈرمەسلىكنى قارار قىلغانىدى. بارم مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۆزۈمدىن ئېچىنىش ۋە ئۆزۈمنى مەركەز قىلىش كېسىلىم تۈرمىدە ساقايدى.» ھەر قېتىم ئېچىنىشلىق قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغان مەھبۇسلارنى كۆرگەندە ياكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ مەھبۇسلۇق مەزگىلىدە ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار ئۆزىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى تونۇپ يېتەتتى. كاترادا دائىملا خىيۇس تىلغا ئالىدىغان «سەن كىيىدىغان ئايىغىڭ يوقلۇقى ھەققىدە نارازى بولۇپ يۈرگىنىڭدە، بەزى كىشىلەرنىڭ پۇتى يوقلۇقىنى بايقايسەن» دېگەن جۇڭگوچە تەمسىلنى ئەسلەپ قالاتتى. ماندېلا تۈرمىدىكىلەر ئۈچۈن كەڭ قورساقلىق نەمۇنىسى بولغانىدى.

ئەگەر روبىبېن ئارىلىدا ئورتاق مەدەنىيەت ۋە ئورتاق تىل

مەۋجۇت دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ خىل مەدەنىيەت ۋە تىل «قۇرئان كەرىم» مۇ، «ئىنجىل» مۇ ئەمەس، دەل شېكىسپىر ئىدى. «شېكىسپىرنىڭ دائىم بىزگە دەيدىغان گېپى بار» دەيدۇ كاترادا. كاترادا ئىلگىرى شېكىسپىرنى مىللەتچى دەپ مۇنازىرە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى تېزلا رەت قىلىنغانىدى. شېكىسپىر بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلىرىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: «جۇلىيېسكاسار» ئىنقىلاب نەزەرىيەسى دەرسلىكى بولۇشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ جاسارىتى، ئازابى ۋە قۇربانلىق بېرىشى جەھەتتىكى چوڭقۇر چۈشەنچىسى مەھبۇسلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانىڭ بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى ئىشەندۇرەتتى.

ۋانكاترانام شېكىسپىر ئەسەرلىرى توپلىمىنى ئۆزىنىڭ كىتاب جازىسىغا تىزىۋالغانىدى. بۇ كىتابلارنى ھىندى دىنىنىڭ دىنىي رەسىملىرى توسۇپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىمىسىدە: «مەن دىنغا ئىشەنمەيمەن، بىراق مەن دىندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى، دىن بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، بىزنى ئوقۇيدىغان نەرسە بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېگەنىدى. ئۇ ئۆز كىتابلىرىنى يالغۇز كامېرىدا قالىدىغان بارلىق مەھبۇسلارغا ئوقۇتۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئەڭ ياقتۇرغان بابنىڭ ئۈستىگە ئىمزا قويۇپ قويۇشنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئالاھىدە بىر مەھبۇسلار ئىمزا قويۇش توپلىمى شەكىللەندى. كاترادانىڭ تاللىغىنى «ھېنرى IV» تىكى «يۈكسەك شىجائەت بىلەن كەمتۇكلۇككە ئاتلىنىش» دېگەن بابقا ئىمزا قويدى. ۋېلتۇن مۇكۋاي «ئون ئىككىنچى كېچە» دىكى مافرىئو ئېيتقان «بەزى كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇلۇغ» دېگەن بابقا ئىمزا قويدى. گېۋىن مىبېكىمۇ مۇشۇ كومېدىيەنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «ناۋادا مۇزىكا مۇھەببەتنىڭ ئوزۇقى بولۇپ قالسا» دېگەن جايغا ئىمزا قويدى.

مەھبۇسلارنىڭ بارا ـ بارا ھەر خىل تىپتىكى كۆڭۈل ئېچىش

پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشغا يول قويۇلدى. 1967 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇلار زەيتۇن توپ، پالاق توپ قاتارلىق مۇسابىقىلەرنى ئېلىپ بارالايدىغان بولدى. 1971 ـ يىلى بۇ تۈردىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىردەك چەكلەندى. سوت مەھكىمىسىمۇ بۇ بىر تۈرلۈك غەمخورلۇق، بۇنى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى دېيىشكە بولمايدۇ، دەيدۇ. ماندېلانىڭ بۇ خىل مۇسابىقىلەردە ئارتۇقچىلىقى يوق ئىدى. 1975 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۇ ۋىنىنىغا ئۆزىنىڭ شاھمات، دومىنو قارتىسى ۋە سېتكا توپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنى، ئۇتتۇرۇۋېتىشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇنى سېغىنىپ كېتىپ دىققىتىنى يىغالىغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يازدى. بىراق، ماندېلا شاھمات ئوينىغاندا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى. ۋانكاترانام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ھېچكىم نېلسون بىلەن شاھمات ئويناشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىر قول شاھماتنى ئويناپ بولۇشىغا ئۈچ كۈن كېتەتتى. بىراق، بۇنداق بولۇشىنى ئۇنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. بەزى چاغلاردا ماندېلا ناھايىتى ھەيران قالارلىق ھالدا سالماق ۋە ئەقىللىكلىشىپ كېتەتتى.» بىر قېتىملىق شاھمات مۇسابىقىسىدە ماندېلا سالىم ئىسىملىك سابىق مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى بىلەن تۇتۇشتى. مۇسابىقە ئىككى ـ ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. چارچاپ ھېچ ھالى قالمىغان سالىم ئاخىر مۇسابىقىدىن چېكىنىپ چىقتى. كاترادا بۇ ماندېلانىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشى، دەيدۇ. ماندېلا ئۆزىنىڭ شاھمات ئويناش ماھارىتى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەربىر قەدەمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىشىمەن. بۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇل. مەن شاھمات ئويناشتىلا مۇشۇنداق قىلىپ قالماي، سىياسىي جەھەتتىمۇ مۇشۇنداق قىلىمەن.»

مەھبۇسلارنىڭ تۈرمە ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىچىك گۈللۈك بەرپا قىلىشىغا ئاخىر رۇخسەت قىلىندى. ماندېلانىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىق مەنبەسى دەل مۇشۇ گۈللۈك ئىدى. بۇ

گۈللۈك ئۆنىڭغا بىر خىل ئەركىنلىك ۋە ئىجاد قىلىش ھېسسىياتى ئاتا قىلاتتى، ئۇنى ترانسكېيدىكى بالىلىقىغا قايتۇراتتى. ئۇ بەئەينى كراجېبلىيدا ئوقۇۋاتقان چاغدىكى گۈللۈكنى، شۇنداقلا كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان خاررى مەكتەپ مۇدىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى. «ھازىر بۇ گۈللۈك نېلسوننىڭ ئەڭگۈشتىرى، ئۇ گۈللۈككە بەكلا مەپتۇن بولۇپ كەتتى» دەپ يازغانىدى كاترادا 1975 ـ يىلى 11 ـ ئايدا. ماندېلا تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ يېنىدىن گۈل ئۇرۇقى تېپىپ كېلىپ، لالۇ چىبا باشچىلىقىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ياردىمىدە جاپالىق ھالدا گۈل ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى مەشىق قىلدى. كاترادا ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرىپ ـ چىققان، ماسشتاب، ماي قەلەم، بەلگە قويغۇچ ۋە باشقا ئۇسكۈنىلەرنى كۆتۈرۈپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەن ۋە كەڭ كۆلەمدە خاتىرە قالدۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ تۇراتتى. 1975 ـ يىلى يىل ئاخىرىغا بارغاندا ئۇلار 2000 تال مۇچ، 1000غا يېقىن شوخلا، يەنە سەۋزە، باش پىياز قوغۇن ۋە 2000 دانە تاۋۇز مول ھوسۇل ئالدى. ماندېلا ئوغۇت يىغىش ئۈچۈن، ھەر قېتىم گۆش يېگەن چاغدا گۆشنىڭ سۆڭىكىنى ساقلاپ قويۇپ، سەپداشلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ سۆڭەكلەرنى تالقان قىلاتتى. ئادەم كۈچى يېتىشمىگەندە ئۇ چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ئوغۇت قىلىشنى ئويتۇرىغا قويدى. بۇنداق قىلىش تېخىمۇ ئاسان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەھبۇسلار تۈرمە ھويلىسىغا يوغان بىر ئورەك كولاپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى تەرەت قاچىسىدىكى تەرەتنى شۇ ئورەككە تۆكتى. كاترادا مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىلا كىشىنىڭ بۇنداق سېسىق پۇراققا بەرداشلىق بېرەلىشى تەس ئىدى، ئۇلار بۇ ئۇسۇلدىن تېزلا ۋاز كەچتى.»

مەھبۇسلارنىڭ ھەممىدىن بەك قەدىرلەيدىغىنى ئۆگىنىش پۇرسىتى ئىدى. ماندېلا باشتىلا تۈرمە باشلىقىغا «تۈرمىگە ئۇنىۋېرسىتېت مۇھىتىنى ئېلىپ كېلىش» تەكلىپىنى

بەرگەنىدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ خىل مۇھىت مەھبۇسلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. تاش قېزىش مەيدانىدا مەكتەپ مۇھىتى بەرپا قىلىندى. گەرچە قىزىل كىرېست جەمئىيىتى بۇ يەرنى «قىزىل كىرېست ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتاشنى بەكرەك خالىسىمۇ، مەھبۇسلار بۇ يەرنى «روببېن ئارىلى ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتىدى. مەھبۇسلار بۇنى ئۆز غەلىبىسى دەپ قارايتتى. ئۇنىۋانغا ياكى ئىقتىدارغا ئىگە ھەرقانداق بىر مەھبۇس دەرس ئۆتسە بولاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۇلار تاش قېزىش مەيدانىدا ئۆتۈلمەكچى بولغان دەرسلىرىنى پىلانلايتتى. ئۇلار ھەتتا دەرسلىك بىلەن جاپالىق جىسمانىي ئەمگەكنى بىرىكتۈرسە بولاتتى: «كىشىلەر بىر تەرەپتىن جوتۇ چېپىپ، گۈرجەك تۇتسا، بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتەتتى ياكى لېكسىيە سۆزلەيتتى» دېدى ئالېكساندىر. بىراق، ئەمگەكتىن سىرت ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىش تېخىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇلار كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قۇملۇق يەرگە رەسىم سىزدى. فىكىل بام ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئەمگەك مەيدانىمىزغا كەلسىڭىز ئەمگەكنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىنى، ھەرقايسى كىچىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئوخشىمىغان جايلارغا غۇژمەك بولۇۋالغىنىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلارنىڭ دەرس ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىسىز.»

ماندېلا سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق دەرسى ئۆتەتتى. بۇ پەننىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى جەمئىيەت تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتىدىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە، ئاندىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە يۆتكىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ماندېلا سوتسىيالىزمنى ئەڭ ئىلغار باسقۇچ، دەپ قارايتتى. ماندېلا دەرس ئۆتكەنگە سېلىشتۇرغاندا، مۇھاكىمە قىلىشنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى: ئوقۇغۇچىلارنى سوئال سوراشقا ئىلھاملاندۇراتتى؛ بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆز نۇقتىئىنەزەرى توغرۇلۇق چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىنى

تېزلەتتى. بوسۋانالىق ئەركىنلىك جەڭچىسى مايكول دىنجاك بۇ ئارالدا ئىككى تۇرلۇك ئۇنۋانغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ماندېلا مۇنازىرىگە قاتناشقان چاغدا ھېرىپ - چارچاشنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ مۇنازىرىدە بەكلا رەھىمسىز ئىدى، دائىم رەقىبىنىڭ چىشىغا تېگىپ قوياتتى. «ماندېلا سوقراتنىڭ مۇنازىرە ئۇسلۇبىنى ئاززاق ئىسلاھ قىلىپ، باشقىلار بىلەن مۇنازىرىگە چۈشكەندە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەتتى. ئۆزىدىن يېنىش - يېنىشلاپ سوئال سورىلىشىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. يېنىش - يېنىشلاپ سوئال سورالغاندا، كىشىنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىلىرى ئاشكارا بولىدۇ. مەن بىرنەچچە قېتىملىق مۇنازىرىدە ماندېلا مېنىڭ رەسۋايىمنى چىقىرىپ، يۈزۈمنى يەر قىلىۋەتتى. بىراق، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ خىل كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ خىل كەچۈرمىشلىرىم ماڭا مەسىلىلەرگە ئىككى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولاتتى.»

بەزى مەھبۇسلار روببېن ئارىلىغا ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا ئاساسەن دېگۈدەك ساۋاتسىز ئىدى. شۇڭلاشقا مەھبۇسلار ئارا مائارىپ تەربىيەسى دەسلەپتە غەيرىي رەسمىي ھالدا ئاغزاكى ئېلىپ بېرىلدى: «بىز پەقەت ئۆزئارا پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىز بىلىدىغان سىياسەت، تارىخ ۋە تىل بىلىملىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشاتتۇق» دەيدۇ ئالېكساندىر ئەسلىمىسىدە. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي كۆپچىلىك مەھبۇسلاردا كىتاب ئوقۇپ خاتىرە قالدۇرۇش جەھەتتە كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولدى. گوۋان مىبېكى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئوقۇتۇشنى ئەڭ ئاددىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن باشلىدۇق، چۈنكى كۆپىنچە مەھبۇسلار مائارىپ تەربىيەسى ئېلىپ باقمىغان بولغاچقا، چوقۇم نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. روببېن ئارىلىدىن ئايرىلغاندا

كۆپچىلىك مەھبۇسلار ئائىلىسىگە خەت يازالايدىغان ھالەتكە يەتتى...» پانئافرىقىلىقلار مەجلىسىدىكى ئاكتىپ شەخس دىيگىس موسانىناك 1963 - يىلى روببېن ئارىلىغا كەلگەندە كىچىك بالا ئىدى (كېيىن ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باش لىدىرى بولدى)، ئۇ ئۆزى سولانغان رايوندىكى ھەممە كىشىنىڭ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كىتاب ئوقۇپ، خەت يازالايدىغان ھالغا يەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىن ئوقۇلىدىغان مەكتەپلەردە رەسمىي يوسۇندا ئوقۇدى، تۈرمىنىڭ سىرتىدا ئۇلار بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەيتتى. بىر قىسىم ياش تۈرمە ساقچىلىرىمۇ بۇ خىل مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. تۈرمە باشلىقى پولكوۋنىك ۋېلىيامىس ئەسلىمىسىدە «نۇرغۇن كىشىلەر روببېن ئارىلىغا ئۆزى خالاپ كەلدى. تۈرمە ساقچىلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئالىي مەكتەپ ئىدى.» تۈرمىنىڭ ئۆگىنىش تارمىقىغا مەسئۇل ئوبۇل دۇتوت ئەسلىمىسىدە ماندېلانىڭ «مەھبۇسلارغىمۇ، تۈرمە ساقچىلىرىغىمۇ قويغان تەلىپى بەك قاتتىق ئىدى» دەيدۇ. ئوبۇل ماندېلاغا ئۆزىنىڭ پەقەت جەنۇبىي ئافرىقا تىلىنىلا ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ماندېلا ئۇنىڭغا: «ئوفىتسېر ئەپەندى، سىز ئۆزىڭىزدىن نومۇس قىلىشىڭىز كېرەك. مەن كاسار مىللىتىدىن بولۇشۇمغا قارىماي جەنۇبىي ئافرىقا تىلى بىلەن گوللاند تىلىنى ئۆگەنگەنمەن» دەيدۇ.

دۇنيادىن خالىي مۇھىت مەھبۇسلارنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇلار شەھەر تۈرمۇشىنىڭ ئېلان، ژۇرنال ۋە شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىمايتتى. خېرىلىنج بۇ ئامىللارنى «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ۋەيران قىلغۇچىسى» دەپ ئاتىدى. يازما ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقتىن مەھبۇسلار ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە تايانمىسا بولمايتتى. بىراق، كۆپ ساندىكى مەھبۇسلار ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن شېئىرلارنى ئەسلىيەلىگەنلىكىنى بايقىدى.

ھەتتا نېۋىر ئالېكساندىرغا ئوخشاش ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان بىر سىمۇ روببېن ئارىلىغا كەلگەندىن كېيىن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاشقانلىقىنى بايقىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆگەنگەن ھەممىلا بىلىملىرىنى خاتىرىلىۋېلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داۋاملىق مۇنازىرىگە قاتنىشالىغانلىقتىن ئۇنىڭ تەپەككۇرى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەنىدى: «ئەگەر سىز تەپەككۇرىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكىلىششى ۋە سىستېمىلىششىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا نېلسونغا ئوخشاش كىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق بۇ نىشانىڭىزغا يېتەلەيسىز.»

ماندېلا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى بىلەتتى. بەزى چاغدا ئۇ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىراق، روببېن ئارىلىدىكى غەيرىي رەسمىي قانۇنىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇنىڭ قانۇنىي تەپەككۇرى تېخىمۇ بەك ئۆتكۈرلەشتى. ئۇ ھەرقايسى مەھبۇسلارغا سوتتا قانداق ئەرز قىلىش توغرۇلۇق يېتەكچىلىك قىلدى، ھەتتا تۈرمە ساقچىلىرىغا ئۇلارنىڭ قانۇنىي مەسىلىلىرى توغرۇلۇق ياردەم بەردى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ھەر خىل نۇقتىئىنەزەرلەرگە بولغان قىزىقىشى مۇشۇ چاغدا يېتىلگەنىدى. «ئۇ يىلدىن - يىلغا ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھ قىلىپ تۇردى، تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا ئانچە چوڭقۇرلۇق يوق ئىدى، تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەپەككۇرى چوڭقۇرلاشتى» دەيدۇ فېكىل بام.

روببېن ئارىلىدىكى كۈچلۈك ئىنتىزام روببېن ئارىلىدا ئوقۇش پۈتكۈزگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان ئۆزىگە ئىشىنىش ئاتا قىلدى. تارىخشۇناس تام كارىس ۋە گېيل گېيخاتىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «بۇ بىر خىل

مەدەنىيەت، ئۇ سەپداشلار ئارا دوستلۇق، ھەمكارلىق، ئۆگىنىش پۇرسىتى، كەسكىن مۇنازىرە ۋە سىياسىي كەڭ قورساقلىق شەكىللەندۈرگەنىدى.» دەل مۇشۇ خىلدىكى ماندېلانى ئۇلگە قىلغان ئورتاق مەدەنىيەت 20 يىلدىن كېيىنكى ھوقۇقنىڭ تىنچلىققا ئالمىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

تاش قېزىش مەيدانى بىر مەكتەپ بولۇپلا قالماي، يەنە بىر مۇنازىرە كۇلۇبى ئىدى. ئۇلار تۈرمىگە سولىنىپ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ مەھبۇسلارنى باشقۇرۇشى ئۈنچىۋالا قاتتىق بولۇپ كەتمىدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن پاراڭلىشالايدىغان بولدى. ماندېلا ئوغۇل بالا خەتنىسىنى قىلدۇرۇشى كېرەكمۇ؟ ئافرىقىدا شىر بارمۇ؟ تۈرمىدە ھەمجىنسلار مۇھەببىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ دېگەندەك ھەر خىل پاراڭلارغا ئىشتىراك قىلاتتى. بىراق، ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى مۇنازىرىلەرگىلا ھەقىقىي تۈردە جەڭ ئېلان قىلاتتى. ئايرىلغان رايوندىكى ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدىغان تۆت نەپەر ئالىي رەھبىرى ئارىسىدا دائىملا پىكىر ئىختىلاپى بولۇپ تۇراتتى. دېرانسۋادىن كەلگەن ماندېلا ۋە سىسۇلۇ بىلەن شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدىن كەلگەن گېۋۇن مېبكى ئارىسىدا دائىملا پىكىر ئىختىلاپى يۈز بېرەتتى. گېۋۇن مېبكى ماركسىزمچى بولۇپ، دائىم بىردەكلىك ھاسىل قىلىشقا تاقەت قىلالماي تۇرالمايتتى. بىراق، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىلىدىغان ئاساسلىق ئاۋارىچىلىك يەنىلا ھاررى گېۋالادىن كېلەتتى. ئۇ ناتال رايونىدىن كەلگەن بولۇپ، سادىق كوممۇنىزمچى ئىدى، ئۇنىڭ لەقىمى «ئوتتۇرا رايونلارنىڭ شىرى» ئىدى. ئۇ ئىنچىل ھالدا ئوپچە كامىرغا سولاندى. ئۇ «ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيەسى» گە ئائىت لېكسىيە تەشكىللىگەنىدى.

1975 ـ يىلى روببېن ئارىلىدىكى سولچى كۆچلەر، بولۇپمۇ

گېۋالانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ماندېلانىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا باشلىدى. كۆپچىلىك مەھبۇسلار ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ تۆت نەپەر رەھبىرىنى ئۆزىنى تەنقىد قىلىش روھىغا ئىگە ئەمەس، دەپ تەنقىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى مەسىلىلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. فىكىل بام B رايوندىكى 70 پىرسەنت ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ماندېلانى قوللايدىغانلىقىنى، بىراق ئۈچچە كامىرلاردىكىلەرنى ھېسابقا ئالغاندا، ماندېلانىڭ پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭلا قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1975 ـ يىلىدىن كېيىن، بىۋاستە كىرىزىس ئۆتۈپ كەتتى. ئەزالارنىڭ ھەممىسى ماندېلانىڭ رەھبەرلىك ئورنى مەسىلىسىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئاخىر كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغانلار كەسكىن ھۆكۈم چىقاردى. بىراق، 1977 ـ يىلى گېۋالا روببېن ئارىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تالاش ـ تارتىش قايتا كۆتۈرۈلدى.

ماندېلا ترانسكېيغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، ۋېۋورد ھۆكۈمىتى ترانسكېينى بانتۇستان ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر «مۇستەقىل تەرەققىيات ئۈلگىسى» قىلىشقا تەييارلانغانىدى. ماندېلا تۇنجى قېتىم تۈرمىگە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 1962 ـ يىلى بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، كېلىش ئالدىدا تۇرغان ترانسكېي سايلىمىغا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ماندېلا بۇ قارارغا قارشى تۇردى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى مەجبۇرىي ھالدا ئېلىپ بارسا بولمايدۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەر ۋېكتور پىتو رەھبەرلىكىدىكى ئۆكتىچىلەر گۇرۇھىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، پرېتورىيەنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان كايسېر نامزات ـــ ماندېلانىڭ جىيەنى كايسار ماتانزىماغا جەڭ ئېلان قىلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ماندېلا يەنە ئافرىقىلىقلار

مىللىي مەجلىسى سايلام ئارقىلىق بارا ـ بارا ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇپ چىقالايدۇ، ئاخىردا بانتۇستان تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈشكە ئامالسىز قالىدۇ، دەپ قارىدى.

1969 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ كۆزقاراش روببېن ئارىلىدا قايتا باش كۆتۈردى. ئەينى چاغدا ماندېلا بىلەن گېۋېن مېبكى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. بۇ ھال ۋاقتى ئۇزاق، مەزمۇنى ئىنچىكە مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ماندېلا بىلەن مېبكىنىڭ مۇناسىۋىتى مەلۇم مەزگىل جىددىيلىشىپ كەتتى. كوممۇنىزم چىچىلار ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تروتىسكىيچىلىرى سايلامغا قاتنىشىش كىشىلەرنىڭ قوراللىق كۆرەشتىن دىققىتىنى بۇرىۋېتىشى ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى. ماندېلا سايلامغا قاتنىشىشنىڭ خەتىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، سايلام خەلق ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىدى. بىراق، ماندېلا 50 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چوقۇم ئەمەلىي ئىش قىلىشى، سايلامدىن پايدىلىنىپ دېھقانلار رايونىدا قوللىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ سۇۋېتلىكلەرنىڭ «ئىرقلار قوشۇلسا دەريا بولۇر» دېگەن تەمسىلىنى نەقىل كەلتۈردى.

ماندېلا تېخىچە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق مەسىلىسىدە مۇرەسسە قىلىشنى رەت قىلدى. 1974 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىر نەپەر چاقىرىلمىغان مېھمان ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ ئىچكى كابىنېت ئەدلىيە مىنىستىرى جىم كرۇگىر ئىدى. دەسلەپتە كرۇگىر ماندېلاغا ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم سەپداشلىرىغا قوراللىق كۆرەشكە قارشى تۇرۇشنى نەسىھەت قىلدى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تارىخى ۋە «ئەركىنلىك نىزامنامىسى»نى ئاساس قىلىش ئارقىلىق كرۇگنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بىراق، كرۇگ «ئەركىنلىك نىزامنامىسى»نى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ماندېلانى تېخىمۇ چۆچۈتۈۋەتكىنى، كرۇگ ھەتتا

جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مارك ماخراج «كرۇگ بىزنى يەڭمەكچى بولدى. بىراق، ئۇ ماندېلاغا يېڭىلىپ قالدى.» كرۇگ يەنە ماندېلاغا ترانسكېي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئويلىشىپ بېقىشنى ئېيتتى. ھازىرقى ترانسكېي ھۆكۈمىتى ماندېلانىڭ جىيەنى ماتانزىما دىكتاتۇرا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. كرۇگ يەنە ناۋادا ماندېلا ترانسكېيغا بېرىپ تۇرسا، تېزدىنلا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى. ماندېلا سەپداشلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا قىلچە ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بېرىپ مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش سىياستىنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇنى ھەرگىزمۇ قوللىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر ئايدىن كېيىن ماندېلا قايتىش ئۈچۈن تەمشەلگەن چاغدىمۇ، جاۋابىنى يەنىلا ئۆزگەرتمىدى. ماندېلا كرۇگنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپلا سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلاندى. ئۇنىڭ بۇ گۇمانى ئۇزاققا قالمايلا ئىسپاتلاندى. كرۇگ ماندېلانى ھەقىقىي يوسۇندىكى كوممۇنىست، دەپ پارلامېنتتا شىكايەت قىلدى.

ئەمدىلىكتە ماندېلانىڭ تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە قىلىشقا تېخىمۇ يېتەرلىك ۋاقتى بار، ئۇ ئۆز تەپەككۇرى ۋە مۇلاھىزىلىرىنى ئۆز تەرجىمىھالىغا كىرگۈزدى. بۇ سىسۇلۇ بىلەن كاترادانىڭ ئويى ئىدى. ماخراجمۇ بۇنداق قىلىشنى قوللىدى، شۇنداقلا ماندېلانىڭ 60 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە بۇ تەرجىمىھالنى نەشر قىلدۇرۇش ئارقىلىق، چەتئەللەردىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ئىلھام بېرىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كېرەك بولغاندىن سىرت، بۇ كىتاب يەنە زور دەرىجىدە زېھىن تەلەپ قىلاتتى. تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشى بوشىغان چاغدا كىتابنى يېزىش بىر ئاز ئاسانلىشاتتى. ماندېلا كۈندۈزلىرى ئازراق ئۇخلىۋېلىپ،

ئاخشاملىرى زېھنى ئۇرغۇغان ھالدا يېزىقچىلىققا كىرىشەتتى. ئۇ تۆت ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق، يۇقىرى ھەجىملىك تەرجىمىھالىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. ئۇ كىتابىنىڭ بابلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «بىراق، نازارەتچىلەردىن بىرسى قىزىقسىنىش ھېسسىياتىدا كارىدوردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، پات ـ پاتلا مەن بار كامېرغا بېشىنى تىقىپ، مەن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قوياتتى. مەن ناھايىتى زور بېسىمغا تاقابىل تۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرجىمىھالىمنى پۈتكۈزۈش مۇددىتى ئاللىقاچان ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغانىدى. ھەر كۈنى بىر ۋاراق يېزىپ تۇرمىداشلارغا چىقارتقۇزاتتىم، يازغانلىرىمنى شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيتتىم.»

بۇ جانلىق تەرجىمىھالدا ماندېلا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ترانسكېيدىكى بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈرەش، يىغىن ۋە سوتتا زىممىسىگە ئېلىش كېرەك بولغان، بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقان مەسئۇلىيەتلىرىنى تەسۋىرلىدى. ئايرىۋېتىلگەن رايوندىكى كامېردا ماندېلا ھازىرقى كۈرەش ئەھۋالىنى ئوچۇق بايان قىلدى. بۇ ئافرىقىلىقلارنىڭ قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ، قايتا ئازادلىققا ئېرىشىدىغان پەيتى ئىدى. بىراق، بەزىلەر بۇ مەيدان كۈرەشنى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك، دەپ قارايتتى. ماندېلا بۇ خىل خاتا كۆزقاراشقا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزىتىش بەردى.

ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى ئەنە شۇ يەردە، ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئوشمائودىن لۇتۇلىغىچە بولغان مىللىي قەھرىمانلىرىمىز، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزدىكى بارچە خەلق ئىزچىل ھالدا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. گەرچە دائىم ھەر تۈرلۈك ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولساقمۇ، بىراق بىز ئۇنى غىچىرلاپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلدۇق. بىز ئۇنى ھامان بىر كۈنى تولۇق ئايلىنىدۇ دېگەن ئۈمىدتە ۋە شۇنداق

ئىشەنچتە. بىز ھاكاۋۇر كىشىنى كەمتەرلەشتۈرۈشكە، پەس كۆرۈلىدىغان كىشىنى بۈيۈكلەشتۈرۈشكە ئىشەنچ قىلالمايمىز. ياق — بىز دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرنى يۇقىرى - تۆۋەنلىكتىن خالىي ھالدا تەڭپۇڭ تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ماندېلا ماخراجغا ھەر كۈنى ئون بەتلىك قول يازما تاپشۇردى. ماخراج بىر پارچە سېلىنچىنىڭ ئاستىدا تۈگۈلگىنىچە ماندېلانىڭ يازغانلىرىنى بىر كىچىك ۋاراقچىگە كۆچۈرۈپ، كۆچۈرۈۋالغانلىرىنى كىتابىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قوياتتى. ئۇ 1976 - يىلى جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن بۇ قول يازمىلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلغانىدى. كاترادا ماندېلانىڭ ئەسلىي قول يازمىسىنى زاپاس ساقلاپ، سەپداشلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ قول يازمىلارنى ئۈچ دانە سولياۋ قاچىنىڭ ئىچىگە سېلىپ تۇرمىنىڭ ھويلىسىغا كۆمۈپ قويدى. بىراق، بىر تۇركۇم مەھبۇسلار شۇ جايدا يېڭى سېلىنماقچى بولغان تامنىڭ ئۇلىنى قېزىۋاتقاندا ئاپەت يۈز بەردى. ماندېلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئامال قىلىپ ئىككى قاچىدىكىنى كۆزدىن يوقاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۈچىنچىسى بايقىلىپ قېلىپ كوماندىرغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

بۇ ئىش بولۇپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، تۇرمە باشلىقى 1977 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يۇقىرىغا بىر پارچە مەخپىي دوكلات يازدى. ئۇ چۈشەندۈرۈش بېرىپ، «قارشى ئېلىنمايدىغان بۇ قول يازمىلار» نىڭ بايقىلىپ قالغىنىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي ئافرىقا ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بۇ قول يازمىدىكىسىنىڭ ماندېلانىڭ پوچېركىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانلىقىنى، ماخراج بىلەن كاترادانىڭ قول يازما ئۈستىگە تولۇقلىما يازغىنىنى بايان قىلدى. ئۇ، بۇ ئون بابلىق دوكلاتىدا ماندېلا ۋە ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۈچرىشىشىنى، شۇنداقلا ماندېلانىڭ پىرىزىدېنت

ۋوستېرنى تەنقىدلىگەنلىكىنى تەكىتلىدى. تۈرمە باشلىقى بۇ ئەسەرنىڭ «جەزمەن ماندېلانىڭ باشقا بىر دېلوسىنى ئاقلايدىغانلىقى»غا ئىشىنەتتى. بۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايتتى، چۈنكى ماندېلا ئاللىقاچان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنسىز جىنايەت بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. تۈرمە باشلىقى مەھبۇسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن بىرىلگەن قەغەزلەرنى ئىشلەتكىنىنى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ھوقۇقى بەلكىم مەڭگۈلۈك بىكار قىلىنۋېتىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە ماندېلا، سىسۇلۇ ۋە كاترادالارنىڭ ئۆگىنىشنى توختاتقىنىغا ئاللىقاچان تۆت يىل بولغانىدى.

ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىش بۇ قېتىملىق تەۋەككۇلچىلىك سەۋەبىدىن تۆلەنگەن ئېغىر بەدەل، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قايغۇلۇق ئىش بولدى. ماندېلانىڭ قول يازمىسى 1976 ـ يىلى ماخراج تەرىپىدىن مەخپىي ھالدا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.

ماخراج بۇ قول يازمىلارنى لوندونغا ئېلىپ باردى. لوندوندا ئۇلار بۇ قول يازمىلارنى قايتىدىن باستۇرۇپ چىقىرىپ ئولىۋېر تامبوغا تاپشۇردى. بۇ قول يازمىنى كۆرگەنلەر كۆپ ئەمەس ئىدى. بىراق، جوئى سىلوۋ ۋە يوسېف داۋۇدىن ئىبارەت سۇرگۈندىكى ئىككى كومپارتىيە ئەزاسى ماخراجغا ئېنىق قىلىپ، بۇ قول يازمىلاردا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۈرەشتىكى «رولى» ئوچۇق يېزىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. قول يازما 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت نەشر قىلىنمىغان ھالەتتە ساقلىنىپ قالدى. كاترادا 1989 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ تەرجىمىھالنىڭ يەنىلا نەشر قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ، خېتىدە: «مەن ناھايىتى ھەيران قالدىم، ئۈمىدسىزلەندىم، ئازابلاندىم» دەپ يازدى. 1994 ـ يىلىغىچىلىك ماندېلانىڭ «ئۇزاققا سوزۇلغان ئەركىنلىك يولى» ناملىق تەرجىمىھالىنىڭ ئاران ئۈچتىن ئىككى قىسمى يېزىپ پۈتكۈزۈلگەنىدى.

70 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روبىبېن ئارىلىدىكى كۆپ ساندىكى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى نېيۋىر ئالېكساندىر ئېيتقاندەك «قارشىلىق كۆرسىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش»تىن ئىبارەت ھەرىكەت ۋە ھەمكارلىق پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلدى. ھوقۇقدارلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، سەۋرچانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش ئالدى بىلەن تاللايدىغان ئامال ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار ھەرگىزمۇ باش ئەگمەيتتى، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن قەتئىي ۋە ئەدەپلىك ھالدا قوپال ھەرىكەتلەرنى توساتتى.

ماندېلا باشقا مەھبۇسلارغا ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيى ھەر كۈنلۈك جىددىيچىلىك ۋە خورلۇقنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلاتتى، شۇنداقلا ئۇ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالغان» ئىدى. ماندېلا مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدىن كەلگەن بېسىملاردىن ئەمدىلىكتە قورقماس بولغىنىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار قورقۇش سەۋەبلىك دائىم نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلىرىنى قىلالمايتتى: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز زالىملاردىن، تۈرمىدىن، ساقچىلاردىن ۋە ئارمىيەدىن قورقمايدىغان بولغىنىڭىزدا، ئۇلار سىزنى چەكلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. بۇ چاغدا سىز ئەركىن ـ ئىختىيارىي بولىسىز، زىيانكەشلىككە ئۇچراشنى ئويلاپمۇ قويمايسىز، ئازابلىنىسىز ۋە خورلۇق ھېس قىلىسىز. بىراق، نېمىلا دېيىشتىن قەتئىينەزەر بۇلار ئۆز نۇقتىئىنەزەرىڭىز ۋە پىكرىڭىزنى قوغداش يولىدىكى تۆلىمىسىڭىز بولمايدىغان بەدەل ھېسابلىنىدۇ.»

مارك ماخراج 1976 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ماندېلانىڭ ئىدىيەسىنى بايان قىلدى. ماخراجنىڭ قارىشىچە، كەسكىن كۈرەش پەيتىدە ماندېلاغا نىسبەتەن ئەڭ رەھىمسىز جازا دەل ئۇنىڭ سىرت بىلەنلا تەدبىر بەلگىلىشى ئىدى: «سىز قاراپ تۇرغىنىڭىزنى تەن ئېلىشىڭىز، سەپداشلىرىڭىزغا ئىشىنىشىڭىز

كېرەك.» ماندېلانىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيەسى بارغانسېرى قاتتىق ۋە مۇستەھكەملىنىپ كەتتى. ئۇ قوراللىق كۈرەشنى ئەركىنلىكنىڭ يادروسى، دەپ قارايتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالسا، خەلقئارالىق ئىمبارگونىڭ «ناھايىتى چوڭ سەلبىي رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ماخراج ماندېلانىڭ «دۈشمىنىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى» كۆرۈپ يەتتى. ماندېلا پرېتورىيەدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى كۆزىتىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ كومپارتىيەنىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى پارچىلىۋېتىشىدىن ھەرقاچان مۇداپىئە ھالىتىدە تۇراتتى.

ماخراج باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ماندېلانىڭ جەڭگىۋار روھىدىن ئىلھاملاندى. بىراق، ئۇنىڭ قىزغىن ھېسسىياتى ئۇنى خاتا يېتەكلەپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ماخراج ماندېلانىڭ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى تېزدىنلا تونۇپ يەتتى. بىراق، شۇ چاغلاردىمۇ ماندېلا ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىق ساقلاپ كەلگەنىدى. ماندېلا ئۆز كەيپىياتىنى كونترول قىلالايتتى، بىراق ماندېلانىڭ كەڭ قورساق ۋە ئەدەپلىكلىكىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ «پولاتتەك ئىرادىسى» مەۋجۇت ئىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمە ھاياتى بۇ خىل تۇزۇلمىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى بارغانسېرى يۇقىرىلىتىۋەتتى. بىراق، ئۇ ئەزەلدىن بۇ خىل غەزەپنى چىرايىدا ئىپادىلىمەيتتى. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى بارغانسېرى ئىللىقلىشىپ كەتتى. بۇ خىل تۇزۇلمىنىڭ جىنايەتكارلىقى توغرۇلۇق توختالغاندا، ئۇلار تېخىمۇ سوغۇققان، تەھلىل قىلىشتا تېخىمۇ ماھىر بولۇپ كېتىدۇ.

ماندېلا بۇ خىل باھانى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى غەلىبىلىك ھالدا كونترول قىلىۋالدى. كۆپ ساندىكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ئاقىلانىلىكىنى ۋە

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى داۋاملاشتۇردى. «سىز بۇ خىل ۋەزىيەتكە يۈزلەنگىنىڭىزدە، كاللىڭىز چوقۇم سەگەك بولۇشى كېرەك. ناھايىتى ئېنىقكى، ناۋادا سىز سوغۇققان، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن ھالەتنى ساقلىيالىسىڭىز تەپپەككۇرىڭىز ئويچۇقلىشىدۇ. ناۋادا كاللىڭىز قالايمىقانلاشسا، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىسىز.»

بىراق، ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ ئازابلىق جەڭ ئېلان قىلىش ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن كەلدى. ئائىلىسىگە يۈزلەنگىنىدە ماندېلا ئۆز ھېسسىياتىنى چەكلەشكە ئامالسىز قالدى.

# 17. ئايال غوجايىنلىقتىن ئايال جەڭچىلىككىچە

(1962 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە)

ماندېلا تۇرمىداشلىرى ۋە تۇرمە ساقچىلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتالىسىمۇ، بىراق ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ بەكلا قىيىنلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. تۇرمە ھاياتى سەۋەبلىك ئۇ ئائىلە تۇرمۇشى جەھەتتى چوڭ بەدەل تۆلىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئائىلىسى شەكىللىنىش باسقۇچىدا ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارا ـ بارا ئۇنى ئىنسانىي تۇيغۇسى يوق ئەپسانە، دەپ قاراشقا باشلىدى.

ماندېلا باشتىن ـ ئاخىر ئوغۇل ـ قىزلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان، يۈكسەك ئىرادىلىك ئاتا بولۇپ كەلدى. ئۇ باللىرى ئۈچۈن ناھايىتى يۈكسەك مائارىپ نىشانى تۈزۈپ بەردى. باللىرى بۇ نىشانغا يېتىشنى بەكلا مۈشكۈل دەپ قارايتتى. ماندېلانىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرسى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئائىلىسىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ۋە نوپۇزلۇق ئىدى. ئۇ كىنىندى جەمەتىدەك خانىدانلىققا ئېھتىياجلىق ئىدى.» تۇرمە ھاياتى ماندېلا بىلەن پەرزەنتلىرى ئارىسىنى تېخىمۇ بەك يىراقلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن بىللە، ئىككى تەرەپنى سىغىشالماس قىلىۋەتكەندى. باللارنى ماندېلا بەك كۆپ يوقلاپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇنى كۆرگەندە يات ئادەمنى كۆرگەندەكلا

بولاتتى. ماندېلانىڭ ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشقا ئامالى يوق ئىدى. باللار چوڭ بولۇپ، ھەر ياقلارغا تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا دىققەت قىلىپ بولالمايتتى. ماندېلانىڭ ئايالى ۋە باللىرىغا يازغان خېتى ئۇنىڭ سىياسىي خەت - چەكلىرى ۋە باياناتتىن پەرقلىق ھالدا كۈچلۈك ھېسسىياتقا تولغانىدى. ئۇ ئائىلىسىگە يازغان خەتلىرىدە ئائىلىسىنىڭ ئۆزىدىن بارا - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئازابىنى ئىپادىلىدى.

ماندېلا روببېن ئارىلىغا كېلىشتىن بەش يىل ئىلگىرى، ئىككى خىل ئائىلە تىراگېدىيەسىگە دۇچ كەلدى. 1968 - يىلى ئۇنىڭ سىڭلىسى مارىي، ئىككىنچى ئوغلى ماكزاتو ۋە قىزى مىنگ ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسىنى ئېلىپ تۇرمىگە ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ماندېلا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئانىسى بىلەن رېۋونىيە سوتىدا قىسقا ۋاقىت يۈز كۆرۈشكىنىدە، ئۇنىڭ ئانىسى بەللىرى مۈكچەيگەن، ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن ھالەتتە ئىدى. تۇرمە ساقچىسى ماندېلانىڭ مارىيغا پەس ئاۋازدا ئانىسىنىڭ بۇنچە ئورۇقلاپ كەتكەن ئاجىز ھالىتىدىن قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. مارىي كەتكەندىن كېيىن ماندېلا ئادەتتىن تاشقىرى شۈكلەپ كەتتى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ماندېلا ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ ئىزچىل تۇردە ئانىسىغا كۆڭۈل بۆلەلمەي كەلگىنىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى بەكلا ئەيىبلەپ كەتتى. ئانىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماندېلا ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن ترانسكېيدا يەرلىككە قويۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ماندېلانىڭ قېچىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئاخىر يەنىلا قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىدىن ساباتا ۋە ماتانزىما ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتتى.

ماندېلانىڭ چوڭ ئوغلى تامبى كېيپتاۋنىدا ياشايدىغان

بولسىمۇ، بىراق ئەزەلدىن دادىسىنى يوقلاپ كەلمەيتتى. ماندېلا بۇنىڭدىن بەكلا پەرىشان بولاتتى. ماندېلا بالىلىرى ئىچىدە تامۇبىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تامۇبى ئۇنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن ئەقىللىك ئىدى. ماندېلا 1961 ـ يىلى پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان چاغدا، تامۇبى ئۇنىڭغا بەك ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ ھەتتا دادىسىنىڭ چاپىنىنى كىيىۋېلىش ئارقىلىق دادىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، دادىسىنىڭ مەخپىيەتلىكىدىن تەڭ بەھرىلىنىشتىن ئىپتىخارلىناتتى. بىراق، تامۇبى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىدىن ئازابلاندى. شۇنداقلا دادىسىنىڭ سىياسىي ئىشلىرى ۋە ئانىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئارىسىدا كىمگە ئەگىشىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ماندېلا تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندە تامۇبى ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى. ئۇ دادىسىغا ئەزەلدىن خەت يازمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېيپتاۋنلىق بىر ماگىزىنچىنىڭ قىزى بىلەن بالدۇرلا توي قىلىۋالدى. ئايالى ئۇنىڭغا ئىككى قىز تۇغۇپ بەرگەنىدى. بۇ ئىش ماندېلانى بەكمۇ ئازابلىدى. 1969 ـ يىلى، تامۇبىنىڭ كىچىك قىزى ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەندە، ماندېلا تامۇبىنىڭ قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلغانلىقى توغرۇلۇق تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى. ماندېلا ئۇزۇل ـ كېسىل تۇگىشىپ كەتتى. كارىۋىتىدا بىر ياتقىنىچە ھېچ نەرسىگە ئېغىز تەگمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى تاكى سىسۇلۇ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئىزلىنىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى جىمجىت ھالدا تۇتۇپ تۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، ماندېلا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەن ھالەتتە سەپداشلىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئېفرىنغا ھال سوراش خېتى يازدى. بىراق، تۈرمە تەرەپ يەنىلا ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشىغا يول قويمىدى. ماندېلا بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇردى.

ماندېلا بارغانسېرى ۋىنىنىغا بېقىنىپ قالدى. بىراق، ماندېلاغا

ۋىنىنىڭ ماندېلا بىلەن تەڭ ياشلىق ئاياللارغا قارىغاندا خېلىلا ساددا ۋە تەجرىبىسىزلىكى ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىنى ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن چاغدا ۋىنى بىلەن توي قىلغىنىغا ئاران تۆت يىل بولغانىدى، ئىككى قىزى بار ئىدى. دەسلەپتە ماندېلا ۋىنىغا بىر يىلدا پەقەت ئىككى پارچىلا خەت يازالايتتى. كېيىن ئايدا بىر قېتىم خەت يازالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىزغىن ھېسسىياتقا تولۇپ تاشقان خەتلىرىدە ماندېلا ۋىنىنى غايىۋىلەشتۈرۈۋېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ماندېلا ئەزەلدىن ۋىنىنى خاتالىشىدۇ ياكى يېتەرسىزلىكى بار دەپ قارىمىغانىدى.

ۋىنى ماندېلانىڭ سىياسىي ۋەزىپىسى ۋە ئىسىم تەخەللۇسىنى تېخىچە ئېنىق بىلىپ بولالمىغانىدى. «مەن ئاللىقاچان نېلسونغا ۋاكالىتەن بايانات ئېلان قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم. مەن چوقۇم دېمەكچى بولغانلىرىمغا ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ چىقىشىم كېرەك — مەن ئۇنىڭ ۋەكىلى» دەيدۇ ۋىنى. ۋىنىنىڭ بىر قىسىم يېقىن ئايال دوستلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتلىنىۋاتقان ئايال ئەرباب ئېللىن يوسېف، يەنە دۇربانىدىكى فاتىمە مىل قاتارلىقلار بار ئىدى. بىراق، ئۇ ئالبوتىنا سىسۇلۇ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئايال سىياسىيونلارغا يۈزلەنگىنىدە بەزى چاغدا ناھايىتى ھاكاۋۇرلىشىپ كېتەتتى. يەنە تېخى قاراملىق بىلەن يېڭى توي قىلغان ئەرلەردىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. ماندېلا تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى كۆپ ساندىكى پائالىيەتچىلەر تېزلا نەزەربەند قىلىندى. ماندېلا سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقداشقا بەكلا موھتاج ئىدى. بىراق، ماندېلا بىر سىياسىي مىنالارغا تولغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتاتتى، ھەر جايدا جاسۇسلار ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر بار ئىدى. ئۇ مۇخبىر بىلەيمەن سۇمانا بىلەن ناھايىتى يېقىن

دوستلاردىن ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئايالى ۋىننىنى ئۈچىنچى شەخس، دەپ قاراپ ئۇنىڭ بىلەن تېزلا ئاجرىشىپ كەتتى. ۋىننى بۇنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى. ئىلگىرى سۇمانانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. بىراق، نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئىلگىرىكى سەپداشلىرىنى سېتىۋەتكەنىدى. بەزىلەر رىۋونىيە سوتىدىكى بەزى مەخپىي ئۇچۇرلارنى ئۇ ئاشكارىلىۋەتكەن، دەپ گۇمانلىناتتى.

1964 - يىلى 8 - ئايدا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغان ۋىننى ناھايىتى چىرايلىق ياسانغان ھالدا ئالبوتىنا سىسۇلۇ بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قېتىم روببېن ئارىلىغا كەلدى. ئۇ پورتقا يېقىن يەرگە جايلاشقان، تۇرمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان كاتەكتەك بىر قاراڭغۇ ئۆيدە ماندېلا بىلەن كۆرۈشتى. ئىككىيلەن يېرىم سائەت بىللە تۇرالايتتى. ۋىننىنىڭ كوسالار ۋە ماندېلا بىلەن بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق باشقا كىشىلەرنىڭ سۆز قىلىشى چەكلەنگەنىدى. ۋىننى بىلەن ماندېلا ئارىسىنى ئەينەك كۆزنەك ئايرىپ تۇرغان ھالەتتە پاراڭلاشتى، كۆزنەكنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە تۇرمە ساقچىسى ئۇلارنى بېقىپ تۇردى. ئۇلار ھەرقانداق ناتونۇش ئىسىمنى ئاڭلىسا بۇ ئىككىيلەننىڭ پارىڭىنى ئۈزۈۋېتەتتى. ماندېلا ۋىننىنىڭ بەكلا ئورۇقلاپ كەتكىنىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ زىممىسىگە ئېغىر يۈك ئارتىلغانلىقىدىن ھەسسىلەپ غەمگە چۆمدى. ماندېلا ۋىننىدىن يېمەكلىك تېجەشنى توختىتىشنى ئۆتۈندى. ئالبوتىنا سىسۇلۇ روببېن ئارىلىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ماندېلاغا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئادەم سانىمىز ئازىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، قېلىپ قالغانلارنىڭ ئىرادىسى ناھايىتى مۇستەھكەم.» ماندېلا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا تۇرمىگە قايتىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇ ۋىننىنىڭ تىرنىقىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتالمىغانىدى. گەرچە ئۇ تۇرمىداشلىرىغا چاندۇرمىغىنى بىلەن،

قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ۋىنىنى ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتاتتى.

ۋىنىنى يوھاننىسبۇرگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاسۇسلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئەمەلىيەتتە قارا تەنلىكلەرنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرى ساقچىلار تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ساقچىلار يەنىلا ۋىنىنىنى بىر كوزىر دەپ قارايتتى، شۇنداقلا بۇ ھال ئۇلارنىڭ ماندېلانى ئىسكەنجىگە ئېلىشىدىكى بىر تۇرلۇك ۋاستە ئىدى. جاسۇسلۇق ئورگىنىنىڭ باشچىسى فەن دېن بوگ باشچىلىقىدىكى «رەزىل ۋاستىلەر» تارمىقى ئاللىقاچان «بۇ ئاۋارىگەر ئايالنى سىياسىي سەھنىدىن چىقىرىۋېتىش»نى قارار قىلغانىدى. ۋىنىنىنىڭ يوھاننىسبۇرگتىن ئايرىلىشى چەكلەنگەنلىكتىن، ئۇ بالىسىنىڭ مەكتىپىنى زىيارەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ۋىنىنى بالىسىنىڭ ھېچقانداق ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بالىلىرى توغرۇلۇق «سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپلا قالسا، مەكتەپتىن قوغلىنىدۇ» دېدى. بالىلار ئاخىر شىۋېيتسارىيەنىڭ بىر دىنىي مەكتىپىگە ئەۋەتىۋېتىلىش ئارقىلىق، جەنۇبىي ئافرىقا ساقچىلىرىنىڭ كۆزىدىن يىراقلاشتى.

ئىككى يىلدىن كېيىن ۋىنىنىنىڭ روببېن ئارىلىنى قايتا زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. بىراق، ئۇ مەيلى ئايروپىلاندا بولسۇن ياكى پاراخوتتا بولسۇن ساقچىلار تەرىپىدىن تېخىمۇ قاتتىق نازارەت ئاستىدا قالدى. تۇرمە ساقچىسى جامىس گېرىگ ۋىنىنىنىڭ كۆزنەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ يولدىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ھالىتىنى «20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكى رەڭسىز تېلېۋىزوردا كۆرگەن مەنزىرىگە ئوخشاتتى.» گېرىگنىڭ دېيىشىچە، ۋىنىنى يارىشىملىق كىيىنگەن، سىپايە ھالەتتە ئىدى. بىراق، ئۇ «چىشى شىر كەبى تەكەببۇر ۋە قەيسەر ئايالنىڭ ياش تۆككىنىنى كۆرۈپ» بەكلا ھودۇقۇپ كەتتى.

قىزلىرىنىڭ ئۆز مەكتىپىدىن باشقا بىر مەكتەپكە قوغلانغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرىدى. بۇ قېتىملىق

ئۇچرىشىشتا ئۇلار مەجبۇرىي ھالدا بىر قارارغا كېلىپ، قىزىنى شىۋېيتسارىيەدىكى ھەر خىل مىللەتتىكىلەر ئوقۇيدىغان «ۋوتېرفۇد» ياتاقلىق مەكتىپىگە ئەۋەتىۋېتىشكە قوشۇلدى. بۇ ئىش ئېلىن يوسېف بىلەن ۋىنىنىڭ يېڭى دوستى ئېللىنو بولىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق پۈتەتتى. ئېللىنو ئېتون ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئايالى ئىدى. ماندېلا ۋىنىنىڭ باشقىلارغا بەك ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ۋىنىنىڭ ئاشىنىسى بار ـ يوقلۇقىنى سورىمىدى. «مەن چوقۇم بۇ ئىشنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىمەن. ئادەم بىر ئىشلارغا بەك قىزىقسىنىپ كەتسە بولمايدۇ. ئايالىم ماڭا ناھايىتى سادىق، ئۇ مېنى قوللايدۇ، مېنى يوقلاپ كېلىدۇ، ماڭا خەت يازىدۇ، ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ» دېدى ماندېلا.

ۋىنى يوھاننېسبۇرگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇپ يوشۇرغانلىقى سەۋەبلىك، ئويلىمىغان يەردىن ئېپلاسلارچە ئەيىبلىنىپ بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، قاماق جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش بەلگىلەندى. كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بېسىم ئۇنى قېنى قىزىق قىلىۋەتتى. بىر كۈنى، بىر ساقچى ئەمەلدارى ئىشىكنى چەكمەستىنلا ۋىنىنىڭ ئورلاندودىكى تۇرالغۇسىنىڭ ياتاق ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ۋىنىنى يەرگە يىقىتتى. گىرىم جازىسى ۋىنىنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. ۋىنى قولغا ئېلىنىشنى رەت قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. ئۇنىڭ ئادۋوكاتى جورج بىزوس ۋىنىدىن ئايال جەڭچىدەك ئەمەس، مەسۇمە ئاياللاردەك بولۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاخىردا، يەرلىك سوتچى ۋىنىنى گۇناھسىز، دەپ كېسىم چىقاردى.

ۋىنىنىڭ ھەرقانداق سىياسىي پائالىيەتكە قاتنىشىشى يەنىلا چەكلىنەتتى، بىراق ۋىنى بىكار تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئايال

ئىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تۈرمىگە قامالغان ئايال ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم قولىنى سۇندى. شۇنداقلا ئۆز دوستى، ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمى مۇخرا ماخانىيانىڭ ياردىمى ئاستىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈچۈن تەشۋىقات قوللانمىلىرىنى بېسىپ تارقاتتى. بۇ بىر قارامالارچە ھەرىكەت ئىدى. 1967 - يىلى «تېررورىزم قانۇن لايىھەسى» نىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا ساقچىلار ۋىنىنىنى ئاۋۋالقىدەكلا قولغا ئالماقچى بولدى. ئۇلار پايلاقچىلىرى ئارقىلىق ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرغانىدى. ۋىنىنىنىڭ كۆپچىلىك دوستلىرى ساقچىلار تەربىيەلىگەن ئىشپىيون ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا موسسا دىناس ئىسىملىك بىر ئىندىيان ۋە ئۇنىڭ قىز دوستىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ قىز دوستى ۋىنىنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ لوندونىدىكى ئاقلاش ۋە ياردەم بېرىش فوندىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى. بۇ فوندى جەمئىيىتى مەخسۇس نەزەربەند ئاستىدا قالغان كىشىلەرگە ياردەم بېرەتتى. بۇ جەمئىيەت يەنە تېخى ۋىنىنى ئۈچۈن مىندىر لىۋۇن ئىسىملىك بىر ئادۋوكات ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كېيىن بۇ ئادەمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى بىلەن شەرەپسىز مۇناسىۋىتى بارلىقى ئىسپاتلاندى. 1969 - يىلى ۋىنىنى ۋە تەشۋىقات قوللانمىسىنى تارقىتىشقا قاتناشقان 21 نەپەر كىشى قولغا ئېلىندى. ۋىنىنىغا بىر ئاز ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان گېدىن ۋېنت ئۇلار ئارىسىدىكى بارلىق ئالاقىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىغانىدى.

سۇبھى مەزگىلىدە ساقچىلار ۋىنىنىنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى بالىلىرىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ پرىتورىيەدىكى بىر كىچىك تۈرمىگە سولاندى. تۈرمىدە پەقەتلا بىر چېلەك، بىر بوتۇلكا سۇ ۋە بىر پارچە «ئىنجىل» بار ئىدى. كېيىن ۋىنىنى سېسىق نامى پۇر كەتكەن سۆيمپ تەرىپىدىن بەش كېچە، بەش

كۈندۈز سوراق قىلىنىدى. سوراق مەزمۇنى ۋىنىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى، كوممۇنىزمچىلار ۋە ئۇنىڭ نەزەربەند ئاستىدىكى ئايال دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق بولدى. ساقچىلار باشقا مەھبۇسلارنىڭ ئاغزىدىن ئاغزاكى ئىقرارغا ئېرىشىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇخالا ماخانىيېلمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ۋىننى كېيىن «مەن ئۇنىڭ بىز ئورتاق ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئىشىمىزغا خائىنلىق قىلىشىغا ئىشەنمەيمەن» دېدى.

جور كارلىن ماندېلا ۋىننىغا تەۋسىيە قىلغان ئادۋوكات ئىدى. ۋىننى ۋە ئۇنىڭ باشقا تۇرمىداشلىرىنىڭ سولانغىنىغا 200 كۈن بولغاندىن كېيىن، ئىش ـ ھەرىكىتىدە كۆپتۇرمىچى بۇ ئادۋوكات ئۇلارنى يوقلاش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. مەھبۇسلارنىڭ يۇيۇنۇشىغا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 50 ئىنگلىز چىسى دائىرىسىدىكى كىچىك كامېردا ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى پەقەت ئون مىنۇت چېنىقىش ۋاقتى بار ئىدى. «ئۇلارنىڭ تامىقى بەكلا بەتتام ئىدى. پەقەت ھەددىدىن زىيادە ئېچىرقاپ كەتكەندىلا بۇ تاماقلارنى زورۇقۇپ تۇرۇپ ئاز ـ تولا يېگىلى بولاتتى.» ساقچىلار ۋىننىنى بىر قېتىملىق رادىيو نۇتقى سۆزلەپ، قارا تەنلىكلەرنى قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا ۋە ئاق تەنلىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا چاقىرىق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئەگەر ۋىننى بۇ تەلەپكە ماقۇل بولسا، ئۇلار ماندېلانى ترانسكېيغا قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولاتتى. ۋىننى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. كارلىن كېيىن مۇنداق يازىدۇ: «ماندېلا ئەقلى بىلەن ھېسسىياتى ئارىسىدا تەۋرىنىپ قالدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ بۇ مەھبۇسلۇق جەريانىدىن تىرىك قۇتۇلالىشى ياكى قۇتۇلالماسلىقىنى بىلمەيتتى.»

ئاخىر 12 ـ ئايدا پرېتورىيەگە قامالغان ۋىننى ۋە باشقا 21

مەھبۇسقا ئوپچە سوت ئېچىلدى. «كوممۇنىزمنى باستۇرۇش پەرمانى» غا ئاساسەن، ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەستىدە بولۇش ۋە روببېن ئارىلىغا سولانغان ماندېلانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل جىنايەت بىلەن ئەيىبلەندى. ئىككى ئايدىن كېيىن، ئەيىبلەش بىكار قىلىندى، بىراق ئۇلار تېزدىنلا قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1970 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇلار «تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش پەرمانى»غا خىلاپلىق قىلغان، دەپ ئەيىبلەندى. 10 ـ ئايدا ۋىننى ۋە باشقا 21 نەپەر مەھبۇس يەنە سوتلاندى. بىراق، ئادۋوكات سىدنى كېنتىج بۇ قېتىملىق ئەيىبلەشنامىنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. شۇ سەۋەبلىك بۇ قېتىملىق ئەيىبلەش يەنە بىكار قىلىندى.

ۋىننى تۈرمىگە يالغۇز سولىنىپ ئون ئۈچ ئايدىن كېيىن ساقچىلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشىغا چىداپ تۇرالمىدى. ۋىننى سىرتقى جەھەتتىن قىلچە غەمسىز، شۇنداقلا ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. جور كارسېن ۋىننىنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ سورۇن ئورۇنلاشتۇردى. كارسىننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ۋىننى «خۇش چىراي، روھلۇق ۋە خۇشال» ھالدا ئىدى. ئۇ ناھايىتى زەئىپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى ئىلگىرىكىدىن يوغىناپ كەتكەندى. ۋىننى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىن كۈچكە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ كېيىن «تۈرمە ھاياتى مېنىڭ ئىرادەمنى تېخىمۇ بەك تاۋلىدى. تۈرمە مېنىڭ روھىمنى يەنىمۇ بىر قەدەم پاكلىدى» دەپ يازىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى قوش بىسلىق رول ئوينىدى. ۋىننى كېيىن چۈشەنچە بېرىپ: «شۇ قېتىمقى كەچۈرمىشتىن كېيىن مەن بىراۋنىڭ نوپۇزىنى چوڭ بىلمەس بولدۇم، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ ياۋايىلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ فاشىستىك ماھىيىتىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم... شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەن ئارىسالدى بولماسلىقىم كېرەكلىكىنى، زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئارزۇيۇمغا يېتىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.»

ماندېلا روببېن ئارىلىدىكى قىيىنۋېلىنغان گېزىت پارچىلىرى ئارقىلىق ۋىننىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن خەۋەردار بولدى. بۇ گېزىت پارچىلىرىنى تۈرمە ساقچىلىرى قەستەن ئۇنىڭ كامېرىغا قويۇپ قوياتتى. ماندېلا ۋىننىنىڭ تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ناچارلىقىنى بىلگەن چاغدا ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى پەلەككە يەتتى. ماندېلانىڭ ھېس قىلىشىچە، يالغۇز كامېرغا سولىنىش باسقۇچى «تۈرمە ھاياتىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق مەزگىل ئىدى ... ۋىننى توغرىسىدىكى ئىشلار ماندېلانىڭ خىيال ئېكرانىدىن زادىلا كەتمىدى.» ئۇ ئۆزى سوتقا چىقىپ ۋىننىنى ئاقلىيالمىغىنىدىن بەكلا زەردىگۈش بولدى. ماندېلا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋىننىنىڭ جاسارىتى ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئېيىتتى. بىزوس مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە ۋىننى قارامىراق بولسىمۇ، بىراق ھەممىمىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز.»

ۋىننىنىڭ ماندېلانى يوقلىشى بەش يىل چەكلەندى، بىراق ۋىننى ئاخىر يەنىلا يېرىم سائەت بولسىمۇ يوقلاش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ۋىننى يوھاننېسبۇرگقا قايتىپ كەلگەندە تېنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، نەپەس يولى ياللۇغى ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى تېخىچە توختاتمىدى. ماندېلا ۋىننىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ساقچىلارنىڭ تېپىپ بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە تاش ئاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندى. ۋىننى بىلەن مۇناسىۋىتى بىر ئاز ياخشى بولغان، شۇنداقلا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان ئاق تەنلىكلەرمۇ پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى. بەزى كىشىلەر ۋىننىنىڭ تەرسالىقى ۋە قاراملىقىدىن قورقۇپ قېچىپ

كېتىشتى. جور كارسىن ماندېلانىڭ چېچىلاڭغۇ، ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالىتىنى كۆرۈپ ۋىنىنىغا سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى نەسىھەت قىلدى. ۋىننى ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىغانلىقتىن، كارسىن نىيىتىدىن يېنىپ ئامېرىكىغا كەتتى. ۋىننى دوست تۇتۇش جەھەتتە يەنىلا بەك ساددا ئىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا جون ھۇرىك ئىسىملىك بىر مۇخبىر بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى ۋىنىنىغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ساقچىلارنىڭ جاسۇسى ئىدى.

ساقچىلار ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشنى توختاتمىدى. ۋىننى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «قىزلىرىم نەچچە قېتىملاپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىدە، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنىڭ پېچەتلەنگەنلىكىنى كۆرگىنىدە، ئۇلار مېنىڭ قولغا ئېلىنغان - ئېلىنمىغانلىقىمنى بىلىش ئۈچۈن گېزىتكە مۇراجىئەت قىلاتتى.» 1970 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ماندېلا ۋىنىنىغا قارىتىلغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1974 - يىلى ماندېلا ساقچىلارغا چەكلىمە قويۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىنىنىڭ قورال ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ساقچىلار ۋىنىنىغا قورال بېرىشنى رەت قىلىپ: «ماندېلانىڭ ئايالى بەكلا ئۆپكىسى يوق، تېرىككەك، شۇنداقلا ئۆزىنى ئاسانلىقچە كونترول قىلالمايدىغان ئايال» دېدى.

ۋىننى روھىي جەھەتتە پىتېر ماكبانى ئىسىملىك دوستىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ كىشى ئوپېراتور ئىدى. ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولۇپ، دېن ۋىنتىنىڭ خائىنلىقى سەۋەبلىك 586 كۈن تۈرمىگە قامالغانىدى. قاماق جەريانىدا كۆپىنچە كامېرغا يالغۇز سولانغانىدى. ئۇ ۋىنىنىغا ئىزچىل ھالدا سادىقلىقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. 1973 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ ماشىنىسىغا زىننى بىلەن جىندىزنى ئېلىپ ۋىننى خىزمەت

قىلىۋاتقان ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىغا ئۇنى كۆرگىلى بارغاندا، ساقچىلار ئۇنى بايقاپ قالغاندى. ۋىننى ساقچىلار تەرىپىدىن سىرت بىلەن قانۇنسىز ئالاقىسى بار دەپ ئەيىبلىنىپ، ئالتە ئاي قاماقتا ياتتى. بۇ يەر يالغۇز كامېردىن سەل ياخشى ئىدى. ھېچبولمىغاندىمۇ تاماقلىرى نىسبەتەن تۈزۈك ئىدى، باللارنىڭ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن كېلىپ ئۇنى يوقلىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى.

ۋىننىنىڭ يەنە تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ماندېلا ناھايىتى ئازابلاندى. ماندېلا ۋىننىغا ئۇنى بەك سېغىنغانلىقتىن ئىش قىلغاندا دىققىتىنى يىغالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا كېيىن ۋىننىغا مۇنداق دېدى: «گەرچە مەن باتۇرلۇق بىلەن ياشاۋاتقان بولساممۇ، سىزنىڭ ناچار مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىساملا بۇنىڭغا پەقەت بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. مەن 69 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 70 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بولغان بۇ مەزگىلدىكى ۋاقىتنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمايمەن. بۇ سىزنىڭ كېلونىستادا ئالتە ئاي تۇرغان ۋاقتىڭىز ھېسابلىنىدۇ.» ماندېلا ۋىننىغا بەزى تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ تەكلىپلەر تۈرمىدىكى ماندېلانىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى:

سىز تۈرمىنىڭ ئۆز غايىسىنى تونۇيدىغان مەيدان ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. تۈرمىدە سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىز ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنەلەيسىز. بىز شەخسنىڭ ئىگىلىشىگە باھا بەرگەندە دائىملا ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، تەسىرى، قارشى ئېلىنىش دەرىجىسى، بايلىقى ۋە مائارىپ تەربىيەسى... قاتارلىق تاشقى ئامىللارغا نەزەر سالىمىز. بىراق، بىراۋغا ئىنسان سۈپىتىدە باھا بەرگەندە دۇرۇسلۇق، سەمىمىيلىك، ئاددىي ـ ساددىلىق، كەمتەرلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، شۆھرەتپەرەسلىكتىن خالىيلىق، ھەر دائىم ئۆز توپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇرۇش — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىغىنى بولىدۇ — قاتارلىق ئىچكى ئامىللار

كىشىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ...
ھېچبولمىغاندىمۇ، تۇرمە ھەر كۈنى ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈشىڭىزگە، ناچار مىجەزلىرىڭىزنى تۈزىتىشىڭىزگە، ياخشى خىسلەتلىرىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىڭىزغا پۇرسەت بېرىدۇ. بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە، مەسىلەن، ھەر 15 مىنۇتتا بىر قېتىم ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ناھايىتى پايدىلىق. تۇنجى قېتىم ئۆز كەمچىلىكىڭىزنى تېپىپ چىقىشىڭىز بەلكىم بىر ئاز قىيىنغا توختىشى مۇمكىن، بىراق ئونىنچى قېتىمدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمنى كۆرەلەيسىز. ئەۋلىيانىڭمۇ خاتالىشىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ. ئەۋلىيا پەقەتلا توختىماستىن سىناپ كۆرۈشنى خالايدۇ.

ماندېلا تۈرمىدە تۇرۇپ ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى سىناپ كۆرمەكتە، ۋىننىمۇ ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ۋىننىنىڭ سىڭلىسى نوبانتۇ مىنزى ئۆلارىنىڭ ئوراندودىكى ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرماقتا ئىدى. ماندېلا ۋىننى تۈرمىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى بۇ ۋەزىپىنى تاماملاپ بولۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. ماندېلا ۋىننىغا ئۇنىڭ بەلكىم «تېخىمۇ سوغۇق ۋە قاراڭغۇ مۇھىتقا قايتىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. بىراق، ئۇ ۋىننىغا «قىيىن ۋەزىيەت بەزى كىشىلەرنى تىزلاندۇرىدۇ، بىراق يەنە بەزى كىشىلەرنى تېخىمۇ بەك قەيسەرلەشتۈرىدۇ» دەپ تەسەللى بەردى.

ئۆلارىنىڭ ئىككى قىزى ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. «بىزنىڭ ئائىلىمىز ساقچى ئىدارىسىگە ئايلىنىپ قالاي دېدى» ۋىننى. ۋىننى تۈرمىدىكى چاغدا ماندېلا زىننىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئانىڭىزغا قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ۋەيران قىلغان ئېپلاس جىنايەتچىلەر ئەمدىلىكتە سىز بىلەن جىندىزغا تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن» دېدى. ئۆلارىنىڭ دوستلىرى ئۆلارىنىڭ ئىككى قىزىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئۆلارىنىڭ ئارىسىدا پىتېر ماگتابا ۋە ۋىننىنىڭ سىڭلىسى نويانسو قاتارلىقلار بار ئىدى. كېيىن

ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمىگە تاشلاندى. ماندېلاغا تەسەللى بولغىنى، فاتىمە مىل دۇرباندىن ياردەمگە كەلگەنىدى. «مەن شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىمەنكى... سىزلا ھايات بولسىڭىز ئۇلار ھەرگىز يېتىمسىرىمەيدۇ» دېدى ماندېلا فاتىمە مىلغا. بىراق، فاتىمە بۇ ئىككى قىز بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەكنىڭ بەكلا تەسلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دائىملا پەرىشان ھالەتتە يۈرەتتى، ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەرمۇ ئۇلاردىن بەكلا نارازى بولاتتى.»

بالىلار دادىسىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئانىسىغا بەك سادىق ئىدى. جىندىز 13 ياش ۋاقتىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نيۇيوركتىكى ئىرقىي مەسىلىلەر ئالاھىدە كومىتېتىغا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلىپ: «ئائىلەمدىكىلەر ۋە ئانامنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى بىر بالا ـ قازانىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرماقتا» دەپ خەت يازدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن ۋىنىنىغا جازا ھۆكۈم قىلىندى. زىنىنى مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى يېشىمىز ئۇ تارتىۋاتقان ئازابنى تەڭ تارتىشقا يېتەرلىك.» ماندېلا ئىككى قىزىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلدى، بىراق ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ ئوقۇشىغا بولغان تەلىپى يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا قىزلىرىنىڭ ۋىدفوردىكى دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ يامان تەسىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. ماندېلا 1974 ـ يىلى بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «مەن ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ مېنىڭ بالىلىرىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم زۆرۈر دەپ قارايمەن. بۇ ئەمەلىيەت بەلكىم ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىدا ھەر خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئاچچىق ھەقىقەت ھامان كىشىنىڭ ئارزۇيى بىلەن زىتلىشىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن تېخىمۇ شۇنداق.»

ۋىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، 1975 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋىنىنىڭ ئىككى قىزى بىلەن بىرلىكتە ماندېلانى يوقلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. جىندىز ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ماندېلا ئۇنى قايتا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ماندېلا يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، چېچىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تارىدى: «كىچىك بالامنىڭ مېنى قېرىپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمايمەن.» جىندىزنىڭ چىرايى ۋىنىغا ئوخشاش بەك چىرايلىق ئىدى. ماندېلا قىزىغا مەستلىكى كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھەپتە ئاخىرىدا سىزنىڭ تىزىمدا ئولتۇرغان ھالدا ئائىلىمىزدىكىلەر بىللە قازان كاۋىپى يەۋاتقاندىكى ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن» دېدى ماندېلا جىندىزنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئەسلىدى. جىندىز ئەينەك توسۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھە دەپ يىغلاۋاتاتتى. بىراق، ماندېلا جىندىزنىڭ ئۆزىگە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئانچە يېقىن ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى «يالغۇز ئۇنىڭغىلا تەۋە بولماستىن، خەلقىمۇ تەۋە ئىدى.» ماندېلا «قىزىنىڭ قەلبىنى تىت ـ تىتلىق ۋە بىئاراملىق چۇلغىۋالغانلىقىنى، ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن قىزىنىڭ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالمىغىنىنى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغىنىنى» ھېس قىلدى. ماندېلا يەنە ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ باللىرىغا بولغان مۇھەببىتىگە ۋىنىنىڭ ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ماندېلا فاتىمەگە ئۆزىنىڭ ۋىنىغا خەت يېزىپ، قىزلىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق چوڭ بولغىنىنى ئېيتقىنىدا، ۋىنىنىڭ قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئاسىيلىق قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ: «باللارنى سىز ئەمەس، بەلكى مەن بېقىپ چوڭ قىلدىم. بىراق، سىزنىڭ ئۇلارغا بولغان ئامراقلىقىڭىز مېنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن» دېگەنلىكىنى ئېيتتى.

ماندېلا باللىرىنىڭ چوڭلىرىدىن مىنگ ۋە ماكزاتو بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قىيىنغا توختاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار ئۆز ئانىسى ئېغىرىن بىلەن ئۆگەي ئانىسى ۋىنىنىنىڭ ئارىسىدا بېرىپ - كېلىپ يۈرەتتى. ماندېلا ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى كۆپ ئاڭلىيالمايتتى. ماندېلا ئىككى بالىسىغا ئۆزىنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا ۋىنىنىنىڭ ئۇلارنى قانداق باققانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ ئىككى بالىسى ئۈچۈن ۋىنىنىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈۋالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىدى. بىراق، بالىلىرىنىڭ كۆزقارىشى باشقىچە ئىدى: «سىز ۋىنىنىنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە پەقەتلا ئەمەل قىلمىغىنىنى بىلمەيسىز. بىزنىڭ ۋىنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بەكلا جىددىي ھالەتتە» دېدى مىنگ.

1967 - يىلى 16 ياشقا كىرگەن ماكزاتو روبېن ئارىلىغا دادىسىنى يوقلاپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئۇ دادىسىنى يىلدا بىر - ئىككى قېتىم يوقلاپ تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تېزدىنلا ماندېلانى ئۈمىدسىزلەندۈردى. ماكزاتو ئىش تاشلاشنى تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانىدا پەقەتلا ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ماكزاتو دادىسىدىن ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان بېسىمنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ 1969 - يىلى ئۇنىڭ ئاكىسى تامۇبى 24 يېشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەكتەپكە ئىككىنچىلەپ قايتا كىرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ماندېلا 1974 - يىلى 11 - ئايدا تۈرمىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەقىقىي مەسىلە ئۇنىڭ بۇ يېشىدا مېنىڭ يېنىدا بولالمىغانلىقىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەھەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى رەت قىلمىقى ناھايىتى قىيىن.» ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ماكزاتونىڭ ئايالى لېنىنى موسىر ئۆگىنىشتە ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماندېلاغا خەت يېزىشقا بەك ئامراق ئىدى.

1970 - يىلى 16 ياشقا توشقان مىنگمۇ ماندېلانى يوقلاپ باردى. مىنگنىڭ خاراكتېرى ماكزاتودىن كۈچلۈك، تېخىمۇ بەك

ئاق كۆڭۈل ئىدى، شۇنداقلا ئانىسى ئېفرىننىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغانىدى. 1972 ـ يىلىدىن باشلاپ مىنگ ترانسكېيغا دائىم دېگۇدەك بېرىپ ئانىسى ئېفرىننى يوقلايدىغان بولدى. ماندېلانىڭ جىيەنى كايسار ماتانزىما كېفمىنۋابادا ئېفرىنغا بىر مىلىچماللار دۇكىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. مىنگنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشنى رەت قىلىپ، كاماگ بىلەن توي قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بۇزۇلدى. ماندېلا ئۇلارنىڭ ئاجرىشىشىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇندى. بۇنىڭدىن مىنگ بەكلا مىننەتدار بولدى. مىنگنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيى سېسترا بولۇش ئىدى. ماندېلا بۇنىڭدىن بەكلا ئۈمىدسىزلەندى. ماندېلا مىنگقا نەسىھەت قىلىپ: «ھەقىقىي غايىسى بولمىغان ۋە غايىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدىغان كىشى تۆۋەن قاتلامدىكى خىزمەت ئورنىدا بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەيدۇ» دېدى.

ماندېلا دەردىنى تۆكىدىغان بىردىنبىر ئادەم ۋىننى ئىدى. ماندېلانىڭ ۋىننىغا يۈزلەنگىنىدىكى رومانتىك ھېسسىياتى باشقىلارغا يۈزلەنگەندە پەيدا بولمايتتى: «مەن دائىم ئۆزۈمنى نىقابلىۋالىمەن، پەقەت يالغۇز قالغان چاغدىلا ئائىلەمدىكىلەرگە بولغان سېغىنىشىمنى ئىپادىلەيمەن. پوچتىكەش كەلگەندە مەن باشقىلارغا ئوخشاش پوچتىكەشكە قاراپ ئۇچماستىن، پوچتىكەشنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىشىنى جىمجىت ھالدا ساقلايمەن.» 1976 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق دىدارلىشىشتىن كېيىن، ماندېلا ۋىننىغا يازغان خېتىدە: «مەنمۇ ئەزەلدىن يوقلاپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن كېتىپ قېلىشىڭىزغا چىدىمايمەن، گەرچە مەندىن ئايرىلىپ ماڭغان قەدەملىرىنى توختىتىۋېلىشقا قانچە ئىنتىزار بولساممۇ، بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۆز ھېسسىياتىمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمەن» دېدى. 1975 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ۋىننى ماندېلانى يوقلاپ

كەتكەندىن كېيىن، ماندېلا ئۆنىڭغا يازغان خېتىدە: «مەن ئۆزۈمگە ‹مۆشۈ قولۇمدىن ئۆچۈپ كەتكەن قۇشقا ئوخشاش ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ۋە پايانسىز دۇنياغا كېتىپ قالدى — دەيمەن. ماندېلا ئۆنىڭغا يازغان ئىككىنچى قېتىملىق خېتىدە مۇنداق دېدى: «مېنىڭمۇ پىلانىم ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىم بار. مەن ئېگىز قەۋەتلىك بىنا سېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، بىراق مەن ئەمەلىيەتچىلەرەك بولۇشۇم كېرەك. بىز پەقەت جەمئىيەتتىكى يەككە شەخسلەرمىز. بۇ جەمئىيەت كۈچلۈك ئورگانلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، شۇنداقلا بۇ ئورگانلارنىڭ خاراكتېرى، قائىدە - پىرىنسىپلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئوي - پىكىرلىرى ۋە پوزىتسىيەسىنىڭ كونتروللۇق ئاستىدا يۈرۈشىدۇ.»

ئۆنىڭ باشقا دوستلىرىمۇ ماندېلانى روھلاندۇرالايتتى. ماندېلا «ئۆزىنىڭ ھالىنىڭ ياخشىلىنىشىنى، ھەربىر ئىشنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلاردىن بەكلا كۆپلۈكىنى» ھېس قىلدى. ماندېلا قەدىناس دوستى مايكول خاممىرنىڭ قىزى بارابارا لامغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: سىزنىڭ دادىڭىزغا ئوخشاش بىر دوستۇمنىڭ بولۇشى ھاياتىمدىكى بىردىنبىر بايلىقىم ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىشلارنى ماڭا ئۇلار ئۆگەتكەن.»

بىراق، ۋىننى يەنىلا ماندېلانىڭ كۈچى ۋە سىياسىي ئۆچۈرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى. ۋىننى ماندېلاغا ئۆچۈرلارنى مەخپىي سۆز - جۈملىلەر بىلەن يەتكۈزەتتى. 1976 - يىلى ماندېلا ۋىننىغا مۇنداق دېدى: «1975 - يىلى كىرىشى بىلەنلا باشتىن - ئاياغ پېشكەلچىلىك يۈز بەردى. ئەينى چاغدا تەقدىرنىڭ رەھىمسىز سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن كۈچ ھالا بۈگۈنكى كۈندە قورالىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.» ۋىننى يەنە باشقا سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ مۇھىم ئۆچۈر يەتكۈزگۈچىسى ئىدى. كاتىرادا مۇنداق دەيدۇ: «ۋىننى ئەڭ ئىشەنچلىك ئۆچۈر مەنبەسى. نەزەربەند قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆنىڭ ئۆزلىرىنى

زىيارەت قىلىشنى كۈتمەكتە.» ۋىننى ھەر قېتىم ماندېلانى يوقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ماندېلانىڭ ئۆزلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشىنى كۈتەتتى. بەزى چاغلاردا ماندېلا ئاڭلىغان ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈشنى كېچىكتۈرۈپ قوياتتى. ئۆزىنى ناھايىتى قاتتىق كونترول قىلىش كۈچى بولغاندىلا مۇشۇنداق قىلغىلى بولاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ماندېلا بىلەن ۋىنىنىنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ قالغان پېتى ماكبانى مۇنداق دەيدۇ: «ۋىننى بولمىغان بولسا نېلسون ھازىرقىدەك بولالمايتتى. گېزىتلەر ماندېلاغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى خەۋەر قىلمىغاندا، ۋىننى تاشقى دۇنياغا ماندېلانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. ۋىننى بولمىغان بولسا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. ۋىننى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە تۇرغان، شۇنداقلا ھوقۇق دائىرىلىرىگە ‹باغلىشىمەنكى، سىلەر مېنى توسۇيالمايسىلەر!› دېيەلىگەن شەخس. ئۇ بۇ يولدا قۇربان بولۇشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانىدى.»

گەرچە ھەر خىل سەۋەبلىكلىرى بولسىمۇ، ۋىننى سىياسىي سەھنىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بىرسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ماندېلانىڭ ئىسمىنى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ياڭراتتى. 1976 ـ يىلى قارا تەنلىكلەر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توساتتىن باشقا بىر شەكىلگە ئۆزگەردى. پەقەت ۋىننىلا كۈرەش ئەڭ كەسكىنلەشكەن پەيتلەردە قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا كۈرەشكە ئاتلاندى.

# 18. سايىدەك مەۋجۇتلۇق

(1964 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە)

مەھبۇسلار سىرتقى دۇنيا ھەققىدە كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى بىلىشكە ئىنتىزار ئىدى. بىر قېتىم تۈرمە تەرەپ ماندېلانىڭ ئورۇندۇق ئۈستىدىكى بىر پارچە گېزىتنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۈچ كۈن يالغۇز سولاپ قويدى. بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا ئۇنىڭغا كۈندە شوۋىگۈرۈچلا بەردى. ماندېلا كېيىن گېزىتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك چەكلەنگەن بۇيۇم ئىكەنلىكىنى، كۈرەشنىڭ خام ئەشياسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەھبۇسلار بىر پارچە گېزىتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قاراۋۇللارغا پارا بېرىش، زىيارەت قىلغىلى كەلگەن پوپلارنىڭ يېنىدىن گېزىت ئوغرىلاش ياكى قاراۋۇللار ھامبۇرۇگ بولكىسىنى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن گېزىتلەردىن پايدىلىنىش قاتارلىق قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامالللارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا تىرىشاتتى. ماخراج ھەتتا چىرايلىق سۆزلەر ئارقىلىق قاراۋۇللاردىن بىرسىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. بۇنداق بولغاندا، ھەر كۈنى ئوغرىلىقچە بىر پارچە گېزىتكە ئېرىشەلەيتتى. ئاندىن گېزىتتىكى ئاساسىي مەزمۇنلارنى بىر پارچە قەغەزگە كۆچۈرۈپ، باشقا مەھبۇسلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تارقىتىۋېتەتتى. گەرچە تەكشۈرۈش بار بولسىمۇ، ئۇ ئىقتىسادشۇناسلىقنى ئۆگىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن «ئىقتىساد ژۇرنىلى»غا ئېرىشەلەيتتى. بىراق، كېيىن بۇ ژۇرنال نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىپ، 1967 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم يىغىۋېلىندى. ماندېلا كېيىن: «ئېقىم مەسىلىلىرى توغرۇلۇق

پەقەت تەخمىنىي ھالدىلا چۈشەنچەم بار» دەپ يازىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان خەۋەرلەر ئەمەس ئىدى. رېۋونىيە دېلوسىدىن كېيىن ساقچى تەرەپ ئاساسەن دېگۇدەك قارا تەنلىكنىڭ بارلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى بېسىقتۇرغانىدى. ماندېلاغا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ستانلى خۇيۇس «كۆزەتكۇچىلەر گېزىتى»دە مۇنداق دېدى: «مەخپىي ساقچىلار ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇپ كەتتى. ناھايىتى ئېنىقكى ھەممە ياققا تارقالغان پايلاقچىلارنىڭ ساقچىلارغا ياردەم قىلىشى ئاستىدا، ھەتتا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ قىلغىلى بولماس بولۇپ كەتتى.» باسىسرۇم ۋە مايكول دىنجاك قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پائالىيەتچان ئەزالىرى سوراق قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن ساقچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكى ئىپادىلەندى. 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا باسىسرۇم قەسەمنامىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەمەلىيەتتە ھازىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ناھايىتى ئاجىز، مېنىڭ پەرىزىمگە ئاساسلانغاندا، ھازىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سوۋېتودىكى ئەزالىرى 50 كىمۇ يەتمەيدۇ.» ماندېلا ناھايىتى تېزلا ئارالدىن تۇتۇلغان پارتىزانلاردىن ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ناھايىتى ئۇساللىقىنى بىلىپ يەتتى.
ماندېلانىڭ دوستى برام فىشىرىس كىشىلەرگە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ 1964 ـ يىلى ماندېلانى زىيارەت قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كوممۇنىزمنى تەشەببۇس قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى، ئاندىن كېپىللىككە قويۇپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاناتتى. ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئاشۇ سىياسىي جىنايەتچىلەرگە مەنسۇپ قىلدى. كېيىن ئۇ سوت مەيدانىدا «بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلاردىن بولماي، ھەرىكەتكە قاتنىشىش

كېرەك» دېدى. بىراق، بىر يىل بولا بولماي، ئۇ يەنە قولغا ئېلىندى، 1966 - يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. جورج بىزوس ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى ۋە كەسپىنى قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ: «نېلسوندىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟» دېدى. فىشىرىس ئېغىر بەدەل تۆلىگەندى. ئاق تەنلىكلەردىن تەشكىل تاپقان تۈرمىدە ئۇ ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىدىن تامامەن مەھرۇم قالدى. ماندېلانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئاشۇ مەھبۇسلار قولىدىن كەلگەنلىكى ئاماللار بىلەن ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلدى.» 1974 - يىلى، فىشىرىس راك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ماندېلا ئەدلىيە مىنىستىرى جىم كىرۇگىرغا فىشىرىسنى يوقلاش ئىلتىماسى سۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلانمىدى. ئىككىنچى يىلى فىشىرىس ئۆلۈپ كەتتى. ماندېلا ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قەلبى بەكلا پۇچىلاندى.

مەھبۇسلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. ماندېلا كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۈرمە باشلىنىشىدىلا بىز بىلەن سىرتقى دۇنيانى تامامەن ئايرىۋېتىش ئارقىلىق بىزنى تىرىك كۆمدى. رىۋونىيەدىكى چاغدا ئۇلار بىزگە بەش يىلدىن كېيىن ماندېلانىڭ ئىسمىنى بىلىدىغانلاردىن ھېچكىم قالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.» كاترادا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر كوللېكتىپ ھالدىكى خاتىرىسىنى يوقىتىش: كىشىلەر بىزنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالىمىزدىن بىخەۋەر.» جورج بىزوس رىۋونىيە دېلوسىدىن كېيىن ماڭا يازغان خېتىدە: «بىز ئۇلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەنىدى. بىراق، ئەنگلىيە، ئامېرىكا مېدىيالىرى ھەقىقەتەن بۇ مەھبۇسلارنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشتى. 1964 - يىلى لوندون «تايمس گېزىتى» ماندېلانى 58 قېتىم تىلغا ئالدى.

1965 ـ يىلى ئىككى قېتىم، 1966 ـ يىلى بىر قېتىم، 1967 ـ يىلى تۆت قېتىم تىلغا ئالدى. 1968 ـ يىلى تىلغا ئالمىدى. 1969 ـ يىلى ئىككى قېتىم تىلغا ئالدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ماندېلانى 1964 ـ يىلى 24 قېتىم تىلغا ئالدى. 1965 ـ يىلى ۋە 1966 ـ يىلى تىلغا ئالمىدى. 1967 ـ يىلى ۋىننىنى تىلغا ئېلىپ، ماندېلانى تىلغا ئالمىدى. 1968 ـ يىلى ماندېلانى تىلغا ئالمىدى. ۋىننى بولمىسا ماندېلانىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشى تېخىمۇ تېزلىشەتتى.

1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئادەتتىكى مەھبۇسلاردىن بىرى تاش قېزىش مەيدانىدا «ۋېيۋورد ئۆلۈپتۇ !» دەپ پىچىرلىدى. تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان خەۋەر سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىدى. ۋېيۋوردىنىڭ مەلۇم بىر يىغىندا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان بىر ئاق تەنلىك خەۋەرچى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ماندېلانىڭ قەلبىدە زىددىيەت تۇغۇلدى. چۈنكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزەلدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلمەيتتى. بىراق، ماندېلا ۋېيۋوردىنىڭ ئورۇنباسارى يوھان ۋوستتىن ئۈمىد كۈتەتتى. ماندېلا تۈرمىدە يازغان خېتىدە ئۇرۇش دەۋرىدە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن نەزەربەند قىلىش سۈپىتى بىلەن يوھان ۋوستقا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ۋېيۋوردنى «ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇتەئەسسىپ سىياسىتى ئاستىدىكى ئەڭ يۇقىرى شەرەپكە ئىگە شەخس» دەپ قارايدىغانلىقى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتتى.

بىراق، ۋوستىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بىر خاتا ئىش ـ ھەرىكەتلىرى كىشىگە ئۈمىدۋارلىق ئاتا قىلمىدى. ئۇ 1967 ـ يىلى «يېڭى تېررورىزم نىزامنامىسى»نى كېڭەيتتى. بۇ نىزامنامە ساقچىلارنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى. 1969 ـ يىلى، ئۇ يەنە بىر يېڭى جاسۇسلۇق ئاپپاراتى — دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنى قۇرۇپ، بۇ ئىدارىگە ئۇرۇش دەۋرىدىكى كونا

سەپدىشى گېنېرال فەن دىن بوگنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى، ۋوستىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بوتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ساقچى تەرەپنىڭ كونترول قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. مەھبۇسلار ئائىلاۋاتقىنىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەلبىي خەۋەرلەر ئىدى. ماندېلا كېيىن مۇنداق ئېپادىدە بولدى: «بىز روبېن ئارىلىغا كەلگەن دەسلەپكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، مەيلى سىرتتىكى تەشكىلاتلار بولسۇن ياكى تۈرمىدىكى بىزگە نىسبەتەنمۇ تولىمۇ قىيىن كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق.» سىسۇلۇ مۇنداق دېدى: «60 ـ يىللار ئەڭ قىيىنچىلىق يىللىرى ئىدى، بىراق بىز ئۈمىدىمىزدىن ۋاز كەچمىدۇق. مەن بىر ئۈمىدۋار كىشى ئىدىم.»

ماندېلا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن خەۋەرلەرگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، بىراق ئۇ قانچە كۆپ خەۋەر ئاڭلىغانسېرى ئۆكۈنۈشىمىزلىق شۇنچە چوڭ بولاتتى. چۈنكى، ماندېلا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئۆزىنىڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەھبۇسلار دەسلەپتە سىرسانلىقتا يۇرگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چىقارغان قارارلىرىغا دەخلى قىلماسلىقتا بىرلىككە كەلدى. بىراق، ماندېلا ئىلگىرىكى شېرىكى ئورىف تامبو بىلەن ئىما ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق توختاپ ـ توختاپ ئالاقىلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. گەرچە ئىككىيلەننىڭ تۇرۇۋاتقان جايى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، بىراق ماندېلا تامبوغا ئىشىنىشتە چىڭ تۇردى. بۇ ھال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئاخىرقى غەلىبىسىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ قالدى.

ماندېلانىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى قوراللىق كۈرەش جەريانى ئىدى. 1967 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەھبۇسلار ئارىسىدا ئۈمىد تۇغۇلدى. ئۇلار «ئىقتىسادشۇناسلار» گېزىتىدىن جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىك ئەسكەرلەر رودىسىيە بىلەن زامبىيە چېگراسىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. بۇ ھەقتىكى

خەۋەردە «گەرچە بۇ قېتىملىق تېررورلۇق ھەرىكىتى تېزلا بېسىقتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ھۆكۈمەت ئادەتتىكىگە سېلىشتۇرغۇسىز ھالدا دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەندەك قىلىدۇ.» مىللەتلەر نەيزىسىدىكى ئاۋانگارت قىسىم «لۇتۇلى مۇستەقىللىق گۇرۇپپىسى» دىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەسكەرلىرى دەرۋەقە زامبىيە دەرياسىدىن ئۆتۈپ، زامبىيەدىن رودېسىيەگە كەلدى. بۇ ئارمىيەگە تامبو قوماندانلىق قىلدى، زامبىيە پارتىزانلىرى بۇلارغا ياردەم قىلدى. ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش رايونىدا رودېسىيەلىك ئاق تەنلىك ئەسكەرلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى. تامبو 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇمىدۋار ھالدا ئۆزلىرىنىڭ «قانلىق جەڭگە كىرگەنلىكىنى، تىغ ئۇچىنىڭ بىۋاسىتە جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى»نى ئېيتتى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا ئارمىيەسى تېزدىنلا ياردەمگە ئېرىشىپ، قارشى تۇرغۇچىلار زەربىگە ئۇچرىدى. ئاقىۋەتتە قارشى تۇرغۇچىلار بوتسۋانادىن چېكىندى، سانسىزلىغان كىشىلەر قۇربان بولدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى.

1969 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تانزانىيەدىكى باش ئىشتابى روگېرودا يىغىن چاقىردى. يىغىندا تامبونىڭ بۇ قېتىملىق ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىنى قايتا تەشكىللىدى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار نەسلىدىن بولمىغان ئەزالارنىڭ مىللەتلەر نەيزىسىگە قوماندانلىق قىلىشى تۇنجى قېتىم ماقۇللاندى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا جوئى سىلوۋ بار ئىدى. روبېبېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلار بۇ قېتىمقى قايتا تەشكىللەش ھەرىكىتىدىن خۇشاللىقتا چۆمدى. «بۇ پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقىغا ۋە ئىنقىلابقا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېدى سىسۇلۇ. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسى تامبوغا يېڭى مەسىلە

ئېلىپ كەلدى: كىشىلەر تەشكىلات ئاق تەنلىك كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، دەپ گۇمانلاندى.

تامبو يەنىلا رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشنى خالاپ كەتمەيتتى. 1967 ـ يىلى لۇتۇلى ئۆلگەندىن كېيىن، تامبو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە رەئىس بولۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋاكالىتەن رەئىسى بولدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي رەھبەرنىڭ ماندېلا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. بىراق، ماندېلانىڭ بۇ مەزگىللەردە مۇھىم قارار چىقىرالمايدىغانلىقىنى، شۇ تۈپەيلىدىن ماندېلانىڭ قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت تەرەپ ناۋادا ماندېلانىڭ رەئىسلىككە رەسمىي سايلانغانلىقىنى بىلسە، ماندېلانىڭ تۈرمىدىن چىقىش مۇمكىنچىلىكى يوق بولاتتى. ئىجرائىيە كومىتېتى تامبو يوق شارائىت ئاستىدا ئۇنى رەئىس قىلىپ سايلىدى. تامبو ئىجرائىيە كومىتېتىدىن بۇ قاراردىن يېنىشنى ئىلتىماس قىلدى، بىراق ئۇنىڭ ئىلتىماسى پۈتۈنلەي قارشىلىققا ئۇچرىدى. تامبو ناھايىتى ئەنسىرىگەن ھالدا: «مەن ئىجرائىيە كومىتېتى ھوقۇق بېرىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تۇنجى قېتىم سايلانغان بىردىنبىر رەئىس» دېدى. ئۇ تېخىچە ئۆزىنى مۇئاۋىن رەئىس دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا دائىم ماندېلانى «باش قوماندان» دەپ تىلغا ئالدى. 1977 ـ يىلىغا كەلگەندىلا روبېين ئارىلىغا قامالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ قاراردىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلار تامبونىڭ رەھبەرلىك سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، تامبو يەنىلا بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. تامبونىڭ قەلبىدە ماندېلا ھەقىقىي رەھبەر ئىدى، ئۇ ماندېلانىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىنى ساقلاشقا رازى ئىدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادى ياخشى تەرەققىي قىلدى. تامبونىڭ ئىرقىي

ئايرىمچىلىققا قارشى كۈرىشى بارغانچە قىيىن ئەھۋالغا يۈزلەندى. 1960 ـ يىلىدىكى شارپۋىل دىلوسىدىن كېيىنكى چەت ئەل مەبلىغىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ئەندىزىسىگە خاتىمە بېرىلىپ، 1965 ـ يىلى مەبلەغ سېلىش چوڭ قىزغىنچىلىقتىن ئىلگىرىكى دەۋردىكىدىن ئېشىپ كەتتى. 60 ـ يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقا ئىقتىسادى ئالتە پىرسەنت ئاشتى، بۇ ئېشىش نىسبىتى باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى ئىدى. كاپىتالنىڭ ئوتتۇرىچە مەلۇمات ئەھۋالى 50 پىرسەنت بولۇپ، ياۋروپادىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. ئەڭ چوڭ ماشىنا ياساش شىركىتى ۋە باشقا دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرمۇ مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇردى. دۆلەت مۇداپىئە راسخوتىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ئۆسۈشى چەت ئەل شىركەتلىرىنى يېڭى مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ خىل گۈللىنىش مەنزىرىسى قارا تەنلىكلەرنىڭ زاۋۇت، شەھەرلەرگە كۆپلەپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىرقىي ئايرىمچىلىق پرىنسىپى خىرىسقا ئۇچرىدى. ۋوست ۋېيۋوردىنىڭ «چوڭ ئىرقچىلىق» پىلانىنى ئالغا سۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ ھال يېڭى بانتۇستانغا نام جەھەتتە مۇستەقىللىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق شەھەر قارا تەنلىكلىرى پۇقرالىق ھوقۇقى يوق چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىدى.

تامبونىڭ جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈمىدى بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى. ۋوست ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى تەسىرى چوڭ ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سودا، قاتناش ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى يۇقىرى چەكتە ۋوست ھۆكۈمىتىگە تايىناتتى. شۇ سەۋەبتىن ۋوست ھۆكۈمىتى نامراتلىقتىن يېڭىدىن گۈللەنگەن قارا تەنلىكلەر دۆلىتىنى شىمالغا قوغلىۋەتتى. تامبو ئەسلىدە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان

دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بولۇپمۇ ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدە بولغان، 1966 ـ ۋە 1967 ـ يىللىرى مۇستەقىل بولغان باسۇتولەند، سۋازىلەند، بېچۇانالەند قاتارلىق دۆلەتلەر تامبۇ ئۈمىد كۈتكەن دۆلەتلەر قاتارىدا ئىدى. كۆپلىگەن يېڭىدىن گۈللەنگەن ئافرىقا دۆلەتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى. 1963 ـ يىلى قۇرۇلغان ئافرىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەشكىلاتى بايقۇت قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە قىلدى. زامبىيە ۋە تانزانىيە قارا تەنلىكلەرنى ئازاد قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىردا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تايىنىش ۋەزىيىتى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. 1969 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، 14 ئافرىقا دۆلىتىنىڭ رەھبىرى زامبىيەگە يىغىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا «لۇساكا خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن مۇرەسسەلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى ۋە قوراللىق كۈرەشنى ئازايتىشنى قارار قىلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مورېگورو يىغىنىدا تامبۇ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، بۇ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ كېلىشىم ھەرىكىتىگە قارىتىلغان «قەبىھ، غالجىرلىق بىلەن قىلىنغان قايتۇرما ھۇجۇم» دېدى.

غەرب دۆلەتلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ گۈللىنىشىنى تۇسۇيالمايتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ شىركەت ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا شىركىتى باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا سودا ساھەنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «ئالغا ئىلگىرىلەش» نىڭ يېڭى باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكى ئەنگلىيەگە ئوخشاش، بۇ باسقۇچتىكى گۈللىنىش تەبىئىي ھالدا ئىسلاھاتنى

ئىلگىرى سۈرەتتى. 1968 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، نورمان ماكىللىي «ئىقتىسادشۇناسلىق» ژۇرنىلىدا، جەنۇبىي ئافرىقىنى ئوبيېكت قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان چوڭ ھەجىملىك بىر پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇقتىئىنەزەر ئېنىق ئىپادىلەنگەنىدى. ماكىللىي مۇنداق دەيدۇ: بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاق تەنلىكلەر تېخىمۇ ئەركىنلىشىپ كەتتى. «بايلىقنىڭ ئېشىشى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كۆپ ھاللاردا سولچىل ۋەزىيەتنىڭ كۈچىيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئارمىيە قارا تەنلىكلەر قوزغىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى كونترول قىلالايدۇ. «بىر قىسىم باتۇر، ئەمما ئەسەبىي كىشىلەر بەزىدە ئاغدۇرمىچىلىق نىيىتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا چېگرا ئارقىلىق كىرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا جەنۇبىي ئافرىقا ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن بايقىلىپ قالدى. چۈنكى، ساقچىلار ئاتالمىش ئەركىنلىك ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆز ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.»

شەك ـ شۈبھىسىزكى، روببېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. ماخراج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەڭ مۈشكۈل پەيتلەر. زور تۈركۈمدىكى جەڭچىلەر قولغا ئېلىنىپ ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى.» 1970 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ خىرەلىشىپ كەتتى. پۈتۈنلەي ئاق تەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان چوڭ سايلامدىن ئىنقىلابچىلار ئازادلىق ئۈمىدىنى كۆرەلمىدى. دېۋىللىيې گىراف رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە ۋوستېر رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت پارتىيەسى ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئوڭ قانات جەنۇبىي ئافرىقا سىياسىي پارتىيەلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىندى. روببېن ئارىلىدىكى جەڭگىۋار روھتا سىرتقى دۇنيادىكى قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

روببېن ئارىلىنى قەرەللىك ھالدا زىيارەت قىلىۋاتقان جورج بىزوس بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالدى. ئۇ ماندېلانىڭ ھازىرقى كەيپىياتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىدا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىق كۈچلىرى كۆزدىن غايىب بولغاندەك تۇراتتى، ھەتتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋە پانئافرىقا مەجلىسىنىڭ نامىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشىمۇ چەكلەندى. ناۋادا ھەرقانداق شەخستە مەملىكەتلىك كېڭەشنىڭ ھۆججەتلىرى بايقىلىپلا قالسا، ئۇ كىشى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىناتتى. ماندېلا بىلەن تامبو دېيىشكەن گەپلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

غەرب ھۆكۈمىتى ۋە تەھلىلچىلەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى جەملەشتۈرۈپ بولغاندەك قىلاتتى. 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ بىر پارچە مەخپىي ھۆججىتىدە مۇنداق يېزىلدى: «ئاندا ـ ساندا تەشكىللىنىدىغان جەنۇبىي ئافرىقىغا ئوغرىلىقچە كىرىش پىلانلىرى ھەمىشە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشاتتى. جۇمھۇرىيەت ئىچىدىكى سىياسىي تەشكىلاتلار ھالسىزلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تەشكىلاتلارغا ھۆكۈمەت جاسۇسلىرى سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى.» ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس توماس كارلىس «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سايىدەك مەۋجۇتلۇق ھالىتىدە تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ يازدى. «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جىم ھوگلان 70 ـ يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىپ، «لۇتۇلى، ماندېلا ۋە سىسۇلۇ قاتارلىقلارنىڭ ئانچە دىققەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگىنىنى، ئۇلار باشقا بىر دەۋرنىڭ كىشىلىرىگە ئوخشاش ئۇزاق تارىخىي ئېقىمدا ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىنى» بايقىدى.

ماندېلا تۈرمىدە شۇنى ئېتىراپ قىلدى: «70 ـ يىللاردىكى

جاپا - مۇشەققەتلىك پەيتلەردە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى غەرق بولغاندا، بىز ئۆزىمىزنى ئۈمىدسىزلىككە غەرق بولماسلىققا مەجبۇرلىشىمىز كېرەك.» 1970 - يىلى 11 - ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر ھۆججەت لايىھەسىدە، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاللىقاچان «ئاساسەن دېگۈدەك يوقالغانلىقى» ئېتىراپ قىلىنىدى. مەن سوۋېتودىكى قارا تەنلىك دوستلىرىمنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بەكلا جىمىغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. «بىلەمسىز، ھەتتا ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىمىزغىمۇ ئۆز كۆزقاراشلىرىمىزنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايمىز» دېدى مۇخبىرنىڭ ئوغلى ھېنرى. ھەممە جايدا جاسۇسلار بار ئىدى، ئۇلار پۇل خەجلەپ ياش لۈكچەكلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆكتىچىلەر ۋە پارتىزانلىق ئەترىتى توغرۇلۇق ئۆزلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە قوياتتى.

تامبو ئاخىر بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. 1970 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تامبو ئۆز دوستى لونارد سىگېرغا خەت يېزىپ، ئون يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمىدىن قېچىشىغا ياردەملەشكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. تامبو سىگېرنىڭ ۋوست ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىنىڭ نامەلۇم ۋەھىمىلەر بىلەن بارلىق كۈچى بىلەن قارا تەنلىكلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقى ۋە قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى: «جەنۇبىي ئافرىقىدا بىر مەيدان قانلىق قىرغىنچىلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان. بۇنداق بولۇشىنى ئۆتمۈشتىكى ئون يىللىق تەرەققىيات بەلگىلىگەن، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشتۇر. 70 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە بولغان دەۋرلەر قان بىلەن بويالدى — بەختكە قارشى گۇناھسىز ئادەملەرنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىشىنى گۇناھكارلارنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىشى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك ھالدا كۆپ ئىدى.» تامبو خىيالغا چۆمدى، ئەگەر 1960 - يىلى 3 -

ئايدا سىگېر ئۇنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىگە ياردەم بەرمىگەن بولسا، ئەھۋال قانداق بولۇپ كېتەر بولغىيدى: «تارىخ بىر مۇنچىلىغان چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن تەشكىل تاپىدۇ... ئەگەر ئەينى چاغدا سىگېر مېنىڭ قېچىپ كېتىشىمگە ياردەم بەرمىگەن بولسا، بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە تارىخ مۇنداق خاتىرىلىنىشى مۇمكىن ئىدى: لونارد سىگېر پرېتورىيەدە بىر ئۆمۈر تۈرمىدە ياتقان؛ ئولىۋېر تامبو ‹تېررورىزم نىزامنامىسى›گە ئاساسەن 1968 - يىلى پرېتورىيەدە ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان؛ ۋوست قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن؛ غايەت زور پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ قوماندانى ھېسابلانغان ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشقا رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولاتتى.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنىلا ھەربىي ھەرىكەتلىرىدىن ئۈمىد كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سىرتىدىكى بازىلاردا تېخىمۇ كۆپلىگەن پارتىزانلار ئەترىتىنى مەشىقلەندۈرۈش بىلەن بىللە تەشۋىقات قوللانمىلىرى، شۇنداقلا زامبىيە ۋە تانزانىيەنىڭ «ئەركىنلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» ئارقىلىق سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بىراق، جاسۇسلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشى ۋە ھەر خىل قارشىلىق ۋاستىلىرى سەۋەبلىك قېلىپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئاكتىپ ئەزالار تېزدىنلا مۇھاسىرىگە ئېلىندى.

1974 - يىلى 4 - ئايدا كىشى ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ۋەقە رويبېرىپ ئارىلىدىكى مەھبۇسلارنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋەتتى: پورتۇگالىيەدە ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مارسلو كارتانو ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇنداق بولغاندا ئافرىقىدىكى ئانگولا ۋە موزامبىكتىن ئىبارەت ئىككى مۇستەملىكىنىڭ ئازاد بولۇشىدىن ئۈمىد تۇغۇلاتتى. دېمەك، «ئارىلىقتىكى دۆلەت» تىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلاردىن ساقلىنىش ئىستراتېگىيەسى ئاقمايدىغاندەك تۇراتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە موزامبىك ۋە جەنۇبىي

ئافرىقىلىقلار چېگراسىدا ھەربىي بازا قۇرۇش ئۈمىدى تۇغۇلدى. بۇ پىكىر موزامبىكتىكى يېڭى ئىنقىلابى ھۆكۈمەت ھېسابلانغان «موزامبىك ئىنقىلابى»نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. موزامبىك ۋە ئانگولادىكى ماركسىزمچى ھۆكۈمەت جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئوقۇشخۇمار قارا تەنلىك ياشلارنى ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا «موزامبىك ئىنقىلابى فىرونتى ياشىسۇن !»، «كۈرەش داۋاملاشماقتا !» دەپ ۋارقىرىدى. ماندېلا ناھايىتى چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن «ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدىلىق ھالەتكە كىرىشكە باشلىدى» دەپ قارىدى. ئۇ تامبونىڭ موزامبىكتا بىر قېتىم دۆلەت مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

گەرچە مىللەتلەر نەيزىسىنىڭ ئىستىقبالى جۇلالانغان بولسىمۇ، بىراق مىللەتلەر نەيزىسى جەنۇبىي ئافرىقىدا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 1976 ـ يىلىغىچە مىللەتلەر نەيزىسى جەنۇبىي ئافرىقىدا بىرەر پاي ئوقمۇ ئېتىپ باقمىغانىدى. چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىنغان كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ماندېلانىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئەھۋاللارغا بولغان تونۇشى تېخىمۇ بەك رېئال ئىدى. بىراق، ماندېلا يەنىلا ئۈمىدۋار ئىدى. ئۇ تۈرمىدە ئېلان قىلىنمىغان، ئەمما ناھايىتى مۇھىم ھېسابلانغان مىللىي ئەركىنلىكنى يېزىپ چىقتى:

بىز تۈنجى قارارلىق مىللەتلەر نەيزىسى يېڭى ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ 14 يىلدىن كېيىنمۇ قورallىق كۈرەش جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇردى. گەرچە موزامبىك ۋە ئانگولا ئالدى بىلەن مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىرىنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر كۆپ بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى ھېس قىلىدۇ. تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى يەنىلا دۈشمەننىڭ قولىدا، دۆلەت

بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش دۈشمەننىڭ قولىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت. مەن بۇنداق تارىخنىڭ ھەرقانداق پەيتتە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇنى نەتىجىسى ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ھەرىكەت ئىچىدىن ئۆتكۈزگەن غەم ـ قايغۇ ۋە جىددىيچىلىكلەرنى تولدۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ...

موزامبىك ۋە ئانگولانىڭ ئازادلىقى بىر تۈرلۈك ئۈمىدۋار كەيپىياتنى ئېلىپ كەلدى، خەلق يېڭى دەۋر يېتىپ كەلدى دەپ قارىماقتا. بىزنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت. شۇ پەيت يېتىپ كەلگەندە، دۈشمەنلەر كۆپلىگەن ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا باش مىنىستىرى ۋوست ناھايىتى جانلىق بولغانلىقتىن، موزامبىكنىڭ يېڭى قارا تەنلىك ھۆكۈمىتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ موزامبىكتىكى پورتلاردىن داۋاملىق پايدىلىنىشى ھەققىدە توختام ئىمزالاپ بولغان، شۇنداقلا موزامبىكنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندى. بۇنىڭ ھېسابىغا قارشى تەرەپتىن ھەربىي ھەرىكەتلەرنى تېخىمۇ بەك چەكلەش تەلەپ قىلىنغاندى. ئۇ چاغلاردا ئىقتىساد بەكلا چېكىنىپ كەتكەنلىكتىن جەنۇبىي ئافرىقىلىق سودىگەرلەر ئافرىقا قىتئەسىدىكى باشقا جايلاردا يېڭىدىن بازار ئېچىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندى. ۋوست ۋە شىمالىي قىسمىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن توختام ئىمزالاپ، ئاخىردا تېخى لىۋىيە بىلەن پىل چىشى قىرغىقىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئىيون سىمىسقا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ رودىسىيەدىكى قارا تەنلىكلەر قارشىلىق ھەرىكىتى تەشكىلاتلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. 1074 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋوست ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پىك بوتا

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ: «بىز بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئىرق ۋە تېرە رەڭگىنى پەس كۆرۈشنى يوقىتىشقا تىرىشىمىز» دېدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ۋوست ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرگە «ئەگەر سىلەر جەنۇبىي ئافرىقىغا بىر قېتىم پۇرسەت بەرسەڭلار، بىزنىڭ تۇتقان مەيدانىمىز سىلەرنى ھەيرانۇھەس قالدۇرۇۋەتكەن بولاتتى» دېدى. ماندېلا ۋوستىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ خىيالى ھەققىدە قۇرۇق خىياللاردا بولۇپ يۈرمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھۆكۈمەت قوراللىق ئىنقىلابتىن ساقلىنالايدىغان كۆپ قېتىملىق پۇرسەتلەرگە سەل قارىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ماندېلا يەنىلا زېھنىنى ئاساسلىقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرلىك مەسىلىسىگە قاراتتى. بىراق، سۇرگۈندىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كوممۇنىستلىرى ۋە مىللەتچىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. 1975 ـ يىلى، بۆلۈنۈش مەسىلىسى تامبونىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بۇنداق بولۇشىغا 1973 ـ يىلىدىكى روبېرت خارىسانىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولغانىدى. 53 يېشىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن سوفىياتاۋنلىق تەرسا مىجەز مىللەتچى خارىسا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى ئىدى. ئۇ كوممۇنىزمنى ھەددىدىن زىيادە تەنقىدلەيتتى، بولۇپمۇ ئۇ ئىجرائىيە كومىتېتىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ماندېلا خارىسادىن ناھايىتى ئىپتىخارلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ماگگىغا ناھايىتى تەسىرلىك بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى لۇتۇلى، ماسىر ۋە ماكس قاتارلىق ئۆلۈپ كەتكەن قەھرىمانلار بىلەن بىللە تىلغا ئالدى: «بىز دەسلەپتىلا ئورتاق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئوڭۇشسىزلىقلارغا سەۋر قىلىش،

غەلىبە مېۋىسىدىن تەڭ بەھرىلىنىش توغرۇلۇق قەسەم قىلىشقانىدۇق.» بىراق، خارىسانىڭ ماتەم مۇراسىمىدا ترانسكېيدىكى داڭدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ياش مىللەتچى ئامبىروس ماگۋىنى «بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى مەجبۇرىي كونترول قىلىۋالغانلىق توغرۇلۇق شىكايەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خارىسانىڭ ماتەم مۇراسىمى جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. «ئافرىقىلىقلار كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىدىن قاتتىق يىرگىنىدۇ» دېدى ماگۋىنى. ئۇزاق ئۆتمەي، سەككىز نەپەر ئەزا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە ئاسىيلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئامبىروس ماگۋىنى ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى تانسېن قاتارلىقلار بار ئىدى. تامبو ماندېلاغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماندېلاغا قارىتىلغان بىر «ئىپلاس» ھەرىكەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، بۇ ھەرىكەت ئەيمىنىمەستىن كوممۇنىستىك پارتىيەگە ۋە ئىرقچىلىققا قارشى ۋاستىلەرنى قولللىنىۋاتقانلىقىنى، ھالبۇكى ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان تىلنىڭ ئاق تەنلىك ئېكسپلاتاتسىيەچىلەر ئىشلىتىۋاتقان تىل بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تامبو يەنىلا بۇ مەسىلىنى ئىچكى زىددىيەت سۈپىتىدە ھەل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، 1975 - يىلى 9 - ئايدا ئىجرائىيە كومىتېتى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق «سەككىز كىشىلىك گۇرۇھ»نى ھەيدەپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنىڭ باش كاتىپى ئالفېرد نزو مۇنداق دەپ يازىدى: «بۇ ساختىپەز گۇرۇھ بىزنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ۋە ئارىغا بۆزغۇنچىلىق سېلىش مەقسىتىدە قەستەن ئامىمنىڭ ئالدىدا ئۆز گۇرۇھىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.»

ماندېلا بۇ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىكتىن ناھايىتى ئازابلاندى. چۈنكى، ماندېلامۇ ئۆتمۈشتە دېموكراتىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭلاشقا، بۇ جەھەتتە ئۇ خائىنلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنىڭ «تېخىمۇ ئىللىق ۋە تېخىمۇ

كەڭ قورساق مۇئامىلە» تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، ماندېلا بۇ كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنى بەكلا غەزەپلەندۈرگەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇ ئىشقا قول تىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. خائىنلار ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئۆز تەشكىلاتىغا ئافرىقا مىللىي مەسلىكى دەپ ئىسىم قويدى. ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنىڭ نامىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ANC بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. ئۇلار ماندېلانى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى، دەپ قارايتتى. ماندېلا بولسا شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا تامبونى ئۆزىنىڭ رەھبىرى، دەپ قارايتتى. « ANC دىن پەقەت بىرسىلا بار. بۇ ANC نىڭ باش ئىشتابى لۇساكادا، رەھبىرى ئولىۋېر تامبو» دەپ يازدى ماندېلا. ئاخىردا كۆپ ساندىكى خائىنلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قايتىپ كەلدى. تامبو 1990 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىپ كەلگەندە، ئامبىروس ماگۋىنىي ئۇنى قارشى ئالدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بىراق، ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى تانسىېن قەيسەر ماتانزىما رەھبەرلىكىدىكى ترانسكېي ھۆكۈمىتىگە ئەزا بولۇپ، 1980 ـ يىلى ئوق تېگىپ ئۆلگەنىدى. ئۇنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسى، دەپ گۇمان قىلىندى.

تامبو كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىلچە ئىجادىيلىق بولمىغان رەھبەرلىك ئۇسۇلى ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. تامبومۇ ھەم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەنىمۇ بەك پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ماندېلاغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ بازىسىنى مەخپىي ھالدا «تەنتەربىيە كۇلۇبى» دەپ ئاتاۋاتقانلىقىنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بولسا «بىرلەشمە» دەپ ئاتاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «كۇلۇب كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەندى، بىراق تەنتەربىيە بىرلەشمىسىنىڭ تەستىقى بولمىسا، كۇلۇبىمىز نەپ يەتكۈزىدىغان تەنتەربىيە تۈرىگە

ئېرىشەلمەيدۇ.» بىراق، تامبو بىرلەشمە ئەزالىرىنىڭ «يېڭى كولۇب ئۇچۇن مەخپىي ھالدا قوش تەرەپلىمە ئويۇن ئورۇنلاشتۇرالايدىغانلىقى» غا ئىشىنەتتى. ئۇلار تېخىچە روببېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلارنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى، دەپ قارايتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئىستىقبالى قارىماققا يەنىلا شۇنداق گۇڭگا بولسىمۇ، روببېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلار قوراللىق كۈرەشنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا يېقىندىن نەزەر سېلىپ تۇرغاچقا، جەنۇبىي ئافرىقا جەمئىيىتىدىكى ئىسلاھات دولقۇنىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردار ئىدى. بۇ دولقۇن ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بارا - بارا ئاجىزلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچلىرى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئىنقىلاب مەركىزى زاۋۇت ئىدى. 70 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كاساتچىلىق ۋە پۇل پاخاللىقى سەۋەبلىك قارا تەنلىكلەر ئەمگەك ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغلاردا ئىش تاشلاش قانۇنغا خىلاپ ئىدى. بىراق، 1973 - يىلىنىڭ باشلىرىدا دۇربان ۋە لوندوندىكى قارا تەنلىك ئىشچىلار ئىش تاشلىدى. بۇ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولدى. بۇ ھەرىكەت ھېچقانداق شەپىسىزلا باشلاندى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا رەھبىرى يوق ئىدى. شۇڭا، ھېچكىم بۇ ھەرىكەتكە جىنايەت قالپىقى كىيگۈزەلمەيتتى. باشقىلار ئاسانلىقچە بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورنىنى ئالالمايتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ مائاش ئۆستۈرۈش تەلىپى تېزدىنلا ئەمەلگە ئاشتى. بۇ قېتىملىق غەلىبە سەۋەبلىك ئۇلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق تەنلىكلەر رەھبەرلىك قىلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلەشكەنىدى. بۇ قىلمىش ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ

ئەيىبلىشىگە ئۆچرىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئالدىن پەرەز قىلغاندەك، ئەمدىلىكتە «سانائەت ۋە سىياسىي ئىسلاھات ئەڭ تەۋرىنىش ھالىتىدىكى پەيت» ئىدى. تۈرمىدە يېتىۋاتقان ماندېلا ئىش تاشلاشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. ئۇ خاررىي گۇۋارا ۋە باشقا سەپداشلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاش ھەرىكىتىدە ئوينىغان رولىدىن مەمنۇن بولدى. «بۇ مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئاتلىنىدىغان ئىشچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى.» 1976 ـ يىلى ماندېلا: «ئىش تاشلاش دولقۇنى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ كەتتى، ئىشچىلارنىڭ كەسكىن پوزىتسىيەسى ھەرقايسى زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىشلەرگە قاراپ تۈرمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى» دەپ يازدى.

ماندېلا ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۈرىدىغان ئاق تەنلىك ئەركىنلىك تەشەببۇسچىلىرى، پوپ ۋە ئوقۇغۇچى قاتارلىقلاردىن ئىشەنچكە ئىگە بولدى. ئۇ 1974 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا پارلامېنتتا ئالتە ئورۇنغا ئىگە بولغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. ماندېلا بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەممىدىن بەك قىزىقىش نەزىرىدە قارىدى. ماندېلا مەيلى قارا تەنلىك بولسۇن ياكى ئاق تەنلىك بولسۇن ئوقۇغۇچىلارغا ھەممىدىن بەك قىزىقىش نەزىرىدە ئىدى. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلماقتا ئىدى، شۇنداقلا سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ماندېلا تەرەققىيپەرۋەر جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرگە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇئامىلە قىلىشنى قارار قىلغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ تۈرمىدە قاراۋۇللار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشنى قارار قىلدى. ماندېلا سەپداشلىرىغا

جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش پۇرسىتىنى رەت قىلماسلىقنى، «ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بۇ توپقا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە كەمسىتىشى ئارقىلىق خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالماسلىقنى نەسىھەت قىلدى.» ماندېلا قول يازمىلىرىدىن بىرىدە 15 يىلدىن كېيىن دىققىتىنى ئاغدۇرغانىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك سىياسىيونلارنىڭ ئۆز خەلقىگە مونوپول ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىشىغا بولمايدۇ، بىزنىڭ ھەم ئۆز خەلقىمىزگە ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىزغىمۇ بولمايدۇ. بىز جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرگە ئۆز مەيدانىمىزنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىپادىلىشىمىز كېرەك. مەيلى ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىمۇ، قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىمۇ دۇرۇس كىشىلەر بار، جەنۇبىي ئافرىقىمۇ ھەم شۇنداق، بىزنىڭ مەسلىمىز ناھايىتى زىل، پەقەت ئۇلارنىڭ خەلقى خەتەرلىك ۋەزىيەتتە تۇرغاندىلا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك رەھبەرلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەمگە ئاتلىنىدۇ...

ئەمدىلىكتە زوراۋانلىق توقۇنۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، دۆلىتىمىزنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلىدۇ. بىز — ئاق تەنلىكلەر ۋە قارا تەنلىكلەر، ئافرىقىلىقلار ۋە جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر يەنىلا يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ، قايتا قۇرۇش ھەققىدە سۆھبەتلىشىشىمىز كېرەك.

ماندېلا 60 — 70 - يىللاردا قانچىلىك ئېغىر چىلىقلارغا يولۇقۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىزچىل ھالدا غەرب كۈچلىرىنىڭ ياردىمى ھەققىدە ئىزدىنىپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا ئىقتىسادىي جازانى كەلگۈسىدە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق قورال، دەپ قارىدى. بىراق، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقايسىسى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىرەر ئىش قىلالمىدى. تامبو لوندونغا كەلگەندە، ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ

قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن ئاۋۋال خارود ماكمىلىن، ئاندىن يارك دوگلاس خيۇم قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ساقلىدى. «ئۇ ئىشىك چېكىشنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويمىدى» دېدى ئۇنىڭ ئايالى ئادرىيد. بىراق، دىپلوماتلار بەك سەزگۈر ئىدى. 1964 ـ يىلى ساسرىن ئىسىملىك بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ تامبونىڭ ھېگوتتىكى ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىن تامبونىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا تامبو ھەققىدە ئازراقلا مەلۇمات يەتكۈزۈپ بېرەلىدى. ناۋادا «تامبو جەنۇبىي ئافرىقا ھەققىدىكى بەزى قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلغان بولسا»، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولاتتى. تامبو لوندون ھۆكۈمىتىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمانلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى پانئافرىقىلىقلار مەجلىسىنى زور كۈچ بىلەن قوللاۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ياۋروپادا پەقەتلا گوللاندىيە، سكانداۋىيەلا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇندى. مانداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنچىكە ھالدا مىننەتدار بولۇپ كەلدى. تامبو پەقەت موسكۋادىنلا ياردەم تەلەپ قىلالايتتى. موسكۋا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ھەربىي مەشىق ۋە ھەقسىز قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. بۇ سەۋەبلىك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سوتسىيالىزم لاگېرىغا تەۋە ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. بۇ خەۋەر روببېن ئارىلىغا تولىمۇ ئۇزاق ۋاقىتتا يېتىپ باردى. كاترادانىڭ ئاكىسى خەتلىرىدىن بىرىدە بۇ خەۋەرنى قىسقىغىنا تىلغا ئالغانىدى. بىراق، بۇ خەت

كارتادانىڭ قولىغا 18 ئايدىن كېيىن تەگدى. ماندېلا بىلەن تامبو ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي جازاغا كەسكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش ۋەزىر ۋېرسىن «جەنۇبىي ئافرىقىغا قورال يۆتكەشنى دەرھال توختىتىش» ھەققىدە تېزدىن بۇيرۇق چۈشۈردى. بىراق، يېقىنقى مەزگىللەردە ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جازالاشقا چەك قويغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىقتىساد ۋەزىرى جورج بىروۋن ئاللىقاچان قورال ـ ياراغ يۆتكەشتىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي ئاقىۋەتنى مۇلاھىزە قىلىشنى باشلىغانىدى. مۇستەملىكە ۋەزىرى ئانتونى گېرىنۋۇد جەنۇبىي ئافرىقىنى جازالاشتىن كېلىپ چىققان زىياننى ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قوشنىسى ھېسابلانغان ئۈچ دۆلەتتىن تولدۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. گېرىنۋۇد دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: «ئەگەر دوكتور ۋېۋورد ئاچچىقىنى قوشنا دۆلەتلەردىن چىقىرىشنى قارار قىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ بىرنەچچە دۆلەت ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدۇ.» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قىيىن مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى كاردېن جازانى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قوللىدى. بىراق، دىپلوماتىيە ۋەزىرى پاترىك گېدىن ۋوك باش ۋەزىرنى كاردىنغا قاتتىق مۇئامىلە قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن كاردىن ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي جازاغا قارشى تۇرۇشىغا قوشۇلدى. بىراق، ئۇ تېخىچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا: «بىز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا جەنۇبىي ئافرىقىغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنى توسۇمايمىز» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «دامكورىسىنىڭ شەمشىرى ھەر دائىم تورۇسقا ئېسىپ قويۇلۇشى كېرەك، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەمشەر شۇ جايدا بولۇشى كېرەك.» بۇ شەمشەرنىڭ ئىشچىلار پارتىيەسىدىكى ئوڭچىلارغا تەسەللى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، بىراق

پرېتورىيەنى ئالدىيالمايتتى.

لىنتون يوھانسون رەھبەرلىكىدىكى ۋاشىنگتون جازالاشنى تېخىمۇ بەك قوللىدى. بۇ ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنى تېخىمۇ بەك ئەنسىرىتىۋەتتى. دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بىر بۆلەك ھۆججەتلىرىدە تاللاش خاراكتېرلىك جازالاشنىڭ «جەنۇبىي ئافرىقىغا ئۇنۇملۇك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە باش ئاغرىقى كەلتۈرمىگەن ئاساستا بېسىم بولىدۇ» دېيىلگەندە، ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى تېزدىنلا ئىنكاس قايتۇرۇپ ئىقتىسادىي جازانىڭ پايدىسى يوق، دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەندىشىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەندىشە ئىدى. بىر پارچە مەخپىي ھۆججەتتە «ئەنگلىيە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆچكە ئىگە دۆلەت بولغانلىقتىن، بىزنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىمىز ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ» دېيىلگەندى.

جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈز بەرگەن بىر جىددىي ۋەقە سەۋەبلىك خارود ۋېرسىننىڭ ناھايىتى تېزدىنلا دىققىتى چېچىلىپ كەتتى. 1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىغا يېقىن ھېسابلانغان رودىسىيە مۇستەملىكىلىكىدە ئىيون شىمىسنىڭ ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەنىڭ دېموكراتىك سايلامنى تەلەپ قىلىشىغا قارىماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ۋېرسېن قورال كۈچىنى ئەمەس، ئىقتىسادىي جازانى تاللىدى. ئىقتىسادىي جازانىڭ ئىچىدە نېفىت سودىسىنى چەكلەشمۇ بار ئىدى. بىراق، ئۇ ئەنگلىيە شىركىتى ئورۇنلاشتۇرغان جەنۇبىي ئافرىقىدىن رودىسىيەگە نېفىت يۆتكەش ئىشىغا كۆزىنى يۇمۇۋالدى. تامبو بۇنىڭغا نىسبەتەن ئازراقمۇ ھاياجانلانمىدى. ئۇ 1969 ـ يىلى «ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئاق تەنلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشى ۋە مونوپول قىلىۋېلىشىغا سۈكۈت قىلدى ھەم ئىلھاملاندۇردى» دەپ كۆرسەتتى.

ۋېرسېن ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن ھېسابلىشىشقا چولىسى يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا روبېن ئارىلىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن بولماي قالاتتى. 1967 - يىلى ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى داننىس جەنۇبىي ئافرىقىنى قورال بىلەن تەمىنلەشنى قايتا تىلغا ئالغاندا، پرېتورىيە تېخىچە بۇنىڭ «داموكرېسىنىڭ قىلىچى» ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدى. ۋېرسېن ئاخىردا بۇ ھەرىكەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئىچكى كابىنېتنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىق مەسىلىسىدىكى ئەخلاقىي مەيدانى گۇمانلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن شىللىي روبېن ئارىلىغا بېرىپ، ماندېلانى زىيارەت قىلغاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئېتىراپ قىلىپ : «مەن كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى قوللىماسلىقىم كېرەك دەپ ئويلايمەن» دېدى. بىراق، ئۇ ئاللىقاچان ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانىدى.

ئامېرىكىنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق رولى يوق ئىدى. بۇ چاغلاردا ئامېرىكا ۋېيېتنام ئۇرۇشىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ چىقالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا رودېسىيەگە قىزىقمايتى. پارلامېنت ئەزاسى چارلىس بوسېنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئامېرىكا جەنۇبىي ئافرىقىغا نىسبەتەن «ياخشى خاراكتېرلىك سەل قاراش» باسقۇچىدا ئىدى. خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئامېرىكا نېگىرلىرى ئىرقىي ئايرىمچىلىقتىن قاتتىق ئازابلاندى ۋە بۇ قىلمىشنى ئەيىبلىدى. كىننېدىنىڭ ئىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئاق تەنلىك سىياسىيونلارمۇ ئۇلارنىڭ مەيدانىدا تۇردى. 1966 - يىلى كىننېدى جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلىپ قايتىشىدا: «ئەگەر مەن بۇ دۆلەتتە ياشاپ قالغان بولسام، ھەممە نەرسەمنى يىغىشتۇرۇپ بۇ دۆلەتتىن ئايرىلغان بولاتتىم» دېدى. بىراق، ئامېرىكىلىقلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىردەك بولمىدى. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكى روگ موللىس مۇنداق دېدى :

«60 ـ يىللاردىكى كىنىندى ۋە يوھانسون ھۆكۈمىتى كۆرۈنۈشتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئىرقىي ھۆكۈمەت توغرۇلۇق ئەيىبلەپ قويغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ئاستىرتىن مەخپىي سودىلاشتى.»

70 ـ يىللاردا غەربنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىغا تېخى بالدۇر ئىدى. 1970 ـ يىلى ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئېنىقلا پېشكەللىك ئىدى. يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش ۋەزىر تىئودورشىس 1954 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلغاندا ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياستىدىن بەكلا چۆچۈپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇ ئەنگلىيەنىڭ كېيپتاۋىندىكى سىمونىستون دېڭىز ئارمىيەسى بازىسىغا يېقىنلىشىشى غەرب جەمئىيىتىنىڭ كوممۇنىزم كۈچلىرىنى چەكلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەپ قارىدى. يەنە كېلىپ ئۇ داۋاملىق قورال ـ ياراغ سېتىشقا ۋەدە بەردى. پرېتورىيە دەسلەپىدە بىر نەچچە ئايروپىلان ۋە فىرانسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن جەڭ ئايروپىلانىلا سېتىۋالدى. چۈنكى، جەنۇبىي ئافرىقا بۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتاتتى. بىراق، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىلغار خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىمۇ كەم بولسا بولمايتتى. كۆپلىگەن شىركەتلەر بۇ تېخنىكىنى سېتىپ چىقىرىشنى خالايتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى غەرب ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمىتىنى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي سانائىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە كۈچىمەكتە، دەپ قارىدى. 1974 ـ يىلى ۋېرسېنىنىڭ ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەتنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشى روبېبېن ئارىلىدىكى جىنايەتچىلەرگە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. بىراق، ۋېرسېن رودېسىيە پاتقىقىغا قايتا پېتىپ قېلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇشقا ۋاقتى چىقمىدى. ئامبو 1972 ـ يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 16 يىللىق خاتىرە يىغىنىدا

«ئىمپېرىيالىزمچى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا، گەرچە بىز يەنىلا قورۇق ئۆرۈش قىلىشۋاتقان بولساقمۇ، جەنۇبىي ئافرىقا ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى» دېدى.

1969 ـ يىلى رىچاد نىكسوننىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنى بەزلەش سىياسىتى يۈرگۈزدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى كىسسىنگىرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىدىن رايى يېنىپ كەتتى. ئۇ ئەسلىمىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى تومىدا جەنۇبىي ئافرىقىنى تىلغا ئالماستىن، قابىللىق بىلەن شۇ پەيتتىكى ئەھۋالدىن رازى بولدى. ئۇ باشقىلارغا بىر پارچە مەخپىي سىياسىي ئەسلىمە يېزىشنى ھاۋالە قىلدى، بۇ بىر «داڭلىق ھۆججەت» ئىدى. 1972 ـ يىلى ھۆججەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تابو ھۆججەتكە باھا بېرىپ، ھۆججەتنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەرنىڭ سىياسىتىگە مايىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق باھا بەردى: «يېقىن كەلگۈسىدە جەنۇبىي ئافرىقا ئىچكى تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ساتقۇنلۇق قىلمىشلىرىنى ئۇنۇملۇك باستۇرىدۇ.» ھۆججەتتە ئامېرىكىنىڭ پرېتورىيەگە ئىشىنىنى كەڭ ئېچىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھاتقا ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىندى. بۇنداق قىلغاندا ئەڭ ئاۋۋال ۋوستىنىڭ ئەنسىرىشى يوققا چىقاتتى. سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن ئامېرىكا باش ئەلچىسى ناھايىتى تېزلا ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن روبىرو ئارىلىقتا ياۋا توخۇ ئوۋلىغىلى باردى. ئامېرىكا دىپلوماتىيە ئەمەلدارى كىسسىنگىرنىڭ بۇ سىياسىتىنى «ئاسفالت بالىنىڭ تاللىشى» دەپ ئاتىدى. چۈنكى، ۋاشىنگتون ۋە ئۇنىڭ يېڭى دوستى پرېتورىيە بىللە ماڭغانىدى. بۇ خىل ھالەت تاكى گېراد فوردنىڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشتى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئەمدىلىكتە ماندېلا ۋە ئۇنىڭ تۈرمىداشلىرىنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالدى. 1976 ـ يىلى

تەرەققىياتپەرۋەر پارلامېنت ئەزاسى دىك كراك جەنۇبىي ئافرىقا
مەسىلىسى ھەققىدە سەككىز كۈن داۋاملاشقان، ھەجمى 792
بەتلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ماندېلانىڭ
ئىسمى باشتىن ـ ئاياغ تىلغا ئېلىنمىدى. پەقەت ئاتلانتادىن
كەلگەن قارا تەنلىك پارلامېنت ئەزاسى ئاندرۇ ياڭ: «ئەگەر
جەنۇبىي ئافرىقىنى ھەقىقىي چۈشەنمەكچى بولساق، ئاشۇ تەقىب
ئاستىدىكى، سولاقتىكى ياكى ھالاك بولغان كىشىلەرگە
مۇراجىئەت قىلمىساق بولمايدۇ» دېدى.

روببېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلار ئۈمىدىنى يەنىلا شەرق ئەللى-
رىگە قاراتقانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئىزچىل
ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى قارشى
ئېلىپ، ئۇلارنى مەبلەغ ۋە قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەپ كەل-
گەن، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سۈرگۈندىكى
رەھبەرلەرنى ئۆز ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تەربىيەلىگەنىدى. شەرقىي
گېرمانىيە ھەممىدىن بەك قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئافرى-
قىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «دۆلەت» ناملىق ژۇرنىلىنى بې-
سىپ بەردى. ژۇرنالدا باشتىن ـ ئاياغ سوۋېت ئىتتىپاقىنى
قوللاش خاراكتېرىدىكى سىياسىي تەشۋىقاتلار بولۇش بىلەن بىل-
لە ئىمپېرىيالىزمنى سۆككەن يازمىلار بار ئىدى. تامبو ھەر-
قانداق كوممۇنىستىك كۈچلەر بىلەن ئارىلىق ساقلىدى. بىراق،
سىسۇلۇ ۋە روببېن ئارىلىدىكى باشقا مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى
ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلگۈسىدىكى نىجاتكارلىرىنىڭ سوتسىيا-
لىزم دۆلەتلىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدى. ماندېلا تېخىمۇ
ئەمەلىيەتچانلىشىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەمكارلى-
شىشقا بولىدىغان ھەرقانداق بىر دوست بىلەن ھەمكارلىشىشى
كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ ھەر دائىم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى
مەزگىلىدىكى چېرچىل بىلەن ستالىننىڭ ھەمكارلىقىنى ئەس-
لەيتتى. ماندېلا تېخىچە ئاساسلىق زېھنىنى ئىرقىي ئايرىمىچى
كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشقا سەرپ قىلماقتا ئىدى. تۇرمە ھاياتى

ئۇنىڭ ئۇچۇن جەڭ ئېلان قىلىشقا نىسبەتەن روشەن تونۇش ئاتا قىلدى. ئۇ 1976 ـ يىلى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ھازىرقى شارائىتىم ماڭا تۈرمە سىرتىدىكى قېرىنداشلىرىمدا بولمىغان ئەۋزەللىكلەرنى ئاتا قىلدى. بۇ يەردە ئەسلىمىلىرىم كاللامدا جەۋلان قىلىپ، تەپەككۇر يۈرگۈزۈشۈم ئۇچۇن يېتەرلىك ۋاقىت بېرىدۇ. مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەزىيەتنى كۆزىتەلەيمەن. تۈرمە ھاياتىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر كىشىنى بارلىق ئامالالارنى قوللىنىپ تۈرمىداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ، باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، باشقا گۇرۇھتىكى كىشىلەر بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز بولمايدۇ، كىرىزىس ئالدىدا بىز پەقەت پەرقىنىلا ئۇنتۇيالايمىز ، باشقىلارغا سەمىمىيلىك بىلەن ئارقا كۆرۈنۈشىمىزنى، ئۇمىدىمىزنى، ئاغرىنىشلىرىمىزنى، تەشكىل ۋە كۈرەشتىكى ھەر خىل سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئىزھار قىلالايمىز.

# 19. قارا تەنلىكلەرنىڭ ئويغىنىشى

(1976 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە)

ۋىنىنى ماندېلانى يوقلاپ بېرىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد رادىكال قارا تەنلىكلەر قارشىلىق كۈچلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ئۇنىڭغا مەخپىي سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق بىلدۈردى. ئۇ ماندېلاغا يەنە بۇ توپنىڭ كىشىلەرگە ئىھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئەسكەرتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەمدىلىكتە كۈرەش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى. ۋىنىنى ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياش رەھبەرلىرى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنغانلىقتىن، ماندېلاغا بۇ جەھەتتىكى ئىشلار ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى.

قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى 1969 ـ يىلى باشلاندى. ئەينى چاغدا ناتال ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىبابەت ئۆگىنىۋاتقان قەيسەر ئوقۇغۇچى ستىفېن بىك جەنۇبىي ئافرىقا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاق تەنلىك رەھبىرىگە قارشى چىقىپ، پۈتۈنلەي قارا تەنلىكلەردىن تەشكىللەنگەن جەنۇبىي ئافرىقا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنى قۇردى. بۇ تەشكىلات تېزدىن تەرەققىي قىلىپ «قارا تەنلىكلەر مەجلىسى»دىن ئىبارەت يېڭى بىر پارتىيە بولۇپ شەكىللەندى. بىك ئۆز كۈچىنىڭ ئاق تەنلىك لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئائىلە باشلىقى شەكلىدىكى باشقۇرۇشى ئارقىلىق ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تەنتەنىلىك ھالدا قارا تەنلىكلەرنىڭ چوقۇم ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش روھىي ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنى، «باشقىلار

تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشنى ئەمەس، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى» ئۆگىنىۋېلىشنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم باياناتلىرى 25 يىل ئىلگىرىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئون يىل ئىلگىرىكى پانئافرىقىلىقلار كېڭىشى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ باياناتلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى. بىراق، روبېرت سۇبۇكۇۋي بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىكىنىڭ مائارىپ تەربىيە دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى، شۇنداقلا ئۆزىگە بەكرەك ئىشىنەتتى. چۈنكى، شۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن ئافرىقا دۆلەتلىرى ئاللىقاچان مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ بولغانىدى. ئامېرىكىدىكى خەلق ھوقۇقى ھەرىكەتلىرىمۇ غەلىبە قىلىپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ داڭلىقى فرانس فانوننىڭ «يەر شارىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى» ناملىق ئەسىرى ھەممىدىن بەك داڭق قازاندى. «نېگىر» دېگەن سۆزگە مۇجەسسەملەشكەن ئىپتىخارلىق كەيپىياتى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يېتەرلىك دەرىجىدە نامايان قىلدى. بۇ سۆز ناھايىتى تېزدىنلا ھىندىستانلىقلار ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقتىكىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئاخىردا تاراتقۇلارمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» 1972 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ بۇ سۆزنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

كىشىلەر چەت ئەلنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن كۈچلۈك بولدى. بىكىنىڭ ئەگەشكۈچىسى پاترىك رېكتا «بىز ئۆتمۈشتىكى قارشىلىق سادالىرىنى ئاز - ئازدىن بايقاپ يەتتۇق» دەپ يازدى.

بىك خەلقنى 60 - يىللىدىكى سۈكۈت ئىچىدىن ئويغىتىپ چىقىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇلارغا بېسىم ئاستىدا ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى تېپىۋېلىشنى ئۆگەتتى. بىك 1970 - يىلى مۇنداق

يازدى: «يىغىپ ئېيتقاندا، قارا تەنلىكلەر ئۆزى ئۈچۈن بىر قاسىراق ياساپ چىقتى، سايە ئارىسىدا ياشاپ تامامەن بىتچىت قىلىندى، ئاقىۋەتتە تارتىپ چىقارغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆز ھەسرىتىگە چۆكۈپ كەتتى. قورقۇنچاق قۇللارغا ئوخشاش زۇلۇم تارتتى.» ئۇ تېزلا بىر توپ رادىكال قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چۈشكۈن ئەھۋالىنى كۆرۈپ، بۇ خىل سايىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. 1973 ـ يىلى قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى نىگىرلار مەكتەپلىرىنى يوق قىلدى. ھۆكۈمەت سەككىز نەپەر مەكتەپ رەھبىرىنى تۇتقۇن قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىك ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى باننى پىتىيانا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بىراق، موزامبىك ۋە ئانگولانىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئۇلارغا يېڭىدىن ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. 1974 ـ يىلى قارا تەنلىكلەر كېڭىشى يىغىلىشى موزامبىك نىگىر ھۆكۈمىتىنى قوللىدى. شۇ سەۋەبلىك جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى توققۇز نەپەر رەھبەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ساس كۈپپو ھەممىدىن بۇرۇن كۆرگۈلۈكنى كۆردى (كېيىن ئۇمۇ روببېن ئارىلىغا ئەۋەتىۋېتىلدى) ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يەر ئاستى قالدۇق كۈچلىرى بىكنىڭ ھەرىكىتىدە پانئافرىقىلىقلار يىغىنىنىڭ ساداسى بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىراق، بىكنىڭ كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنى ۋە سۆرەلمىلىكىنى بەكلا تۆۋەن كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق ئىقتىسادىي پائالىيەتكە قاتنىشىشى چەكلەنگەن ۋىننى ماندېلا ئۆكتىچى ياشلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشىدىن چوڭقۇر ئىلھاملاندى. ۋىننى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىك مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يېقىنلاشمىغان بولسا، مەن تارىخنىڭ يەكۈنىدىن تىترەپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ماڭا زور روھىي ئوزۇق

ئېلىپ كەلدى... ئۇ چاغلاردا پەقەت مەنلا ئۇ قىلغاننى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايتتىم.» ۋىننىمۇ نېگىرلاردىن ئىپتىخارلىنىشقا باشلىدى: «ئۆرنىڭىزدىن تۇرغىنىڭىزدا پۈتۈن جىسمىڭىزدىكى قاننىڭ ئۇرغۇپ ئېقىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، ئۆزىڭىزنىڭ نېگىر ئىكەنلىكىڭىزدىن ئىپتىخارلىنىسىز. بۇلارنى ستىف ماڭا ئۆگەتكەن.»

باننى پېترانا بىكنى ئېلىپ ۋىننىنى يوقلاپ بارغاندا، ۋىننى ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. پېترانا ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ستىف يوھاننىسبۇرگتىكى چېغىدا دائىم ۋىننىنى يوقلاپ باراتتى.» 1975 ـ يىلى ۋىننىنىڭ تۈرمە ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ كۆپلەپ نۇتۇق ئېلان قىلىپ، كىشىلەر نېگىر ياشلىرى ئارىسىدا بىر مەيدان غەزەپ ـ نەپرەتلىك كۈچ شىددەتلىك كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن دەپ ئەسكەرتتى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەينى يىللاردا رادىكال ياشلاردىن توكىئو ساكسىۋېر ۋە ناردى زىگ ۋىننىنى ئىزدەپ كېلىپ، ۋىننىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىنى ئۈمىد قىلغاندا، ۋىننى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاللىقاچان «ئۈزۈلگەنلىكىنى» ئېيتتى. ماندېلا بىلەن ئۇنىڭ سەپداشلىرى قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان چېغىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھادىسىدىن گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر دەسلەپتە بۇ ھەرىكەتنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، قىسمەن سەپداشلار قارا تەنلىكلەر ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ئاستىدا «ئۆز يولىنى بويلاپ تەرەققىي قىلماقتا» دەپ قارىدى.

قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغانلىقىدا چىڭ

تۆرۈشى سەۋەب بولغانىدى. 1976 - يىلى 6 - ئايدىكى ئاشۇ بىر مەيدان زوراۋانلىق ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى. سوۋېتودىكى ئوقۇغۇچىلار دەرس تاشلاپ جەنۇبىي ئافرىقا تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا قارشىلىق كۆرسەتتى. 10 مىڭدىن ئارتۇق قارا تەنلىك ياشلار ئۇلارنىڭ نامايىشىغا بىرلىكتە قاتناشتى. ساقچىلار قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرگە قارشى ئوق چىقاردى. خېكتو پىياتسىن ئىسىملىك 13 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ئوقۇغۇچىلار ھەش - پەش دېگۈچە كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، ئىككى نەپەر ئاق تەنلىك ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. سوۋېتوغا بىرونېۋىك ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلار باستۇرۇپ كىرىپ، پۈتكۈل شەھەر قانغا بويالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە دەرس تاشلاش ھەرىكىتى كېيپتاۋىنغا كېڭەيدى. شۇ يىلى يىل ئاخىردا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 500 مىڭ ئەتراپىدا بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ھۆكۈمەت چىقارغان دوكلاتتا، بۇ پاجىئەلىك دېلو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى، پانئافرىقىلىقلار مەجلىسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە قاتارلىقلارغا ئارتىپ قويۇلدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. «بىز ئۇنچىۋالا كۆپ شەرەپنى كۆتۈرەلمەيمىز. ئەمما، بىز بۇلارغا پەرۋا قىلمايمىز» دېدى ۋىننى. ۋىننى بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى ئۇچۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ھېس قىلاتتى. چۈنكى، خېكتو بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇ نەق مەيداندا بار ئىدى: «مەنمۇ ئاشۇ قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ ئەزالىرىدىن بىرسى... بىزنىڭ بۇگۈنكى كۈنگە قەدەم بېسىشىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆھپىسى بار.»

سوۋېتودىكى زوراۋانلىقنىڭ تەسىرى تېزدىنلا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىغا كېڭىيىپ، شارپۋىل دېلوسىدىنمۇ چوڭ تەسىر قوزغىدى. بىراق، روببېن ئارىلىدىكى ئاساسلىق كىرىزىس ئۇچۇر كەمچىللىكى ئىدى. كېيىن ئۇچۇرلار بارا - بارا

تارقىلىپ، ماندېلا بىر پارچە باياناتنامە ئېلان قىلدى. بۇ باياناتنامە ئۇزاق ئۆتمەي روببېن ئارىلىدىن ماخراج تەرىپىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ماندېلا باياناتتىدا تۇنجى رەت بۇ قېتىملىق ھەرىكەتكە بولغان قوللىشىنى ئىپادىلەپ، ئىتتىپاقلىقنىڭ ھەرىكەتكە ئوخشاشلا مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ماندېلا باياناتنامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى: «بىزنىڭ تارىخىمىزدا مىلتىق ھەممىدىن مۇھىم رول ئوينايدۇ...» دەپ باشلاپ، باياناتنامىسىنىڭ ئاخىرىسىنى مۇنداق دەپ خۇلاسىلىدى:

> بىز كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدۇق. چۈنكى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقتا مۇلازىمەت قىلىۋاتقان مىلتىقنى بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. مىلتىققا تايىنىپ ياشىغان ئادەم ھامان ئوق يەپ ئۆلىدۇ. ئىتتىپاقلىق! روھلاندۇرۇش! كۆرەش! بىز ئىتتىپاقلىق ۋە قوراللىق كۆرەش ئارقىلىق ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىرقچىلىق سىياسىتىنى بەربات قىلىمىز!

تۇنجى خەۋەر 1976 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېتىپ كەلگەندى. خەۋەر ئېرىك موروبى ئارقىلىق تارقالدى. ئۇ قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ياش ئەزاسى ئىدى. روببېن ئارىلىغا سولىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى يىل تۈرمە ئازابىنى تارتقان بولۇپ، تۈرمىدىكى قىيىن ـ قىستاقتا ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغانىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن بەكلا نارازى ئىدى. ئۇ قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ خەۋىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇلارغا ئېيتقان چاغدا، ئۇ كىشىلەر بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي بىر توپ ساتقۇن ياشلار روببېن ئارىلىغا ئەۋەتىۋېتىلدى. بەزى كىشىلەر جەنۇبىي ئافرىقىدىن قېچىپ چىقىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەشىق بازىسىغا يېتىپ باردى، ئاخىردا مىللەت نەيزىسى جەڭچىلىرى سۈپىتىدە ۋەتەنگە قايتقاندا قولغا ئېلىندى. تېررورچى رېكتا مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يالانغان

ھالەتتە يۈك ماشىنىلىرىغا بېسىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاشۇ ئورۇنغا يېتىپ باردى. بۇ ھالەت ناھايىتى ئەسەبىي ئىدى.» نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ نەزىرىدە روببېن ئارىلى ئاللىقاچان شان ـ شەرەپنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغانىدى. شىفىس بۇترىچ مۇنداق دەيدۇ: «روببېن ئارىلى بىزنىڭ قەھرىمانلىرىمىز سولانغان جاي، بىز روببېن ئارىلى بىلەن ئەركىنلىكنى بىر ئورۇندا قويىمىز.» بىراق، ئۇ رەھبەرلەردىن بىر ئاز ئۈمىدسىزلىنەتتى. رىكتا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەتئىيلىك بىلەن كۈرەش قىلماقتا. بىراق، ئۇلارنىڭ جاسارىتىگە تەسىر يەتتى، ئۈمىدنىڭ نەدىلىكىنى كۆرگىلى بولمىدى. چۈنكى، ئۇلار سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلىيالمايتتى. شۇڭلاشقا، ھەممە ئىش بىر ئىزدا توختاپ قالدى، دەپ قارايتتى.»

سوۋېتودىكى قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشى ماندېلانى ناھايىتى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئامما «سۈكۈتكە چۆمگەن 60 ـ يىللار» دىن كېيىنكى ئويغىنىشمۇ كىشىنى ناھايىتى زوقلاندۇراتتى. ماندېلا ناھايىتى خۇرسەنلىك بىلەن بانتۇ مائارىپىنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە يالغۇز قارا تەنلىكلەرنىلا ئىتائەت قىلدۇرۇپ قالماي، يەنە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. بانتۇ مائارىپىنىڭ زىيانكەشلىكى سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئۆزىگە قايتىشقا باشلىغانىدى. ماندېلا يەنە ياش تونپىلاڭچىلارنىڭ نۇتقىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يېپيېڭى بىر نېگىرلار جەنۇبىي ئافرىقىسىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ يەتتى. «سىز ناھايىتى كەڭتاشالىقنى، نەزەر دائىرىڭىزنىڭ كېڭەيگەنلىكى، ۋەتىنىڭىزنىڭ ئۇلىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىۋاتقىنىڭىزنى بايقايسىز.» مادىلا ئەگەر ئۇلارغا يېتىشۋېلىش توغرا كەلسە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھالڭ ماندېلا ۋە باشقا پېشقەدەم مەھبۇسلارنى بەكلا چۆچۈتۈۋەتتى. سوۋېتودىكى قانلىق ۋەقەدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى روببېن ئارىلىغا كەلگەن مانگىلا مۇنداق دەيدۇ: «بىراق، بىز توساتتىنلا ئۆزىمىزنىڭ ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق.» ھەتتا ھاررى گېۋارامۇ «بەزى چاغلاردا بۇ ياشلارنىڭ قىلمىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان» دەپ ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسىدىن مەقسەتلىك ھالدا يىراقلاشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ناھايىتى ئاجىز، دەپ قارايتتى. ئۇلاردا ئىزچىل ھالدا قارشىلىق كەيپىياتى مەۋجۇت ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كىشىلەر ئىششىز لۈكچەكلەر ئىدى. ئۇلار ئەسلىدىنلا سىياسىي رادىكاللاردىن ئەمەس ئىدى. پەقەت لۈكچەك ۋە باندىتلار ئىدى. قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىدىكى رادىكال شەخس مايكول كېسىنگىر مۇنداق دەيدۇ: «بىز تۈرمە قاراۋۇللىرىنى ئۇرالايمىز، ئەگەر قاراۋۇللار بىزگە چېقىلسا، بىز دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىمىز.» ئېرىك موروبى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ناھايىتى غەزەپلەندۇق، بىز ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزگىرىش ياسىدۇق.»

ماندېلا ئۆزلىرىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا باشتىلا ئىشىنەتتى. رېۋونىيە سوتىدا ئۇ ھۆكۈمەتنى تېخىمۇ بەك كەسكىن قارشىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغانىدى. بىراق، ئۇ بۇ توپىلاڭچى ياشلارنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ھۆكۈمەتكە ئىشەنمىگەندەك ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. 1978 ـ يىلى روببېن ئارىلىغا كەلگەن توكىئو ساكسۇېر مۇنداق دەيدۇ: «روببېن ئارىلىغا كېلىشتىن ئىلگىرى بىز ماندېلانى ساتقۇن، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا كاسارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم.

«مۆتىدىل ئۇنسۇر دەپ قارىلىش بىر تۈرلۈك يېڭى ۋە

كۆڭۈلسىز ھېسسىيات» دەيدۇ ماندېلا. ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇم ياش توپىلاڭچىلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ياشتا چوڭ مەھبۇسلارغا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا كۆرۈپ يەتتى. ماندېلا ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ، بۇ ياشلارنىڭ ناھايىتى تېزلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭرى بولغان سىياسىتىنى تونۇپ يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ماندېلا بۇتىرىچقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ياشىماقتا... بىز بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى دەۋر پەرقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بەلكىم مائارىپ ۋە تاراتقۇلارنىڭ رولى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ياشلار مەلۇم جەھەتلەردە بىزدىن ئېشىپ كەتتى. بىز بۇ نۇقتىنى چوقۇم رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ۋورس «بالىلار چوڭلارنىڭ ئاتىسى» دېگەنىدى.

بۇ ماندېلانىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ رىقابەت ئىدى. ماندېلا ئاشۇ باتۇر، ئەمما غەزەپلىك، شۇنداقلا سەۋرسىز ياشلارغا يېقىنلىشىشنى سىناپ بېقىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ماندېلا ئۇلار بىلەن پەقەتلا پىكىر ئالماشتۇرۇپ باقمىغانىدى، بىراق ئۇ چوقۇم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ لاگېرىغا تارتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا بىر نەچچەيلەننىڭ ماندېلا بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق ئىدى. قارا تەنلىكلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسى ھېلاك راچدى ئىلگىرى ماندېلاغا دوستانە ئۇچۇر ئەۋەتكەن، ماندېلامۇ ئۇنىڭغا قىزغىن ئىنكاس قايتۇرغانىدى. بىراق، ماندېلا كۆپلىگەن ياش قوزغىلاڭچىلارنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى، ھەددىدىن زىيادە تەرسا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا پەقەت قارا تەنلىكلەرلا بار بولۇپ،

ئاق تەنلىكلەرنى ھەددىدىن زىيادە چەتكە قاقاتتى.
ماندېلا باشتىن ـ ئاياغ بۇ ياش شىرلارنى غەزەپلەندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلاندى، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا دۇچ كېلەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە يان باسمىدى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تەشكىلاتىدىن ئۆز يېنىغا تارتىشنى ئويلاپمۇ باقمىدى. ماندېلانىڭ تايانغىنى تېخىمۇ بەك ئىللىق ۋاسىتە ئىدى، ئۇلارنى مۇشۇ ۋاسىتە ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا قايىل قىلاتتى. مايكول كېپسىنگىر مۇنداق دەيدۇ: «بىزنى مەغلۇپ قىلىدىغىنى ھاكىمىيەت ئەمەس، بەلكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ روببېن ئارىلىدىكى يەر ئاستى خادىملىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىزنى ئىزدەپ تېپىپ، بىز بىلەن ئايرىم پىكىرلەشتى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆزقاراشلىرىنى كاللىمىزغا سىڭدۈردى.» كۆپلىگەن ياشلار پېشقەدەملەرنىڭ قەيسەر خاراكتېرىدىن قايىل بولۇشقا باشلىدى. 1979 ـ يىلى روببېن ئارىلىدىكى دان مېنچىس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ روببېن ئارىلىغا كەلگىنىگە شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جاسارىتى قىلچىمۇ سۇسلىشىپ قالماستىن، سەگەك كاللىسىنى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىسىنى ساقلاپ كەلدى. بۇ ھال بىزنى بەكمۇ قايىل قىلىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھازىرقى مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە شۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، بىز ئۇلار بىلەن كۈچلۈك سەپداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق. ئۇلارغا ھۆرمىتىمىز قوزغالدى، ئۇلار بىزنىڭ ئەجدادىمىزغا ئوخشايدۇ.»
ساس ماگبۇك مۇنداق دېدى: «مەندە بەك چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، بۇنىڭدىكى سەۋەب مېنىڭ نېلسون ماندېلا بىلەن ئۇچراشقانلىقىم ۋە ئۇنىڭدىن ھەممە نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىمدىن بولدى. مەن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىزچىل ھالدا ماندېلانى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

ئاتا ـ ئانام دائىم ماڭا ‹سىياسىيغا ئارىلاشما، بولمىسا تېررورچىغا ئايلىنىپ قالىسەن. ئاقىۋەتتە ماندېلاغا ئوخشاش تۈرمىدە ياتىسەن› دەيتتى. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن دائىم: ‹ساس، مورفى بىلەن دان زادى كىم› دېگەن سادا كېلەتتى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ماندېلانى كۆردۈم... شۇ چاغدىن باشلاپ، ئۆزۈمنىڭ قارا تەنلىكلەر ئويغىنىشىغا بولغان ئەقىدىسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. چۈنكى، بۇ يەردە بىزنىڭ رەھبىرىمىزنىڭ تەشۋىق قىلىۋاتقىنى ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتچىلىكتىن خالىي بولغان ئىدىيە ئىدى.»

تۈرمە قاراۋۇلىنىڭ پوزىتسىيەسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى. دەسلەپتە كۆپلىگەن ياشلار ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەك دەپ قارىغانىدى، بەزىلەرنىڭ ھەتتا تۈرمە قاراۋۇللىرى ئۈستىدىن قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى سەۋەبلىك تۈرمە قاراۋۇلى ئىتنى قويۇۋېتىپ ئۇلارنى تالاتقانىدى. 1977 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش خادىمى زىيارەتكە كەلدى. تەكشۈرۈشتىن كېيىن يېڭى كەلگەن خادىملار ھەققىدە «تۈرمىدىكىلەرگە ئىنسانىي ئىززەت ئېلىپ كەلدى» دەپ يۇقىرىغا دوكلات يوللىدى. بۇ ياشلار دائىم تۈرمە باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالاتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئاۋارىچىلىك تېپىشى بولماستىن، تۈرمە خادىملىرىنىڭ كىشىلىك ئىززىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىرقىي ئايرىمىچى مۇئامىلىسىگە يۈزلىنىشتە تەييارلىق قىلىپ بولالمىغىنى ئۈچۈن ئىدى.

يېڭىدىن كەلگەن بەزى مەھبۇسلار ماندېلانى ساتقۇن دەپ، قارايتتى. چۈنكى، ماندېلا تۈرمە قاراۋۇللىرى بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلىپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ تەرتىپ ساقلاپ بېرەتتى. بىراق، ئۇلار كېيىن بارا ـ بارا پېشقەدەملەرنىڭ پىكرىگە

بويسۇنۇشقا باشلىدى. تۇرمە قاراۋۇللىرىدىن بىرسى دائىم ئېرىك موروبىنى تىللايتتى. ناۋادا موروبى ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرسا، تۇرمە قاراۋۇلى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. موروبى بۇ سەۋەبلىك ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولاتتى. ئاخىر بىر كۈنى، سولۇ ئۇنىڭغا «سەن نېمىشقا ‹ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ› دەپ ئويلىۋالىسەن، تۇرمە قاراۋۇلى جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىگە نىسبەتەن پارازىت قۇرت، خالاس. ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى سېنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىگە چۈشۈرۈش. نېمىشقا گەپ ياندۇرمىساڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىناپ باقمايسەن؟» دېدى. موروبى ھېلىقى تۇرمە قاراۋۇلىغا ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ تىل سېلىشىغا سەۋر قىلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاراۋۇل تېزدىنلا موروبىغا قىزىقماس بولۇۋالدى. موروبى مۇنداق دەيدۇ: «بىراق، مەن كۆڭلۈمدە يەنىلا قايىل ئەمەس ئىدىم، چۈنكى قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى ماڭا چوقۇم قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى ئۆگەتكەنىدى.»

مەھبۇسلار بارا ـ بارا قاراۋۇللارنىڭمۇ نورمال ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى. پولاتتەك مۇستەھكەم تۇرۇۋېلىش ئەمەس، يۇمۇرىستىك بولۇش ئەڭ ياخشى قورال ئىدى. ئۇلار بۇ قاراۋۇلنىڭ پەسكەش يۇمۇرلارنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى، كىم يۇمۇر سۆزلەشكە ئۇستا بولسا شۇنى يۇمۇر سۆزلىگۈزۈپ ئۆزىنى خۇش قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى. موروبى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئارىمىزدىكى قارشىلىق يوقىدى، ئاخىرىغا كەلگەندە تۇرمە قاراۋۇللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىزگە ياردەم قىلىدىغان ھالەتكە يەتتى. بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان دەسلەپكى چاغدىكى كۆزقاراشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.»

«مەيلى مەھبۇس بولسۇن ياكى تۇرمە قاراۋۇلى بولسۇن، ئىككىلا تەرەپ ئاخىر ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدۇق» توكسىئو ساكسىۋېر. تۇرمە

قاراۋۇللىرى بەزى مەھبۇسلارنىڭ كاتولىك دىنى مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى، بەزى مەھبۇسلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ ھەيرانۇھەس قالغاندىكى چىراي ھالىتىنى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ھېس قىلالايتتى: «ئۇلار بىزنى پەقەت رۇس تىلى ياكى كۇبا تىلىنىلا سۆزلىيەلەيدۇ، دەپ قارايتتى... ئاخىردا بىز ئورتاقلىق ھاسىل قىلالىدۇق. شۇنداق قىلىپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق.»

تېللا رىكتا تېزدىنلا تۈرمە قاراۋۇللىرىنىڭ مائارىپ تەربىيەسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دارىلئېتامدا تەربىيەلىنىپ چىققانلىقى، مىجەزىنىڭ ناھايىتى سولغۇن ئىكەنلىكىنى بايقىدى. «تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار يەنىلا بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە سولىنىدىغانلىقىمىزنى بىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كەسپىمىزنى ھۆرمەت قىلىشى راستلا كىشىنى ئىلھاملاندۇراتتى. بۇ خىل كەچۈرمىش بىزدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزدى.»

پېشقەدەملەرنىڭ تەسىرى بارا ـ بارا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. تېللا رىكتا مۇنداق دەيدۇ: «تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھاياجانلىق كەيپىيات ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى. ئۇلار پىكىرلىشىپ كۆزقاراش ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى.» رىكتانىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ روببېن ئارىلىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى توغرۇلۇق كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ماندېلانىڭ رىۋۇنىيە سوتىدىكى نۇتقىنى ئوقۇغانىدى، بىراق، باشقىلار ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا دائىم ئاۋازىنى پەسەيتەتتى. روببېن ئارىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ماندېلاغا بىر ۋاراقچە ئەۋەتىپ، بىرنەچچە سىياسىي مەسىلىنى سورىدى. ماندېلامۇ رىكتادىن ئىبارەت بۇ ئەزىمەتنىڭ ئىسمىنى

ئاڭلىغانىدى. ماندېلا ئۇنىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، تولۇق ئۈچ بەتلىك يازما ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تارىخىنى چۈشەندۈردى. شۇنداقلا چۈشەنچە بېرىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەسلىدە تىنچ ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى، كېيىن قانۇنسىز ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. رېكتا ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ جاۋاب خېتىنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ خېتى ماڭا يادقا بولۇپ كەتكەندىلا، ئاندىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قاتنىشىشنى قارار قىلدىم. ماندېلا بۇ جەسۇر ۋە كەسكىن ياش رەھبەردىن ناھايىتى ئىپتىخارلاندى. ماندېلا ئۇنىڭغا ئۆز تەشكىلاتى ھېسابلانغان جەنۇبىي ئافرىقا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدىن ئايرىلماسلىقنى نەسىھەت قىلدى. بىراق، رېكتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قاتنىشىشتا چىڭ تۇردى. كېيپتاۋىندىن كەلگەن ئادۋوكات دۇلاخ ئۇمەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ناھايىتى قىيىن ھېسابلىنىدىغان بىر قېتىملىق ئۆزىنى باھالاش. ئاڭلىماققا ئاسان، بىراق قىلىشتا قىيىن.»

روببېن ئارىلىدىكى رېكتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشتا مالىمانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سابىق خىزمەتداشلىرىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچى سىياسىتى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. بىراق، بەزى كىشىلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆچ ئېلىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپمۇ قويمىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مۇزىكا چالغاچ، بىر تەرەپتىن تۇرمە قاراۋۇلىدىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرغىنىدا، مەھبۇسلاردىن بىرسى باغۋەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بىر قايچىنى رېكتاغا قارىتىپ ئاتقانىدى، قايچا ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. «مەن خىش بىلەن بېشىمغا ئۇرغاندەك ھېس قىلىپ، ھوشۇمدىن كەتتىم.» ئۇنىڭ بېشىدا قايچا تەگكەن چاغدىكى تارتۇق ئىزى بار ئىدى. تۈرمە باشقۇرۇش تارمىقى دېلو

سادىر قىلغۇچىغا قەستەن ھۇجۇم قىلىش جىنايىتى ئارتتى، بىراق، ماندېلا بىلەن سىسۇلۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن ئامال بار ساقلىنىشنى ئۇمىد قىلاتتى. شۇڭلاشقا، بۇ ئىككىيلەن رېكتانىڭ ئەرز قىلماسلىقىنى ئۆتۈندى. شۇنداق قىلىپ، رېكتا گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلدى. ئەرز ئىناۋەتسىز قىلىندى. بۇ ۋەقە ماندېلا بىلەن ياشلارنى يېقىنلاشتۇردى. كۆپلىگەن ياشلار رېكتانى دوراپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رېكتاغا ھۇجۇم قىلغان ھېلىقى مەھبۇسمۇ بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، رېكتا B رايونغا يۆتكىۋېتىلدى. ئۇ يەر ماندېلا ۋە باشقا پېشقەدەملەرگە تېخىمۇ يېقىن ئىدى. بەزى چاغدا رېكتا گەرچە ئۇلارنىڭ سېتكا توپ ئويناش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاستىلىقىدىن ئىچى سىقىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

سەپداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش جەريانىدا، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كاتالىزاتورلۇق رول ئوينىدى. 1967 ـ يىلى تۈرمە تەرەپ تۇنجى قېتىم مەھبۇسلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەھبۇسلار ئەتراپلىق مۇسابىقە قائىدىسى بېكىتىپ چىقتى. بۇ قائىدىلەر ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقىنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىدىن سىرت تۈرمە ئىچىدە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، مۇزىكا چېلىش، كىنو كۆرۈش ۋە تانسا ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئويۇشتۇرۇلدى. مەھبۇسلار خاتىرىسى كۈلۈبىنىڭ رەئىسى مايكول كاللا 1974 ـ يىللىق دوكلاتىدا كۈلۈب ئەزالىرىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مېنى باشقۇرۇش، سەۋر ـ تاقەت قىلىش ۋە چۈشىنىش جەھەتلەردە تەجرىبىگە ئىگە قىلدىڭلار. بۇ مەن مەكتەپتە ئۆگىنەلمىگەن ئىشلار. مەن قانداق باشلامچىلىق قىلىش ۋە پائالىيەت تەشكىللەشنى ئۆگىنىۋالدىم».

«يېزا باللىرى»دەك سىياقتا روببېن ئارىلىغا كەلگەن لاكسسىك مۇنداق دەيدۇ: «روببېن ئارىلىنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە ياشىسىڭىز، بىر مۇكەممەل تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىسىز.»

ماندېلا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ تۇتقان يولىدىن بىرى، دەپ قارىدى. دەسلەپتە، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى تەشكىللىرى يۈزەكى ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى گۇرۇپپىسى، پانئافرىقىلىقلار گۇرۇپپىسى ۋە باشقا گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ بىرلەشمە كومىتېت تەرىپىدىن بىردەك باشقۇرۇلدى. بىراق، ئۇلار كېيىن قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ تەنتەربىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىۋېلىشىدەك قاتمال ۋەزىيەتتىن ساقلاندى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە پانئافرىقىلىقلار مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى بىللە ئولتۇرۇپ سەممىيلىك بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۆزئارا چاقچاق قىلىشاتتى، پەقەتلا سىياسىينىڭ گېپىنى چىقارمايتتى، بۇنداق مەنزىرە بەكلا ئومۇملاشقان ئىدى.»

بىراق، قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان مەھبۇسلارنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى. بىراق، پانئافرىقىلىقلار مەجلىسى دائىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ چىقاتتى. بىر قېتىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىرقانچە ئەزاسى ئادەتتىكى كامېردا باشقىلار تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇۋېتىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ جىددىي ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. تۈرمە تەرەپ يەنە ئەرز سۈنۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىم ئەرز قىلىنغىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولۇپ، ئۇلارغا جېدەل چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان دېگەن جىنايەتنى ئارتقانىدى. ئەرز قىلغۇچىلار جەنۇبىي ئافرىقا چوڭ قورۇقلۇقىدىن ئادۋوكات تېپىپ كېلىپ، ماندېلانى ئۆزلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ماندېلا بۇنىڭدىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى، چۈنكى ئۇ ئۆزلىرى بىلەن قارا تەنلىكلەر

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ گۇۋاھلىق بەرمەسلىكنى قارار قىلدى. بۇ قارار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر قىسىم قوللىغۇچىلىرىنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈردى. بىراق، قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرى ماندېلانىڭ ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىدىن تەسىرلەندى.

قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەھبۇسلىرى يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئىستراتېگىيەسىنى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشنى سۆكتى. ماندېلا ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن بەك ئەندىشە قىلاتتى. سوۋېتودىكى زوراۋانلىقتىن ئىككى يىل كېيىن ماندېلا 55 بەتلىك ماقالىدىن بىرنى يېزىپ، ئاددىي تىل ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە مۇھىملىقىنى چۈشەندۈردى. ماندېلا ھازىر ئۆزىنىڭ ھەرقانداق مۇھىم ۋەقەلەرگە ئارىلىشالمايدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، بىراق ئۇ ئوبراز ۋە ئىپادىلەش كۈچىنىڭ مۇھىم رولىنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ماندېلا ماقالىسىنىڭ بېشىدا جانلىق ۋە ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مەيدانىنى مۇنداق بايان قىلدى:

ئادەتتە يازغۇچىنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى ھەرگىزمۇ پۈتكۈل ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش بولماستىن، بەلكى ئوقۇرمەننى ئوپېرا ئۆمىكىگە جايلاشتۇرۇپ، تىياتىر باشلانغاندا ئۇنىڭغا ئۆز كۆزى بىلەن ھەقىقىي سەھنىنى، بارلىق ئارتىسلارنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆرسىتىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىتىش، ھەمدە كۆرۈرمەنلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ۋە ئىنكاسىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. گەرچە مەھبۇسلارنىڭ قىلغىنى بۇ نۇقتىغا يەتمىسىمۇ، بىراق بۇ ئىشتا ئىپادىلەنگەن مەنە ئادەتتىن تاشقىرى بولغانلىقتىن، بىزنىڭ

تەۋەككۇلچىلىك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى قانداقلا بولمىسۇن مىللەتچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابى ئىچىدە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىدى. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ماندېلا بۇ ماقالىدە كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئادىل باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كەسكىن تەنقىد يۈرگۈزدى. نېگىرلارنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا نىسبەتەن ماندېلا مەسىلىنىڭ تۈپ مەنبەسىنى ئىزدەپ، 18 ـ ئەسىردىكى ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئاق تەنلىكلەر بىلەن جەڭ قىلغان مەزگىللەرگىچە ئەسلەپ ئۆتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىدىكى ئوقۇغۇچىلار 60 ـ يىللاردىكى خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ۋە ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامغا ئۇرۇش قىلىش كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇلار شۇنداق قارايتتىكى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزقارىشى ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قارىشىنى ئۆز پېتىچىلا قوبۇل قىلىۋالغانلىقتىن كەلگەن بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا تەتبىقلانمىغانىدى. بىلىش كېرەككى، جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىمۇ ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ ھوقۇق ئىدىيەسىنى ئۆز پېتى نۇسخىلاشتىن كەلگەن بولۇپ، مىللەتچىلىك بىلەن دىنىي ئالاھىدىلىك بىرلەشكەن، شۇ سەۋەبلىك، بىر قاتار ئىلغار كۈچلەرنى ئۆز دۈشمىنى دەپ قارىۋالغانىدى.

قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان بەزى مەھبۇسلارنىڭ كۆرەڭ پوزىتسىيەسى ماندېلانى بىر ئاز تاقەتسىزلەندۈردى. ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسى بەكلا قالايمىقان بولغاندىن سىرت، ئۇلار ئەقىدە مەۋجۇدىيەتچىلىكى ئىدىيەسىدە

ئىدى. بۇ ماندېلانى بەكلا غەزەپلەندۈرەتتى. ماندېلا ئۇلارنىڭ ئەقىدە پەلسەپىسىنى خۇراپاتلىق، شەخسىيەتچىلىك، شۇنداقلا قالايمىقانچىلىق، دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن سىرت، قارا تەنلىكلەرنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى كوممۇنىزم ۋە لىبېرالىزم كۈچلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، غەربتىكى ئىمپېرىيالىزمچى دۆلەتلەر قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوللىدى. شۇڭلاشقا، ماندېلا بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىن غەرب ئىمپېرىيالىزمچى كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرىدى.

ماندېلا ئۆزىنىڭ «ئىلىم ـ پەن سوتسىيالىزمچىلىقى» ئىدىيەسىنى قايتا بايان قىلىپ: «سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر مىللىي ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئەڭ سادىق شېرىكى» دېدى. ئۇ يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۆز سىياسىتىنى ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى قوللىسا بولىدۇ، «ئەڭ رادىكال سولچىلارغا نىسبەتەن بىز ئىتائەت قىلىش ھالىتىدە بولىمىز، بىر تەرەپتىن، توختىماستىن بىزگە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ خەتىرىنى ئەسكەرتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمىنىمىز بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئوڭچىلارنى ئېتىبارغا ئالمىساق بولىدۇ»، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «جەنۇبىي ئافرىقا سىياسىي سەھنىسىدىكى بەھەيۋەت دۇپ دەرىخى» دېدى.

بىراق، ماندېلا قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىدىكى تارىخىي مەنىنى ئېتىراپ قىلدى: «نېگىر ئوقۇغۇچىلار ئۆز مەيدانىنى، شۇنداقلا قارا تەنلىكلەرنى قوزغىتالايدىغان شوئارنى تېپىۋالدى. ئۇلار نېگىرلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتتى، ئۇلارنى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تىكلەشكە ئىلھاملاندۇردى» دېدى. ماندېلا يەنىلا ئۈمىدۋار ھالدا قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ بىر قىسمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ماندېلا خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

رېئالىزمچىلار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، جىددىي تەرزدە سۆزلەنگەن نۇتۇقلار، چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەتلەر، قۇرۇق قولغا تايىنىپ قىلىنغان كۈرەشلەر، تاش پارچىلىرى ۋە بېنزىندىن ياسالغان ئوقلارنىڭ ھېچقايسىسى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالمايدۇ. پەقەتلا ئىنتىزامچان مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇپ، بۇ ئارمىيەنى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئارمىيەگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىقلا غەلىبە بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ.»

## 20. تۈرمىنىڭ سېھرىي كۈچى

(1976 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە)

70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، سوۋېتو قوزغىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، روببېن ئارىلى نىسبەتەن تىنچ بىر ماكانغا ئايلاندى. رېۋونىيەدىكى سىياسىي جىنايەتچىلەر كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى؛ بۇرۇنقىدەك قەبىھلىك، ياۋۇزلۇقلار قالمىدى. ماندېلا يېڭى تۈرمىداشلىرى ئارىسىدا خېلى يۇقىرى نوپۇز تىكلىدى. 1980 - يىلى بۇ يەرگە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگىلى كەلگەن سامى مۇكاۋاناز ئىلگىرى مۇخبىر ئىدى. ئۇ ماندېلانى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: ئۇ يول ماڭغاندا قەدەملىرىنى ناھايىتى ئاستا يۆتكەيتتى، ئۇچىسىغا تۈرمىدىن بىر تۇتاش تارقاتقان توپا رەڭلىك ئىشتان ۋە كۆڭلەك كىيىۋالىدىغانىدى. گويا نېمىدۇر بىر ئىش ئۇستىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقاندەك، ئۇدۇلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارايتتى. گەۋدىسى سەل مۈكچىيىپ قالغان، چاچلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئانچە تەن قويۇپ سەمرىپ كەتمىگەنىدى. ھەرقاچان بىر كىملەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ھالەتتە كۆزگە چېلىقاتتى. باشقىلارغا قانۇندىن مەسلىھەت بېرەتتى ياكى شەخسىي ئىشلار جەھەتتە تەكلىپ - پىكىر بېرەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغان ئادەم ۋاقتىنى ئالدىنئالا كېلىشىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ سورىغان سوئالىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى، بەزىدە تېخى ئۆز قولى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن نۇتۇق تېكىستىنى يازاتتى.

ۋۇجۇدىدىن مۆتىۋەرلەرگە خاس سۇلكەت، سالاپەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەزەلدىن غەزەپلەنمەيتتى، چېچىلمايتتى. باشقىلار مۇشكۇل ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ ناھايىتى جىددىي كەيپىيات ئىچىدە قالغاندا، ئۇلارنى سوغۇققان بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. تۇرمە باشقۇرغۇچىسى ئۇنى بەزىدە «ماندېلا»، يەنە بەزىدە «ماندېلا ئەپەندىم» دەپ چاقىراتتى. لېكىن، تۇرمىداشلىرى ئۇنى قەبىلە ئىسمى بويىچە «مادىبا» دەپ چاقىراتتى.

ئۇ ياتقان كامېر ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، لېكىن ناھايىتى ئېدىتلىق يىغىشتۇرۇلغانىدى. قانۇن ھۆججەتلىرى ئىشكاپقا ناھايىتى رەتلىك تىزىلغانىدى، كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا بىرقانچە يەشىك كىتاب بار ئىدى، كامېردا يەنە تۇرمىدىشى ياسىغان ھەيكەلمۇ بار ئىدى، تامغا «دۆلەت جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلىدىن قىيىۋېلىنغان ئافرىقا قەبىلىسى قىزىنىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق ئىدى. ئۇ چاقچاق قىلىپ: «بۇنى كۆرسە ۋىنىنىنىڭ كۈنداشلىقى قوزغىلىدۇ» دەپ قوياتتى. تۇرمىداشلىرى كامېرىغا كىرسە تۇرمە ماگزىنىدىن سېتىۋالغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەر بىلەن مېھمان قىلاتتى، ئۆزى بولسا قېتىپ قالغان بولكا يەيتتى. ئۇ نۇرغۇن تۇرمىداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، جەمەت تارىخىنى بىلەتتى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىمۇ ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. كۇبا، نىكاراگۇئا ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇراتتى.

ماندېلانىڭ كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە بوشاشماي ئىزدىنىش روھى مايكول دىنجاكقا ناھايىتى تەسىر قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىدىن باشقا، ئۇ ھەمىشە ئۆز ئالدىغا يىغىن تەشكىللەپ، تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەت، مەھبۇسلارنىڭ دەۋا تەلەپلىرى، تۇرمە نوپۇزىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تاكتىكىسىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك تېمىلار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلاتتى.»

ماندېلانىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە مۇستەقىللىق روھى

ئىزچىل بوشىشىپ قالمىغاندى. سوۋېتو قوزغىلىڭى تىنچىتىلىپ، تۈرمە ئىچى ئەسلىدىكى تىنچ ھالىتىگە قايتقاندا ئۇ ئىغۋاگەرچىلىك تۈسى ناھايىتى قويۇق بىر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قوزغىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىي جىنايەتچىلىرى بىرەر ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچىدەك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، تۈرمىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قارشى تۇرۇشى، گۇندىپايلارنىڭ ئالدىدا ئۆچرەتكە تىزىلىشنى رەت قىلىشى، گۇندىپايلارنىڭ ئۆز ئىسىملىرىنى بىۋاستە چاقىرىشلىرىغا يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ B رايوندا تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن دوستلىرى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى، پەقەت غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى تويۋو زاتويۋو بىلەن ماندېلانىڭ سادىق دوستى ئەيدى دانىرېس بۇ كۆزقاراشنى قوللىدى. ئادەتتىكى كامېرلاردا تۇرىدىغان جىنايەتچىلەرمۇ قارشى تۇردى. ماندېلا ئەزەلدىن ھۆرمەت قىلىدىغان لارۇ زىباجى ئاچلىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۆز قارشىلىقىنى بىلدۈردى. نەچچە ھەپتىلىك تالاش - تارتىش ئارقىلىق ماندېلا ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى.

گۇندىپايلارنىڭ مەھبۇسلارغا بولغان پوزىتسىيەسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا يۇمشاپ قالغانىدى. يېڭى كەلگەن زور بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر ئۇلارنى پۇت - قولى يەرگە تەگمىگۈدەك دەرىجىدە ئالدىراش قىلىۋەتتى، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن خېلى ئارام تېپىپ قالدى. تاماقنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى. سىياسىي مەھبۇسلار ئاشخانىدا ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن يېمەكلىكلەرنىڭ ئوغرىلىنىش ئەھۋالى ئازايدى. ئافرىقا مىللەتلىرى ئىندىيانلار ۋە رەڭلىك ئىرقلارنىڭكىگە ئوخشاش يېمەكلىكلەرگە ئېرىشەلەيتتى، ناشتىدا بىر يېرىم قوشۇق شېكەر يېيەلەيتتى. قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ مەخپىي

دوكلاتىدا ئۇلار يەيدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ قاتتىقلىقى، ئادۋوكاتلار بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ قىيىنلىقى، گۇندىپايلارنىڭ ئۇلارنى خورلاش قىلمىشلىرى ھەمدە ئادەم قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. ئالايلۇق، چىشى يوق جىنايەتچىلەرگە تالقانسىمان يېمەكلىك بېرىلمەيتتى.

لېكىن، قىزىل كىرېست جەمئىيىتى بىلەن باشقا تەرەپلەردىن كەلگەن بېسىم ئاستا ـ ئاستا ئۆز رولىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. نۇرغۇن جىنايەتچىلەرگە ئۆگىنىش قىلىدىغان پۇرسەت تۇغۇلدى، روبېبېن ئارىلى گويا ئاددىي، ئەمما ناھايىتى مۇنتىزىم بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوخشاپ قالدى. نۇرغۇن جىنايەتچىلەر جەنۇبىي ئافرىقا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى دەرسلەرنى ئۆگەندى، بەزىلەر ئاللىقاچان ئۇنۋانىمۇ ئېلىپ بولغانىدى: ئەيدى دانرېس، بىل نېل، مايكول دىنجاك قاتارلىقلار ئىككى ئۇنۋان ئالدى، كاترادا تۆت ئۇنۋان ئالدى. رەسمىي دەرسلەردىن باشقا، دەرس ئۆتۈشكە سالاھىيىتى توشىدىغان جىنايەتچىلەر يەنە مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن جىنايەتچىلەرنى ئاساسىي تەربىيە بېرىش، مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىش ۋە تۈرلۈك لېكسىيەلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق تەربىيەلەيتتى. راكس ساكىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى روبېبېن ئارىلىدىكى كۈنلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى: «بىز سىياسىي ماقالىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەدەبىيات، سەنئەت، تەنتەربىيە، دىن، پەلسەپە قاتارلىقلارغا ئائىت ھەر خىل تېمىلاردا ماقالە يازاتتۇق. ئۇلار يازغان ماقالىلىرىمىزنى باھالايتتى.» مورفى مورروبى روبېبېن ئارىلىنى «ئىدىيەلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان چوڭ پېچ» دەپ ئاتىغانىدى.

ئۇلار يەنە دىراممىلارنى ئوينايتتى. ئۇلار سامۇئېل بېككېتنىڭ «گېدوتنى كۈتۈش» ناملىق دىراممىسىنى ئويناشقا باشلىدى ھەمدە دىراممىدا تەسۋىرلەنگەن ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئائىت ئۇرۇشلار

ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشاتتى. مۇكارپى: «بۇ سەرگەردانلار بىزگە ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك دەپ بېشارەت بېرىۋاتامدۇ، قانداق؟» دەيدۇ. ئۇلار B رايوندىكى ۋاقىتلىق كىنوخانىدا كىنو كۆرەلەيتتى، كىنولارنىڭ كۆپىنچىسى «ئون پەرھىز»، «پادىشاھ ۋە مەن»، «كايسار بىلەن كىلىيوپاترا» غا ئوخشاش سىياسىي بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىنولار ئىدى. ماندېلا فېرۋىن رول ئالغان كىلىيوپاترا دېگەن كىنوغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر كىلىيوپاترانى ئافرىقا خانىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە «شوتلاندىيە ئايال پادىشاھى مارى»ناملىق كىنونىمۇ كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. ئۇ، بۇ كىنودىكى قويۇق سىياسىي تۈسنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇ قىزى جىندىزىغا: «بۇ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىشىپ، ھازىرقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى» دېگەنىدى. «ئۇچار ماشىنا پارتىيەسى» ناملىق يەنە بىر كىنو سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مارون بىراندۇ ئۇچار ماشىنا گۇرۇھىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامنى كۆزگىمۇ ئىلمايدىغان بىر كاتتىبېشىنىڭ رولىنى ئالغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى قانۇن - تۈزۈملەرنى قەتئىي قوللايتتى. نۇرغۇن ياشلار تېخى ئۇچار ماشىنا پارتىيەسى سەلبىي پېرسوناژلارغا سىمۋول قىلىنغان، بۇ خۇددى ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر قۇرغان ئۇچار ماشىنا پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ مەخسۇس قارا تەنلىكلەرنى بوزەك قىلىغىنىغا ئوخشايدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ سىتېرنى مۇدرىي ئىسمىلىك بىر رادىكال ئەزاسى ئۇچار ماشىنا پارتىيەسى تروتسكىيچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. ماندېلا ئۇچار ماشىنا پارتىيەسىنى قوللىمايتتى، لېكىن مۇدرىيىنىڭ پىكرىگە قوشۇلاتتى.

ئۇلارنىڭ يەنە تېخى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان چالغۇ

ئەسۋابلارنى سېتىۋېلىشقا ھەم ئۇلارنى چېلىشقا يول قويۇلاتتى. كىلاسسىك گىتار چېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان توكيو سېكىسۋېيىل مۇنداق دەيدۇ: «ھوقۇق بېشىدىكى ھاكىمىيەت چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشىمىزغا يول قويغانلىقىنىڭ بىزنىڭ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزنىڭ يەنە بىر يولى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدى. بىز ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى ناخشىلارنى ئېيتاتتۇق.»

1980 - يىلىدىن بۇرۇنقى تۆت يىل ئىچىدە، ماندېلانىڭ ئۆگىنىش قىلىشىغا يول قويۇلمىدى. 1980 - يىلىدىن كېيىن ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزە، خەت - چەك يېزىش، ھەمراھلىرىغا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىشكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال كۆردى. تۈرمە كۇتۇپخانىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىتابلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىدى. 1976 - يىلى تۈرمە قىزىل كىرېست جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان پۇلغا 30 پارچە كىتاب سېتىۋالدى، بۇ كىتابلارنىڭ 25 پارچىسىنى تۈرمە ئەمەلدارى دافنى دۇ موريېي سېتىۋالغانىدى. لېكىن، ماندېلا يەنىلا بەزى ئەھمىيەتلىك رومانلارنى — جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئايال يازغۇچى نادىن گوردمېرنىڭ ئەسەرلىرىنى، جون ستېيىنبېكنىڭ «غەزەپلەنگەن ئۈزۈم»ناملىق رومانىنى، جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچۈن ئۆرنەك بولالايدىغان رۇسىيە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى تېپىپ ئوقۇپ، سىياسىي نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ لېف تولستوينىڭ ئەسەرلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى: ئۇ لېف تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ناملىق رومانىنى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن ھەمدە بۇ رومانىنى قىزى جىنىدىزنىڭ 21 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى سوۋغىتى سۈپىتىدە ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. ئۇ تولستوينىڭ ئاددىي پۇقرالارغا ئەمەس، بەلكى ئاقسۆڭەكلەرگە بەكرەك دىققىتىنى ئاغدۇرغانلىقىنى بايقىغانىدى. لېكىن، ئۇ تولستوينىڭ ئاشۇ

ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنى ئۆتكۈر مەسخىرە قىلغانلىقىدىن قالتىس
ھۇزۇر ئالغانىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ماندېلا تولىستوينى
گېنېرال كۇتۇزوۋغا ئوخشىتاتتى، گېنېرال كۇتۇزوۋ
رۇسىيەلىكلەرنىڭ روھىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.
ماندېلا يەنە ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك يازغۇچىلارنىڭ
ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى
چۈشەندى: ئۇ ئوپپېرمەننىڭ شېئىرلىرى بىلەن رون
ئېندخوۋېننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. لېكىن، ئۇ
ئاساسلىقى ئىنگلىزچە ئەسەرلەرنى ئوقۇيتتى. چارلىس
دىككىنس، ۋىلىيام ۋوردۋورس، تېننىسون، شېللىر قاتارلىق
ئەنگلىيەلىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ۋە
يېڭىباشتىن سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ سىياسىي
تەرجىمىھال كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ئەڭ ئامراق ئىدى. «كۆپچىلىك
‹كاپىتال›نى ئوقۇۋاتقان چاغدا» دەيدۇ ئېرىك مورويى: «مادىبا
چېرچىلنىڭ ئۇرۇش ئەسلىمىسىنى، كىنىدى بىلەن فوستېرنىڭ
تەرجىمىھالىنى ئوقۇيتتى.» ئۇ يەنە لىنكولىن، ۋاشىنگتون،
دىسرېلىنىڭ تەرجىمىھالىنىمۇ قالدۇرماي ئوقۇيتتى. لېكىن،
ئۇنى ھەقىقىي مەپتۇن قىلىۋالغىنى 1914 ـ يىلىدىكى
قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان كىرىستىيان دى ۋىت ئىدى.
جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ماندېلانى كوممۇنىست دەپ شىكايەت
قىلدى. لېكىن، ئۇ يالغۇز ماركس ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قالماي،
يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەققىدە
يېزىلغان كىتابلارنىمۇ ئوقۇيتتى.
1977 ـ يىلى ھۆكۈمەت روببېن ئارىلىدىكى تىنچ
كەيپىياتتىن ناھايىتى خاتىرجەم بولغاچقا جەنۇبىي ئافرىقىلىق
25 مۇخبىرنى تۈرمىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە
مۇشۇ ئارقىلىق رەھىمسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان سىياسىي
جىنايەتچىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىنى تىنچىتىش ئۈمىدىدە
بولدى. مۇخبىرلارنى باشلاپ زىيارەتكە كەلگىنى تۈرمە

كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مايور گېنېرال چاننى رۇ بولۇپ، ئۇ جىنايەت ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە روھىي كېسەللەر دوختۇرى ئىدى. چاننى رۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، لېكىن جىنايەتچىلەر سىياسىي چەمبەر ئىچىدە بۇنداق قىزىق نۇقتا بولۇپ يۈرۈش تۇيغۇسىدىن بىزار ئىدى. ئەڭ ئاخىر، مۇخبىرلار ماندېلانى بايقىدى. ماندېلا كۆزىگە قارا كۆزئەينەك تاقاپ، بېشىغا كەڭ گەردىشلىك شىلەپە كىيىپ، گۇرجەك بىلەن ئۇششاق شېغىل تاشلار چېچىلىپ ياتقان يولنى تازىلاۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلار ئۆتكەن چاغدا ئۇ چاتقاللىقنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغانىدى. «بىز سىلەرنى مەخسۇس ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى باشلاپ كەلدۇق» دېدى چاننى رۇ: «لېكىن، ئۇنىڭ سىلەر بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق ئىكەن، بىزمۇ ئۇنى مەجبۇرلىساق بولمايدۇ.» سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدىن ماندېلانىڭ سىيماسىنى تارتىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. «يۇلتۇز» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ قولىدا گۇرجەك تۇتقىنىچە ئىجازەتسىز يېنىغا كەلگەن بۇ كىشىلەرگە ھېسسىياتسىز بىر سىياقتا قارىغىنىچە ئېڭىشىپ ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاۋاتاتتى. رۇتېر ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ماندېلانىڭ كامېرىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ، ئۈچ بالا بىللە چۈشكەن بىر پارچە سۈرەتنى بايقاپ قالدى، رەسىمنىڭ يېنىدا قىر چىقىرىلىپ رەتلىك قاتلانغان مەھبۇسلار كىيىمى قويۇپ قويۇلغانىدى. ئۈستىلىگە «ياۋروپا ئىقتىساد تارىخى»، «سىرلىق ھېكايىلەر توپلىمى» قاتارلىق كىتابلار تىزىقلىق ئىدى. بۇ ھال مۇخبىرلاردا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. «تەبىئىي مېركۇرىي» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى: «روببېن ئارىلىنىڭ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئىلمىي ئىكەن، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى جىنايى ئىشلار ئاپپاراتىدىن قالغۇچىلىكى يوق ئىكەن» دەپ باھا بەردى. لېكىن، مۇخبىرلارنىڭ جىنايەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىشىغا يول قويۇلمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يازغان

خەۋەرلەر تۈرمە كومىتېتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى. لېكىن، روبېن ئاربلى تۈرمىسىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنمىغان مۇخبىرلار تۈرمە ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ چىنلىقىدىن گۇمان قىلاتتى. لوندونلۇق مۇخبىر مارك ماخاراج ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلدى ھەمدە تۈرمە ھەققىدىكى ھەقىقىي يېزىلغان خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئېتىبارسىز قالدى.

تۈرمىنىڭ ئەھۋالىدا سەل ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي مۇھىت يەنىلا ناھايىتى رەھىمسىز ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ ئايالى، قىز دوستلىرى ۋە بالىچاقىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشكە يول قويۇلمايتتى. بۇ، مەھبۇسلار ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پىسخىكىلىق مەسىلە پەيدا قىلغانىدى. بۇ ھەقتە سىسۇلۇ مۇنداق دەيدۇ: «بالىلىرىمىزنى بەك كۆرگۈمىز كېلىپ كەتسە، كىچىك بالىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساق كۆڭلىمىز خېلى تەسكىن تېپىپ قالاتتى.» ئون يىل ئىچىدە نىۋىل ئالېكساندىر بالىسىنىڭ ئاۋازىنى پەقەت بىر قېتىملا ئاڭلىيالىغانىدى: «بىز دەلتىدەك شۇ يەردە تۇراتتۇق. ھەممەيلەن بالىسىنى كۆرۈشكە شۇ قەدەر ئىنتىزار بولۇپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا يول قويۇلمايتتى.» ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزاق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشىلەر بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولمىدى، دەپ دادىلىرىنى كەچۈرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. لېكوتا قىزىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بالىلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرى قوزغىغان كۈرەشكە ئۆچمەنلىك قىلىشىدىن ۋە مەنىستىمەسلىك نەزىرىدە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.»

1981 - يىلى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىنىڭ خادىمى بوببى ساندىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياش جىنايەتچىلەر ئاشلىق ئېلان قىلىپ قارشىلىق بىلدۈرۈپ،

بالىچاقىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كېلىشىگە يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى ۋە باشقا تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماندېلا ئۇلارغا: «ھايات قېلىش سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار، ئەنە شۇندىلا تالانتلىقلارنى ساقلاپ قالغىلى، ئاجىزلارنى قوغدىغىلى بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. لېكىن، بۇ ئالتە كۈنلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتىگە ئۆزىمۇ قاتناشتى. ئەڭ ئاخىر ئۇ سۆھبەت ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدا ئۈچ ياشقا توشقان بالىلارنىڭ روببېن ئارىلىغا دادىلىرىنى يوقلاپ كېلىشىگە يول قويۇلغانىدى.

زاھىتلارچە تۇرمۇش زېھنىنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىش ۋە بەس - مۇنازىرە قانات يايدۇرۇشنى مۇۋاپىق مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەنىدى. باشقا نۇرغۇن سىياسىي رەھبەرلەر، جۇملىدىن ھىندىستانلىق جاۋاخارلال نېھرۇدىن تارتىپ تاكى رودىسىيەلىك روبېرت مۇگابى ھەمدە شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت قوزغىلاڭچىلىرىغىچە ھەممىسى تۈرمىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي نەزەرىيەسىنى قانات يايدۇرغانىدى. لېكىن، نەچچە يۈزلىگەن سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇزاق مەزگىل جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان روببېن ئارىلىدا نەزەرىيەنى ئانالىز قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۆرەشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەرلىك ۋاقىت بار ئىدى. بۇنى خۇددى چەت - ياقا جايدىكى بىر ئوڭ قاناتلار مەكتىپىدە تىنىم تاپماي ئوقۇشقا ئوخشىتىشقا بولاتتى. جىنايەتچىلەر دۇنيا بىلەن تامامەن ئايرىۋېتىلگەن بىر مۇشكۇل مۇھىتتا ياشايتتى. ئۇلار ئىستېمال قىلمايتتى، پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، توپىلاڭ كۆتۈرەلمەيتتى. بۇ ھال تەبىئىيلا ئىدېئالىزم ۋە تەڭ - باراۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەزگۈرلۈك ۋە بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىش پوزىتسىيەسىنى شەكىللەندۈرەتتى. لېكىن، ئارالدىكى مۇھىت ئەمەلىي ئىقتىدارنى ئاشۇرۇشقا پايدىسىز ئىدى. بۇ مۇھىتتا ئۇلارنىڭ

ئاجىزلار توپىغا خاس بولغان ساددىلىقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى ساقلىنىپ قالغانىدى.

ئەنە شۇنداق تۇرلۇك مەسىلىلەر ساقلانغان «ئۆگىنىش» مۇھىتىدا ماندېلا ناھايىتى تېزلا غايەت زور خىرىسقا دۇچ كەلدى. موزامبىك ۋە ئانگولادا پات ئارىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان كوممۇنىزم ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي ياۋروپا، كۇبا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدە روبېن ئارىلى تۈرمىسىگە قاماقلىق نۇرغۇن ياشلار ماركسىزمغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئارالدا ئۇلار ستالىنىزمچى ھاررى گىۋارانىڭ ناھايىتى زور تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ھاررى گىۋارا 1973 - يىلى جىنايى جازانى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر مەخپىي تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ، مىللەت نەيزىسى ئۈچۈن ئەزا قوبۇل قىلدى، قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. 1975 - يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1977 - يىلى روبېن ئارىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك رادىكاللىشىپ كەتتى ھەمدە ياشلارنىڭ ئېڭىغا ئۆز نەزەرىيەسىنى سىڭدۇردى. «بىز ئۇنىڭ تارغىنا كامېرىغا قىستىلىشىپ كىرىۋېلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن سىياسىي توقۇنۇشلارنى تەھلىل قىلاتتۇق» دەيدۇ سامى مۇكاۋاناز: «گىۋارا ھەر قېتىم مەردانىلىك بىلەن سۆزلىگەندە بۇ ياشلارمۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ۋارقىرايتتى.» «ئۇ مەن كۆرگەن ئادەملەر ئىچىدە ئەڭ بىلىملىكى ئىدى» دەيدۇ ئېرىك موروبى: «ئۇ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال بىلەن ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونالنى بەش قولدەك چۈشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماندېلانىڭ نوپۇزىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشىدىن ئەزەلدىن ئېھتىيات قىلمايتتى.»

گىۋارا ئۆزىنى كاپىتالىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي ھامىيسى قاتارىدا كۆرەتتى. كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە: «ئىدېئولوگىيەدىكى ئىختىلاپنى ياراشتۇرغىلى بولمايدۇ»

دېگەنىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا ساپ ھالەتتىكى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى كونترول قىلالايدىغان ئىشچىلار دېموكراتىك سىياسىيسىنى ئورنىتىش قارارىغا كەلدى: «ئەركىنلىك خارتىيەسى» دە: «رەھبەرلىك ھوقۇقى خەلقنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك» دېيىلگەنىدى. بۇ، ئىشچىلارنىڭ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. «ئۇ رىۋونىيەدىكى سوتلاش ھوقۇقىنىڭ كوممۇنىزمچىلاردا ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقانىدى» دەيدۇ مۇكاناۋاز: «ئۇ ئۆز غايىسىگە زەررىچىلىك خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايتتى.» كېيىن ماندېلا گىۋارانىڭ «كۇرەشنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى» ئىكەنلىكىنى قوللىدى. لېكىن، سىسۇلۇ ئۇنى ئاشكارا تەنقىد قىلدى: «ئۇ نەزەر دائىرىسى تولىمۇ تار، ئىرادىسى ناھايىتى مۇستەھكەم ستالىنىزمچى. ئۇ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتا تولىمۇ ماھىردەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلغان تەھلىللىرىنىڭ ھەممىسى خاتا. ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى سولغا مايىل بولغاچقا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن.» ماركسىزمچىلار روبېن ئارىلىدىكى كەيپىيات سىياسىي تەربىيەنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. «بۇ يەر دۇنيا ۋەزىيىتىنى مۇۋاپىق شەرھلەپ بېرەلەيدىغان بىر نەزەرىيەگە جىددىي ئېھتىياجلىق» دەيدۇ گىۋارا: «بۇ خىل نەزەرىيە ماركس بىلەن ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان، لېنىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئەمگەكچىلەر نەزەرىيەسىدۇر.»

خۇددى گوۋان مېبېكى ئېيتقاندەك، دەسلەپتە ياش ئەسكەرلەرنىڭ «كونىراپ ۋاقتى ئۆتكەن ماركس ـ ئېنگېلس نەزەرىيەسى»نى چۈشىنىشكە ئەسلا ۋاقتى يوق ئىدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىمۇ پەرقلەندۈرەلمەيتتى. لېكىن، گوۋان مېبېكى، گىۋارا ۋە باشقا ئادەملەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالاقىدار بىلىملەرنى

ئومۇملاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. سىياسىي دەرس ئوغرىلىقچە ئۆتۈلەتتى، بەزىدە كۆپچىلىك تالادا پائالىيەت قىلىۋاتقاندىمۇ دەرس ئۆتۈشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئۇلار كۇتۇپخانىدىن «كاپىتال»ناملىق كىتابنى ئەكىلىپ، كېچىلەپ بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقتى. يۇقىرى قاتلام تەشكىلاتلىرى «A دەرسلىك»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخىدىن دەرس ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەر ئوقۇش دەرسىنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. گوۋان مىبىكى بۇ دەرسنى ئۈچ يىلدا تاماملاشنى مۆلچەرلىدى. «B دەرسلىك»تە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى سۆزلىنەتتى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ماركس ـ ئېنگېلسنىڭ نەزەرىيەۋى كۆزقاراشلىرى ئاساس قىلىناتتى.

1977 ـ يىلى گىۋارا روببېن ئارىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساپ ماركسىزمچىلار بىلەن «مىللەتچىلەر» ئارىسىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەپسىلاتلار بىلەن تارىخىي يادىكارلىقلار تېخى يېقىندىلا جامائەتكە ئاشكارىلاندى. گىۋارا ياش ئەسكەرلەر بىلەن بىللە تاشتىن قوپۇرۇلغان B رايونىدا تۇراتتى، ئۇ يەر ماركسىزمنىڭ ئوچىقىغا ئايلانغانىدى. «بۇ يەرنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى سوۋېت جۇمھۇرىيىتى دېيىشكە بولىدۇ» دەيدۇ نالدى چىك: «گىۋارا ھە دېسىلا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كېرەك، كۈرەش قىلىش ۋە پارتىزانلار ئۇرۇشى ئارقىلىق ھەربىي جەھەتتە كۇباغا ئوخشاش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ مۇراجىئەت قىلاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ماندېلا قوراللىق ئۇرۇشنى ھۆكۈمەتنى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلايدىغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇل، دەپ قارايتتى. بۇ بىر مەيدان غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان تالاش ـ تارتىش ئىدى. «ياشلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ تېمىغا بولغان قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققانىدى» دەيدۇ سىسۇلۇ: «گەرچە ئۇلار رەھبەرلىك نوپۇزىنى ھۆرمەت قىلسىمۇ، لېكىن بۇ

تېمىدىكى ھەرقانداق بىر گۇمانىي سوئال ئۇلارغا تەنقىسلىق پەيدا قىلاتتى. بىز ئومۇمىي ئەھۋالنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ۋەزىيەتنى كونترول قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندۇق. ئەڭ چوڭ خەتەر — مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش ۋە دۆلەتنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىشتىن ئىبارەت.»

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە پارلامېنت بىلەن ماركسىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. بۇ مەسىلە 20 يىل بۇرۇنقى «ئەركىنلىك خارتىيەسى» قوزغىغان تۈرلۈك ئىختىلاپلارغا بېرىپ چېتىلاتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسىنى ئىزچىل دۆلەتنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ بىرى، شانلىق تارىخى ۋە مۇستەقىل سىياسىتى بار، بارلىق يولداشلارنىڭ ئەزا بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ، دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، گىۋارا بىلەن مىبېكى كوممۇنىستىك پارتىيەنى تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە، تەدرىجىي ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، دەپ قارايتتى. گىۋارا ھەتتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسى بېكىتكەن دۆلەت شېئىرىنى «ئىنتېرناتسىيونال شېئىرى» غا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. «ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئىنقىلاب باشلانماي تۇرۇپلا ھالاك بولىدۇ، دەپ قارايتتى» دەيدۇ ئېرىك مورووبى.

مەيلى كوممۇنىزم بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا بولسۇن ياكى جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسى ئارىسىدا بولسۇن، يۈزمۇيۈز توقۇنۇش يۈز بەرمىدى. جەنۇبىي ئافرىقا كومپارتىيەسىنىڭ ماخاراج، كاترادالارغا ئوخشاش ئىلگىرىكى نۇرغۇن سادىق ئەزالىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ

تەركىبىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلارمۇ، خىرىستىيانلارمۇ، سودا بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ، ئۇششاق سودىگەرلەرمۇ ۋە ئالىملارمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسىدە ئىرقىي ئىختىلاپ يوق ئىدى. 1969 ـ يىلىدىن باشلاپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسى جوئى سىلوۋغا ئوخشاش ئافرىقىلىقلار پۈشتىدىن بولمىغان كوممۇنىستلارنىمۇ قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، روببېن ئارىلىدا باتۇر ئىندىيانلار بىلەن رەڭلىك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىرقىي تالاش ـ تارتىشنى ئۇلغايتىۋەتتى. ماھىيەتلىك مەسىلە ماركسىزمنىڭ ساپلىقى مەسىلىسى ھەققىدە ئىدى: كۆچلۈك كوممۇنىزمچىلار ماركسىزم پىرىنسىپلىرى ۋە ئىشچىلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە سەۋر قىلىپ تۇرالمايتتى.

بۇ تالاش ـ تارتىش ماندېلا تۇرۇۋاتقان B رايوندىكى 30 نەپەر جىنايەتچىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. تۇتۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ ھۆججەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشتى. ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدىكى B1 بۆلىكىدە ماندېلانىڭ كۆزقاراشلىرى بايان قىلىنغانىدى: «ئەركىنلىك خارتىيەسى» بولسا «بۇرژۇئازىيە سىنىپى دېموكراتىك ھاكىمىيىتى» قۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتاتتى. بۇ خۇددى ياۋروپادىكىگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پارلامېنت كەڭ دائىرىلىك بىرلىك سەپ قۇرۇپ، كاپىتالىزم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق بىلەن كۆرەش قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. B2 بۆلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلەنگەن بولۇپ، پارلامېنتنىڭ بىر سىياسىي پارتىيە بولماستىن، بەلكى بىر مىللىي بىرلىك سەپ ئىكەنلىكى، شۇڭا بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ فاشىزمغا قارشى تۇرۇش كېرەكلىكى، بۇ بىرلىك سەپنىڭ پانئافرىقىلىقلار

قۇرۇلتىيى، زۇلۇ يىنىكاتا ھەرىكىتى ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى تەكىتلەنگەنىدى. لېكىن، B3 بۆلىكى گوۋان مىبېكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ماركسىزم نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» ئىشچىلارغا ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇش بىۋاسىتە ئاق تەنلىك كاپىتالىزم سىنىپىنى كۆرسىتەتتى.

مىبېكى كەڭ بىرلىك سەپ ئارقىلىق ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا ئىزچىل كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ: «مىللىي زۇلۇمنىڭ مەنبەسى سىنىپىي زىددىيەت، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئويغىنىشىدەك بۇنداق ئاتالمىش ئىتتىپاقلىق ‹جاھانگىرلىكنى قوغدايدىغان قالدۇق كۈچ› بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن» دەپ قارايتتى؛ قارا تەنلىكلەرنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشەلىشىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇ 1956 ـ يىلى «ئازادلىق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە ماندېلانىڭ «غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئافرىقىنىڭ ئەركىنلىك ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ياشنايدۇ» دەيدىغان كۆزقاراشلىرىغا رەھىمسىزلەرچە رەددىيە بەرگەنىدى.

B رايوندىكى رەھبەرلەر ھۆججەتلەردە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى Inq ـ M دېگەن شەرتلىك بەلگە بىلەن ئىپادىلىدى. Inq ـ M «مۇشت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، پارلامېنت ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيتتى؛ M «ماركسىزم» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنى ئىپادىلەيتتى. بۇ كۆزقاراشلاردا نۆۋەتتىكى كۈرەش كاپىتالىزمغا ئەمەس، بەلكى ئىرقىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، دەپ قارالغانىدى. بۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى «ئەركىنلىك خارتىيەسى» ئىدى، ھەرگىزمۇ ماركسىزم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، «ئەركىنلىك خارتىيەسى» دېموكراتىك سىستېما قۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز

سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي B رايون تۈرمىسىدىكى ئالىي ئاپپارات تالاش تارتىشنى يەنە باشقا كامېرلارغىمۇ كېڭەيتتى. ئۇلار خۇددى — ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا ھۆججەت مەزمۇنىنى كىچىك باغاقچىگە كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۆز كامېرلىرىدا ئوغرىلىقچە ئوقۇيتتى، تۈرمە گۇندىپايلىرىنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرەتتى — ئۇلار تۈرمە يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە ھوشيار ئىدى. كاترادا كۈتۈپخانا باشقۇرغۇچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنچكە كامېرغا كىتاب ئالغاچ كىرەلەيتتى، كىتاب قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كۆرۈلەتتى. بەزى ياشلار ئۇنىڭدىن: «خەلق دېموكراتىيەسى دېگەن نېمە؟» دەپ سورايتتى. بۇ — ئەڭ كەسكىن تالاش - تارتىش پەيدا قىلىدىغان سوئال ئىدى. ئىدىيەۋى ساھەدىكى كۈرەشتە كىتاب ناھايىتى زور قۇدرەتكە ئىگە قورال ئىدى. «مەيلى بىز قايسى كىتابنى ئالمايلى، مەيلى بۇ كىتاب قانچىلىك قېلىنلىقتا بولسۇن، ھامان كۆچۈرۈۋېلىناتتى ھەمدە ھەرقايسى كامېرلاردىكى ئەزالارنىڭ قولىغا تارقىتىلىپ بېرىلەتتى» دەيدۇ گوۋان مىبىكى.

ھاررى گىۋارانىڭ كۆپتۈرمىچىلىكى بىلەن بۇ تالاش - تارتىش تۈرمىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى ھەمدە ياش ئەگەشكۈچىلەر تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى. ياشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پېشقەدەم ئەسكەرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تېخىمۇ يىراق ئۆتمۈشتىكى دەۋرلەردە توختاپ قالغانىدى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى ئىدى. «بىزنىڭ كۈرەش قىلىش ۋاستىمىز چەكلىك ئىدى، لېكىن قىلمىغان ئامالىرىمىز قالمىغانىدى» دەيدۇ كاترادا. ياشلار: «Inq-M كۆزقارىشى بىزنى تامامەن خاتا يېتەكلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆزقاراشنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن» دەپ ئاغرىنىشاتتى. ئۆتكەنكى ئون يىلدا پېشقەدەم ئەسكەرلەرنىڭ ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتكەنىدى، ئەمما جەنۇبىي ئافرىقىدا غايەت زور

ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. تاللا بازىرى، ئادەتتىن تاشقىرى سودا سارايلىرى ۋە زەنجىرسىمان دۇكانلار ئۇششاق دۇكانلارنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. مونوپول ھاكىممۇتلەقلىق ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى سىېتىۋالغانىدى. سانائەتلەشتۈرۈش دېھقانلار قاتلىمىنى يېزا پىرولېتارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، ھەتتا ئاق تەنلىكلەرمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سانائەت ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن، ماركسىزمچىلار ئېيتقاندەك، ئاللىقاچان سولغا مايىل يولدا مېڭىۋاتقان كۆپ ساندىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار مانا ئەمدىلىكتە كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئافرىقىدىكى باشقا دۆلەتلەردىكى كوممۇنىزم تۈزۈمى يەرلەرنى تارتىۋېلىپ، ئانگولا ۋە موزامبىك ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىۋالغان، زىمبابۋې بىلەن نامبىيەدە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قوزغىغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمى بىر خىل فاشىستىك ھەرىكەت بولۇپ، دېموكراتىك قىممەت قارىشىغا تەھدىت پەيدا قىلغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، خەلق دېموكراتىيەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بيۇروكراتلىق بىلەن قارشىلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «دۆلەت» ئاپپاراتىنىڭ 1969 ـ يىلى دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق دېموكراتىك دۆلىتى قۇرۇش نىشانى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېگەنىدى.

ماندېلا مەھبۇسلار ئارىسىدا كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان رەھىمسىزلىك كەيپىياتىدىن غەم قىلاتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى تالاش ـ تارتىش قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى، لېكىن تالاش ـ تارتىش كەيپىياتى بارغانسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىغانىدى. B رايوندىكى تۈرمىدە ماندېلا مېبكى بىلەن ناھايىتى ئاز گەپلىشەتتى. سىسۇلۇ بەزىدە ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپمۇ قوياتتى. تۈرمىدىكى جىددىي كەيپىيات ھەممە كامېرلارغا يامرىماقتا

ئىدى. «تالاش ـ تارتىش ناھايىتى زور دەرىجىدە بولۇۋاتاتتى» دەيدۇ راكىس سەك: «لېكىن، بەزىدە كىشىنىڭ تولىمۇ نومۇسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە داۋاملىشاتتى.» ماندېلا ئۆزىنى تۈرمىدە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. «ئۇ ھەمىشە بىر ئىشلارنى تىرىشىپ يۈرۈپ ۋۇجۇدقا چىقىراتتى» دەيدۇ سىسۇلۇ: «ئۇ ئۆز كەيپىياتىنى كونترول قىلالايتتى، تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيەتنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.» لېكىن، ئۇ ھازىر بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى تەستە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئەڭ ئاخىر كاترادا مۇشۇ تالاش ـ تارتىشلار ھەققىدە بىر پارچە خۇلاسە دوكلاتى يېزىپ، پىكىردە بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ ناھايىتى تۇجۇپىلەپ 21 بەتلىك بىر پارچە دوكلات يازدى. دوكلاتنىڭ بېشىدا: «لاگېرىمىزدا يېڭى تەسەۋۋۇر پەيدا بولغانلىقىنى قارشى ئالىمەن. يولداشلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ۋە ئۆزىدە كەڭ دائىرىلىك بىلىم جۇغلىغانلىقىنى مەدھىيىلەيمەن، Inq ـ M كۆزقارىشىدا سادىر بولغان خاتالىق ۋە گۇمانلىق نۇقتىنىڭ B رايوندىكى تۈرمىداشلارنى يېتىم قويغانلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىمەن» دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «پارلامېنتنىڭ مەسئۇلىيىتى مىللىي كۈرەشكە ۋەكىللىك قىلىشتىن ئىبارەت، كوممۇنىستىك پارتىيە بولسا سىنىپىي كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈرەش تاكتىكىسى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ تەكىتلىدى. مەلۇم خىل ئەھۋالدا «ئەركىنلىك خارتىيەسى» بولسا «سوتسىيالىزمغا قەدەم تاشلاش»قا پايدىلىق ئىدى، شۇنداقلا كۈرەش قىلىشنى قوللايدىغان ھەرقايسى سىنىپ، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ھاكىمىيەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىغا، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يەرگە، زاۋۇت ـ كارخانىلارغا ئىگە بولۇشىغا يول قوياتتى.

كاترادانىڭ دوكلاتى يولداشلارنىڭ كۈرەش بولۇۋاتقان

ساھەدىكى ئىنقىلابقا بولغان ئۈمىدىنى تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. دوكلاتتا: «جەنۇبىي ئافرىقا كاپىتالىزمىنىڭ ئورنىغا ئىشچىلار ۋەكىللىكىدىكى دۆلەتنى دەسسىتىش تەييارلىقىنى تېخى قىلىپ بولالمىدى» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى. كۈنسېرى زورىيىۋاتقان قارا تەنلىك ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىجارە، ماشىنا، تېلېۋىزور ۋە توڭلاتقۇ دېگەندەك نەرسىلەرگە ئۇزاق مەزگىل مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇتەئەسسىپلىشىپ، سىياسىيغا ئانچە قىزىقماس بولۇپ قالدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كۆرەش بىلەن ياۋروپا ئىنقىلابى ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. ياۋروپادا كوممۇنىزم سىياسىي پارتىيەسى قىزىل ئارمىيەنىڭ ياردىمىدە ناتسىستىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىدى. ئەمما، پارلامېنت ئەزەلدىن پىرولېتارىيات ھاكىمىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ باقمىغانىدى. كاترادانىڭ دوكلاتى يولداشلارنىڭ ئىنقىلاب ۋە ماركسىزمنى تەتقىق قىلىشىغا ئىلھام بەردى. ماندېلا بۇنى «زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا پارلىغان نۇر» دەپ ئاتىغانىدى. دوكلاتتا يەنە: «خەلق ھاكىمىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن ئۆز ئەۋزەللىكىمىزنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ» دەپ تەكىتلەنگەنىدى.

كاترادانىڭ دوكلاتىنى باشقا كامېردىكىلەرمۇ ئوقۇدى. دوكلات توكيو سېكسۋېيىلىنىڭ كامېرىغا يەتكۈزۈلگەندە، تۈرمە گۇندىپايلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ ئىش ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمىدى ھەم ھېچكىممۇ تىلغا ئېلىپ قويمىدى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇلايىم سىياسىتى جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتكەنىدى. «1978 ـ يىلى بىز تۇيۇقسىز نېلسون ماندېلا بىلەن گوۋان مېبېكىنىڭ پاراڭلاشقاچ سەيلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق» دەيدۇ سونى ۋانكوتانام: «ماندېلانىڭ بىزگە باياناتچى بولۇشىنى ئالىي ئاپپارات مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلغانىدى.» كېيىن ئۇ يەنە: «بۇ خىل

ئەھۋال تاكى 1982 ـ يىلى بىر ئايرىلىپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى» دەپ يازغانىدى.

روببېن ئارىلىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش كۆپچىلىكتە چىداپ تۇرۇپ يول قويۇش ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش روھىنى يېتىلدۈرگەنىدى. نۇرغۇن ياشلار پېشقەدەم ئەسكەرلەردىن ئۆزىنى قانداق كونترول قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش ۋە ئىدراكىي يوسۇندا تالاش ـ تارتىش قىلىش ئادىتىنى ئۆگەنگەنىدى. بۇ — روببېن ئارىلىدىكىلەرنىڭ ئەڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلاردا يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىرات پەيدا بولدى. غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئارمىيە ئىنتىزامى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ياكى غەربىي نۇقتا ھەربىي مەكتىپىدىكى قېرىنداشلىق مېھرى ئوكسفورد، يالى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئىلمىي روھ، فىرانسىيە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوخشاشلا ئافرىقا مىللەتلىرىنىڭ «باشقىلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش» ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى، يەنى ئافرىقا مىللەتلىرى «ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم» دېگەن تۇرمۇش مىزانىغا ئەمەل قىلاتتى. باشقا مىللەتلەرمۇ بۇ خىل كۆزقاراشقا قايىل ئىدى.

ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ۋە ئىچ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىق روھى 1982 ـ يىلى مانديېلا روببېن ئارىلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ناھايىتى قەدىرلەندى. «ئەپۇچانلىق مەسىلىسىدە كۆزقارىشىمىز بىردەك ئىدى» دەيدۇ ئېرىك موروبى: «چۈنكى، تالاش ـ تارتىشنىڭ لوگىكىلىقى كۈچلۈك، سەۋىيەسى يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇنداق جىددىي تالاش ـ تارتىشنى كۆرۈپ باقمىدۇق.» مانديېلا بىلەن بىر

دەۋردىكى كىشىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىش، ئىچ سىرىنى چىڭ ساقلاش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، ماندېلا ئەڭ چوڭ ئۈلگە ئىدى، ئۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىناق مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى. توختىماي بەدەل تۆلىگەن ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەچكە ئۇنىڭغا ھېچكىم باشقىچە پىكىردە بولمايتتى.

جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن نۇرغۇن كىشىلەر تۈرمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مۇشۇ خىل روھنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. تېررا لىكوتا ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەندە قىيىنچىلىققا يولۇققتى ھەمدە روبېن ئارىلىغا قايتىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئىناق كەيپىياتنى قايتىدىن بېشىدىن كەچۈردى. «ئارالدىكى كىشىلەرنى بىر كىلومېتىر نېرىدىنلا تونۇۋالاتتىم» دەيدۇ راكىس سەك: «ئۆزلىرىنىڭ توقۇنۇشقا چوڭقۇر پېتىپ قالغىنىنى بايقىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلسىمۇ، لېكىن كەيپىياتىنى ناھايىتى تېزلا كونترول قىلىۋالالايتتى. مەن بۇ خىل روھقا رەھمەت ئېيتىمەن. بۇنىڭ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى، جۈملىدىن تۈرمۈشۈمدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىسى زور بولغانىدى.»

ماندېلا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش روھىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن رەھبەرلەرگە خاس سالاپەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. 60 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ھەر كۈنى سەھەردە چېنىقاتتى، بەدەن ساپاسى يەنىلا شۇ قەدەر ياخشى ئىدى. 1976 ـ يىلى ئۇنىڭ ئائىلە دوختۇرى نىسادو موترانا ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا تۇرۇۋېمۇ ئۇنى بىر قېتىم يوقلاپ كەلگەن ۋە ئۇنى سىياسىي تۇغرۇلۇق مۇنازىرىلەشمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى. بوكس ۋە مۇھەممەد ئەلى ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، گۇندىپاي ئۇنىڭغا ئائىلە ئىشىدىن باشقا تېمىدا پاراڭلاشسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. «بۇ مېنىڭ بېشىمدىن

ئۆتكەن ئەڭ ئازابلىق ئىككى سائەت ئىدى» دەيدۇ كېيىن كاترادا: «يوقلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە: ‹ماندېلا ئەمدى تۈرمىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭدىن تازا خۇش بولىدىغان بولدى ـ دە› دەپ ئويلىدىم.» ئۇ ماندېلانىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى ئىدى. «بەستلىك، كۈچلۈك !» بۇ سۆز كېيىن ماندېلانى سۈپەتلەيدىغان سۈپەت سۆزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. «چېچىنى ئاندا ـ ساندا ئاق ئارىلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماندېلانىڭ بۇرۇنقى قىياپىتى قىلچە ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. ئۇ كوسالارنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرى ئىدى. مەيلى تەن ساپاسى ياكى روھىي ھالىتى بولسۇن، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىدى.»

ماندېلانىڭ ئائىلە ئادۋوكاتى پۇرشىرا يانا ماندېلانىڭ بەستلىك گەۋدىسىدىن ۋە قانۇن بىلىمىنىڭ پۇختىلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالغانىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «ئادۋوكاتلىق قىلمىغىنىغا 15 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادۋوكاتلارغا خاس تەپەككۇرىنىڭ شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن. بۇ بەك مۇشكۇل ئىش.» ئۇ ئايالى ۋە بالىلىرىنى سورىمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى خەلقتە ئىدى. گۇندىپاينىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ پۇرشىرا ياناغا تۇيدۇرماستىن: «ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ: ئۈمىدتىن مەڭگۈ ۋاز كەچمىسۇن، غەلىبە پات ئارىدا قۇچاق ئاچىدۇ. مەن مەڭگۈ ئۇلار بىلەن بىللە» دېگەنىدى.

ماندېلانىڭ سالامەتلىكىدە ئۇششاق مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلگەنىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە: «دورا يېسە كېسەل ساقىيىدۇ دېگەنگە مەن تازا ئىشىنىپ كەتمەيمەن» دېگەنىدى. كېيىن ئۇ يەنە تولۇقلاپ، ئائىلە دوختۇرى موترانانىڭمۇ بۇ گەپكە ئانچە

ئىشەنمەيدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى. ئۇ ناھايىتى قەيسەر ئىدى. بىر قېتىم ئۇ دېڭىز قىرغىقىدا بامبۇك توشۇۋاتقاندا تېيىلىپ يىقىلىپ كەتتى ۋە تىزى زەخمە يەپ كۆپتەك ئىششىپ كەتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا ماڭىسەن دەپ بەك زورلۇقۇپ تىزىنىڭ ساقىيىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى، زەخمە يېگەن پۇتىدا يەرگە دەسسىمەسلىكنى ئېيتتى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە بىر پۇتىنى سۆرەپ ئاقساپ مېڭىپ يۈردى، ئاغرىقمۇ توختىدى، لېكىن تىزى سەللىمازا ساقايمىدى، مۇشۇ قېتىملىق زەخمىنىڭ ئاسارىتى 25 يىلدىن كېيىن كۆرۈلدى.

1979 - يىلى ئۇ قانداقتۇر بىر باكتېرىيەنىڭ كۆزىگە زەخمە يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن، دوختۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن كېسەل ئالامىتىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. يەنە شۇ يىلى چويلا توپ ئوينىۋاتقاندا پۇتىنىڭ تاپىنىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چىددىي داۋالاندى. ئۇ ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە شۇنى تونۇپ يەتتىكى، تۆرمىدىكىلەر ئۇنىڭ تۆرمىدە ئۆلۈپ - تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ قولىدا ئىشكەل، قاتتىق نازارەت ئاستىدا كېيپتاۋنغا ئاپىرىلدى. ئۇ ئايالى ۋىنىنىغا تۆت كوچىلاردىكى تەلەتى ياۋۇز تۇس ئالغان ئارمىيەنى كۆرۈپ خۇددى كۆچلۈك دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندەك تۇيغۇدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىر ياش دوختۇر ئۇنىڭ پۇتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۈۋۈلۈپ كەتكەن بىر تال ئۇستىخاننى ئېلىۋەتتى. بۇ — ئۇنىڭ فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋېتىپ يارىلانغان چاغدا قالغان ئاسارەت ئىدى. دوختۇر ئۇنى دوختۇرخانىدا ئېلىپ قېلىپ كېسەل ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. دوختۇرخانىدا ئۇ ئاق تەنلىك سېسترالارنىڭ كۆتۈنۈشى ۋە ئىرقىي باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولدى. ئۇ، بۇ ھەقتە: «ئىلىم - پەن ئىرقىي كەمسىتىشكە ئورۇن قويماپتۇ» دېگەنىدى.

1978 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ماندېلا 60 ياشقا

كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. سىسۇلۇ ۋە كاترادا قاتارلىق دوستلىرى نۇتۇق سۆزلەپ ئۇنى تەبرىكلىدى. ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى بولۇپ پەقەت سەككىز كىشىلا ئۆز تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ خەت ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىرسى گوۋان مىبېكىنىڭ ئوغلى بوتا ئىدى، لېكىن ئۇ بوتاغا جاۋاب خەت يازالمايتتى. يەنە بىرسى، مانگوسۇتۇ بۇتىلېزى ئىدى. ئۇ بۇتىلېزىغا تولىمۇ قىزغىن ھېسسىياتتا بىر پارچە جاۋاب خەت يازدى، خېتىدە ئۇلارنىڭ 1960 ـ يىلىدىكى دوست بولۇپ ئۆتكەن چاغلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ گويا 30 ياش ۋاقتىغا قايتىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى.

بۇ قېتىمقى تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. ۋىننىنىڭ ئۇنى يوقلىشىغا يول قويۇلمىدى. لېكىن، ئۇ ئىزچىل ماندېلانىڭ باياناتچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ۋاپادار ئايال ئىكەنلىكى ۋە كەمسىتىش، ھاقارەتكە ئۇچرىسىمۇ باش ئەگمەيدىغان ئىنقىلابىي زاتلارغا خاس ئوبرازىنى نامايان قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لېيدى ماندېلانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ مۇراجىئىتى بىلەن نۇرغۇن ھۆكۈمەت ۋە چەت ئەللىك دوستلار ۋىننىغا ئۆزلىرىنىڭ ماندېلانىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بولغان تەبرىكلىرىنى، تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەنگلىيەدە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە قارشى ھەققانىيەتچىلەر 10مىڭ پارچە تۇغۇلغان كۈن تەبرىك كارتىسى ئەۋەتتى (لېكىن، بۇ كارتىلارنىڭ بىرسىمۇ ماندېلانىڭ قولىغا تەگمىدى). لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس گېزىتى» ماندېلانى «ئافرىقا مىللەتچىلىكىدىكى گىگانت ئادەم» دەپ تەرىپلىدى.

1980 ـ يىلى ماندېلا ئاخىر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋان دەرسلىرىنى داۋاملىق ئوقۇش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ۋىننىغا ئۆزىنىڭ قانۇن نەزەرىيەسى ئىلمى، خەلقئارا قانۇن، ئافرىقا قانۇنى، سودا قانۇنى

ياكى ئائىلە قانۇنىنى ئۆگىنىش پىلانى بارلىقىنى، تاللىغان پەنلىرى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ئۆگىنىشىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككىنچى يىلى ئۇ مەكتەپتىن خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر سوۋغات تاپشۇرۇۋالدى: ئوقۇغۇچىلار ئۇنى مەكتەپ مۇدىرى بولۇشقا نامزات قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ۋىنىنىغا: «100 بىلەت بىلەن قوللاشقا ئېرىشىشىمنى، ئاخىردا يەنە 7000 بىلەتكە ئېرىشىشىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن» دەيدۇ. كېيىن ئۇ مەلىكە ئەنىنىغا ئۇتتۇرۇپ قويدى. مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئانىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن كۆپ ساندىكى مۇتەئەسسىپ ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلار مەلىكە ئەنىنىنى قوللىغانىدى. لېكىن، ماندېلا شۇنچە يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك رىقابەتتىن بەھرىمەن بولدى. ئۇ بۇنى بۇلانىفورتتا بىر كىچىك ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ۋىنىنىغا ئىلھام بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

ماندېلا تاشقى دۇنيادىن نۇرغۇن خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى. 1978 – يىلى 2 – ئايدا مەھبۇسلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قىسمەن رادىيو خەۋەرلىرىنىڭ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلىشىغا يول قويۇلدى، لېكىن بۇ لېنتىلارغا ئېلىنغان خەۋەرلەر كۆپ قېتىم قىسقارتىلىۋېتىلگەنىدى. «چوڭ سىياسەتلەردە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ» دېگەنىدى ئۇ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە بىز يەنىلا تاشقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىلىپتۇق.» لېكىن، 1980 – يىلى 9 – ئايدا ئۇ ئاخىر چەكلەنگەن بۇيۇم دەپ قارىلىدىغان گېزىتكە ئېرىشتى. مەھبۇسلار «كېيپتاۋن ۋاقىت گېزىتى» ۋە «جەنۇبىي ئافرىقا دىبۇرگېر گېزىتى»نى ئوقۇيالايدىغان بولدى، كېيىنچە يەنە يوھاننىسبۇرگتا چىقىدىغان «يۇلتۇز گېزىتى» بىلەن «يەكشەنبىلىك گېزىت» نىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولدى. گېزىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قايچا بىلەن قىيىۋېلىنىپ تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغان بولۇپ، مەزمۇنى تولۇق ئەمەس ئىدى. «مەن بۇ دۆلەت ۋە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن ئاساسىي جەھەتتىن خەۋەردار بولۇپ

تۇردۇم» دېگەنىدى ماندېلا موتراناغا: «بەزىدە قالتىس خەۋەرلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى، ئوبزور خاراكتېرىدىكى بەزى ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئوبيېكتىپ، ئاساسىي تېمىسى تولىمۇ كەسكىن ئىدى. لېكىن، ياخشى دەپ قارالغان ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھالقىلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلمىگەنىدى.»

ماندېلا روببېن ئارىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. تۇرمىداشلىرى بىلەن توختىماي ئارىلىشىپ يۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇ باشقىلارنىڭ ۋەسۋەسە تۇيغۇسى ۋە ئۆچمەنلىك كەيپىياتىغا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك مىجەزى ئۆزگەرگەنىدى: بۇرۇنقىدەك ئۆزۈمنىڭ راست دەپ تۇرۇۋالمايتتى، دېموكراتىيە ئىدىيەسى كۈچەيگەنىدى، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان مىجەزنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىيەسىگە سادىق بولۇشتا چىڭ تۇراتتى: ئۇ ماخاراجغا: «بۇ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتىن ۋاز كېچىش ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىدىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، ئۇ ھەمىشە باشقا سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ پىكىرلىرىنى چۈشىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشقا تىرىشاتتى.

ئۇ ئەڭ ئاۋۋال جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنى چۈشەندى. روببېن ئارىلىدا تۈرمە گۇندىپايلىرى بىردىنبىر ئاق تەنلىك ھېسابلىناتتى، ئۇلار مۇتلەق ئىرقىي ھۆكۈمرانلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن، ماندېلا ئۇلارنى «پايدىلىنىشقا بولىدۇ، ئۇلار ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرالايمەن» دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆز ئادەملىرىنىمۇ ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، تىلىنى چۈشىنىشكە دەۋەت قىلاتتى. 1978 ـ يىلى ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ ئويغىنىشى ھەققىدە يازغان

ماقالىسىدە يولداشلارنى «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىلگىرى ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنى مەنسىتمەسلىك تۈپەيلى ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنىدى» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇ يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان قارا تەنلىكلەر ئاساسىي مائارىپتا ناھايىتى ئاسانلا ئىنگلىز تىلى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنى مەنسىتمەسلىكتە ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاساسى بار» دېگەنىدى. ماندېلانىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى مول ئىدى. سوۋېتتو قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ كەلگۈسىنىڭ ھازىر بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھازىر جەنۇبىي ئافرىقىدا 3 مىليونغا يېقىن ئاق تەنلىك بار. ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇلار بىزگە ئىككىنچىلەپ زۇلۇم قىلالمايدۇ. يەنە تېخى ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدىكى يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە كىشىلەر دۆلەتنى قايتا قۇرۇش داۋامىدا ھەمكارلىشىش ۋە دوستانە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.»

پرېتورىيەدىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى تۈرمىسىنىڭ ماندېلانىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ھەققىدە يازغان مەخپىي دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈرمە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جاننى لۇ ماندېلا بىلەن ئىككى يېرىم سائەت سۆھبەتلەشتى. چەت ئەللەردە ماندېلانى قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى سادالارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئۇ ماندېلا بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشكەنىدى. جاننى لۇ: «ماندېلا گەرچە كاپىتالىزمغا، يەرگە شەخسلەرنىڭ ئىگىدارلىق قىلىشىغا ۋە ھوقۇقنىڭ چوڭ تىپتىكى كارخانىلارغا مەركەزلىشىپ قېلىشىغا قارشى بولسىمۇ، لېكىن بوتاغا كۈچلۈك قارشى تۇرىدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىكەن» دېگەنىدى. ماندېلا: «بۇنىڭدىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقا ھاكىمىيىتىدە ئاق تەنلىكلەر ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، لېكىن ئۇلار ھاكىمىيەتكە ئىگىدارلىق قىلالمايدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە بەش يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىل ئارقىلىق

ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشىغا ماسلىشىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، جاننى لۇنىڭ «ئاق تەنلىكلەر بولدى قىلمايدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشى ئۇنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە بار ئىدى. «ئۇنىڭ تەپەككۇرى سەل قاتمال ئىكەن» دېگەنىدى جاننى لۇ: «ئۇنىڭغا قارشى پىكىرنى قوبۇل قىلدۇرۇش بەك مۇشكۇل ئىكەن.» جاننى لۇ باش مىنىستىرغا بىر پارچە مەخپىي دوكلات يوللىدى. باش مىنىستىر: «بۇنىڭدىن كېيىن، بۇنداق ئىشلارنى ماڭا دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلىڭ» دەپ تەلەپ قىلدى.

1981 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا ماندېلا ھەققىدە تەپسىلىي يېزىلغان بىر پارچە دوكلات سۇندى. دوكلاتتا ماندېلانىڭ تۇرمىنىڭ تۇرلۇك قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىدىغانلىقى، ئىپادىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، 1976 ـ يىلىغىچە تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشنى سادىر قىلمىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

يېڭى ئەدلىيە مىنىستىرى كوبى كۈتزى يەنىمۇ چوڭقۇرراق دوكلات يېزىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ناھايىتى تەپسىلىي بىر پارچە تەھلىلگە ئېرىشتى. بۇنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق 11 نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولاتتى:

ماندېلانىڭ مۇددىئاسى ئېنىق، ئىدېئالىزملىق ئىدىيەسى كۈچلۈك.

كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر، تۇرمۇشقا ئۇمىدۋار، ئاكتىپ قارايدۇ. كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ؛ يۇرۇش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزى تۇرمىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، لېكىن ئۆزۈمنىڭ راست دېمەيدۇ، كىشىنى بىزار قىلمايدۇ.

ئاق تەنلىكلەرگە دۈشمەنلىك نىيىتى يوق، لېكىن بۇ ئۇنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىشتىكى ھىيلىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىگە ئىنكار پوزىتسىيەسى تۇتىدۇ.

تەپەككۇر بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر، مەسىلىلەرنى ھەمىشە ئەقىل بىلەن، ئەمەلىي ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىدۇ.

ئىدىيەسى ئىلغار، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭى كۈچلۈك.

ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئىشلارنىڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىنى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ.

ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشقا بولغان ئەقىدىسى كۈچلۈك، ئافرىقا مىللەتچىلىكىنىڭ ھامان غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۆزىنى ئىنقىلاب ئۈچۈن تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى ئادەتتىكى ئاق تەنلىكلەردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ. ئاشۇنداق ئاق تەنلىكلەرنى ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچكەن دەپ قارايدۇ.

ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى غەلىبە قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدۇ.

دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك جىمى ساپالارنى ھازىرلىغان. تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ سىياسىي ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا يۈكسەكلىك ئاتا قىلغان، ئۇنى ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ رەھبىرىگىلا خاس بولغان سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان.»

بۇ ـــ ماندېلانىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئىدىيەسىگە بولغان ناھايىتى توغرا تەھلىل ئىدى. ئۇ ئەدلىيە مىنىستىرىنىڭ سىياسىي مەھبۇسلارغا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىسى بار ئىدى. لېكىن، بۇ كۈچلۈك رەقىبىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيتتى. ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۈتزى قارا تەنلىكلەرنىڭ بۇ ئالىي رەھبىرىنى تۈرمىدىن ئازاد قىلدى.

# 21. ۋەيران بولغان ئائىلە

## (1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە)

ۋېنىنى شۇ تاپتا ماندېلانىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى ۋاستىگە ئايلانغانىدى. ماندېلا ۋېنىنىغا: «بەزىدە ئۆزۈمنى تاماشا كۆرگۈچىدەك، تاشقى دۇنيادىكى ئېسىل تۇرمۇشقا سىرتتىن نەزەر سېلىشتىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن» دېگەنىدى. شۇڭا، ۋېنىنى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناشقا باشلىغانىدى. ۋېنىنى ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگەندە ماندېلا قەدىناس دوستلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورايتتى - يۇ، سىياسىي تېمىلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ھەر يىلى ۋېنىنىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن قېتىم سانى ۋە ئۆزئارا يېزىشقان خەت - چەكلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى تەپسىلىي ئىستاتىستىكا قىلىپ چىقاتتى: مانا ھازىر تۈرمىگە يوقلاپ كېلىشكە قويۇلغان چەكلىمە بۇرۇنقىدەك ئانچە قاتتىق ئەمەس ئىدى. ماندېلا ۋېنىنىغا 1978 - يىلى ئۆزى ئۈچۈن مول ھوسۇللۇق يىل بولغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى جەمئىي 15 قېتىم يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، 43 پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 پارچىسىنى ۋېنىنىنىڭ يازغانلىقىنى ئېيتتى.

ۋېنىنى ماندېلانىڭ ئوي - خىياللىرىغا ئۆزىنىڭ بەزى چۈشەنچىلىرىنى قوشۇپ، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتى ئارقىلىق تاشقى دۇنياغا يەتكۈزدى. بۇ ھەقتە ھاررى گىۋارا مۇنداق دەيدۇ: «ۋېنىنى ماندېلانى يوقلاپ كېلەتتى، ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە

مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشاتتى. سىزنىڭ ‹نېلسون ئەسلىدە مۇشۇنداق ئادەم ئىكەن› دېگەن گېپىڭىز شۇ ھامان ئۆزگەرمەس مىزانغا ئايلىناتتى. چۈنكى، ماندېلانىڭ ئىسمى نوپۇزنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغانىدى. مانا بۇ روبېبېن ئارىلىنىڭ تەسىرىنىڭ كارامىتى ئىدى.»

سوۋىتو قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ماندېلا خەتەر مەركىزىدە تۇرۇۋاتقان ۋىنىنىدىن ئەينى چاغدىكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي كەيپىياتىنى خېلىلا ھېس قىلدى. تۇنجى قېتىملىق توپىلاڭدىن كېيىن سوۋىتو باللار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان قارا تەنلىك ئاتا ـ ئانىلار جەمئىيىتىنى دەرھال قۇرۇپ چىقتى. ۋىنىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئايال ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سوۋىتودىكى بىرنەچچە داڭلىق كىشى بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالدى. جەنۇبىي ئافرىقا جىددىي ئۆزگىرىشنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. نۇرغۇن قارا تەنلىك ياشلار ساقچىلارنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دۆلەتتىن قېچىپ كېتىشنى تاللىدى. سوۋىتودىكى بىر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش يىغىنىدا ۋىنىنى ئۈندۈل قىلىپ: «بىز كۈرەشنى تاكى ھەققانىيەت ھەممە يەردە يىلتىز تارتقۇچە ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى. ۋىنىنىغا ئىزچىل سەممىي ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان قوشنىسى موترانا دوختۇر ۋىنىنىنىڭ دادىل، قورقماس روھى، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جىسمانىي كۈچ ـ قۇدرىتىگە قايىل بولۇپ: «ۋىنىنى ھەممىمىزدىن جىگەرلىك. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى مېنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇ قولىغا ئاپتومات ئېلىپ ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەيدۇ... ئۇ ھەقىقەتەن ھېچنېمىدىن قورقماس ئايال !» دېگەنىدى. موترانا يەنە ۋىنىنىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئۆز

قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىدە ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرى ئەنگلىيەلىكلەرگە بەكلا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەرقانداق ئىشقا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىدۇ.»

ۋىننى ساقچىلارنىڭ نەزىرىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى ئىدى. سوۋېتو قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ۋىننى موترانانىڭ ئايالى سارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە فورت تۈرمىسىگە قامالدى. سارى ۋىنىنىنىڭ بىر بۈيۈك رەھبەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ گۇندىپايلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا تاكاللاشقاندىن باشقا يەنە دائىم تۈرمىداشلىرىغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. ۋىنىنىنىڭ فورت تۈرمىسىدە يېتىۋاتقىنىغا بەش ئاي بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە سوت ئېچىلماسلىقى ماندېلانىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى. تۈرمىنىڭ شارائىتى دەسلەپتە ناھايىتى ناچار بولسىمۇ، كېيىن سەل ياخشىلاندى. 12 - ئايدا ئۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ۋىننى يۈكسەك جەڭگىۋارلىق بىلەن سوۋېتودىكى ياش دوستلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى، گەپ - سۆزى ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئىدى.

1977 - يىلى 5 - ئايدا، يەنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ بەش ئايدىن كېيىن، ۋىننى يەنە قوغلىنىشقا دۇچار بولدى. روببېن ئارىلىدىكى ئەھمەد كاترادا ھىندىستانلىق بىر پوپتىن ساقچىلارنىڭ ۋىنىنىنى ئېلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ۋىننى ماشىنىدا 250 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئورلانىد ئەركىن ئىشتاتىدىكى بۇلاندفورتتىكى بىر ۋەيرانە كىچىك بازارغا ئاپىرىۋېتىلدى. ئۇ يەردىكى كۆپ سانلىق قارا تەنلىكلەر ۋىننى چۈشەنمەيدىغان سوتو تىلىدا سۆزلىشەتتى. ۋىننى 16 ياشلىق قىزى جىندىز بىللە بىلەن قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇلدى، ئۆينىڭ

ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى، ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى، تۇرۇبا سۇيى يوق ئىدى. ۋىننىنىڭ بۇلاندفورتتىكى تۇرمۇشى قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئىدى، ساقچىلار ئۇنىڭ بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشىگە يول قوياتتى. ماندېلانىڭ نەزىرىدە ۋىننىغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش ئۇچىغا چىققان نومۇسسىزلىق، شەرمەندىلىك ئىدى. ئۇ قىزى جىندىزغا يازغان خېتىدە: «زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئانىڭىز ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلدى. ئۇ يەردە ئانىڭىز ئۆي ئايالى بولۇشتىن باشقا ئىش تاپالمايدۇ. ئانىڭىز نامراتلىق ئىلكىدە مەڭگۈ جان تالىشىدىغان بولدى» دېگەنىدى. ماندېلا ھۆكۈمەتنىڭ ۋىننىنى بۇنداق ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشتىكى مەقسىتى ۋىننى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي ترانسكېيغا كەتكۈزۈۋېتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا «مۇستەقىل ئاپتونومىيە» نىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىدى.

ۋىننى بۇلاندفورتتىكى ئۆيدە بىراقلا يەتتە يىل تۇردى. ئۇ، بۇ ئۆينى «كامېرىم» دەپ ئاتايتتى. قوشنىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس بىر ساقچى ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر قېتىم ۋىننى قوشنىسى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپلىشىپ قويغىنى، بىز ئەر كىشىدىن توخۇ سېتىۋالماقچى بولغىنى ئۈچۈن ئادەم توپلاش جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلىندى. لېكىن، ۋىننى ناھايىتى تېزلا يېڭىباشتىن بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ ھە دېسىلا ساقچىلار بىلەن تىركىشەتتى، مۇراجىئەت قىلىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق، رەڭدار كىيىملىرى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ رايونغا باشقىچە بىر تۈس ئاتا قىلغانىدى. ۋىننى بۇلاندفورتتىكى ئۆيىگە ئىجارە ھەققى ۋە ھەرقانداق خىراجەت تۆلەشنى رەت قىلدى. چۈنكى، بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي ئەمەس، بەلكى تۈرمە ئىدى.

ۋىنىنىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەسىر كۈچى ئۇنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى سەۋەبلىك تەسىرگە ئۇچرىمىدى. 1977 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلىغىچە بولغان بىر تۈرلۈك خەلق رايىنى سىناش دوكلاتىدىن ئايان بولۇشىچە، ۋىنىنى زۇلۇلارنىڭ رەھبىرى بۇتراچىتىن كېيىنكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور سىياسىي پائالىيەتچىگە ئايلانغانىدى. بۇلاندفورتتا ئۇ يەنە نۇرغۇن دوست تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارا تەنلىكلەرمۇ، ئاق تەنلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ دوختۇر كىرىس خاتىتىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. كېيىن خاتىتىن بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلدى. بەزىلەر خاتىتىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى، دەپ گۇمان قىلىشتى. خاتىتىنىنىڭ سىڭلىسى جىندىز بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى، لېكىن ساقچىلارنىڭ قورقۇتۇشى بىلەن ئۇمۇ جىندىزدىن يىراقلاپ كەتتى.

ۋىنىنى پىتېر دىۋال بىلەنمۇ دوست بولۇپ قالدى. دىۋال بۇلاندفورتتىكى بىردىنبىر ئادۋوكات بولۇپ، مىللەتچى پارلامېنت ئەزاسى كوتزېنىڭ قەدىناس دوستى ئىدى. بىر قېتىم ۋىنىنى ۋاكالەتچى ئادۋوكاتقا موھتاج بولۇپ قالدى، دىۋال دەسلەپتە ۋىنىنىنىڭ دېلوسىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى. لېكىن، ۋىنىنىنىڭ يوھاننىسبۇرگتىكى ئادۋوكاتى ئىسمائىل ئايۇپ دىۋالنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋىنىنىنىڭ ھازىر بۇلاندفورتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ۋىنىنى ئۈچۈن ئادۋوكات بولۇش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى. دىۋال بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكلا ئوڭايسىزلاندى. ئۇ كوتزې ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى كىم كىرۇگقا ئۆزىنى تەڭقىسلىقتا قويماسلىقىنى ئېيتتى ۋە ۋىنىنىنىڭ باشقا يەردىن ئادۋوكات تېپىشىنى ئۆتۈندى. كېيىن دىۋالنىڭ پوزىتسىيەسى بارغانسېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. دىۋال ۋە ئۇنىڭ ئاق تەنلىك ئايالى ئادلېر تەدرىجىي ھالدا ۋىنىنى بىلەن دوست بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇ قىزغىن، چېچەن ئايالغا قايىل بولغانىدى، ئۇلار ئاخىر

ۋىنىنىغا ياردەم قىلىپ ساقچىلارغا قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

1980 ـ يىلى كوبى كوتزې ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. دىۋال بۇنى ۋىنىنى ئۈچۈن بىر ياخشى پۇرسەت، دەپ قارىدى. ئۇ دەسلەپتە كوتزېغا بېسىم ئىشلىتىپ، ۋىنىنىغا بولغان چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھەمدە ماندېلانىڭ جازا مۇددىتىنى قايتىدىن ئويلىشىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلدى. دىۋالنىڭ تەسىرىدە كوتزې ماندېلاغا بولغان پوزىتسىيەسى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ كېيىن بۇ ھەقتە: «بارلىق ئۆزگىرىش ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقچىلار ۋىنىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى تېخىچە توختاتمىغانىدى. بۇ ئىش ماندېلانى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى.

ۋىنىنىنىڭ يېنىدا بولالماسلىق روبېن ئارىلىدا تۇرۇۋاتقان ماندېلانى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ماندېلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ۋىنىنىنى بۇلاندفورتقا يوقلاپ بارغان فاتىمە مىل، ئامىنە كاچارىيا قاتارلىق دوستلىرىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى. 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ ماندېلا دائىم ۋىنىنىنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال توپتوغرا ئىككى يىل داۋاملاشتى. ماندېلا ھەمىشە مۇنداق بىر چۈش كۆرەتتى: چۈشىدە ئۇ يوھاننىسبۇرگتىن يۇرتىغا قايتماقچى بولاتتى ـ يۇ، يۇرتىغا بارىدىغان ماشىنا تاپالمايتتى. ئامالسىزلىقتىن سوۋېتوغا پىيادە باراتتى. مىڭبىر مۇشەققەتتە يۇرتىغا يېتىپ بارغاندا، ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ چۈشىدە قاتتىق جىددىيلىشەتتى، ۋىنى بىلەن بالىلىرىم بەختسىزلىككە يولۇققانمىدۇ، دەپ قاتتىق ئەنسىرەيتتى. 1979 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىككىيلەننىڭ توي قىلغانلىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا ماندېلا ۋىنىنىغا: «ھاياتىڭىزدىكى گۈلدەك 21 يىلىڭىز شىددەتلىك قاينام ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى» دېگەنىدى. بىر قېتىم ۋىنى يوقلاپ

كەتكەندىن كېيىن ماندېلا خېتىدە: «سىزنىڭ رەھىمسىز تەقدىر تەرىپىدىن قىينىلىۋاتقان ھالىتىڭىزنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، قەلبىمنى ئېيتقۇسىز خىجالەت ۋە قىيالماسلىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالىدۇ» دەپ يازغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ۋىننى ماندېلانىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش روھىغا قايىل بولماي تۇرالمايتتى. ئۇ بۇ ھەقتە: «ئۇ ئەسلىي تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ پىسخولوگ بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. ئۇ يەنە ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر ئادۋوكات ئىدى. ھەرقانداق ئىشتا مۇكەممەللىك قوغلىشاتتى، مەسىلىلەرنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەپەككۇر قىلاتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ قالتىس خاراكتېرى ئىدى» دەپ يازغانىدى.

ماندېلا ئۆز يېشىغا ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. ئۇ 1976 - يىلى 12 - ئايدا ۋىننىغا يازغان خېتىدە: «تېنىمنىڭ ئاجىزلىشىشقا، قەددىمنىڭ پۈكۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى» دەپ يازغانىدى. ھالا بۈگۈن ۋىننى ئۆزىنىڭ ماندېلا بىلەن بولغان ياش پەرقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. 1982 - يىلى ۋىننى ئارىست سىپاركىس ئىسىملىك بىر مۇخبىرغا: «نېلسون 63 ياشقا كىردى. لېكىن، قەلبىم ئائىلە تۇرمۇشىغا نىسبەتەن خۇددى كىچىك قىزلارغا ئوخشاش ئارزۇ ۋە ئۈمىد بىلەن تولغانىدى» دېگەنىدى.

قارىماققا ماندېلا تۇرمىدە ناھايىتى مۇستەقىلدەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋىننىنىڭ قوللىشىغا بەكلا موھتاج ئىدى. نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ماندېلا ۋىننىغا يازغان خېتىدە: «ئەگەر سىز مېنى ئۈزۈلدۈرمەي يوقلاپ تۇرمىغان، پات - پات خەت يېزىپ ماڭا ئۆز مۇھەببىتىڭىزنى بىلدۈرۈپ تۇرمىغان بولسىڭىز، مەن خېلى بۇرۇنلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتىم» دېگەنىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن، ماندېلا يەنە مۇنداق دەپ خەت يازغانىدى: «ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز ۋە ماڭا ئاتا قىلغانلىرىڭىزنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالمايمەن.» ماندېلا ئۆزىنى باشقا مەھبۇسلارغا

قارىغاندا خېلىلا بەختلىك سېزەتتى. ئۇ 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يازغان خېتىدە: «ھېچكىممۇ ماڭا ئوخشاش بەختلىك ئەمەس. سىزگە دېمەكچى بولغىنىم، سىز مېنى ئەركىلىتىپ يامان ئۆگىتىپ قويۇپسىز. ئەركە ئۆگىنىپ قالغان بالىلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىشى تەسكە چۈشىدىكەن» دېگەنىدى. 1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماندېلا ۋىننىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «سىز بىلەن 20 يىل ئايرىلىپ تۇرۇش جەريانىدا تاش يۈرەكلىشىپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە مەندە ئۇنداق رەھىمسىزلىك، شەپقەتسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە سىزگە ۋە بالىلىرىمغا بولغان سېغىنىشىم، ئەندىشىلىرىم كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ.»

قارىماققا ۋىننىمۇ ماندېلاغا ئوخشاش ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ماھىردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇلاندفورتتا دۇنيا بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشقا، ئاددىي ـ ساددا، جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋىننى لوندوندىكى يېقىن دوستى مارى بېنسونغا ئۆزىنىڭ «كىچىك سىبىرىيەدىكى كۈنلىرى»نى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «مەنىسىز، زېرىكىشلىك كۈنلەرنىڭ ھېچ ئايىغى چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىلگەن تۇرمۇش ماڭا گۆرىستاندەك جىمجىتلىقنى ئەسلەتتى. كىشىلەر سەرەڭگە قېپىنى ئەسلىتىدىغان چۆلدەرەپ قالغان كىچىك كەپەمنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، قەلبىمنى گويا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى چۇلغىۋالغاندەك ھېس قىلاتتىم. قاۋاقخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندىن تارتىپ تاكى كەچ سائەت سەككىزدە تاقالغانغا قەدەر ئىچى مەستلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى... لېكىن، ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنىشنىڭ قەلبنى پاكلاش رولى بار ئىدى. ھەربىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى بەلكىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندۇ. لېكىن، ئۆزىنى بۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلاشتىنمۇ قالتىس ئىش يوق.»

ۋىننى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەتچىلىكتىن ئىبارەت سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ كۆندىلىك يەسلى، تىككۈچىلىك كۇرسى، شىپاخانىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئاممىۋى تەشكىلات ۋە ئاپپاراتلارنى قۇردى. زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مۇخبىر ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تۇرلۇك ئىئانىلەرمۇ ئاپىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئورگانلارنىڭ كۆندىلىك چىقىملىرى قامدالدى. ئۇ ئىجتىمائىي خىزمەت يۆنىلىشى بويىچە سىرتتىن ئوقۇشقا باشلىدى، لېكىن نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى. ماندېلا ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە: «بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. چۈنكى، ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. 22 يىلدىن بېرى، سىز نۇرغۇن ئادالەتسىزلىكلەرگە يولۇقتىڭىز، تۇرمۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى يەتكۈچە تارتتىڭىز. ئىشتىن سىرت ئوقۇش سىز ئۇچرىغان ئاشۇ كۈلپەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشى مۇمكىن» دېگەنىدى.

زىيارەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە ۋىننى ھەرگىزمۇ بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. 1982 ـ يىلى كۆپ يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستى ئەيلون كۈزۋايو مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا چىقىشقاق، تەمكىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ جازىبىدارلىقى، يېقىملىق كۈلكىسى قىلچە يوقالمىغانىدى. نازاكىتى، سۈلكەت ـ سالاپىتى 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن چېغىمدىكىدەك تۇرغانىدى. ئۇ يەنە شۇ بۇرۇنقى ۋىننى نومزامىن ئىدى، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى ئۆزگەرمىگەنىدى.»

ئەمما، جامائەت ئوبرازى كىشىنى ھەمىشە ئالداپ قوياتتى: ھەقىقىي ۋىننى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكىدەك ئۇنداق تۈز، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئايال قەھرىمان ئەمەس ئىدى. بەزى دوستلىرىنىڭ

قارىشىچە، بولاندفورتقا سورگۈن قىلىنىش ۋە تۈرمىدىكى ئازابلىق كەچۈرمىش ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. مۇخبىرلار ۋىنىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشتا شۇ قەدەر قارام، چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى: ئۇ نام - ئابرۇيىنى پەش قىلىپ ئاق تەنلىكلەر ئاچقان ماگىزىنلاردا ئۆكتەملىك قىلاتتى، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا كىشىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالاتتى. هاراقنىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي بەكلا كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالغانىدى. بولاردىن ماندېلا قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. بولاندفورت شەھىرىنىڭ باشلىقى بىر هاراق - شاراب دۇكىنى ئاچقانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋىنىنى بۇ يەرگە دائىم هاراق سېتىۋالغىلى كېلەتتى، هاراققا هەر ئايدا خەجلەيدىغان پۇلى 3000 راند ئىدى. ۋىنىنى ساقچىلارنى ئوچۇق - ئاشكارا مەنسىتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا جەمئىيەتتە يۇكسەك دەرىجىدە قوللاشقا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بارغانسېرى قانۇننىڭ ئۈستىگە قويۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ئەڭ خەتەرلىك شەخسكە ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ قاچان بۇزغۇنچىلىق هەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىپ قويۇشىنى هېچكىم بىلمەيتتى.

بالىلارنىڭ ئۈچرىغان تەسىرى ئانچە كۆرۈنەرلىك ئەمەس ئىدى، لېكىن كىشىنى يەنىلا ناهايىتى ئەندىشىگە سالاتتى. 1979 - يىلى ماندېلا ۋىنىنىغا: «مەن يېنىڭلاردا يوق، سىلەرگە ياردەم قىلالمايمەن. بالىلىرىمىز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىشى مۇمكىن. هەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالىمەن» دېگەنىدى. كاترادا ماندېلانىڭ پۈتۈن ئەس - يادىنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەشتە ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى. ئۇ، بۇ هەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ قايسى بالىسىنىڭ ئۆگىنىشتە سۇسلۇق قىلغىنىنى ياكى ئۆزىنىڭ نەسىھەتىنى قۇلىقىدا تۇتمىغىنىنى بايقاپ قالسا، بالىلىرى تاكى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزى دېگەن تەلەپكە يەتمىگۈچە ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىنى چەكلەيتتى.»

ماندېلا چوڭ قىزى زىنى بىلەن سىۋازى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى سابۇمزىغا چاي ئىچۈرۈلگەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولدى. زىنى شاھزادە سابۇمزى بىلەن ۋورتفۇد مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا تونۇشقانىدى. شۇ چاغدا زىنى ئاران 18 ياشتا ئىدى. ماندېلا قىزىنىڭ بۇنچە بالدۇر توي قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى، قىزى ئۇ چاغدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزمىگەنىدى. ئۇ قىزى زىنىغا: «سىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەڭ يەنىلا ياخشى ئوقۇش» دېگەنىدى. ئۇ يەنە ۋىنىنىغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق جەمەتنىڭ بىرى بىلەن قۇدىلىشىدىغانلىقىدىن قالتىس پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، سىۋازىنىڭ يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ماندېلا ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئادۋوكاتى جورجى بىزۇسقا شاھزادىنىڭ قىزى زىنىغا قانچىلىك كۆڭلى بارلىقىنى ئۇقۇپ بېقىشنى ھاۋالە قىلدى. بىزۇس ماندېلاغا سابۇمزىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ناھايىتى پارلاق ئىكەنلىكىنى، زىنىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

ماندېلا بۇ توينى سىۋازى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى بىلەن تېمبۇلارنىڭ مەلىكىسىنىڭ تويى قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇ قىزىنىڭ تويىغا قاتنىشالمىغانلىقى ۋە توينى ئەنئەنىۋى يوسۇندا ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى. كېيىن زىنىنىڭ قىزى تۇغۇلدى، ماندېلا بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشال بولدى ۋە بۇ بالىغا زازۋېي (ئۈمىد دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىسىمنى قويۇشتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دېدى: «بالىغا زازۋېي دېگەن ئىسىمنى قويۇشۇمغا قوشۇلمىساڭلار بولمايدۇ، ئاشۇ ئىسىمنى قويمىغۇچە كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ.» ئۇ 73 ياشقا كىرگەن قەدىناس دوستى ھەيلۇن يوسىپنى نەۋرىسىگە چوقۇندۇرغۇچى ئانا بولۇپ بېرىشكە، 91 ياشلىق جامۇس موروكانى چوقۇندۇرغۇچى ئاتا بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. جامۇس موروكا ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولغانىدى، ئۇ

1952 - يىلىدىكى ھەرىكەتتە ماندېلا ۋە ھەرىكەت رەھبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىست، دەپ ئەيىبلىگەندى.

خانىشلىق ئورنىغا چىقىپ دىپلوماتىيە ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن زىنىغا دادىسىنى ئەينەكنىڭ تېشىدا تۇرۇپ يوقلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، دادىسى بىلەن بىر ئۆيدە دەرقەمتە تۇرۇپ كۆرۈشەلەيدىغان بولدى. زىنى يولدىشى ۋە قىزى بىلەن بىللە روببېن ئارىلىغا ماندېلانى يوقلاپ باردى. ماندېلا تۈرمىگە كىرگەندىن بۇيان قىزى بىلەن تۇنجى قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ماندېلا نەۋرىسىنى قۇچىقىدىن چۈشۈرمىدى. لېكىن، ئۇ ئەسلىمىسىدە يازغىنىدەك، قىزى زىنىنىڭ ئىستراتېگىيە ئېڭىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. كېيىن ئۇ قىزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە ئامېرىكىغا كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىلىرى كەينى - كەينىدىن تۇغۇلدى، ئۇ بۇنىڭدىن بەكلا خۇشال بولدى.

كىشىنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغىنى جىنىدىز ئىدى: ئۇ تولىمۇ جاسارەتلىك، نازاكەتلىك، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىز ئىدى، خۇي - پەيلى بەئەينى ئانىسى ۋىنىنىنى تارتقانىدى. شۇ چاغدا ئاران 16 ياشقا كىرگەن جىنىدىز تۇنجى قېتىم تۈرمىگە دادىسىنى يوقلاپ باردى ۋە دادىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتى. لېكىن، دادىسىنىڭ ئىللىق مېھرى ئۇنىڭغا ئوبدانلا تەسەللى بولدى. دادىسى قىزىغا مۇنداق دېگەنىدى: «جېنىم قىزىم، كىچىك ۋاقتىڭدا قۇچىقىمدا ياتقان ھالىتىڭ ھېلىھەم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ چاغدا سەن تېخى كىچىك ئىدىڭ...» ماندېلا كېيىن بىر دوستىغا مۇنداق دەيدۇ: «جىنىدىزنىڭ قەلبىدە يالقۇنجاۋاتقان بىر ئوت بار، مەن ئۇ ئوتنىڭ تولۇق پەسىيىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.» جىنىدىز بۇلاندفورتتا ئۆزى يالغۇز تۇراتتى، يېنىدا بىرەرمۇ دوستى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت تولا قىيىنىلىپ ھالىدىن كەتكەن بىچارە ئانىسى ۋىنىنىلا بار ئىدى، ماندېلا بۇنىڭدىن تولىمۇ

ئەندىشە قىلاتتى. 1977 ـ يىلى جىندىز 17 ياشقا كىرگەن كۈنى ماندېلا قىزىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «بىچارە ئانىڭىز ھېچكىمنى تونۇمايدىغان ئاشۇ ياقا يۇرتتا تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق كىرىمى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىزگە قانداقمۇ مېھرىنى يەتكۈزەلىسۇن؟ مۇشۇ ھالدا تۇرۇپ تۇغۇلغان كۈنىڭىز گېپىنى قىلغانلىقىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.» ماندېلا جىندىزغا بەكلا كۆڭۈل بۆلەتتى. سىۋازى خان ئوردىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، جىندىز زىنىنىڭ تويىغا ئۈچ كىيىم كېيمەي قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، جىندىز بۇنىڭدىن بەكلا گاڭگىراپ قالدى. ماندېلا بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. جىندىز ماندېلاغا ئۆزىنىڭ يازغۇچى بولۇش ئارزۇسىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە يازغۇچىلىق ناھايىتى ئابرۇيلۇق كەسىپ ئىدى. ماندېلا بۇنى ئاڭلاپ بەكلا خۇشال بولدى. «ناغرا» ژۇرنىلىنىڭ غوجايىنى كىم جېنرى جىندىزنى ئۆزى تەسىس قىلغان «چىن سۆيگۈ» ناملىق ئاياللار ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. جىندىز يەنە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى.

1978 ـ يىلى جىندىزنىڭ «مەن كەبى قارا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. كىتابتىكى بىرىنچى شېئىردا ئۇ دادىسىنى تەسۋىرلىگەندى:

كېسىلدى بىر توپ دەرەخ تۈۋىدىن
تۆكۈلدى مېۋىلىرى تورۇكلاپ
يىغا تۇتتى مېنى شۇ ھامان...

بۇ كىتاب ئامېرىكىدا 1000 دوللار بىلەن مۇكاپاتلاندى ھەمدە ئەيلۇن پىتونىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ماندېلا جىندىزغا: «شېئىرلىرىڭىزنىڭ تىلى ئاددىي ۋە جانلىق ئىكەن، لېكىن شېئىرلىرىڭىزغا يەنە ئىشلىسىڭىز بولغۇدەك» دەپ تەكلىپ

بەردى. «جىندىز ماندېلا جەمەتىنىڭ تەرجىمىھالىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. لېكىن، ماندېلا بۇنى تازا مۇۋاپىق كۆرمىدى. چۈنكى، ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر بەس ـ بەستە ئۆز تەرجىمىھاللىرىنى نەشىردىن چىقىرىپ، ئامما ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش قوزغىغانىدى. ماندېلا بۇنىڭغا تازا قوشۇلۇپ كەتمەيتتى، گەپدانلىق قىلىپ كىشىلەرنى ئاغزىغا قارىتىش بىلەنمۇ تازا خۇشى يوق ئىدى. ئۇ: «بەختلىك ئائىلە ھەرقانداق شەخسنىڭ مۇستەھكەم قالقىنى» دەپ قارايتتى.

ماندېلا جىندىزنىڭ روبېن ئارىلىغا ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىنى بەكلا خالايتتى. 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ جىندىزغا: «ھەر قېتىم يوقلاپ كەلسىڭىز مەن بەك تەسىرلىنىمەن» دېگەنىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە: «گەرەنچە گەلەپى ئىشتان كىيىۋالغىنىڭىزنى كۆرۈپ، كۆز ئالدىم دەماللىققا پاللىدە يورۇپ كەتتى» دەپ يازغانىدى. جىندىز قارىماققا ناھايىتى شوخ، تېتىك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ غەمكىنلىك كېسىلى ئېغىرلىشىپ، روھىي كېسەللەر دوختۇرىغا كۆرۈنگۈدەك ھالغا بېرىپ قالغانىدى، ئوقۇشىمۇ شۇ سەۋەبلىك چېكىنىپ كەتتى. ماندېلا قىزىغا تەسەللى بېرىپ، كەيپىيات جەھەتتىكى بۇ داۋالغۇشنىڭ نورمال ئىش ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن بۇنى چۈشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىزىنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىنى، يۇمۇرىستىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ماختىدى. ئۇ يەنە جىندىزنى: «پولاتتەك ئىرادىڭىز بولسىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيسىز» دەپ ئىلھام بەردى. لېكىن، جىندىز دادىسىدەك قەيسەر ئەمەس ئىدى. ئۇ يېزىقچىلىقنى تاشلىدى، ئوقۇشتىنمۇ چېكىندى. ئۇ ئوبا سىكامارا ئىسىملىك بىر ئىشلەمچىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر قىز تۇغدى، قىزىغا جوراكا دەپ ئىسىم قويدى. كېيىن، مۇباسىرو ئىسىملىك يەنە بىر ئەردىنمۇ بىر ئوغۇل تۇغدى، بۇ بالىغا گادافى دەپ ئىسىم قويدى. مۇباسىرو جىندىزنى

ھە دېسلا ئۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جىندىز ئانىسى ۋىنىنىنى تاشلاپ بۇلاندفورتتىن كېتىپ قالدى ۋە ئۆزى يالغۇز ئورلاندودىكى كونا ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ماندېلا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىنمۇ ئايانماي قىزىنى قوغداشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ قىزى جىندىزنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆيىگە قايتىپ بېرىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇرۇشىنى خالىمايتتى. ھاممىسى ياكى ياخشى نىيەتلىك بىرەر كىشى بىلەن بىللە تۇرسىمۇ خاتىرجەم بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ ساقچىلارنىڭ دىققىتىگە ئېلىنىپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە ماندېلانىڭ يەنە بىر قىزى مىكى ماكجاتوغا قارىغاندا ئانچە كۆچلۈكمۇ ئەمەس ئىدى. 1978 ـ يىلى 60 ياشقا توشقان تۇغۇلغان كۈندىن كېيىن، ماندېلا مىكىغا يازغان خېتىدە قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈن، بايراملىق تەبرىك كارتىسىغا ئوخشاش شۇنچە مۇھىم نەرسىلەرگىمۇ قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى. 1978 ـ يىلى مىكىنىڭ نىكاھىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇققان ماندېلا ئۇنى دەرھال ئاجرىشىپ كېتىشكە ئۈندەپ مۇنداق دېدى: «سەن تېخى ياش، ھازىردىن باشلاپ ياخشى پىلان تۈزسەڭ، بېلىڭنى چىڭ باغلاپ ئالدىڭغا قاراپ ماڭساڭ ئىستىقبالىڭ چوقۇم پارلاق بولىدۇ.» بۇ چاغدا مىكى بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغان ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى ۋە 1978 ـ يىلى ئانىسى ۋىنىنىڭ كۆچىشى بىلەن فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ دادىسىغا ئۇنىۋېرسىتېت تۇرمۇشىنىڭ ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا قىزىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ گويا ئېغىر بىر يۈك يەلكىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندەك تۇيغۇدا بولدى.

ماندېلا ئۆزى تىكەندەك يالغۇز ياتىدىغان كاتەكتەك كىچىك

كامېردا بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىنى ئەسلىگىنىدە ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالاتتى. بۇ ھەقتە ئۇ كېيىن مۇنداق دېگەنىدى: «قەلبىمدە بىر ئىش مېنى ھامان قىيناپ ئارام بەرمەيتتى، يەنى ماڭا ياخشىلىق قىلغان، قىيىنچىلىقتا يولۇققان ۋاقتىمدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلغان كىشىلەرگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمىغانىدىم. ئۇلارنىڭ ماڭا ئۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق ئىدى. ئادۋوكات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى تاشلاپلىۋەتكەنىدىم.» ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆكۈنۈش ۋە گۇناھ تۇيغۇسى ئۇنى ھەرقاچان ئارامىدا قويمايتتى.

ماندېلا پەرزەنتلىرىنى، نەۋرىلىرىنى ئويلىسىلا ئۆزىنى يېگى كۈچ ـ قۇدرەتكە تويۇنغاندەك ھېس قىلاتتى. تۈرمىداشلىرىغا دائىم پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇ ۋىنىنىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ھەر قېتىم كۈن ئولتۇرۇپ، تۈرمىنىڭ دەرۋازىسى جالاقىدە يېپىلغاندا قەلبىمنى بىر خىل رازىمەنلىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالىدۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شۇ قەدەر يېنىكلەپ قالىدۇ، بىردەم بولسىمۇ ئۆزۈمدىكى كەمچىلىك تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ، ئىلكىمدىكى بايلىقلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ سانايمەن.» تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى پولاتتەك مەزمۇت قىلىپ تاۋلىغان ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە زور ئىلھام بولغانىدى. لېكىن، بىر دادا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ يەنە مۇلايىم بىر تەرىپىمۇ بار ئىدى. بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ تۇرۇقلۇق سىياسىي سەۋەب تۈپەيلى ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇربان قىلغانىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىدا بولالمىغانلىقىدىن توختىماي ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئەمەلىيەتتە 1961 ـ يىلى يەر ئاستى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا ماندېلا ئۆزىنىڭ قانداق يولنى تاللىغانلىقىنى، ئائىلە تۈرمۈشىنىڭ ئەمدى مۇقىم بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ شۇ چاغدا تۈرمە ھاياتىنىڭ ئۆزى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇ قەدەر يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.